

AltunOq

# بۇلاق

# بۇلاق

(ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە ئېغىز ئەدەبىياتى مەجمۇئەسى)

(ئومۇمى 12 - سان)

AltunOq

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
1984 - يىل ئۈرۈمچى

# مۇندەرىجە


ھەسنىۋى ۋە رۇبائىلار........................................ئەلشىر ناۋايى
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ياسىن ئىمىن........................................ 1

ماقالات........................................................ئىمىر ھوسيىن سەبۇرى
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇرىشىت ئىسلامى ........................... 41

«نەسرى مىرزا مۇھەممەت ھوسيىن بەگ»دىن ــ سەددى ئىسكەندەر.....................
..........................................موللا سىدىق يەركەندى
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇقېيۇم خوجا ..............................219


## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن


سىرلىق چىراق ..........................................................
نەشرگە تەييارلىغۇچى: توختى ئابىخان........................................296

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدىن...............................................
توپلىغۇچىلار: ھوشۇر ئىبراھىم، ئۇچقۇنجان ئومەر، نىجات مۇخلىس..............312

Altun Oq

## مەسنەۋى ۋە رۇبائىيلار

ئەلىشىر ناۋائىي

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ياسىن ئىمىن

ئاڭا ھەمد ئېرۇركىم ئاتى لارەيب ئېرۇر،
ئۇشۇل ئىلىم ئىلە ئالىمۇلغەيب ئېرۇر.

ھىدايەت سىپەھرىدا يۈزمىڭ قۇياش،
ئېلىمكى ئىلمىدا بىر زەررە پاش.

ھەلىمكى بىر زەررەدۇر ھىكمەتى،
تۈزەتتى مۇھىتى پەلەك ھەيئەتى.

دىستبان پەسلىدە قويغاچ كوكۇل،
ئۇزىن تىفلى مەكتەپ كورۇپ ئەقلى كۇل.

شەبىستان ئىلمىدا جىنۇ، مەلەك،
ئۇچۇپ كۆڭكى لال ئۇيلەكىم شەپپەرەك.

نە ئۇممىكى سۇرگەچ شەرەف خامەسى،
قىلىپ ئانى كەۋنەين ئەللامەسى.

نە ئالىمكى ئىلمىغە مەغرۇر ئىتىپ،
قەبۇل ئەھلىدىن ئانى مەھجۇر ئىتىپ.

جاھان مەررەسىن توت تاق ئەيلەبان،
ئاڭا كوكنى توققۇز راۋاج ئەيلەبان.

تاشىدا مۇھەندىس زۇھەل پەيكەرى،
ئىچىدە مۇدەررىس بولۇپ مۇشتەرى.

تائالەللاھ ئۇل قادىرى زۇلجالال،
كى ھەم يەم لەيەزەل كەلدى ھەم لايەزال.

ئايان ئۇلچە مەۋجۇد مەئدۇم ئاڭا،
ئەزەل تا ئەبەد ئىلمى مەئلۇم ئاڭا.

× ×

لى مەئەللاھنىڭ سىررى ئەپرازى،
قاب قوۋسەيىن مەھرەمى رازى.

تەخت ئۈستىدە فەرشى ئەۋئەدنا،
تاجە ئۈستىدە دۇررى مائەۋھا.

ساچى بابىدا لەيلەتۇل مىئراج،
شام مىئراجى چەرخ باشىغە تاج.

ئۇل شەھى جىنۇ ئىنسى خەيلى ئىنىڭ،
بەلكى كەۋنەين ئۇلۇپ تۇفەيلى ئىنىڭ.

قايسى تىل بىرلە يا نەبىيەللاھ،
سىنى تەرىپ ئەتەي مەن گۇمراھ.

مەدەھ زاتىڭدا ھەق دىبان لەۋلاك،
لەميەكۇن زالىكە ئۇلۇۋۋى سىۋاك.

ھەم مەگەر ئوشبۇ تۇر ھىلە ئىلە،
مەدەھ زاتىڭ نەدۇر ۋەسلى ئىلە.

ئېيتاھەم ئالمىسام سىپاتىڭنى،
قىاغامەن زىكىر تىلغا ئاتىڭنى.

يارەب ئۇل ھادى سۇبۇل ھەققى،
يارەب ئۇل خاتىمى رۇسۇل ھەققى.

كىم مېنى زارىبى بىرائەتنى،
ئۇرتىگەن جۇرم ئوتىغا تائەتنى.

ئەتمە مەھرۇم ئېنىڭ ئىتائىتىدىن،
قىلما نەۋمىد ئېنىڭ شەفائىتىدىن.

تا نجاتىمدا ئۇل مەدەت بولغاي،
نە مەدەتكىم ئۇلۇغ سەنەد بولغاي.

× ×

ئەدەم شامىدا يوقلۇق خىلۋەتىدە،
ئېنىڭدىكى ئۇيقۇ مەستى ئەردى ئادەم.
كى ئايىنى هايات كىرمەس ئەردى،
تۇشىدا بەل ئاتا يوق ئەردى تۇش هەم.

× ×

دىهقان ئەزەلكى تۈزدى تۈرپە چىمەن،
قىلمادى ئەلىنىڭ بارچەنە باتىنى ھەسەن.

بىر سارى ئەگەر ئىكتى گۇل سەرۋى سىمەن،
ئۇزگە سارى تىكتى خەس خاشاك تىكەن.

× ×

خۇدايىكى سۇنئى ئاشكار ئەيلەدى،
كى يوقدىن خالايىقنى بار ئەيلەدى.

چۇ تىنەتلاردىن قىلدى تەخمىر ئۇزى،
يامان - ياخشىدىن داغى تەقدىر ئۇزى.

بۇ بىرگە ساۋاپ ئەتسە ئۇل تەباھ،
ئارادا بولارغە نە ئېركىن گۇناھ.

كىم ئۇل بىرنى ئۇرتەر جالالىيىتى،
بۇ بىرنى سۇيۇرگەي جامالىيىتى،

كىشى بۇيلە ناگاھ سوئال ئېتماسۇن،
سوئالىن مەۋۋەججەھ خىيال ئېتماسۇن.

کی سرری ئىلاهىنى بىلمەس کىشى،
کىشى پەهمىدىن تاش ئېرۇر هەق ئىشى.

کىرەك بۇيلە سوزنى خەپا ئەيلىمەك،
بۇ مەئنى بىلە ئىكتىپا ئەيلىمەك.

کی تەگرىگە چۇن مەۋج ئۇرۇپ بەهرى جۇد،
جەمئى خالايىققە بەردى ۋۇجۇد.

غەزەپ هەمئىنان قىلدى رەهمەت داغى،
ياراتتى تۇمۇغ داغى جەننەت داغى.

غەزەپ، رەهمى ئۇچماق، تۇمۇغ خىلئەتى،
قىلۇردىن بۇ ئەردى ئىكىن هىكمەتى.

کی قەهرى ئىلە رەهمەت يېغىپ ئەل ئارا،
تولا ئەيلىگەي ئىككى مىهمان سەرا.

ناۋايى سوزۇگدىن مەلول ئەتتى ئەل،
ئۇزۇن سوزنى قوي، هەرف باشىغە كەل.

× ×

بارى تېپساهىلار ئىچرە زاتى ئېنىك،
شاهىنشاهلار ئىچرە سىپاتى ئېنىك.

مەلائىك ئارا كەلدى رۇهۇلئەمىن،
رۇسۇل خەيلىدا سەيىيد مۇرسىلىن.

× ×

شەهى شەهىر يارانى جاهان خۇسرەۋى،
فەلەك رەفئەتى مۇشتىرى پەرتەۋى.

مەمالىكدا جەمشىد فۇرخەندەئى،
نە جەمشىد خۇرشىد رەخشەندەئى.

فەلەك شەمئى رايى مۇنىرى ئېنىڭ،
مەلائىك چىراغى زەمىرى ئېنىڭ.

سوزى مەخزەنى راز گەنجىنەسى،
يۈزى خۇلقى زات ئايىنەسى.

جامالىدا شەمسۇزۇزوھا جىلۋەگەر،
ھەدىسىدا روھۇل قۇددۇسدىن ئەسەر.

جەبىنىدا ئەنۋارى شاھىنشەھى،
كەلامىدا ئىھيا رۇھۇللاھى.

ئۇرۇپ كونكىرى مىھىردەك تابلار،
مەلەك خەيلىغە تۇرفە مىھرابلار.

فەلەك باغ جاھىدا نىلوپەرى،
بولۇپ ئاندا ھەر ژالە بىر ئەختەرى.

چۇ ئالتۇن ساچىپ ئىلكى ئانداغكى بەرق،
ھايادىن بولۇتلار بولۇپ تەركى غەرق.

فەۋاكىھ چىكەر تاس نىلىن قەدەھ،
گەر ۋەھى ئېتار ياسى قوۋسى قۇزەھ.

ھىلال ئەشكى ھەلقەسىدىن نىشان،
ۋەلى ئاندا زەنجىر ئۇلۇپ كەھكەشان.

مەگەر بەرق كام ئەشبەھىدۇر سۇپەھىر،
ئۇزەنگۇ ئاڭا ئاي، رەخشەندە مىھىر.

فەلەكتىن ئىتىكراك خەرامى ئېنىڭ،
قىلىب بەرقىنى تىيرە كامى ئېنىڭ.

ئىگىرمەكتە يوق چەرخ دەۋۋاردەك،
كى بىر نوقتە دەۋرىدا پىركاردەك.

يۇگۇرماقتا چۇنكىم پۇيە سەنج،
نەزەر پەسكە قالىپ تۇتۇپ ئانى رەنج.

بارىشدا نەدەي ۋەسفىدىن سەرگۇزەشت،
فەلەك تۇسەنىدىن چىقىپ دەستە ـ دەست.

ئۇزى دىۋە دىۋانەۋەش پەيكەرى،
نەزەردە پەرى چېھىر بەلكىم پەرى.

بۇ دىۋە پەرى ئۇزرە سۇلتان مەلىك،
نە سۇلتانكى ئەل ھەق سۇلايمان مەلىك.

جەۋۋاد ئىلكىنىڭ بەھرى ئانداغ ئەمىق،
نە يۇز ھاتەمىتايى ئاندا غەرىق.

يارۇغ رايى مېھىر ئانداغ مۇنىر،
كى ئالىدا خۇرشىد بىر قۇرسى قىر.

فەلەك قەدرىلارنىڭ نىيازى ئاڭا،
فەلەكتىن لەئىب شاھ غازى ئاڭا.

دىمە ئەينى ئىنسانكى ئىنسانى ئەيىن،
ھەم ئىنسان ھەم ئەينى سۇلتان ھۇسەيىن.

زەھى تەختى جاھىكى بىر پايە چەرخ،
نە پايەكى ئول پايەغە سايە چەرخ.

نە ئاي تاجىغە قەدرىڭە گوھەر قۇياش،
نە گوھەر سەدەپتىن مۇھەققەر قۇياش.

ئالاتا جاھان ھۇجرە، كوك سەقف ئىرۇر،
ئۇلۇس نەقدى ئۇمىر ئاڭا سەرف ئىرۇر.

تىنىڭ ھۇجرەسى جان قۇشىغە تەباھ،
تەنى جانىغە ۋاقىپ ئۇلسۇن ئىلاھ.

× ×

بىرى سەندەلنى مۇقام ئەيلدى،
بىرى مەسنەد ئۇزرە خىرام ئەيلدى.

بىرى تۇرك ئايۋاندا ئاستى مۇهر،
بىرى سارت دىۋاندا باستى مۇهر.

بىرسى بولدى سەدارەت مائاب،
بىرسى بولدى ۋازارەت ئاياب.

بىرى كامياب ئەردى مۇهرا نەدىن،
بىرى كامجۇ ئولدى پەرۋانەدىن.

بىرسى قوشۇن سارى چەكتى رەقەم،
بىرسى تۇمەن سارى ئۇردى ئەلەم.

بىرى تابتى داروغەلىق غەيرەتىن،
بىرى ئۇردى سەرهەد سارى نوبەتىن.

قوپتى بىرى رەشۋەتى شۇم ئىلە،
بىرى ئىكتىپا قىلدى مەرسۇم ئىلە.

ئەگەر خود زەلىل ئەردى گەر ئەرجۇمەند،
بارى بولدى ئوز كامىغە بەهرەمەند.

× ×

ھەمۇل ئەۋلاكى دەفئ ئەيلەپ ئەلەمنى،
تەخەررۇد كويىغە قويسام قەدەمنى.

فەنا گەنجىنى مىڭگاندىن سۇپۇرسام،
ھەم ئول مىڭگان سەرەشكىدىن ئۇرسام.

قىلىپ مەسنەد قەنائەت بورىياسىن،
كىيىپ دىبا كەبى ئۇزلەت فەلاسىن.

نه كوككه، نه قوياشقه يەتسه باشىم،
يورۇق ئوي بولسا كوك رەۋزەن قوياشىم.

ئەگەر نەپس ئەتسه مايىل لاله ۋە باغ،
يۈزىن "نۇن" نۇقتەسىدەك ئەيلەسەم داغ.

ئەگەر كوز قىلسه ھەردەم ئەشكىنى ئال،
قىلىپ كاپۇر كۈن نۇرىن ئەنبەرىن خال.

سۇۋاسام ئەنى كورمەيىن دەپ بالاسىن،
كاج ئاھەڭ ئىله ئاق ـ قاراسىن.

قولاقىغه گەردان ھەلقه چۇن فىكىر،
ئىشىتتۇرسام سادايى ھەلقەئى زىكىر.

ئېغىز شاخۇ شىكەر ئىزدەرنى بىلسەم،
ئەنى مىسۋاك ئىله خۇرسەند قىلسام.

دىماغىم زەئىفىغه ئاشلىك ئەتسه ھاسىل،
يۈزۈم ئۈزره فانا گەردىنى كىھكىل.

تەرەب سىنجابىدىن ئىزدىسەم كام،
ئاڭا مىھنەت كۈلىدە بەرسەم ئارام.

ئاياغىغه ئەيلەسەم زەنجىر مانەند،
مۇسەللا دەۋرىنى زەنجىرسىن بەند.

ھاۋاغه جىسىم تۇپراغىن ساۋۇرسام،
كوكۇل مۇلكىدە دولەت تەختىنى ئۇرسام.

خالايىقتەك تىلەپ زاھىر ھوزۇرىن،
جاھاننىڭ چەكمىسەم جامى غۇرۇرىن.

تۇتۇپ ھەر شۇئلەدىن دىندا گوشه،
مۇھەييا ئەيلەسەم ئۇقباغه تۇشه.

ئەجەل پەيكى قاچانكىم يەتسە فىلهال،
ۋەدىئەتىنى دىسە تاپشۇر، دىسەم ئال.

مەن جان ۋەرقىدا ئەيلەپ تەھرىر،
ئۇل نەقشىنى سەپھىدە ئەيلەپ تەقرىر.

تەغيىر ئىبىتار ئەرمىش ئانى كىلكى تەقدىر،
تەقدىر ئىشىغە رەپىقلار نە تەدبىر؟

× ×

كى فەزىل جاھاننىڭ سىپەھرى،
يوق يوقكى ئۇشۇل سۇپەھرى مىھرى.

تەبئىگىغە داغى بولۇر نى ۋارىس،
يۈز يىل تىر ئۇتارۇد ئالمايىن...؟

سەن گەرچە گوھەر دۇكانىن ئاچتىڭ،
لىكىن بۇ گوھەرنى ئىلگە ساچتىڭ.

فىكرىڭ جەمنىدا كوپ رەياھىن،
لىكىن بولۇپ ئاندا خەلق گۇلچىن.

نەزمىڭ دۇرىدىن كى دەھر تولدى،
دىگىلكى ساڭا نە بەھر بولدى؟

لۇتفۇڭدىن ئۇلۇسقە ۋەجد ھالەت،
يەتمەي ماڭا بەھرە جۇز مەلالەت.

ئەلدىن ساڭا يەتمەيىن دەمى جۇش،
سەن قان يۇتۇپ ئەل بولۇپ قەدەھ كۇش.

سەن ئەل باشىدىن بولۇپ گوھەر پاش،
تەرماڭ گوھەر دىمەيكى شا باش.

ئەمدى تەرەپ زامانى يەتتى،
دەۋرانىدىن ئەلەم نىشانى كەتتى.

ئالدى قولۇمىز جاھان دىيارىن،
ئالدى كۈچۈمىز فەلەك ھىسارىن.

٨

ئاي ـ كۈننى نەققارە قىلدى دولەت،
چالدى بىزنىڭ ئاتىمىزغە دولەت.

ئالەمنى بىزنىڭ قۇياش يورۇتتى،
ھەق مەركىزىدە قارار تۇتتى.

بۇ دەمكى تەبىرگە قالمادى سوز،
بەختىڭگە ئاچىلدى ئۇيقۇدىن كوز.

ھەر سۇبھى ئۇمىدىڭ ئولدى لامە،
ھەم مىھرى مىرادىڭ ئولدى تامە.

چۇن ساقى دەۋر جامى ئىشرەت،
توتى يەنە چەكمە زەھرى مىھنەت.

تەۋقە يەتىشكەچ ئۇيلە لازىم،
كىم جان بىلە بولغاسىن مۇلازىم.

تا لۇتـفى يەتىشكەچ تىڭىزگە تۇشۇپ مەۋج،
تۇتقاي يارى ئىنىڭ ئول سۇپەت ئەۋج.

كىم ئاي ئۇزرە قويغاسىن قەدەمنى،
كۇن لەۋھىغە چەككەسىن رەقەمنى.

مۇھر ئالتۇندىن قازا قىلىپ ھەل،
ئول سەفھەنى ئەيلىگەي مەجدەل.

ھەر بەيتنى گوھەر ئەفشان،
ئەنجۇم بىلە ئەيلىگەي زەرەفشان.

نەچچە بۇيۇك ئەيلىسەڭ سوزۇڭنى،
ئاندىن بۇيۇك ئەتكۇمىز ئوزۇڭنى.

يوقتۇر ساڭا ۋەقت گوشە تۇتماق،
ئىشرەت گۇلىن ئاھ ئىلە قۇرۇتماق.

چۈن ھۆكمىنى ئاڭلادىڭ دەم ئۇرما،
بەلكى دەم ئۇرارغا داغى تۇرما.

قۇللۇقىدە كوڭۇلنى چۇست باغلا،
خىزمەتكە بىلىڭنى رۇست باغلا.

ھەرنەچە بۇ سوز دىمەك كىرەكمەس،
چۈن راست دۇرۇر كىرەك، كىرەكمەس.

چۈن خۋاست بۇ نەۋئ قازا ھەم،
مەن خەستەئى زار بىناۋا ھەم.

قۇللەرغە ئوزۇمنى ھەمدەم ئەتتىم،
قۇللۇقىدە بىلىمنى مەھكەم ئەتتىم.

رۇبائى

ئىقبال مۇتىئ بەخت ياۋەر بولدى،
خۇرشىد رىھى سۇپەھر چاكەر ئولدى،
ئالەم ئىلىدىن كىمگە مۇيەسسەر بولدى؟
بۇ مەرتىبەكىم ساڭا مۇقەررەر بولدى.

× ×

ناۋايى، نى بالا ئەندۇھ ئىبرۇر بۇ،
ئوزۇڭنى سالماغىلىڭ مۇنداغ بولۇرمۇ؟

ئاڭاكىم ئەقىل، ھىممەت يار بولغاي،
بۇ نەۋئ ئىشلار قاچان دىشۋار بولغاي.

قۇياشتىن تەربىيەت گەر تاپسە خارا،
قىلۇر ياقۇت ئىلە لەئل ئاشكارا.

بۇلۇتتىن كىم بولۇر سىراپ تۇپراغ،
مۇلـەۋۋەن گۇل بولۇر مىناپ تۇپراغ.

كىشىلىكتىن نىچۇك ئۇرغاي كىشى دەم،
بولۇپ تۇپراغ ئىلە خارەدىن كەم.

شەھكىم ئەختەر ئولسە دۇررى تاجى،
دۇئا ۋىردىغە كوپتۇر ئىھتىياجى.

رەسۇلكىم رەسۇلىنىڭ سەرۋەرىدۇر،
سۇپەھرى ئافرىنىش ئەختەرىدۇر.

ئەگەر سىددىىق بولغاي يارۇ غارى،
ھەم ئولدى ئەنكە بۇتى پەردەدارى.

گۇلى كىم تىيرە بولمىش گۇلخەن ئاندىن،
ئىرۇر كوزگۇ جامالى رۇشەن ئاندىن.

نەچە ئىزھار ئەجرىن ناتىۋانلىق،
گۇمان قىلدىڭ بۇ ئىشنى نۇكتەدانلىق.

قويۇپ بىكارلىق فەرزانە بولغىل،
ئىلىك ئۇر ئىشكە مەردانە بولغىل.

× ×

ھەر كىمگە بىراۋ ئىشقىغە بولسا دىل‌بەند،
جان رىشتەسىدىن قىلسا كىرەك يۈز پەيۋەند.

گەر غەيرى خىيالى كۆڭلىگە تۇشسە پىسەند،
قىلماق كىرەك ئول كۆڭۈلنى يۈز پۈركەند.

رۇبائى

شەھ خىزمىتىگە بىراۋكىم بولغاي مايىل،
كور، كەر، شەل كىرەكدۇر ھاسىل.

ئەسرارى ئېنىك ئىنشاسىدا گۆكگ ئەيلەر تىل،
بۇ مۇشكۇل ئېرۇر بارچەسىدىن مۇشكۇل.

× ×

.............................................

تا ھىرىس ھەۋەس خىرمىنى بەرباد ئولماس،
تا قەسىر ھاۋا قەسىر بەر ئۇفتاد ئولماس.
تا زۇلىم - ستەم جانىغە بىداد ئولماس.

رۇبائى

تەقرىر ئەگەر ياخشى ئىدى يوقسە تاباھ،
ئەلپازىم ئەگەر يامان ئىدى گەردىل خۋاھ،
ئەرز ئەتماكنى بۇ ھۇكىم ئەيلەپ ئىدى شاھ،
شاھ ئاڭلاماسە بۇ خىزمىتىم نەتكامەن ئاھ.

رۇبائى

ئەلدىن ماڭا گەرچە غەيرى رەھمەت يوق ئىدى،
ئېيىپ ئەرمەس ئەگەر مۇزد ئىلە مىننەت يوق ئىدى،
ئەل بەردىلەر ئەمما ماڭا رىغبەت يوق ئىدى،
شەھ دولتىدىن بۇلارغە ھاجەت يوق ئىدى.

رۇبائى

مەقسۇد چۇ شاھتىن بىنا بولدى ماڭا،
ئۇقبا سارى ھەرنە زارران ئولدى ماڭا،
مەجمۇئىنى قىلدىم ئېنىك ئالدىدا نىسار،
بۇ ھۇججەت ئۇچۇن تەڭرى گۇۋاھ ئولدى ماڭا.

× ×

يېقىپ ئايۋاننى سەيلى زەلالەت،
ياغىپ دىۋاردىن گەردى مەلالەت

قاراڭغۇ سۇبھى ئاندا شام مەجۇر،
كى خۇرشىد ئاندا كىرسە تاپمىغاي نۇر.

بولۇپ مۇتەۋارىلار ئارامى ئاندا،
فۇجۇرى ئىسىق ئەهلى كامى ئاندا.

كوڭۇلگە كىردى بۇ كىمگە بىرۇر دەست،
ئانى قىلماق كىرەك تۇفراق ئىلە پەست.

بىنايى تەرھ قىلماقكىم هەمىشە،
ئەل يەتكەي شەھ دۇئاسىن ئاندا پىشە.

رۇبائى

بۇ بۇقئەكى تا بىناسى بۇنياد ئولدى،
ئەل هاجەت ئىلە فەقردىن ئازاد ئولدى،
دەرۋىش غەنى نىئمەتىدىن شاد ئولدى،
بۇ ۋەجھىدىن ئاتى نىئمەت ئاباد ئولدى.

× ×

مىنى كىم بۇ سوزدە نىزار ئەيلەدى،
هەۋەس ئىلكىدە بىقارار ئەيلەدى.

نە ئىمكانكى تاپقاي قارار سۇكۇن،
بىراۋكىم بۇ فىكىر ئەتكەي ئانى زەبۇن.

ئۇرارمەن قەدەم تاكى بارغۇنچە كام،
كى بولغاي مۇيەسسەر ماڭا ئۇشبۇ كام.

ئەگەر بولسا بۇ يولدا ئۇمر تەلەف،
چۇ بۇ يولدادۇر ئول ئىرۇر هەم شەرەف.

ۋەگەر بولسا ئوز كامىيە بەهرەمەند،
زەهى مۇلكى جادىد بەختى بەلەند.

رۇبائى

ئالەم ئىشىدىن مىنى مەلۇل ئەت يارەب،
فەقر ئىمگاكى تارتارغە خۇمۇل ئەت يارەب.

بۇ ئىشكى سىنىڭ رىزاڭ ئۈچۈن قىلمىشمەن،
ھەم ئەينى رىزا بىرلە قوبۇل ئەت يارەب.

رۇبائى

يۈز شۈكرىكى بۇ بۇقئەلەر مۇكەممەل بولدى،
ۋەقپى بۇ ھۇدۇدكىم مۇفەسسەل بولدى.
سەككىز يۈز ئىدى سەكسەن ئالتە تارىخ①،
ۋەقپىيەسى ئۇلكۈنكى مۇسەججەل بولدى.

رۇبائى

ۋەقپىيەگە تارتىلدى بەسى رەھمەت ئاڭا،
تا بولدى شەرائىت خىتىدىن زەممەت ئاڭا،
مەشرۇت ئۇيلەكىم قىلسا ئەمەل رەھمەت ئاڭا،
ئۇلكىم مۇڭا تەغيىر سىرۇر لەئنەت ئاڭا.

رۇبائى

بۇ قائىدەنى كىمكى تۈزار بار ئۇلسۇن،
تەڭرى بارى ھالىتدە مەدەتكار ئۇلسۇن،
كىم بۇزسە بۇزۇغلۇققە سازاۋەر ئۇلسون.
ھەق لەئنەتى قەھرىگە گىرىپتار ئۇلسۇن.

رۇبائى

سۇبھانەللاھ ھۇۋەل ئەلىيۇل مۇتەئال،
كىم ئەيلدى ئىشق بەھرىنى مالامال،
ئىنسانىنى تاپتى چۇ ئاندا غەۋۋاس مىسال،
ھەم جەۋھەرى جان بەردى ھەمدە مەقال.

رۇبائى

ئەلھەمدۇلىلا جىدىل ھەدايا ۋە نىئەم،
كىم كەتتى ۋۇجۇد باغىدىن خار ئەدەم،

① مىلادى كالىندارىچە 1481 - يىلى.

ئۇل باغدا ھەر گۇلى ئۇتى كىم چەكتى ئەلەم،
جان ئۇيىنى يۇرۇتتى نەزەر شەمئىنى ھەم.

× ×

مۇھەممەد كىم رەسۇل ئەنجۇم دۇرۇر ئاي،
قايدا ئاي بەلكى مىھرى ئالەم ئارا ئاي.

ۋۇجۇدىنىڭ تۇپەيلى توققۇز ئەپلاك،
بۇ دەئۋا شاھىدى مەنسۇر لەۋلاك.

ئالىپ يۈز بەرقىدىن سۇرئەت سىمىندى،
يېتكى ئاي ئۇل سىمىندى سىنە بەندى.

قىيامى مەركەبى بۇرجىس ناھىد.
ئىككى ياندىن چاناقى ئاي ۋە خۇرشىد.

زەلالەت كويىنىڭ مەھزۇنلارىغە.
جاھالەت دەشتىنىڭ مەجنۇنلارىغە.

شەپىئ ئەتكىل ئانى جاۋىد ئىلاھى،
مېنى ھەم قويمىغىل نەۋمىد ئىلاھى.

بولمىسا ئالىمدا گۇلرۇخ ساقى ئەھۋالىم خاراپ،
يوق ئىسە ساقىدا گۇلگۇن جامى مەي باغرىم كاباپ.

× ×

بىراۋكى ئىشىق ئىلكىدە مۇبتالا بولغاي،
نېتاڭ ئەگەر ئاڭا ھەرلەھزە يۈز بالا بولغاي.

بارى پىشە ئۇز سورتى كوڭلىدىن كەتتى،
بۇ كوڭۇل سورتى ھالى بۇ يەرگە يەتتى.

× ×

تۈن، كۈن ئاياغىم يالاڭ، ياقام چاك،
مەيخانە يولىدا مەست بىباك.

ھەر دەم يىتىبان فەلەككە ھۇيۇم،
ئەۋباش ئارا بارچە گۇفتۇ گۇيۇم.

× ×

كۇلمەكنى ئۇتكەرۇر ئەل ھەر سوزكى دىسە مەجنۇن،
تون سوزنى جەمئ قىلسا كۇلمەكنى ئەيلەر ئەفزۇن.

**رۇبائى**

دىۋانەكى مەست بولسا دائىم،
كۇلمەككە ئىرۇر سوزى مۇلازىم،
ئۇرگەنسە ئۇلۇس ئەمەس ھەيىۇر،
گاھى كىرەك ئەلگە ھەم مەسخۇر.

**رۇبائى**

ھەر كۇن يەنە بىر ئىشىق ئىلەدۇر ئەفسانە،
ھەر تۇن يەنە بىر شەمئ گەدەر پەرۋانە.
ئىش ئاڭا جۇنۇن، مەنزىل ئاڭا مەيخانە،
دىۋان ياساماقنى نە بىلۇر دىۋانە.

**رۇبائى**

شىبھى كىم دىسە يۇز مىلك تىل تۇگانماس ۋەزئى يۇز مىلك يىل،
بۇ ئىتىلغانچە يۇز مىلك يىل يەنە ھەر بىرى يۇز مىلك تىل.
بۇ يۇز مىڭدىن بىرى زىكرى ئۇلماغاي گەرئۇتسە يۇز مىلك ئەرن،
بۇ يۇز مىلك قەرن ھەم بولسە ھەر بىر لەھزە يۇز مىلك يىل.

**رۇبائى**

ئالى نەسەبى بىرلە قۇۋانىپ خانلار،
تۇن ئىشىكنى ياستانىپ خاقانلار.
ئاي. يىل قەدىمغە باش قويۇپ قائانلار،
جانلار بىلە قۇللۇغىن قىلىپ سۇلتانلار.

### رۇبائى

گەردۇن يۈزى ھىلىبى يۈكىدىن خەم بولدى،
ئاي لەمئەسى رايى يۈزىدىن كەم بولدى،
سۇلتانلىق ئاڭا گەرچە مۇسەللەم بولدى،
بۇ تۇرفەكى دەرۋىش سۇپەت كەم بولدى.

× ×

بۇ يەڭلىغ يازدى ئەلقاپنى دەۋران،
كى سۇلتان ئىبنى سۇلتان ئىبنى سۇلتان.

### رۇبائى

روزى ئاڭا بارچە كام بولسۇن يارەب،
ھەم دۆلتى مۇستەدام بولسۇن يارەب،
ئىقبال مەيى مۇدام بولسۇن يارەب،
ھەم ئىشرەتى بەرداۋام بولسۇن يارەب.

× ×

ئىچۈككىم قۇياش تەكراسىدا نۇجۇم،
ئۇلۇس ئول قۇياش سارى ئەيلەپ ھۇجۇم.

جاھان مەملىكەتىنىڭ ئۇلۇغ بەگلەرى،
يەنە پايەدا ئورتاراق دەك لارى.

ئۇلۇغ نىيۇ ئورتا، نىكىم خۋاس ئام،
رەفىئ ئاستانىغە ئەيلەپ خىرام.

يىتىپ دەرگاھىغە تاپىپ بار ھەم،
بۇدۇر تۇرفەراقكىم مەن زار ھەم.

فەلەك جەۋپىدا بىر ئاۋۇچ خاكدەك،
كارانسىز تىڭىز ئىچرە خاشاكدەك.

جانابىغە كىم ئەرسە سىرۇر سۇپەھر،
ئۇشۇل ئەرسەنىڭ گەر ئىچى ماھۇ مىھر.

ئۇزۇمنى سالىپ زەررەدەك بىقارار،
يەتىپ ئول قۇياش نۇرىدە زەررەۋار.

قۇياش ئەرسەسىن چۇل مەتاپ ئەيلىدىم،
ئانى زەررە يەڭلىغ تاۋاپ ئەيلىدىم.

× ×

ئاتام بۇ ئاستانىنىڭ خانە پەزى،
ئانام ھەم بۇ سىراپ بوستانىنىڭ كەنىزى.

مەن ئەرچە گەر بولاي بۇلبۇل ۋە گەر زاغ،
كى ئۇشبۇ دەرگەھ ئولدى گۇلشەن باغ.

ۋەلى ئۇمرى بۇ گۇلشەندىن ھەۋادىس،
قىلىپ جانىمغە ھىجران رەنجى ھادىس.

رۇبائى

رۇشەن قىلىپ ئول چىراغ تابىندە مېنى،
مەسئۇد ئېتىپ ئول ئەختەرى فۇرخەندە مېنى.
ھەر نۇكتەسى يۇز قاتلا قىلىپ بەندە مېنى.
ھەر شەپقىتى بەندەلىكدە شەرمەندە مېنى.

× ×

نەدا يەتكۇزدى ئاگەھ مېھنى راز،
كى ئى ئەفسۇنگەرى ئەفسانە پەرداز.

بالاغەت كىشۋەرىنىڭ نۇكتەدانى،
فەساھەت مۇلكىنىڭ ساھىپقىرانى.

راۋان خامىڭ ئەيلە مۇرەتتەپ،
ئوتارۇد كوز قاراسىدىن مۇرەككەپ.

مەن ئانى خەيلىكىم مەرئا ئەمەس ئول،
ھىمانە قىلدى خامىڭ جۇفىدىن يول.

ئۇلۇس تەبئىڭ سەھابى يامغۇرىدىن،
بولۇپ سىراپ ئەل نەزمىڭ دۇرىدىن.

سوزۇڭ بىر ئەۋج ئۈزە چەكتى ئەلەمنى،
كى سۇردۇڭ ئەرش لەۋھىغە قەلەمنى.

ئەگەرچە ئەختەرىدۇر گوھەرى پاك،
كى ئورۇلۇر ئانىڭ باشىغە ئەپلاك.

ۋە لىكىن بۇ قەدەر مەكرى فەرىشان،
نە باتىنىنە ئىشدەك بولمىش فەرىشان.

تىلارمىز بۇ پەرىشان بولسە مەجمۇئ،
راۋان بولكىم ئەمەستۇر ئۈزرە مەسمۇئ.

چۇ ئالى ھىممىتىمىز بولدى مايىل،
سەن ئولدۇڭ مۇنچە نادىر سوزگە قايىل.

بۇ نوئ ئىستەيدۇر ئەمدى راي ئالى،
كى قىلغاي پىكرىتىڭ دىۋان خىيالى.

جاھاندە كىمگە بولسە مۇنچە پەرزەند،
كى بولغاي مۇنچە رۇھ ئەفزا ۋە دىلبەند.

راۋادۇرمۇ بىرنىڭ فەررۇخ زاماندا،
ئۇلارنى دەربەدەر قىلماق جاھاندا.

بارىن يىغ ئەمدى ئانداغكىم ئاتالار،
سۇرۇك تىپلىن نىچۇككىم كەدخۇدالار.

كى بار ئول قىل سەرگەردان سادده،
ساڭا پەرزەند بىزگە خانزادە.

ئۇلار بىچارىدۇر بىر چارە رەسىز،
سەن ئەر تا مېھرىبانسەن بىر ئەمەس بىز؟

جوبىلد هۆكىم بار ئىشدىن رە جۇئەت،
راۋان مەقسۇد سارى ئوق شەررۇئ ئەت.

مۇرەتتەب قىلماغۇنچە تۇرما بىردەم،
سوز ئولدى موختەسەر ۋەللاھۇئەلەم.

نەۋايى غەمگە قالدى ئوز كەلامى جانپازاسىدىن،
ئۇنىڭدەككىم يىتەر بۇلبۇلغە مىھنەت ئوز ناۋاسىدىن.

× ×

رەنجى كورمەي كىشى تاپارمۇ فەراغ،
شەمئى ئورتەمەيىن يورۇرمۇ چىراغ؟

تۇخىم يەرگە كىرىپ سىچەك بولدى،
قۇرۇت جاندىن كېچىپ ئىپەك بولدى.

لالە تۇخىمىچە غەيرىتىڭ يوقمۇ،
پىلە قۇرۇتىچە ھىممىتىڭ يوقمۇ؟

ئەيلىسەڭ ھەم شەرۇئ جان چەكسەڭ،
سەئىيىدا يۈز پىيالە قان يۇتساڭ.

سەن موبەگۇڭدۇر ئاڭا تەزيىن،
بەلكى شەھ سەيئى ئەتكۇسى تەدۋىن.

چۇن خىرەددىن يىتىشتى بۇيلە نەۋىد،
ماڭا بولدى ئوزۇمدىن ئوزگە ئۇمىد.

تەڭرى تەۋفىقى ئىددىئا ئەيلەپ،
شەھ جانىبىغە ئىلتىجا ئەيلەپ.

هۆكم مەرمۇنىغە قەلەم چەكتىم،
سەپھە تەرتىبىغە رەقەم چەكتىم.

ئەرزىمەس گەر يىغارغە ئول خاشاك،
چۇن بۇ دۇرلار نىھان دەۋراندا پاك.

گەرچە بەس يۇترە دۇرۇر ئول زۇلمات،
غەم ئەمەس چۇن بار ئاندا ئابى هايات.

رۇبائى

شۇخىكى ئوكۇش هۇسنى- جامال ئولغاي ئاڭا،
بىر هۇسىن يەنە هوسنى مەقال ئولغاي ئاڭا.
لەئلى ئارا گەر دۇرلارىدا بولسە قۇسۇر،
سور دەرگە ئىپىال ئولغاي ئاڭا.

رۇبائى

بۇ ئىشقە هەدىس هەم ئىرۇر شاهىد هال،
كىم سابىت ئىرۇركى كۇللۇ ئەمرىن زىبال.
هەم بۇيلە ئايان قىلدى خۇدايى مۇتائال،
هەم ئولجە ئىرۇر رەسۇل دىدى باردۇر ئاڭا دال.

× ×

يەنى ئول گۇلچەهرىلەر ناز ئەتسىلەر،
ئەقلىۇدىن يەغماسىن ئاغاز ئەتسىلەر.

ئىشۋەگەرلىك قىلسەلەر غەمماز ئولۇپ،
پەردەدەرلىك ئەتسەلەر تەنناز ئولۇپ.

لەمئەئى ئارىزلارىدىن هەر نەپەس،
قىلسەلەر ئالەمنى كويدۇرمەك هەۋەس.

بۇ ناسايىھ ئەهلى هىكمەتلەر بىلە،
يۈز تۇمەن پەند- نەسىهەتلەر بىلە.

مانىئ ئولغايلار ئۇلارغا هەر زامان،
تا زامان ئول پىتنەدىن تاپقاي ئامان.

## رۇبائى

هەر يەردە باھار ئۇلسە چمەن بولسە كرەك،
هەر قايدا چمەن بولسە سمەن ئۇلسە كرەك.
هەر قايدا تكەن رەنجى مھەن بولسە كرەك،
هەر قايدا خازان بولسە تكەن بولسە كرەك.

## رۇبائى

زاھد خوش ئەمەسدۇرۇر خارابات ئچرە،
پاسق نە تلەر ئەھلى مۇناجات ئچرە؟
عۇربەتنى قاتتق تۇتۇپدۇرۇر بارى ئەل،
بۇ دۇركى كشى تۇشار سۇرۇك يات ئچرە.

## رۇبائى

كم قلسا ئمارەتكى مەقدۇر ئۇلغاي،
چۇن ئسمى كتابدا مەستۇر ئۇلغاي.
نى چاغقچە ئۇل بناكى مەئمۇر ئۇلغاي،
ئۇل ئسم ئۇلۇس تلدا مەزكۇر ئۇلغاي.

× ×

غەرەز ئۇل ئەردكم بۇ قەسر ئالى،
كى ھەرگز بولماغاي يارەب زاۋالى.

بنايى دۇركى شەھ بۇنياد قلمش،
زامانە قەسردەك ئاباد قلمش.

ئۇنى شەھ ئھتمامى قلسە مەئمۇر،
مەنى مئمار فەرز ئەت بەلكى مۇزدۇر.

ئەگەر مۇزدۇر ئەگەر مئمار ماھر،
ئشچە ملك چۇ مۇزدى بولدى زاھر.

تۇگەنگەچ شاھ قەسرى زەر نگارى،
ئۇلارغا قەسر ئارا نە بار - بارى.

خىلىل ئەر كەئبەنى بۇنياد قىلدى،
يىقىن بارمۇكى نى ئۇستاد قىلدى.

ھەمۇل سەدكىم ئىسكەندەر قىلدى مەئمۇر،
كىم ئىتىوركىم ئاكاكىم ئەردى مۇزدۇر.

ئىمارەت سەيئىدا كىم بولسە زەر پاش،
بىنا ئانىڭ ئاتى بىرلە تۇتار ناس.

بىناغە گەرچە ھەركىم بولسا نامى،
ئاتارلەر بانى ئىسم بىرلە ئانى.

ۋە لىكىن خەلق ئارا بۇ ئەردى دەستۇر،
كى بولغاي بانى ئىسمى بىرلە مەستۇر.

شەھ ئاتىن چۇنكى مەئنىنى بىلدىم،
بۇ قەسىر ئايۋانى ئوزرا سەبت قىلدىم.

كى تا بولغاي بۇ قەسرى چەرخ گەردار،
بۇ ئىسىم ئايۋاندا بولغاي نەمۇدار.

ئالاتا قەسىر چەرخ سايىر ئولغاي،
نۇجۇم ئايۋانى ئۇ موھر ئىچرە دايىر ئولغاي.

بۇ شەھ ئايۋانى ئومرىنىڭ بىناسى،
مەتىن ئولسۇن نىچۇككىم چەرخ ئاساسى.

قەدەر دىۋانىدىن ھەر لەھزە كامىن،
قازا دىلخۇاھدەك يەتكۇزسۇن ئامىن!

رۇبائى

گۇل بولسا تىكەن بولۇر بوستاندا،
دۇر بولسا سەدەپ بولۇر ئۇممانىدا.
سۇكر ئولسە خۇمار ھەم بولۇر دەۋراندا،
ئەيب ئەيلىمە سادە بەيت بولۇر دىۋاندا.

× ×

يۇز گۇل ئاراسىدا بىر تىكەن بولسە كېرەك،
يۇز ياخشى ئىچىدە بىر يامان بولسە كېرەك.
مىڭ ساغەر ئىچىلسە ئۇيلە ئابى هايات،
بىرنىڭ تەھىدا دۇردان بولسە كېرەك.

## رۇبائى

بۇ نامەكى خامەم تىلى ئەيلەر تەھرىر،
ئەيلەردە نەزارە ئەھلى مەئنى بىر - بىر،
تەقسىر تاپىلسە ئەيلەسۇنلار تەغيىر،
تەعيىر بىرۇردا قىلماسۇنلار تەقسىر.

## رۇبائى

ئەيىب ئەتكۇچى سۆزىدۇر بارچە خىلاف،
فىردزەنى خەر مۇھرە دىبان ئۇرما كەزاف.
چۇن جەۋھىرى تاھىر ئىتەر ئەھلى مەئاف،
مۇنداغ جەۋھىرىغە تەگرى بەرگەي ئىنساف.

## رۇبائى

يارەب چېكىبان كوپ رەقەم جۇرم - گۇناھ،
نامىمنى قارا قىلدىم، ئۇمرۇمنى تاباھ.
رەھمەت سۇيىدىن يۇمۇساڭ ئول نامەنى ئاھ،
مەھشەر كۇنى نىتكامەن مەن نامەسىياھ.

## رۇبائى

كام ئەيلە ناۋايىغە پانانى يارەب،
چۇن بولدى سېنىڭ يولۇڭدا پانى رەب.
لۇتف ئەيلە بەقايى جاۋىدانى يارەب.
ئول دەم سەن قىل، نى قىلساڭ ئۇنى يارەب.

## رۇبائىلار

مەھبۇبغە ئىتماد قىلماق بولماس،
ئاندىن تەلەبى مۇردا قىلماق بولماس.
كوزىنىڭ قاراسىن مىداد قىلماق بولماس،
گەر بولسا تىيىك سىۋاد قىلماق بولماس.

غۇربەتتە غىرىپ شادىمان بولماس ئىمىش،
ئەل ئاڭا رەفىق مىھرىبان بولماس ئىمىش.
ئالتۇن قەفەس ئىچرە گەر قىزىل گۇل بولسە،
بۇلبۇلغە تىكەندەك ئاشيان بولماس ئىمىش.

ئول دۇررى سىمىن كى بار ئىدى كوزۇمە ياش،
ئەيلاردە ئەجەل ئاڭا جاپا رەسمىنى فاش.
غەم تىر تاغىدىن قىلىپ قاراغىمنى خىراش،
ياشۇرغاي ئىدىم ئەنى كوزۇمگە دۇر پاش.

يىللار تۇتۇبان شەيخ ماقالاتىغە گۇش،
نى كوڭلۇمە زەۋق يەتتى ۋە جانىمە سۇرۇش.
جانىمغە ناۋا سالدى كوڭلۇمگە خۇرۇش،
بىر جۇرئە بىلە مۇغبىچە بادە فۇرۇش.

ساقى مىنى خار - خاردىن ئەيلە خالاس،
گۇل - گۇل يۇزۇڭ ئاچ باھاردىن ئەيلە خالاس.
يا مەي بېرىپ ئىنتىزاردىن ئەيلە خالاس.
يا ئۇلتۇرۇبان خۇماردىن ئەيلە خالاس.

بىر جامغە ئال مۇغبىەچە جانىمنى ئىۋەز،
قوش تۇتقىل ئال ئىككى جاھانىمنى ئىۋەز.
ئۇنى سۇمۇرۇردا قەترە تامسە ئەگەر،
سەن ھەم توك ئۇنىڭ ئورنىدا قانىمنى ئىۋەز.

كىم سەلتەنەت ئىستىسە سەخادۇر ئاڭا شەرت،
ھەر ۋەئدىكى ئەيلىسە ۋەفادۇر ئاڭا شەرت.

کىم دەقر تەلەپ قىلسە فانادۇر ئاڭا شەرت،
ئالىخە نىكىم كەلسە رىزادۇر ئاڭا شەرت.

بۇ دەۋردە يوق سەن كەبى خوشخىۋان ھاپىز،
ھىففاز ئارا سەرھەلقەئى دەۋران ھاپىز.
قۇرئانغا سەن ئولغان كەبى يەكسان ھاپىز،
بولسۇن ساڭا بارچە ئىشتا قىران ھاپىز.

كىم ئەيلەسە ساقى گۇل ئەندام تەمەئ،
ئىلكىدىن ئانىڭ ساغەرى گۇلفام تەمەئ،
ئاندىن سوڭ ئەگەر تەقۋا ئىسلام تەمەئ،
ئەيلەر ئىسە ئول مەردەك ئىيرۇر خام تەمەئ.

ئولدەمكى قۇياش قىلدى مەغرىبقە رەجۇئ،
كىم سوھبەت ئوشۇل قۇياشدىن تاپسە ۋۇقۇئ.
خوشدۇر قىلماق جام قۇياشغە شۇرۇئ،
ئولدەمغىچە كىم قىلۇر قۇياش جامى تۇلۇئ.

مۇغ دەيرىدە دەست بەرسە بىر لەھزە فاراغ،
كىم مۇغبەچە ئىشقىدىن قىزىق بولسە دىماغ.
ئول تۇتسە مۇغا نە لەھىن ئىلە ھەردەم ئاياغ،
باش ئالسام ئاياغىدىن كىرەك باشىمە داغ.

بىر گۇل غىيمدىن قوياي دىدىم باشىمە داغ،
بەرگەيمۇ دىسە ئەتىر دىماغىمغە فىراغ.
بەرگىن چۇ مولەۋۋەس ئەيلەدى بوم ئىلە زاغ،
ئەمدى ئەنى ئىسلاماقغە يۇز قويسە دىماغ.

بەردىڭ ماڭا دەيىر ئارا ئىقامەت ئى مۇغ،
تۇتتۇڭ قەدەھى مالامەت ئى مۇغ.
بۇ ئىشنى خۇد ئەيلدىڭ كارامەت ئى مۇغ،
بار، مەي كى ھىمىشە بول سالامەت ئى مۇغ.

نامىڭ يىتىبان تاپتى كوكۇل ئىززۇ شەرەف،
ھەر لەفزى بولۇپ مۇراد دۇررىغە سەدەف.

هەر سەترى ئەلەم چىردىكىنىڭ دەفئى ئۇچۇن،
ئىقبال چىردىگى چىكىبان هەردەم سەف.

ساقى بەدىنىمنى قىلدى غەم تىغى شىكاف،
قانىم بارى ئاقتى تۇتمە ئوزۇڭنى مەئاف.
تۇتقىل بەدەل مايە تەخەللەلۇ مەيى ساف،
تا مەست قىلاي غەم چىردىگى بىرلە مەساف.

يۇز مىهنەت غەم كوڭلۇمە يەتكۇردى فىراق،
جانىمغە بالا دەرد ئوقىنى ئۇردى فىراق،
جىسمىمنى پانا ئوتىغە كويدۇردى فىراق.
چۇن كويدى، كۇلىنى كوككە ساۋۇردى فىراق.

كوڭلۇمنى غەم دەرد ئىلە قان ئەيلەدى ئىشىق،
كوز يولىدىن ئول قانىنى راۋان ئەيلەدى ئىشىق.
هەر قەترەنى بىلمەدىم قىيان ئەيلەدى ئىشىق،
بىدىل ئىكەنىم بۇيلە ئايان ئەيلەدى ئىشىق.

ئولدەمكى قۇياش پاتتى سارغاردى شەپەق،
بەزمىڭغە شەپەق گۇن مەي ئىلە بەردەۋ نەق.
نى هەقنى ئۇنۇت، نى مەينى تۇتقىل مۇتلەق،
كىم تاڭلا ئىبرۇر تەڭرى كەرىم بەرهەق.

يوق دەهردا بىر بى سەرۇ سامان مەندەك،
ئوز هالىغە سەرگەشتەئى هەيران مەندەك،
غەم كويىدا خانىمان ۋەيران مەندەك،
يەئنەكى ئالاخان ئالامان مەندەك.

بىرەهىم دۇرۇر ئالەم، زالىم ئەفلاك،
بى مىهىر دۇرۇر ئەنجۇم، دەۋران بى باك.
قاي سەرۋى چىمەندە جىلۋە قىلدى چالاك،
كىم يەرگە تۇكۇلمەدى نىچۇككىم خاشاك.

زاهىد ساڭا ھۇر، ماڭا جانانە كېرەك،
جەننەت ساڭا بولسۇن، ماڭا مەيخانە كېرەك.
مەيخانە ئارا ساقى پەيمانە كېرەك،
پەيمانە نەچچە بولسە تولا يانە كېرەك.

گەر دىلبەر ئەمەس مەلەك ۋەش ھۇر خىسال،
ئاندىن سوك ئۇلۇسنىڭ كوزى ۋە تىلى لال.
نى ھوسنىغە رۇئيەت نى ئىشقىمغە مەقال،
بىللاھ مەن ئاشلىق ئېرۇر ئەمرى مەھال.

ئى ھامى ھەبىب كوڭلى ئەھبابغە لال،
مەن ھەم قىلدىم جان كوڭۇلنى ئىرسال.
كوڭلۇمگە بىر ئەھباب بىلە جامى ۋىسال،
جانىمغە ھەبىب ئاياغى تۇپراغى سال.

بىر سارى سېرىغ تولا ۋە مەن تۇتساق يول،
نە تاغ، نە تۇز دىسەڭ ئابادنى چول.
يەڭسىز كېپىنىڭدىن چىقارىپ يالاڭ قول،
ئول قاچسا ۋە مەن قاۋسام، مەن قاچسام ئول.

تۇزمەي مېنى زار ناتاۋان بىرلە كوڭۇل،
ئىلپەت تۇتمىش ئول ئاستان بىرلە كوڭۇل.
يارىكى ماڭا جان ئىدى ھەم ئەزەم ئەتتى،
مەن مۇندا خىزمىتىڭدە جان بىرلە كوڭۇل.

ئومرۇڭ قۇياشىغە يەرمىسۇن چەرخ زاۋال،
جاھىڭ قەمەرىنى قىلماسۇن دەۋر ھىلال،
تۇن - كۇن بولغىل رۇشەن مېھىر مىسال،
دەھر ئەھلىغە يۇز ياخشى فۇرخەندە جامال.

مۇغ دەيرى سارى بۇگۇن تەمەننا قىلدىم،
ئول مۇغبەچە ھوسنىنى تاماشا قىلدىم،
دىن نەقدىنى كۇفر ئىلە سەۋدا قىلدىم،
كىم قىلدى بۇ ئىشكىم مەن رەسۋا قىلدىم.

جاھىلكى ھەسەد بولغاي ئانىڭ جەھلىغە زەم،
يۈز يىل كوزىدىن ئاڭلاسا ئول كوزىدە كەم.
كوزلەرنى ئىلىشما چىكىپ تىغ سىتەم،
ئەل كوزىنى ھەم ئويغاي، ئوزكوزىنى ھەم.

ياشۇنغان ئىمىش قارا بۇلۇتقە ماھىم،
گەردۇننى سوۋۇتماغلىق ئىرۇر دىلخۋاھىم.
كىرمىش قارا توپراققە قۇياشتەك شاھىم،
نىچۇن قارا قىلماسۇن قۇياشنى ئاھىم.

بەھر كىمەدىن كوكۆلدە كوپتۇر ئەلىمىم،
كىم سەكرەمەيىن قەدەم بۇگۇرماي قەلىمىم.
مەقسۇددىن ئانچە سالدى بىر دەمدە يىراق،
كىم يۈز يىل ئەنى تەي قىلالماس قەدىمىم.

مەقسۇد تاپماسە ياخشى، يوقسە نىتايىن،
يا رىند كەبى ئەزىمەت دەير ئىتايىن.
مەسجىدغە نىچە ئەھلى رىيادەك يىتايىن،
باشىمنى ئالىپ قاي سارى ئەمدى كىتايىن؟

جانىم ئارا ئوت لەئلى سۇخەندانىڭ ئۇچۇن،
يۇزۇم ئۇزا كەۋكەب مەھى تابانىڭ ئۇچۇن،
كوكسۇمدە "ئەلىف" سەرۋى خىرامانىڭ ئۇچۇن،
سوز دەپ يۈز ئاچىپ كەل بۇ تەرەپ جانىڭ ئۇچۇن.

زۇلپۇڭ گەرھىغە پاي بەست ئولمىشمەن،
لەئلىڭ مىيىدىن بادە پەرەست ئولمىشمەن.
ئول مەينى ئىچىپ يولۇڭدا پەست ئولمىشمەن،
ھەي-ھەي دىدىم مەگەركى مەست ئولمىشمەن.

زاغىكى چوقۇپ ئاققۇزدى قان كوڭلۇمدىن،
تىرناغى ئىلە ئۇزدى ناتىۋان كوڭلۇمدىن.
ئەئزاسىنى كور ئەسەرى دىمىم دۇدىدىن،
مىنقار ئارا جەڭگدە نىشان كوڭلۇمدىن.

ئى گۇلسارى ئى ھاۋا چۇ يەل ئەيلەگەيسەن،
مەندىن يەر ئوپۇپ ئەرز دۇئا ئەيلەگەيسەن.

AltunOq

كوڭلۈمگە سالامىنى ئادا ئەيلەگەيسەن،
جانانىمە جانىمنى پىدا ئەيلەگەيسەن.

گۈل بادى ئىسە چىمەن مۇئەتتەر بولسۇن،
شەمئى ئۇچتى ئىسە قۇياش مۇنەۋۋەر بولسۇن،
شاھزادىغە گەر رەۋزە مۇيەسسەر بولسۇن.
سۇلتانغە جاھان مۇلكى مۇسەخخەر بولسۇن.

خۇرشىد سىر يەرى تەكيەگاھىڭ بولسۇن،
ئەفلاك بىساتى خاكراھىڭ ئولسۇن.
ئەنجۇم سىپەھى خەيلى سىپاھىڭ ئولسۇن،
ھەريان بولساڭ تەڭرى پاناھىڭ ئولسۇن.

دەير ئىچرە تىلەپ جام بەلانى پەرتەۋ،
سەججادە گەرەۋ بولسە نېتاڭ ئى رەھرەۋ.
چۇن مۇغبەچە ئىلىدا قىلۇر سەجدە بىراۋ،
يوق ئەيىپ مۇسەللاسى ئېنىڭ مەينىغە گەرەۋ.

گەر قىلسا كىشى قىلىب گۇناھى تەۋبە،
ئول جۇرۇمغە بولسە ئۇزرە خۋاھى تەۋبە،
قىلماق نەچچە گاھ جۇرم، گاھى تەۋبە،
بۇ جۇرم ئىلە تەۋبەدىن ئىلاھى تەۋبە.

يا ئاشىغى ئەسرارى نىھان بولسە كىشى،
ھەللالى رەمۇز ئاسمان بولسە كىشى.
يا ئاشىغى زار ناتىۋان بولسە كىشى،
دىۋانەئى رەسۋايى جاھان بولسە كىشى.

ئىگەم بارسەن كوڭۇلنى قايتارغىل ئەخى،
بىدىللىق ئوتىدىن مىنى قۇتقازغىل ئەخى،
يا تىغ چىكىپ تۇش-تۇشتىن يارغىل ئەخى،
بىر پارەسىنى بىزگە بىرىپ يارغىل ئەخى.

سەن بارغالى ئارتىمىش كوڭۇل زارلىغى،
ئاھ ئوقلارىدىن ھەر نەپەس ئەفگارلىغى.

بىلمان ئونۇتۇلغايمۇ ئىكەنكىم ماڭا ھىجىر،
يا كوپرەك ئىرۇر بۇ قاتىل دىشۋارلىغى.

جانىمغە يىتىپتۇر خۇمار ئەي ساقى،
مەي تۇتقىل بەرمە ئىنتىزار ئەي ساقى.
ئەۋۋەل ئۇزەك ئەيلە ئىختىيار ئەي ساقى،
تۇتقىل ماڭا سۇڭرە زىنھار ئەي ساقى.

ئاخىر دەمى ئومىر ئوتسە شتاپ ئەي ساقى،
تۇتقىل ماڭا مەي ناپ ئەي ساقى.
كىم ھەشردە مەست ئولاي خاراپ ئەي ساقى،
تا ئاڭلىماي ئوتسەلەر ئازاپ ئەي ساقى.

ھەر زۇلفى خەمىغە قىلمە ۋابەستە مىنى،
ھەر كوز ھەۋەسىدىن ئەتمىگىل خەستە مىنى.
ھەر قاش خەمىغە قىلمە بەستە مىنى،
يارەب بارسىدىن ئەيلە ۋارەستە مىنى.

دىدىم زەقنىڭ تۇتۇپ ئاياغىڭنى ئۇپاي،
كوز قاشىڭە سۇرتۇبان قاباغىڭنى ئۇپاي.
گۇلدەك يۇزۇڭ ئىسلابان دوداغىڭنى ئۇپاي،
يوق - يوقكى گەر دىسەڭ ئاياغىڭنى ئۇپاي.

تىل سوز ئىلە تا قىزىتتى ھەڭگاممنى،
بىر ھەم تاپالمىدىم بۇ خۇدكاممنى.
ھەر نەچچە ئىتتىكراق ئەيلىدىم خامىمنى،
ئول خامە قاراراق ئەيلىدى نامىمنى.

يۇز نەئت ئاڭاكىم خۇلقى كىرىم ئەردى فەنى،
يەئنىكى كەرەم كانى رەسۇلى مەدىنى.
مۇنداغ دىدى ئىلىم ئەھلىنى ئەيلەرگە غىنى،
"مەن ئەكرەمە ئالىمەن، فەقەت ئەكرەمەنى".

## لۇغەت

لايەرىب — شەكسىز، گۇمانسىز

ئالىمۇلغەيىب — كوزلەر كورۇشتىن ئاجىزلىق قىلىدىغان يوشۇرۇن سىرلارنى بىلگۇچى

ھەلىم — سالماق، ئېغىر بېسىق

ھەيئىتى — شەكلى، تۇزۇلۇشى

مۇھەندىس — مۇتەخەسسىس، ئىنژېنېر

زۇھەل — يەتتە پىلانىتتىن بىرى

"تائالەللاھ" — تەڭرى ھەممىدىن ئۇستۇندۇر (بۇ سوز بىر ئىشتىن ئەجەپلەنگەندە ئېيتىلىدۇ.)

قادىرى زۇلجالال — قۇدرەتلىك، كۇچلۇك، بۇيۇك تەڭرى

"يەم يەزەل لايەزال — ھېچقانداق زاۋال تاپمايدىغان...

لى مەئەللاھ — مېنىڭ تەڭرى بىلەن خاس بىر ۋاقتىم بار

يانەبىيەللاھ — ئەي تەڭرىنىڭ پەيغەمبىرى

لەۋلاك — ئەگەر سەن بولمىساڭ...؟

لەم يەكۇن — بولمايتتى

زالىكە — بۇ...

ئۇلۇۋۋى — ئالىلىق، ئۇستۇن مەرتىۋىلىك

سىۋاك — سېنىڭدىن باشقا

تۇر — ئۇسۇل، تەرز

خاتىمى رۇسۇل — پۇتۇن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرى — تۇگەتكۇچىسى

بى بىزائەت — يوقسۇل، ئاجىز، خاراپ

سەنەد — تايانچى، مەدەت

ئابىنى ھايات — تىرىكلىك قائىدە سەۋەپلىرى

دىھقان ئەزەل — ئەزەلنىڭ دىخانى (تەڭرى دىمەكتىن كىنايە)

ھەسەن — ياخشى

نە ئېركىن — نىمە ئىكىن

جالالىيەت — ئۇلۇغلۇق، قەھر-غەزەپ

جامالىيەت — گۇزەللىك، رەھمەت

مۇۋەججىھ — يۇزلەندۇرگۇچى، قاراتقۇچى

خەفا ئەيلىمەك — مەخپى قىلماق

ئىكتىفا — كۇپايىلەندۇرمەك

بەھرى جۇد — سېخىلىق دېڭىزى (كەچۇرۇم، ئەپۇ قىلىش)

ھەمئىنان — بىر چېتىق، بىر تىزگىنلىك (بىرگە)

تەساھى — سەۋەنلىك، خاتالىق
ئىككى مېھمان سارا — ئىككى مېھمانخانا (بىرى جەننەت، بىرى دوزاخ)
ھەرف باشىغە كەل — ئەسلى مەقسەتنى بايان قىلىش
رۇھۇلئەمىن — جەبرائىل ۋە مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام
رۇسۇل خەيلى — پەيغەمبەرلەر گۇرۇھى
سەييىدى مۇرسەلىن — پەيغەمبەرلەرنىڭ خوجىسى (ئۇلۇغى)
شەھى شەھىر — مەشھۇر پادىشا
بارانى جاھان — جاھان ئىلىنىڭ دوستى
فەلەك رىفئەتى — ئاسماندەك ئېگىز مەرتىۋىلىك
مۇشتەرى پەرتەۋى — بەخت يۇلتۇزىنىڭ نۇرى...
خۇرشىد رەخشەندە — نۇرلۇق قۇياش
مۇنىر — نۇرلۇق
مەخزەنى راز — ئىچكى سىرلارنىڭ غەزنىسى
شەمسۇززۇھا — ئەتىگەن سائەت 8 - 9 دىكى قۇياش
رۇھۇلقۇددۇس — پاك رۇھ، پەرىشتە
جەبىنى — پېشانىسى
ئىھيا — تىرىلدۇرمەك
رۇھۇلئىلاھ — ئىلاھى رۇھ
فەلەك باغ جاھى — ئاسمان بېغى
فەۋاكىھ — تۇرلۇك مېۋىلەر
تاس نىلىن قەدەھ — يېشىل ئاسمان قەدەھى
ئەشبەھ — ئوخشاش
قەۋسى قۇزۇھ — يامغۇر ياققاندىن كېيىن ھاۋا ئېچىلسا كورۇنىدىغان سېرىق، قىزىل، يېشىل نۇر سىزىغى (ھەسەن - ھۇسەن)
پۇيە — يۇگۇرمەك
دەست - دەست — توپ - توپ
دىۋانەۋەش — ساراڭلارچە
جەۋۋاد — سېخى، قولى ئوچۇق
ئەمىق — چوڭقۇر
ھاتەمى تايى — يەمەن مەملىكىتىنىڭ "تەي" قەبىلىسىدىكى مەشھۇر سېخى
قۇرسى قىر — قار تۇقاچ
لەئىب — ئويۇن
ئالا — ئاگاھ، ھۇشيار بول!
كوك سەقفى — ئاسمان ئوگزە

سارت — تاجىك ۋە خۇراسانلىق پارسلار
سەدارەت — يۇقۇرى توردە ئولتۇرغۇچى
ۋەزارەت — ۋەزىرلىك
مۇهرانە — موهۇر بىسىپ ئالغان پۇل، نەرسە
كامجۇ — مەقسىدىگە يەتكۇچى
پەرۋانە — مىهمان كۇتۇش باشلىغى
تۇمەن سارى — ئون مىڭ ئەسكەر باشلىغى
دارۇغەلىق — بەگلىك
مەرسۇم — هوكۇمەت بەلگىلەپ بەرگەن مۇئاش
ئەۋلا — ئەۋزەل، ياخشى
تەجەررۇد — جاهانىڭ راهەت-لەززەتلىرىدىن ئوزىنى ئايرىش
فەنا گەنجى — ئوز شەخسىيتىنى يوق قىلىپ نەپسىدىن كىچىش
ئۇزلەت فالاسى — يەككە هايات كەچۇرۇش فالاسى (گىلىمى)
"نۇن" نۇقتەسى — "ن" هەرپى چىكىتى
ئەنبەرىن خال — سىرىق خال، مەڭ
سەنجاب — تىيىن
مۇسەللا — ناماز ئوقۇيدىغان ئورۇن، مەسجىد
تۇشە — يول ئوزۇغى
ئەجەل پەيكى — ئەجەلنىڭ خەۋىرى
ۋەدىئەت — ئامانەت (جان)
كىلكى تەقدىر — تەقدىر قەلىمى
فەزل — ياخشىلىق، ئارتۇقچىلىق
ۋارىد — توكۇلمەك، كەلمەك، چۇشمەك
ئۇتارۇد — پىلانىتلاردىن بىرى
رەياهىن — خۇشپۇراق ئوسۇملۇك، رەيهانلار
گۇلچىبىن — گۇل تەرگۇچى
ۋەجد هالەت — پەيزىلىك، قىزغىن پىداكارلىق هالەت
جۇز — باشقا، بولەك
شاباش — خوشال بۇلۇڭلار، خوشاللىق
فەلەك ھىسارىن — پەلەك قورغانىنى
زەرەفشان — ئالتۇن چاچقۇچى
خارا — تاش
مۇلەۋۋەن — رەڭمۇ-رەڭ
مىنا — قارا تۇپراق
ئەنكە بۇت — ئومۇچۇك

AltunOq

كوزگۈ — ئەينەك

فەرزانە — ئالاھىدە

پۈركەند — پارچە-پارچە قىلماق

كەر — گاس

شەل — پالەچ

گۈڭگى — گاچا

ئەلفاز — سوزلەر

مۈزدى — ئەجرى، مېھنەت ھەققى

سەيلى زالالەت — گۈناھنىڭ قىيان سۈيى

گەردى مالالەت — كوڭۈلسىزلىك چاڭ-توزاڭلىرى

شامى دىجۈر — قاراڭغۇ كېچە

مۈتەۋارى — نامسىز، ئېتىۋارسىز يوشۇرۇن يۈرگۈچىلەر

تەلەف — ھالاكەت، يوقىلىش

ھۈدۈد — پاسىل، چەك-چېگرا

مۈسەججەل — خاتىرەنامە، موھۈر بېسىلغان تەۋلىيە-ھوججەت

سۈبھانەللاھ — تەڭرى پاكتۇر

ھۈۋەل — ئۇ

ئەلىيۇلمۇتەئال — ھەممىدىن ئالى، ئۈستۈن

مالامال — تولۇپ تاشقان

جەۋھېرى جان — روھ-ھاياتلىق كۈچى

ماقال — سوزلىمەك

ئەلھەمد — مەدھىيە، تەشەككۈر

مۈجىددىلھەدايە — توغرا يولنى تاپقۇچى

نىئەم — نېمەتلەر

جان ئۈيى — ئىنساننىڭ تېنى

نەزەر شەمئى — كوزنىڭ چىرىغى (كوزنىڭ كورۈشى)

مەنشۇر — پەرمان، خىتاپ

سىنەبەند — ئاتنىڭ كەمەلدۈرىگى

قىيامى مەركەبى — مىنگەن ئېتىنىڭ ئىگەر-جابدۇغى

زەلالەت كويى — يولدىن ئازغان گۈناكارلار كوچىسى

جاھالەت دەشتى — نادانلىق باياۋانى

گۈلگۈن جامى مەي — قىزىلگۈل رەڭلىك شاراپ

شەئۇر — ھۈشيارلىق، ھىس-تۇيغۇ

ئەۋباش — شەرم، ھاياسىز، قالايمىقان، ئارىلاش ئادەملەر

تەمەسخۇر — مەسخىرە قىلىش

ياستانماق — ساقلاپ، كۈتۈپ تۇرۇش

لەمئە — نۇر، يورۇقلۇق

ئەلقاب — ياخشى سۈپەت، خۇسۇسىيەت

مۇستەدام — دائىم، مەڭگۈ، ھەممىشە

تەكرەسى — چورىسى، ئەتراپى

جەۋف — ئوتتۇرىسى، ئارىسى

خاشاك — قۇرۇق ئوت، خەس

كارانسىز — چەكسىز

جانابى — ھوزۇرى، دەرگاھى

زەررەۋار — زەررەگە ئوخشاش

ئەختەرى فۇرخەندە — بەخت يۇلتۇزى

مىھنى راز — ئىچكى ئىشلار باشلىغى

ئەفسانە پەرداز — قىزىقارلىق ھىكايە، رىۋايەتلەرنى توقۇغۇچى

كىشۋەر — مەملىكەت

مۇرەتتەب — تەرتىپلىك، رەتلىك

مائانى خەيلى — ئالىملار

نەباتىسە ئىش — سەييارە يەتتە يۇلتۇز

مەسمۇئ — ئىشتىلگۈچى

نادىر — تېپىلمايدىغان ۋە كەم ئۇچرايدىغان نەرسە

فەررۇخ زامان — مۇبارەك، بەختىيار زامان

بىز ئەمەس بىز — بىز ئەمەسمۇ؟

روجۇئ — قايتماق

شۇرۇئ — باشلىماق، كىرىشمەك

ۋەللاھۇئەئلەم — ۋە تەڭرى ھەممىدىن بىلگۈچىدۇر

جان فەزا — جاننى ئارتتۇرغۇچى (ھاياتبەخش)

فاراغ — خاتىرجەملىك، راھەت

توخىم — ئۇرۇق

تەدۋىن — دىۋان - كىتاب

نەۋىد — خۇشخەۋەر

ئىددىئا — تەلەپ قىلماق، دەۋا

كۇللۇئەمرىن زىبال — ھەر ئىشنىڭ مەقسىدى ۋە ئاخىرى بار

مۇتەئال — ئۇستۇن ۋە ئالى

يەغما — تالان - تاراج

تەنناز — ناز - كەرەشمە قىلغۇچى، كىنايە بىلەن سۆزلىگۈچى

ناسايىھ — نەسىھەتلەر

مەستۇر — يېزدىق قۇرلىرى
فەرز ئەت — مولچەرلىگىل
مۇزدۇر — ئىشچى، مەدىكار
مۇزد — ئىش ھەققى
زەرنىگار — ئالتۇن ھەللىك بېزەك
يەقىن — جەزم، قەتئىي ئىشەنچ
بانى — بىنا قۇرغۇچى
دائىر — سىزىدىق، چەك
مەتىن — مۇستەھكەم
سۇكر — مەسلىك
ساددە بەيت — ئارۇز ۋەزىن قاپىيىلىرىدە يېتەرسىز بولغان شېىر
دۇرد — دۇغ، لاي
خىلاف — قارشىۇ - قارشىلىق
فىروزە — كوك رەڭلىك قىممەت باھالىق تاش
خەرمۇھر — ئىشەك مۇنچاقى
كەزاف — توھمەت، بوھتان
نامە سىياھ — قارا نامە (گۇنا پاكىتلىرى يېزىلغان ھوكۇمنامە)
مىداد — خەت يېزىدىق سىياھى
دۇررى سىمىن — قىممەت باھا گوھەر
خاراش — تىرناقلاپ تاتىلاش
بادە فۇرۇش — ھاراق - شاراپ ساتقۇچى
خار - خار — غەم - قايغۇ، ئەندىشە
مۇغبەچە — بۇتخانا بالىسى، بۇتخانا خىزمەتكارى، بۇتخانىدا ھاراق - شاراپ ساتقۇچى
ھىففاز — قۇرئاننى يادلىغۇچى قارى
قۇرئان ھافىز — قۇرئان قىرائەت قىلغۇچى
گۇلئەندام — گۇل بەدەن (گۇزەل)
مەردەك — نامەرت، يارىماس ئادەم
قۇياش جامى — قۇياشنىڭ ئەتىگەندە قىزىرىپ چىقىشى
مۇغ دەيرى — بۇتپەرەستلەرنىڭ بۇتخانىسى
دىماغ — مىڭە
مۇغانە لەھىن — بۇتپەرەستلەرنىڭ ئاھاڭدار غەزىلى
مۇلەۋۋەس — پاسكىنا، ناپاك
بوم — ھۇقۇش
ئىسلاماق — پۇرىماق

ئىقامەت — تۇرماق
خۇد — ئۆز، ئۆزى
سەترى — قۇرى
ئىقبال — بەخت، دولەت
مايا تەخەللەلو — ئارىلاش، مۇرەككەپ نەرسە
ماساف — جەڭ، كۇرەش
بىدىل — كوڭلى ئۆزىدە يوق، كوڭۇلسىز
ئايان — ئاشكارا
شەفەق گۇن مەي — قىزىل رەڭلىك مەي
ئالاخان ـ ئالامەن — كوچمەن، سەرگەردان، سۇرگۇن
مىھەن — مىھنەت، جاپا
مەلەك ۋەش — پەرىشتەگە ئوخشاش
خىسال — خىسلەت، خۇيى
بىللاھ — تەڭرى نامى بىلەن قەسەم
ئەمرى ماھال — مۇمكىن بولمايدىغان ئىش
هامى ھەبىب — دوستىنى ھىمايە قىلغۇچى
ئىرسال — ئەۋەتمەك، سوغا ـ سالام خەت ئەۋەتمەك
جامى ۋىسال — مەشۇق بىلەن كورۇشكەندە ئىچىلگەن شاراپ
قاۋسام — قوغلىسام
دىن نەقدى — ئىمان ـ ئىسلام
زەم — قوشۇش
رىند — خاراباتى، ھاياسىز، شەرمەندە
كوكسۇمدە "ئەلىف" — كوكرىگىمگە نەيزە سانچىلسۇن
گەرەھ — چىگىك، بۇدرە چاچ
پايى بەست — پۇتى باغلانماق
بادە پەرەست — هاراقكەش
مىنقاد — قۇشنىڭ تۇمشۇغى
مۇنەۋۋەر — نۇرلۇق
مۇيەسسەر — ئاسان
سەججادە — ئالىم ۋە ئىشانلارنىڭ ئولتۇرغان ئورنى
گەرەۋ — گورە، كاپالەت
مۇسەللا — جايناماز
كاشىفى ئەسرار — ئىچكى سىرلارنى ئاچقۇچى، بىلگۈچى
ئەخى — قېرىنداشىم، بۇرادىرىم
شىتاپ — ئالدىرىماق

ھەشر — قىيامەت، مەھشەر كۈنى

زۇلفى خەمى — چىچىنىڭ ئەگمىلىرى (بۇدرە چىچى)

ۋارەستە — ئازات، خالاس

دوداغ — لەب، كالپۇك

كەرەم كانى — سېخىلىقنىڭ كانى

رەسۇلى مەدەنى — مەدىنىلىك مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام

"مەن ئەكرەمە ئالىمەن، فەقەد ئەكرەمەنى" — "كىمكى بىر ئالىمنى ھورمەت-ئىززەت قىلسا، ئۇ ئەلۋەتتە مېنى ھورمەت-ئىززەت قىلغانلىغىدۇر..."



AltunOq

# ماقالات

## ئۆمەر ھوسەيىن سەبۇرى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇرەشىت ئىسلامى

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن:

ئۆمەر ھوسەيىن سەبۇرى — 19 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا قەشقەر شەھىرىدە ئۆتكەن ئۇيغۇر شائىرى. ئۇ، بالىلىق دەۋرىدىن باشلاپلا، ئىلىم - مەرىپەتكە قىزغىن مۇھەببەت باغلىغان، شۇ زاماننىڭ مەكتەپ - مەدرىسلىرىدە ئوقۇپ، ئېگىلمەس - سۇنماس غەيرەت ۋە ئىجتىھات بىلەن تىرىشىپ، مول ۋە ئەتراپلىق مەلۇماتقا ئىگە ئىلىم ئىگىسى ھەمدە يۇقۇرى سەۋىيىلىك شائىر بولۇپ يېتىشىپ چىققان.

پۈتۈن ئۆمرىنى ۋە بارلىق زېھنىنى ئىلىم - مەرىپەت ئىگەللەشكە ۋە ئىجادىيەت ئىشلىرىغا بېغىشلىغان، مال - مۈلۈك توپلاش، بايلىق ئارتتۇرۇشنى ھەۋەس قىلمىغان شائىرنىڭ تۇرمۇشى ئېغىر غۇربەتچىلىك ئىچىدە ئۆتكەن. لېكىن، شائىر، ئىلىم - مەرىپەت ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت يولىدا، كەمبەغەلچىلىكتە ئۆتكەن ھاياتىنى بايلىق، مەنسەپ ۋە ھەر خىل ئابروي - ھەشەمەتلەردىن مەنىلىكرەك دەپ قارىغان.

سەبۇرى ئۆز ئۆمرىدە كۆپلىگەن نەسرىي ۋە شېئرىي ئەسەرلەرنى ئىجات قىلغان، لېكىن ئۇلاردىن بىزنىڭ دەۋرىمىزگە يېتىپ كېلەلىگەنلىرى ئىنتايىن ئاز. بۇنىڭ سەۋەبى، شائىرنىڭ ھاياتى شارائىتلىرى مانجۇ فېئودال ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئۇيغۇر خەلقى ئۈستىدىكى مىللىي زۇلمى بارغانسېرى ئېغىرلاشقان، مىللەت ئۇلارنىڭ قۇللۇق ئىسكەنجىسىگە تېخىمۇ بەكرەك چىرمىشىپ قالغان بىر تارىخىي دەۋرگە توغرا كەلگەن. مانجۇ فېئودال خاندانلىقى ئۆزلىرىنىڭ بۇ زېمىندىكى ھەربىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە جۇغراپىيىۋى مەنپەئەتلىرى ئۈستىدىلا ئويلاشقانكى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھەقلىق مىللىي ئورنى ۋە مىللىي مەنپەئەتلىرى ئۈستىدە ئازراقمۇ ئويلىنىشىپ كورگەن ئەمەس. ئۇلار بۇ يەردىكى پۈتۈن تىرىشچانلىقىنى ئۆزلىرىنىڭ قۇللۇق ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەشكە، ئەمگەكچى خەلق ئۈستىدىكى زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىسىنى كۈچەيتىشكە، جۈملىدىن بۇ كەڭ ۋە پاراۋان ئۆلكىنىڭ خىلمۇ - خىل مەھسۇلاتلىرى ۋە تەبىي بايلىقلىرىنى تالان - تاراج قىلىشقا قاراتقان. بۇ فېئودال خاندانلىق تۈرلۈك يوللار بىلەن مەھكۇم مىللەتلەرنى ئاجىزلىتىپ، ئۇنىڭ ھېساۋىغا ئۆزلىرىنى سەمرىتكەن، ئۇلارنى ۋەيران قىلىش ھېساۋىغا ئۆزلىرى روناق تاپقان. بۇ خىل تارىخىي شارائىتتا، ئۇلارنى يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ئىلىم - مائارىپ، نەشرىيات ۋە مەتبۇئات ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلىدۇ، دەپ ئويلاش ئەخمەقانىلىق بولغان بو-

لار ئىدى. ئەكسىچە، ئۇيغۇر خەلقىنى مائارىپ ۋە ئاقارتىش ئىشلىرىدىن مەھرۇم قالدۇرۇپ، ئۇلارنى داۋاملىق يوسۇندا تارقاقلىق ۋە نادانلىقتا، ئۇيۇشمىغان، ئويغانمىغان جاھالەتلىك ھالەتتە تۇتۇش ئۇلارنىڭ ئىستراتېگىيىلىك مەنپەئەتلىرىگە ۋە تارىخىي مۇددىئاسىغا ئۇيغۇن كېلەتتى. شۇڭلاشقا، ئىلىم - مائارىپ ۋە نەشرىيات - مەتبۇئات ئىشلىرى تەرەققىي تاپمىغان بىر زاماندا، شائىر سەبۇرىنىڭ مول ئىجادىي مەھسۇلاتلىرى كەڭ تارقىلىش ۋە ساقلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالىغان ئەمەس. پەقەت ئۇنىڭ مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەر ۋە مەسئۇلىيەتچان كاتىپلار تەرىپىدىن كۆچۈرۈپ قالدۇرۇلغان «ماقالات» ناملىق يېرىك ئەسىرى ۋە شېئىر دىۋانىلا بىزگە قەدەر يېتىپ كېلەلىگەن.

بىز، «ماقالات» ناملىق بۇ قوليازما ئەسەرنىڭ مۇقەددىمىسىدە ئېيتىلغان بايانلاردىن ئاپتورنىڭ تەرجىمىھالىغا ۋە ئۇ ياشىغان دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالىغا دائىر قىسمەن ماتېرىياللارغا ئىگە بولالايمىز.

سەبۇرى «ماقالات» ناملىق بۇ ئەسىرىنى قەشقەر رايونىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ھۆكۈمدارى، مانجۇلار تەرىپىدىن قويۇلغان مۇلكى ئەمەلدار — زوھورىددىن ھاكىم بەگنىڭ تەشەببۇسى ۋە رىغبەتلەندۈرۈشى بىلەن يېزىپ چىققان. زوھورىددىن ھاكىم بەگ ئۆزى ئەدىب ۋە مەرىپەتپەرۋەر كىشى بولغاچقا، زامانىسىدىكى مەشھۇر ئەدىبلەر ۋە تالانت ئىگىلىرىنى ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتلەردىن قوللىغان. زوھورىددىن ھاكىم بەگ سەبۇرىنىڭ ئىلىم - مەرىپەت ساھەسىدىكى ئىقتىدارىدىن خەۋەر تاپقان ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن، ئۇنى ئوردىسىغا چاقىرتىپ كۆرۈشۈپ، ئۇنى ئىلمىي ئىجادىي ئىشلار بىلەن كۆپرەك شۇغۇللىنىشقا دەۋەت قىلغان. زوھورىددىن ھاكىم بەگ شائىرنىڭ تۇرمۇشتىكى غۇربەتچىلىك ئەھۋالىنى ئوڭشاش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا قەشقەر شەھرىنىڭ غەربىي شىمالىي تەرىپىدىكى يېڭىدىن بىنا قىلىنىپ ئاۋاتلىشىۋاتقان "باغى ئىرەم" (ھازىرقى ھەرەمباغ) يېزىسىدىن بىر ئېچىق سۇ ۋە بىر بولۇك بوز يەر ئاجرىتىپ بەرگەن. شائىر ئۆز ئائىلىسى بىلەن ئەنە شۇ يەرگە كۆچۈپ چىقىپ ماكانلاشقان ۋە دىخانچىلىق ئەمگىكى بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەن.

شائىر بۇ توغرىلىق مۇنداق دەپ يازىدۇ:

ۋەھ نە يەڭلىغ جۇيبار[1] ئىرمىشدۇر ئول باغى ئىرەم،
ئىچكەي ئاندىن شاھ سۇ، ئەھباب سۇ، ئەغيار سۇ.
ئول زەمىنىكىم سەبۇرىغە قىلىندى ئىلتىپات،
ئاندا مەكىس ئەتمىش ئىرەم باغىدا ھەرنە بار سۇ.

زوھورىددىن ھاكىم بەگ سەبۇرىغا ئۇلۇغ شائىر ئەلىشىر ناۋايىي نىزامى گەنجىۋىنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «پەنج گەنج» ۋە شەيخ فەرىدىددىن ئەتتارنىڭ ئەسىرى «مەنتىقۇتتەيىر» نىڭ مەزمۇنى ئاساسىدا، ئۇيغۇر تىلىدا ئۆزىنىڭ «مەنتىقۇتتەيىر» ۋە «ھەيرەتۇلئەبرار» ناملىق ئەسەرلىرىنى يېزىپ چىقىپتۇ. سىز، خەلق كۆپچىلىكى ئاسان بەھرىمەن

[1] جۇيبار — ئۆستەڭ.

بولسۇن ئۇچۇن، ئەلشىر ناۋايىنىڭ «مەنتىقۇتتەيىر» ناملىق ئەسىرىنى نەسرىي ئىبارەت يولى بىلەن شەرھىلەپ، ئىجادىراق رەۋىشتە بىر ئەسەر يېزىپ چىقىشىڭىز، دېگەن ئارزۇسىنى بىلدۇرگەن. سەبۇرى بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلىپ، «ماقالات» (ماقالىلار) ناملىق بۇ ئەسىرىنى يېزىشقا كىرىشىدۇ.

بىز بۇ ئەدىبىي ھادىسىدە، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئىسلامىيەت مۇھىتىدىكى ئەدەبىيات تارىخىغا ئورتاق بولغان بىر خاراكتېرلىق خۇسۇسىيەتنى — بىر تېمىنى ئۇستىدە كۆپ يازغان شائىرلارنىڭ ئىز بېسىپ ئەسەر يارىتىشىنى كۆرىمىز. لېكىن بۇ ئەسەرلەر بىر بىرىنىڭ تەكرارى ئەمەس، ئوخشاش بىر تېمىدا ھەركىم ئۆزىنىڭ خاسلىقىنى ۋە ئىجادىلىقىنى نامايەن قىلغان، ئۆز مۇھىتىنىڭ ۋە ئۆز دەۋرىنىڭ تارىخىي ئىجتىمائى تەلەپلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن.

سەبۇرىمۇ «ماقالات» نىڭ كىرىش قىسمىدا: "گەرچە بۇ ئۇلۇغ ئىشقا قول سېلىشقا ھەددىم يوق ئىدى، ئەمىرگە بويسۇنۇش زورۇرىيىتى تەقەززاسىدىن چارىسىز قەلەم سۇردۇم. يىراقنى كۆرگۈچى ئىلىم ئەھلى ئالدىدا ھەممىدىن تۆۋەن تۇرغۇچى ئىمىر ھوسەيىن سەبۇرى ئەرز قىلۇركى، مەشھۇر ھۆكۈمدارنىڭ ھۆكمى بىلەن بۇ ئۇلۇغ خىزمەتكە قول تەگكۈزۈلدى. ھەر بۇلبۇل ئۆزى بىلگەنچە سايرايدۇ ۋە ھەر تۇتى ئۆزى بىلگىنىچە ناۋا تۈزىدۇ. مەن پېقىرغا مەئنى گۈلچېھرىسىدىن ئازغىنا كۆرۈنۈپ ئىردى، ئاشۇ ئىقتىدارىمچە مەئنى كېلىنىگە زىبۇ - زىننەت بەرگەيمەن" دەپ يازىدۇ.

سەبۇرى 20 باپلىق بۇ ئەسىرىنى نەسرىي تۈرنىڭ "مۇقەففا" (قاپىيىداش) ۋە "مەۋزۇن" (ۋەزىنداش) سۆز - جۈملىلەر بىلەن ئىپادىلىگەن "سەجئى" (قۇشلارنىڭ سايرىشىدا ئاخىرقى چۇشۇرگۇ — ئاھاڭدار ئۇسلۇب) ئۇسۇلىدا يېزىپ چىققان. ئۇنىدىن بۇرۇن، پەقەت ئەلشىر ناۋايىلا ئۆزىنىڭ «مەھبۇبۇلقۇلۇب» (كۆڭۈللەر سۆيگۈسى) ناملىق ئەسىرىنى شۇ ئۇسۇلدا يازغان ئىدى. بۇنىڭدىن، شائىر سەبۇرىنىڭ نەقەدەر ئىقتىدارلىق ئەدىب بولغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئەدىب ئۆز ئەسىرىدە كىشىلەرنى ئىجتىمائى ئەخلاق ئۆلچەملىرىنى ساقلاشقا، ئەدەپ-قائىدىگە، ئىنتىزامغا، ۋاپادارلىققا، قانائەتچانلىققا، راستچىللىققا، ئىلىم - مەرىپەت ئىزلەشكە، ئادالەتكە، مەرتلىككە، ياشلىق - يىگىتلىك دەۋرىنى قەدىرلەشكە، ئۆز ئارا خالىس نىيەتلىك بولۇپ، بىر بىرىگە مەنپەئەت يەتكۈزۈشكە دەۋەت قىلىدۇ ۋە بۇ خىل پەزىلەتلەر مەدھىيىلىنىدۇ. جاھالەت - ئىلىمسىزلىك، راھەتپەرەسلىك، ھورۇنلۇق، ئاچكۆزلۈك، ھەسەتخورلۇق، ياسانچۇقلۇق، نامەرتلىك قاتارلىق ئىللەتلەرنى بولسا، ئەدىب قاتتىق تەنقىت ئاستىغا ئالىدۇ. بۇ خىل ئىللەتلەر بىلەن بۇزۇلغان ئادەملەرنىڭ خەلققە قىلچىلىك پايدىسى يوق، يارىماس مەخلۇقلار ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قاباھەتلىك بولىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ ۋە ئۇلارنى ھەجۋى قىلىدۇ.

«ماقالات» تا، مىللەتنى جاھالەتكە، تەپرىقچىلىككە ۋە زاۋاللىق يولىغا ئىتتىرىدىغان، فېئودال مانجۇ خاندانلىقىنىڭ ۋە يەرلىك ئەكسىيەتچىلەرنىڭ سادىق قولچوماقلىرى بولغان ساتقىن، ساختىپەز، مەككار روھانىلارنىڭ قاتتىق قامچا ئاستىغا ئېلىنغانلىقى ئالاھىدە

دىققەتكە سازاۋەردۇر. ئەدىپ ئۇلارنى نومۇس ۋە ۋىجدانىنى يوقاتقان، ئەمگەكچى خەلق كۆپچىلىكىگە زىيانكەشلىك قىلغۇچى، ئاسىلىقىنى، جاھالەتنى، نادانلىقنى كەسىپ قىلىۋالغانلار، دەپ ئەيىپلەيدۇ:

نە ھايا ۋە نە شەرم، نە ئافى رەسمى ئادىمى،
جاھىلۇ نادان كەجراي بىلاھەت كىش ئېرۇر.

سەبۇرى بۇ ئەيىپلەشلىرىدە ھەقلىق بولغان. ئەينى دەۋردىكى تارىخىي شارائىتتا، ساتقىن روھانىلار، مەككار سوپى - ئىشانلار مانجۇ قۇل قىلغۇچىلىرىنىڭ خەلقنى تىزگىنلەشىگە، ئۇلارنى داۋاملىق يوسۇندا جاھالەتتە ۋە نادانلىقتا قالدۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ زۇلمەتلىك ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملىشىگە زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشكەن ئىدى. ئۇلار مانجۇ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ خەلق قوزغىلاڭلىرىنى باستۇرۇشىدا، ئۇلارنىڭ ھەربى قوشۇنلىرىدىن كۆرە تەسىرلىكرەك رول ئوينىغان. ئۇلارنىڭ تەقدىرچىلىك پەلسەپىسى، كەڭ ئەمگەكچى خەلق دۇچ كەلگەن مىللى زۇلۇم، سىنىپىي زۇلۇم ۋە تۈرلۈك تارىخىي خاراكتېرلىق بالايى - ئاپەتلەرنى ياراتمىشتىن بولغان، ئاللانىڭ ئەمرىسىز قىل تەۋرىمەيدۇ، دەپ چۈشەندۈرۈشى مانجۇ فېئودال ھۆكۈمرانلىرىغا ئۇلارنىڭ مىلتىق ۋە زەمبىرەكلىرىدىن ياخشىراق ياردەم بەرگەن. ئۇلار ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ئۇيغۇر خەلقىنى بۆلۈپ - پارچىلاش ۋە روھىي جەھەتتىن ئاجىزلىتىشى ۋە سۇندۇرۇشىدا ئىنتايىن قابىل قوللانچۇماقلاردىن بولغان. ئۇلارنىڭ خۇراپى تەلىماتلىرى ۋە ئەكسىيەتچىل ۋەز - نەسىھەتلىرى ئەمگەكچى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قۇل قىلغۇچىلارغا بولغان نارازىلىقلىرى ۋە ئىسيانلىرىغا نىسبەتەن مەس قىلغۇچى مەجۇن ۋە ئۇخلىتىش دورىسى رولىنى ئوينىغان. شۇڭلاشقا، تاكى كېيىنكى دەۋرلەرگە قەدەر، ھۆكۈمران مەككار دائىرىلەرنىڭ ئۇلارنى ئەتىۋارلىشى ۋە ئۇلارغا تۈرلۈك ئىمتىيازلارنى بېرىپ كېلىشىدىن ھەرگىز ئەجەپلىنىشكە بولمايدۇ. ئەكسىيەتچى قۇل قىلغۇچى دائىرىلەر ئۇلار تونلىرىنى قانچە ئۇزۇن كىيسە، شۇنچە خۇشال بولغانكى، خەلق كۆپچىلىكىنىڭ جاھالەتتە ۋە نادانلىقتا قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىشقان ئەمەس.

سەبۇرى «ماقالات» تا، ئۆزىنىڭ زامانىسىغا نىسبەتەن ئىلغار بولغان دۇنيا قارىشىنى ئوبرازلاشتۇرىدۇ. ئۇ، خەلقنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلىشى لازىملىقىنى، ئادالەتلىك، مەرىپەتلىك، مەدەنىيەتلىك ۋە ئىنتىزاملىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش لازىملىقىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن، دانا، چىۋەر، ئادالەتلىك ۋە خەلقپەرۋەر يولباشچىلارنىڭ بولۇشى شەرتلىكىنى تەكىتلەيدۇ. ئەدىبنىڭ قارىشىچە، بۇ خىل يولباشچىلارنى خەلق ئۆزى تاللىۋېلىشى كېرەك. سەبۇرىنىڭ بۇ پىكىرلەرنى ئەينى دەۋردىكى نامۇۋاپىق ۋە چىرىك ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىگە قارىمۇ - قارشى ھالدا ئوتتۇرىغا قويغانلىقى چۈشىنىشلىك ئەلۋەتتە. ئۇ شۇڭا، ئۆزىنى مانجۇ ھاكىمىيىتىنىڭ سىياسى تەقىبىدىن چەتلىتىش ئۈچۈن، ئەسىرىدە ئۆز ئوبرازلىرىنى قۇشلار دۇنياسىدىن تاللىۋالىدۇ. قۇشلار ھۆپۈپنىڭ يولباشچىلىقىدا، ئۆزلىرىگە رەھبەر قىلىش ئۈچۈن سۇمرۇغنى ئىزلەپ سەپەرگە چىقىدۇ. ئۇلار، تۈرلۈك جاپا - مۇشەققەتلەرنى يېڭىپ، ناھايىتى تەسلىكتە سۇمرۇغنى ئىزلەپ

تىپىشىدۇ ۋە ئۇزلىرى ئىزلىگەن غايىۋى جەمىيەت تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشىدۇ.

ئەدىپ «ماقالات» نىڭ ئاخىرقى قىسمىغا شاھ بەھرام بىلەن مەلىكە دىلئارامنىڭ ئىشقى ھىكايىسى ۋە يەتتە ئىقلىم يولىدىن كەلگەن يەتتە جاھانكەشتىنىڭ شاھ بەھرامغا سوزلەپ بەرگەن قىسسىلىرىنى قوشۇمچە قىلغان.

مەن، بۇ نادىر ئەسەرنى ئىجتىمائى پەن خادىملىرى، تىلشۇناسلار، شائىرلار ۋە ئوقۇش - ئوقۇتۇش تارماقلىرىدىكى كەسپىي خادىملارنىڭ تەتقىق قىلىشى ۋە پايدىلىنىشىغا قولايلىق بولسۇن ئۇچۇن، ئەينى تىلى ۋە ئۇسلۇبى بويىچە نەشرگە تەييارلىدىم. ئەسەردىكى ئەرەپچە - پارسچە ئىبارىلەرگە ئاخىرىدا لۇغەت بەردىم.

ھەمد پەرۋەردىگارىغەكىم سۇنئى كىلكى ئىمكان سەھايىفى ئەۋراقى سەفھەسىن مەسنۇئات مەزاھىرى خۇتۇتى جاۋاھىرىدىن مۇزەييەن، مۇكەللەل ۋخامەئى تەقدىرى مۇمكىنات رەسائىلى ۋەرەقلىرى سەتھىن قۇدرەت بەدايىئىدىن سەنايىئ بەندلىك تەرھىن تۈزمەك زەۋاھىرى بىرلە مۇزەييەن ۋە مۇتەررەز قىلدىكىم، بۇ رەقائىم ھەقىقەتى ئەنۋارى پەرتەۋىدىن خىرەد ئىمتىيازى تىيرە ۋە بۇ پەرتەۋ ئەنۋار ھەقىقىتى رەقائىمدىن تەئەققۇل ئەۋھامى مەئدۇم ۋە مۇزمەھىلدۇركى "سۇبھانەكەللا ئىلمەللەنا، ئىللا مائەللەمتەنا، ئىننەكە ئەنتەلئەزىزۇلھەكىم".

نەئت ئول شەھەنشاھى بى نىيازى كۇلاھىت ھەقايىق سىپاھى، مەئانى بارىگاھى سەييدۇلمۇرسەلىن ۋە خاتىمىننەبىيىن جەنابىغە، جان بۇلبۇلى تىلىدىن سايراماق ۋە كوڭۇل تۇتىسى نۇتقىدىن ناۋا كورگۈزمەك؛ بىيت:

قايسى تىل بىرلە يانەبىيەلاھ،
سىنى تەئرىف ئېيتاي مەنى گۇمراھ.
مەدھى زاتىڭغە ھەق دىبان "لەۋلاك"،
"لەم يەكۇن زالىكەلئۇلۋۇي سۋاك".

زامانىكىم بىدايەت مەۋجى جۇنبۇشى تەسەۋۋۇرىدىن ئىنايەت بەھرى تەلاتۇمى مۇبەررا ۋە چەمەنىستانى ئىجاد زۇلالى نەشئەسىدىن "كاف - نۇن" سەھىباسى مۇئەررا، نە گەردۇن خىلقەتىدىن ئەسەرى، ۋە نە ئاي، قۇياش فىترەتىدىن خەبەرى، ئەزەل سەرۋى سەنۇبەرى خەمىدەلىك شىۋەسىدىن مەستور، ۋە فەيزتەزرۇيى زۇھۇر ھەۋاسىدا پەرۋاز قىلماق تەمەننا سىدىن مەھجۇر، نەقەلەم ۋۇجۇدى تەرھى تەخەييۇلى ھۇۋەيدا، ۋە نە قۇدرەت ئىلكىگە ھەم نەققاشلىغ تەرھى تەسەۋۋۇرىدىن ۋەھمى پەيدا، نە لەۋھ سەفھەسىدە ھەيۇلا ھوكمى ۋە ھەيۇلا داغى ھوكم مەشىيەتدە ئەردىكىم، مەكان ئەقساسى، بى مەكانلىغ كىشۋەرىدە نىھان ۋە زامان داغى بىخانۇمانلىغ شەھرىدە مۇستەتىر ۋە پىنھان، قىدەم كىم ۋەھدەت پەردەسى ئارا مەسنەد نەشىن، ئافرىنىش ئەلۋاھى مۇمكىن خۇتۇتىدىن ساددە ۋە ئەقىل بىنىش نامەۋجۇدلۇغ ئالەمىدە مۇئەتتەل، ۋە نابۇدلۇغ كىشۋەرىدە ناخەبەر، تەقدىر ئىلكى مۇمكىن جۇنبە-

Altunoq

شىغە نامۇرەخخەس، جۇزۋى ئۇمۇرى ۋە كۇللى ئەنـۋائى ئەدەم پەردەسىـدە نامۇشـەخخەس،
مەلاجەۋاھـىرى خەلا گىردابىـدا مۇزمەر ۋە تەلاتۇم مەۋجى ۋەھـدەت دەرياسىـدىن ئۇزگەدە
نامەئىلۇم، نۇن مەنبىئى ۋە كاف نەھرىدىن پادىشاھى بىچۇن سۇنئى مۇھىت بى جـۇش بۇ
چاھار تاق بىناسى ۋە ھەفتە ئەيۋان ممىارى، روز ۋە شەب نامى ۋە سال، ماھ نىشانى
ئىمكان قەلەمرۇيىدىن تاشقارىكىم "كانەللاھۇ ۋەلەم يەكۇن مەئەھۇ شەيئۇن مەئلۇمۇن" ئەرمەسكىم،
ماسىۋاغە مەسـكەن ۋە غەيـرىگە مەئـمەن مەۋجۇد بولغاي. يەكتالىغ تەخـتى ۋە بـەھەمتالىغ
سەرىرى ئۇزرە زاتى ۋاجىبەلۋۇجۇدكىم، ئۇز زاتى بىرلە قايىم ئەردى. ئىلىم قىبدەمى شەھـ-
رىستانىن سەيىر قىلماغى بىرلە ئەۋۋەل ئەرش سـەفا ۋۇجۇدىغە تەفەززۇل خاھـىش قىلدى.
جامالى لايەزال ۋە دىدارى بىزەۋال زۇھۇرىغە مەزھەر، يەئنى ئائـىنەئى باسـەفا خـىلقەتى
تەقدىرىن دوست تۇتتى. "كۇنتۇكەنزەن مەخفىيەن، فەئەھبەبتۇ ئەن ئەئـرەفۇ، فەخەلەقتۇل-
خەلقە" مەئنى ئەرۇسى ئارايىش مەشاتەلىگىدىن خەبەر بىرۇر، تاكىم ئۇز ھۆسنى قىددىمىن
تاماشا قىلغاي، ئىلىم قىبدىمى تەقازاسىدىن شەھەر بىنا قـىلدىكىم مۇمكىنات ۋۇجـۇدى ئۇنىڭ
ۋۇسئەتى جەنبىدە زەررەئىدۇر مەۋھۇم، ۋە مۇكەۋۋىنات نۇقۇدى قەترەدۇر نامەئلۇمكىم شەھـ-
رى ئىمان ئات قويۇلدى. ۋە بۇ كىشۋەر زۇلمەتىن يارۇتماق جەھەتىدىن چىراغانى مۇھەييا
قىلغاي، ئەنبىيا ئەرۋاھى قەنادىلىن خەلق قىلىندى. تاكىم بۇلار پەرتەۋىدىن يارۇغاي ھەر-
شەمئ ۋە ھەر قەندىل زەبان ھال رەۋىشى بىرلە ئەئجىز ئىنكسارلىغ يۈزىدىن ئۇزرە ئاغازىن
قىلدىكىم ئىلاھى بۇ ئەنۋار گۇرۇھىغا ئىمكان يوقكىم شەھرى ئىمان فەساسىن يارۇتقاي، بۇ
كىشۋەر ئەرسەسى رەۋشەن ۋە ھەۋۋەيدا نەمايىش قىلغاي. بۇ ھال ۋە بۇ مەنۋالدا تەئەددۇم
فانۇسى ۋە قىدەم قەندىلىدىن شەمئى نامايان بولدىكىم مەلەك خەيلى پەرۋانەلەر يەگلىغ
ئۇل ئۇت شۇئلەسىدە كويىمەك تەمەنناسىدىن پەرۋە بال سوقار ئەردى. ۋە بۇ ئەنۋار پەر-
تەۋى يەتمەك بىرلە بۇ خەت ئەرسەسى چىنان يارۇدىكىم نەييەرى ئەئزەم ئەشئەسى
مـىھر ئالـدا زەررەدەك كورۇندى ۋە بەدىر ئالدا سەھادەك ياشۇندى. بۇ ۋەيرانەنى ئۇل
جەۋھەر پەرتەۋى رەۋشەن ئەتكەن ھەيرەتتىن مۇتەپەككۇر ۋە بـۇ كاشانەنى ئۇل مەشئەل
نۇرى يارۇتقان فىكرىتىدىن مۇتەھەييۇر، نەنۇر ۋە ئالاۋ، نە شەمئ ئەئلادۇركىم ئىمان فا-
زاسى ۋە ئىسلام كىشۋەرى بۇ شەمئى پەرتەۋىدىن ئىقتىباس قىلغاي، ۋە ئىكتىساپ ئەنۋار
ئەيلەگەي، ناگاھ ھەيرەت قۇلاغىغا سۇرۇشى يەتتىكىم زاتىنىڭ ئەنۋارى پەرتەۋى سايەسى-
دىن زۇركى خۇرشىدى سىپەھرى رىسالەت ۋە بەدرى ئاسمانى جالالەت ئالى مەسـنەد ئەيۋانى
"ۋەما ئەرسەلناكە، ئىللا رەھمەتەن لىلئالەمىن"، سەدرى نەشنى سۇففەئى "كۇنتۇ نەبىيەن
ۋە ئادەمۇ بەينەلمائى ۋەتتىن" مەۋسۇف ۋەلالات شەممى كەرىم ۋە مەئرۇف ئىشارات "ۋە
ئىننەكە لەئەلا خۇلۇقىن ئەزىم" مۇستەجمئ سۇنۇف شامايىلى جۇد ۋە كەرەم، ۋە مۇستەزمەرى
فۇنۇن ۋە "ئىلمۇكە مالەم تەكۇنۇ تەئەللەمە" ھەمدەمى خىلۋەتخانەئى "لى مەئەللاھى" ۋە
مەھرەمى كەئبەئى دەرگاھى ئىلاھ سەرۋى بوستانى "قۇم فەئەنزىر" ۋە ئەندەلىبى خۇش ئەل-
ھان ۋە "رەببۇكە فەكەببىر" ئەئنى شاھى سەرىرى ئافرىنىش ۋە ماھى مۇنىرى سىپەھرى
بىنىش شەھبازى ئەرش ئاشىيانى ۋە ئەنقايى قافى لاماكان مۇفتاھى خازائىنى جۇد، مىس-
باھى ئاسمانى ۋۇجۇد، جانى جاھانى، سافا ۋە جاھانى جانى ئەسپىيا — مۇھەممەد مۇستافا —
مىنەسسەلاۋاتى ئەفزەلۇھا ۋەمىنەتتە ھىياتى ئەكمەلۇھا"

(رۇبائى)

يۇز نەئت ئاڭا كىم گەۋھەرى دەريايى ۋۇجۇد،
يەئنىكى سىراجى لاماكانى بەزمى ۋۇدۇد.
مىرئاتى جۇلا بەخىش جامالى مەئبۇد،
ھەلـلالى رەمۇزى كىشۋەرى بۇد ـ نەبۇد.

رەھمەتى رىزۋان لاتائىـفى ۋەرەئفەتى غۇفران شارائىفى، ئەرۋاھى مۇقەددەسەئى ئەھلى بەيت. ھەقايىق شۇناس، "مارەمەيتە، ئىزرەمەيتۇ" نىسارىدۇركىم رەھنەمايى، مەمالىكى مەلەكۇت ۋە پىشۋايانى مالىكى جەبەرۇتدۇرلار. ۋە ھەريەئى نۇفۇسى مەتھەرى چاھار يارى باسافاغەكىم، تازە ۋەردى گۇلۇستانى ئىجادۇ گەۋھەرى گارانمايەئى بەھرى ئىتتىھاد، ھۇمايى ماكانى تەيرانى ئەۋجى فىترەت، ۋە ئەنقايى ئىززەت ئاشيان قانى قۇدرەت، مەۋسوفى سىفاتى "سانىيە سنەيىن ئىزھۇما فىلغارى ۋە سادارەت، مەئاب ساھابەئى مۇھاجىر ۋە ئەنسارى كىبار مەنشائى، سالىكانى تەرىق ــ ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ. نەخۇستىن مەۋجى تەلاتومى ئۇممانى ئادالەت ۋە ئەۋۋەلنى جۇش زۇلال مەنبەئى جالالەت، نەشئەئى خۇمستانى بى مىسال ۋە مەستى سەھبائى لايەزالى. قۇلزۇمى مەئدەلەت گەۋھەر ــ ھەزرىتى ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، پاناھى دانىش پاناھانى ئالەمى تەرىقەت. نىگاھى ئالى نىگاھانى ئەرشى ھەقىقەت، مەئدەنى دۇررى. ھەلىم ھايا ۋە مەنشەئى زاۋاھىرى مىھىر ۋەفا:

(مەسنەۋى)

خۇرشىد سىپەھر لايەزالى،
يەكتايى جاھانى بى مىسالى.

جاۋاھىرى ئەفسەرى كەۋنى ماكان، ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، نەخلى دىلاۋەرى سەمەر. مۇسھەفى ئايەتى زەفەر، گۇلشەنى ئاگاھى باھارى فەرزانەگى، پەلەڭگى باياباني شەجائەت ۋە نەھەڭگى موھىتى ئىستىقامەت، نەشئەئى مۇرۇۋۋەت، جەۋھەرى فۇتۇۋۋەت. شۇجائى سەفدەرى دەريايى ھەممىيەت گەۋھەر ــ ئەسەدۇللاھى غالىب ــ ئەلى ئىبىنى ئەبى تالىب كەررەمەللاھۇ ۋەجھەھۇ. تەڭرى تائالا ھەمدى ۋە رەسول ئەلەيھىسسالام نەئتى ۋە ئەھلى بەيت مادايىھى ۋە چاھار يار باسافا تەئرىفىدە سوز دۇررىنى ۋە نۇكتە گەۋھەرىنى تەخەييۇل ئۇممانىدىن تەلەپپۇز رىشتەسىغە چىكىلدى، ئەمما مۇمەييىزى ئاگاھى مەزامىن ئىراد ئىجلاس ھەقايىقى مەئانى ۋە مۇمەھھىدى پاناھى زەمايىرسەنجانى مەئرەكەئى داقايىق بۇنبانى، سەرخۇشى سەھبايى خۇمىستانى فىترەت، رەڭگىنى گۇلھايى باھارىستانى مەئرىپەت، ئاگاھى نۇسخەئى ھەقايىق كەۋنى فاساد ۋە سەرۋى رىيازى مەئنىۋى ئازاد:

(مەسنەۋى)

ئايان فەھمى رەمۇزى بى نىيازى،
ھەقىقەت بىن، نەيرەڭگى مەجازى.

مۇدەررىسى مەدىرسەئى ئۇلۇمى هال ۋە مۇئەللىمى سۇتۇرى ئەلۋاهى كامال، ساكىنى خانەقەهى
ئۇنس، مۇئەللىمى مەدىرسەئى قۇددۇس، غەۋۋاسى جاۋاهىرى زات ۋە سەررافى دۇرەرى
سىفات، شاهىنشاهى شىجائەت پاناھ نەررە شىر رەۋشە زەمىر، كىمىيا تەئسىر ئەمىر كەبىر ــ
جاناب مەخدۇمى مەۋلانا نىزامىددىن مىر ئەلىشىر "قۇددىسەسسىررەهۇ، نەۋۋەرەللاهۇ مەرقەدەهۇ"
ئەۋسافىدا كىم ئۇلۇمى هەقايىقى دە فاتىرىغا مۇمەييىز ۋە دەغاتىرى هەقايىقى ئۇلۇمىغە مۇمەهھىد،
فەقىر ۋە فەنا بىشەسىنىڭ غەزەنفەرى، مەئرىپەت ۋادىسى ۋە تەۋھىد بادىيەسى بارىقەسىنىڭ
سەمەندەرى ئۇلۇئەلباب دەهر ۋە ئالى جاناب ئەسىر، كاشىفى ئەسرارى هەقىقەت ۋە قۇتبى
سالىكانى تەرىقەت، زات بابەركاتىكىم يەتتە فەلەك مۇشكۇلى ۋە هەفتا زەمىن رەموزى ئەنىڭ
ئالىمى ئائىنەئى باسافاسى ئالىدا تىرناغ يۈزى يەڭلىغ رەۋشەن ۋە هۇۋەيدادۇر. كەلامى
قەسرى ۋە ئەشئارى مىئمارى ئانداغ رەفىئ ۋە بەلەندۇركىم گەردۇن كەمەندى ۋە چەرخ
بۇ قەلەمۇن رىشتەسى ئۇنىڭ ئەۋج پايەسىغە باش يەتكۇرمەكدىن ئاجىز ۋە ئارىدۇر. مەسـ
ـەۋىيات ۋە غەزەلىيات ئەنۋائى فەزاسىدا خۇراسان نازىمى ۋە تۇركىستان شائىرى قافىيە
سازلىق تەرزى ۋە نۇكتە پەردازلىق ئائىنىدىن مۇئەررادۇركىم ئىنتىزامى ۋە پەرەسى قىيدىم
ئەبياتى رەۋىش سەهل ۋە ئاساندۇر. ئەمما ئەتراك غەزەلىياتى ۋە تۇرك ئەلفازى مەسنەۋىياتى
دىشۋار ۋە مۇشكۇلدۇركىم پارسى دىۋان تەدۋىنى ۋە مەسنەۋىياتى تەرتىبى هەددىن فۇزۇن
ۋە ئەدەددىن بۇرۇندۇر. ئەمما تۇرك دىۋانى تەركىبى دۇررى بۇ ئەمىر ساهىبى ئىقتىدار
دەريا زەمىر نۇتقى بەھرىدىن ئۆزگە يەردە مەۋجۇد بولىمامىش بولغاي ۋە بولسا هەم كەلئە-
دەمدۇركىم بۇ ئالى جاناب تەۋسفى خۇتۇتى ۋە تەئرىفى رەقايەمى جاهان سەفھەسى ۋە فە-
لەك ئەۋراقىغە گۇنجايىش تاپماغى مۇمكىن ئەرمەس كىم قۇتبۇلئەقتاب دەهر ۋە غەۋسۇلئەك-
ناف ئەسىر، مەھرىمى هەزرىتى ئەهەدىيەت ۋە هەمدەمى كەئبەئى هەۋىيەت، ساهىبى يەقىن
بى گۇمان، خىلۋەت نەشىنى بى نىشان، هەمرازى ئەسرارى نەبەۋى، جاۋاهىرى دەريايى
مەئنىۋى، سافا جامىنىڭ ساف زۇلال ئاشامى ــ مەۋلانا نۇرىددىن ئابدۇررەهمان جامى «قەددە-
سەللاهۇ سىررەهۇلئەقدەس» ئۇنىڭ خۇجەست سۇفاتى ۋەسفىدە ۋە هەمدە سىماتى بايانىدا ــ
«نەفەهاتۇلئۇنس ۋە هەزراتۇلقۇددۇس» تەمھىدىدەدۇركىم:

ئان ئەزهەمە شۇغىل سەرىر فىقىر دەلىر،
مەۋلىۋى نىزامىددىن ئەلىشىر ئۇنىڭ مەدايىهى.

بايانى ۋە سۇفاتى ئەئيانى ۋەسفىدە تەهسىل هاسىل لازىم كەلگەي، سائىر كۇتۇب ۋە تەسـ
ـنىفاتىدىن «خەزائىنۇلمەئانى»، «مەجالسۇننەفائىس» ۋە «مەهبۇبۇلقۇلۇب» ۋە «دىباچەئى
دەۋاۋىن» ئەلاهازەلقىياس خاهى دىۋان تەدۋىنى ۋە خاهى مەسنىۋى تەرتىبى، خاهى مەنـ
ـشۇر ۋە خاهى مەنزۇم ئاتمىش ئالتە قىتئە كىتابىدۇركىم تەسنىف تاپىپدۇر ۋە زۇهۇر
سەفهەسىغە بىتىلىبدۇر. مەجازى يوقكىم زىمنىدا هەقىقى مەۋجۇد بولماغاي، بىلمەك كېرەككىم
فەرهاد ـ شىرىن داستانى ۋە لەيلى ـ مەجنۇن هىكايىتى، بەهرام ـ دىلئارام قىسسەسى ۋە ئىسكەنـ
ـدەر زۇلقەرنەيىن نۇكتە تارازلىغى تەرتىبىدىن مۇراد ئۇلار قىسسەسى ئەرمەس، بەلكى بۇلار
زىكرى لىباسىدۇركىم مەئانى ئەرايىسى جىلۋەسىنىڭ نامايىشى ۋە مەزامىن ئەپكار جەمالىنىڭ

ئارايىشى، ئۇلار زەمىندە مۇزھەردۇر ۋەگەر نەزورۇرى مەئلۇم ئەرمەسكىم سائىرۇنناس ھىكا-يىتىن مەنزۇم قىلغاي ۋە بى مەئانى سوزلەر جەھەتىدىن جان گۇدازلىق ئەيلەگەي، ۋە «مەنتىقۇتتەيىر» كىم تۇيۇر ئەلفازى ۋە قۇشلار نۇتقى رەۋشى بىرلە سوئال-جاۋابىكىم تەر-تىب تاپىپدۇر. ھەقايىق مەزامىندىن خالى ئەرمەسلىگى ئەزھەرۇن مىنەششە مىسدۇركىم بۇ كارى ئەزىمى ھەقىقەتىدىن مۇتتەلىئ بولماق بىرلە سەرۋەرى خاۋاقىنى سىپەھر ئىقتىدار ۋە مىھىر سالاتىنى ئالى مىقدار، بەھتەرى سالاتىنى ئادالەت گۇستەر ۋە سەفدەرى خاۋاقىن ئا-سالەت پەرۋەر ساھىبى زىللى شەۋكەت ئىقبال، ھۇمايى ئاشيانى تەيرانى سائادەت، ئىجلال— سۇلايمان پەرىزات خىلافەت ۋە ئەنقايى ئىززەت ئاشيانى قافى جالالەت، گۇلى سەد بەرگى گۇلۇستانى كەررۇفەر، تارادۇت بەخشى دارۇلفەيز كاشغەر — "سانەھەللاھۇ ئەنىلئافات — ۋەززەرەر" شاھىنشاھ نىشان، گۇشەنەشىن — ھەزرىتى ئەمىر زوھورىددىن ئىبنى سۇلتان مىر تاھىر، "زادەللاھۇ تائالا ئىقبالەھۇ يەۋمەن، فەيەۋمەن ۋەرەفەئە دۇتبەتەھۇ سائەتەن فەسا-ئەتەن".

ھۇمايۇن ئەھدىكىم فەلەك زۇلمى ۋە دەھر ئاشۇبىدىن رەئايە خەيلى رافاھىيەت مەس-كەنىدە مىر فەتۇلھال ۋە ئافىيەت مەئمىنىدە فارىغۇلئەھۋال دۇركىم زۇلم تەئەددى سىنانى ۋە جەۋر-ستەم پەيكانى ئەدەم قافى ئەنقاسى مىژگانىدىن ئۆزگە يەردە تېپىلماس:

(رۇبائى)

مەملىكەت ئەدلىدىن ئانداغدۇركى بەھرى شەھباز،
كۆبكىدۇر ئالدا ھەردەم كورگۇزۇر ئەجزو نىياز،
دىمە قىرغول كەبۇتەر بىرلە ئۇرمىش بالۇپەر،
شۇڭقار ئىلە ھەم خىرام ئولمىش ھاۋا ئۇستىدە قاز.

مەملىكەت ئابادلىغى ۋە ئەيش نەشات ئەفراتى ۋە رەنج غەم تەفرىتىكىم ھۇزن ئەشكى ۋە ئەلەم سەرەشكى جام سەھبا چەشمەسىدىن ئۆزگە كوزدە كورۇنمەس.

(مەسنەۋى)

زەھى شاھكىم شاھى گەردۇن جاناب،
تاپىپ ئەدلىدىن زۇلۇم ئەھلى ئىھتىساپ.
دۇئاسىدادۇر دائىما سۇبھى شام،
غەرىبۇ، فەقىرۇ، غەنى، شەيخ، شاب.

ۋەقتەن سەرسەرى مەئدۇملىغى تەئرىفىداكىم مەھبۇبى دىلناۋاز ۋەنىگاھى ئىشۋە پەردازلار نەرگەسى جادۇيىدىن ئۆزگە مەۋزەئدە بىلىنمامىش بولغاي، شاھ گۇرۇھى ئىلكى رىشۋەت دامىنىغە دەست دارازلىق قىلماق شىۋەسىدىن كۇتاھ ۋە مۇرتەشى ئەنبۇھى قەددەمى پاي مۇزد تەلەبىن ئەتمەك تەمەنناسىدىن لەڭ:

(رۇبائى)

مۇلك ئاچقالى ھەر خۇسرۇۋى ئالى مىقدار،
ئىنساف ئادالەت سالاھ ئەتسە شۇئار.
فەتھ ئولغاي ئۇنىڭ ناھايىتى ئاخىر كار،
ئەلمىنەتۇ لىللاھ كى مۇڭا بارچەسى بار.

ۋە غەرىبراقىكىم بۇكىسى ئەمۋات ئەھياسىدەك نەچچە يۈز مىڭ جىرىب مىرزەبوم بىسىناەكىم ئەھياسىغە مۇسەببىب ۋە ئىسلاھىغا بائىس بولمىش بولغايلار، ۋە مىرزەبۇم ئابادلىغى تەئىردىدا كىم خۇلد گۇلشەنى ۋە ئىرەم رەۋزەسى دەشتىدۇر، بى بايان ۋە بايابانىدۇر. بى ئەنجامىكىم "باغى ئىرەم" ئات قويۇلدى:

(غەزەل)

تاپتى شەھ ئەلتافىدىن بۇ دەشتى ناھەمۋار سۇ،
ئابى ھەيۋان چەشمەسىدىن گۇئيا بىمار سۇ.
دەھر ئاشۇبىدىن ئەرمەستۇر رەئايە تەشنەلەب،
ئەدلىدىن ھەردەم بىرۇر شاھى فەلەك مىقدار سۇ.
سۇسار ئەرسە ۋادىئى ئەدلىدە ئاھۇ، بەچچەئى،
يەتكەي ئول سائەت غەزەنفەر ئەشكىدىن بىسيار سۇ.
ۋەھ، نە يەڭلىغ جۇيىبار ئەرمىشدۇر ئول باغى ئىرەم،
ئىچكەي ئاندىن شاھ سۇ، ئەھباب سۇ، ئەغيار سۇ.
ئول زەمىنىكىم سەبۇرىغە قىلىندى ئىلتىپات،
ئاندا مەكىس ئەتمىش ئىرەم باغىدا ھەرنە بار سۇ.

بۇ يەڭلىغ پادىشاھى خۇجەستەقىۋايى مۇتەسەۋۋىرەلىرىدا بۇ خىيال خۇتۇرى مۇتەخەييىل ۋە بۇ تەخەييۇل ئەۋھامى مۇتەسەۋۋۇر بولۇنۇپ ئىركانىكىم مەقسەدى ئەقسايى ئەربابىدىن ۋە مەتلەبى ئەئلايى ئەسھابى يىقىن ھەزرەتى شەيخ نىزامىددىن «پەنج گەنج» لەرى دۇرلەرىن ئەمىر ئالى جاناب ئەلفازى تۇركى رىشتەسىغە تارتىبدۇرلاركىم مۇسەممما «بىخەمسەتۇن ناۋايى»دۇرۇر، داغى «مەنتىقۇتتەير»كىم مۇقتەدايى ئەرباب قۇلۇب، پىشۋايى مەھرىمانى خىلۋەتخانەئى غۇيۇب، زەكىييەبىن، شىرىن گۇفتار — شەيخ فەرىدىددىن ئەتتار «نەۋۋەرەللاھۇ تائالا مەرقەدەھۇ» تەسنىفلارى بولغاي ۋە بۇ داغى بەلەفزى تۇركى مەنزۇم بۇلۇپدۇركى ئەسرارىدىن خالى ئەرمەس. بۇلار ھەقايىقى ئارائىسى جىلۋەسى پەردەئى خافادا مەستۇر ۋە گۇشەئى ھىجابدا مەخفى ۋە نامەزكۇر ئالماغايكىم بەتەرز نەسىر شەرھى ئاغازىن قىلىنسا ئاۋام ئەرازىلى بەلكى خەۋاس ئافازىلىنىڭ تىللەرىگە جارى ۋە كوڭۇللەرىگە كارى تۇشمەكدىن ئىستىفادە ئەيلەمەك بىرلە كارناھايىتىدىن خەبەردار بولغايلەر. بۇ فەقىرۇلھەقىر، كەسىرۇلئىسيانىكىم بۇ ھۇكۇم خىتابىغا مەھكۇم ۋە بۇ خىتاب ئۇمۇرىغا مەئمۇر بولۇنۇب ئەردى.

ئەگەرچە بۇ كارى ئۇزما سارى ئىلىك ئۇزاتماقىغا ھەد ئارا يوقتۇر. ئىمتسالۇلئەمر ۋاجىب ئىقتىزاسى «ئەتىئۇللاھە ۋە ئەتىئۇررەسۇل ۋە ئۇلۇلئەمرى مىنكۇم» تاقازاسىدىن ئەجز ئىنكەسارلىغ بىرلە ناچارلىغ قەلىمىن سوزۇلدى:

(رۇبائى)

ئاھكىم قىلمىش ماڭا بۇ ئىشنى ئالى جاھ ھوكۇم،
رىشتە ئۇتكەرمەك دۇررى ناسۇفتەدىن ناگاھ ھوكۇم.
يەتمەدى ئول شەھ جانابىغە پىغانىم ھەركىچە.
دىدىم ئانچە: ئاھ ھوكۇم، ئاھ ھوكۇم، ئاھ ھوكۇم.

ئەربابى باسارەت مائاب ۋە ئەسھابى نازارەت ئىكتىساب ھەزاراتىدا، ھەقايىق دەسار مۇھەققىقلار ۋە داقايىق شۇئار مۇدەققىقلار خىزمەتىدە فەقىرلار ئەفقەرى ۋە ھەقىرلار ئەھقەرى، خۇبلار مەھجۇرى ۋە مەھبۇبلار مەقھۇرى ئەمىر ھۇسەيىن مۇتەخەللىس «بىسسەبۇرى» ئانداغ ئەرز قىلادۇركىم نەۋۋاب مۇستەتاب قەمەررىكاب، گەردۇن جاناب، خۇرشىد ئىشتىھار ئەمرىدىن: «ئەلمەئمۇرۇ مەئزۇرۇن، ئەززەرۇراتۇ تەبىھۇلمەھزۇرات» ھۇكمى بىرلە بۇ ئەمىر ئەزىم دامىنىغە ئىلىك ئۇرۇلدى، ئەمما ۋاجىب ئەرمەسكىم بۇ كارى ئۇزما ھەقىقەتىدىن مىن كۇللىلۋۇجۇھ مۇتەلىئ بولماق بىرلە شەرھ ئاغازىن قىلغاي. ھەر بۇلبۇل ئوز بىلگەنىچە ناۋا كورگۇزگەي، ۋە ھەر تۇتى ئوز مىقدارىچە نۇكتە بەردازلىق سىۋەسىن تۇزگەي. بۇ فەقىرغەكىم تەبئى ئەمارىسى تەزەييۇلدىن مەئانى گۇلچەھرەسى شەممەئى نامايىش قىلمىش بولغاي. ئول سۇرەت بىرلە مەئنى ئەرۇسىغە ئارايىش بىرداۋۇر.

ئەلھاسىل قۇشلارنىڭ جەمئى بولماغى ۋە سى سەرۋ سامانلىغ جەھەتىدىن شىب فەرار جۇلۇس تۇزمەكى، بىرەھبەرلىغ ھەيىستىدىن بىسەرەنجاملىغ يولىن تۇتماغىكىم ئەشراف گۇرۇھى ئارازىل ئالىدا پەست ۋە تاجىۋەرلەر ئەنبۇھى خەسىسلار ئالىدا شىكەست بولماقدىن پادىشاھى باشۇ كۇھ ئىستەمەكى يەئنى شاھىنشاھى ھەقىقى جانابىغە يەتمەك تىلەگەنى:

(مەسنەۋى)

سەربەسەر قۇشلار ئالالا قىلدىلەر،
ھۇد ھۇد ئەتراپىدا غەۋغا قىلدىلەر.

بىزگە چۇن مانىڭ بولۇپ گۇمراھلىغ،
بەرسەڭ ئۇ شەھ سەيرىدىن ئاگاھلىغ.

ھۇپۇپنىڭ ئەنقا ۋۇجۇدىدىن خەبەر بەرمەكى يەئنى پادىشاھى ھەقىقى ھەزرەتىنىڭ يول كورگۇزگەي ۋە غەفلەت نىقابىن ئۇلار باتىنى ئارىزىدىن رەفئ ئەتكەي.

### ھۇدھۇدنىڭ ئەنقا سىفاتىن ئەيتماغى

سۇبھانەللاھ، نەۋەسىئ دەرگاھ ۋە نەرەفىئ بارىگاھدۇركىم ئەرسەسىغە يەتمەك ۋە مەقسۇد سەر رىشتەسىن ئىلىكلىمەك سەخت دىشۋاردۇر، لىكىن قۇدرەت ئىھتىمالى ۋە قۇۋۋەت ئىقتىدارىچە ئوز ۋۇجۇدىن فەنا تۇپراغىغە نىسبەت ۋە ئەدەم گەردىغە ھەمدەست قىلماق نە دەۋلەت ئۇرما ۋە نە سائادىتى ئەئلادۇركىم:

(بەيت)

مۇيەسسەر بولسا مەقسەد سەھل ئىرور ئى دوسلار خەيلى،
غەرىبۇ خاكسار ئاشىق پەژمۇردە ھال ئولماق.

قۇشلارنىڭ سوئالى ئول بابداكىم:

كىم كورۇبدۇ ئانى ۋە ھالاتىنى،
فىئلى، ئەسما ۋە سىفاتى زاتىنى.

### ھۇدھۇدنىڭ جاۋابى

يەئنى مۇرشىدى ئىرفان پاناھ ھىدايىتىكىم تەرىقەت خەيلىغە پادىشاھى نىچۇن چارا سۇئىدىن مەئرىپەت قىلماغى، پادىشاھىكىم سورادىقى لەم يەزەلى ئارا فەردانىيەت سۇفتى بىرلە مەۋسۇف ۋە سەرىرى لايەزالى ئۇزرە ۋەھدانىيەت بىرلە مەئرۇفكىم "ۋاھىدۇن لامىن قىللەتىن ۋە مەۋجۇدۇن لامىن ئىللەتىن" ئىللەتى غائىيەئى ئىجاد ئالەم ۋە تۇفەيلى ۋۇجۇدى جىن، ئادەم سەزاۋەرى خىتاب "لەۋلاكە لەما ئەزھەر تۇرە بۇ بىيتى" ئۇنىڭ كىبىرىيالىغى فازاسىدا "مائەرەفناكە ھەققە مەئرىفەتەكە" نۇكتەسىغە مايىل، "ۋەما ئەبەدناكە ھەققە ئىبادەتەكە" كالامىغا قايىلدۇرلار. مەئرەفىتى كۆنھىغا يەتمەك ۋە ھەقىقەتى زاتىغا كوڭۇل قويماق كۇفرى مەھزدۇر. "تەفەككەرۇ فى ئالائىھى، ۋەلاتەفەككەرۇ فى زاتىھى" لىكىن شەممەئى سىفاتى ئەنۋارى پەرتەۋىدىن بايان قىلىنۇر.

**ھۇدھۇدنىڭ مەئرەفەتى قۇشلارغا بۇ بابداكىم كىچەئى ئولشاھى دەۋلەت ئاشيان پەرۋاز قىلماغى ۋە بىر پەرى چمن شەھرىگە تۇشمەگى، جاھان مۇسەۋۋىرى ۋە دەھر مانىسى ئول پەرنەقىشبەندىدىن نەقىشبەندلىغ تەرھىن ئورگەنمەگى**

قۇشلارنىڭ سۇئالى ئولبابداكىم بۇ يەڭلىغ پادىشاھى باتەمىزكىم سىفاتىن ئىشتىلۇر ۋە ۋەسفىن ئاڭلانىر ۋىسالىن ئىشتمەك بىرلە جان تەركىن قىلغايمىز ۋەيا ۋىسال سەرھەددىغە ئاياغ تۇتقايمىز:

(بەيت)

مۇيەسسەر ئىسە دوستنىڭ ۋەسلى بىردەم،
بىرىپ ئىككى ئالەم خىرىدارلەر بىز.

كـى تەرىقـەت يـولـدا ھىـمـمـەت كەمەرىن باغـلاماق بىرلە پادىشـاھى ھەقـىقى ۋىسالـى ھۇزۇرىغە يەتمەك تەمەنناسىن قىلغايمىز.

(مەسنەۋى)

دىدىلەر ھۇد ھۇدغەكىم ئى پېشۋا،
بۇيلە شاھا فۇرقەتى ئەرمەس راۋا.

كىرگەمىز ئول شاھ يولىغا جان بىلە،
جان ئاۋۇجلاب دىدەئى گىريان بىلە.

ھۇد ھۇدنىڭ رەھبەرلىغى قۇشلارغە:

(مەسنەۋى)

بىزگە چەرخ ئولسا مۇسائىد بەخت يار،
قىلسىڭىز مۇنداغ سەفەرنى ئىختىيار.

مەن داغى بۇ يولدا جانىم بارىچە،
جىسمىم ئارا تابى تاۋانىم بارىچە.

بارىڭىزغە ئەيلەيىن ھەمراھلىغ،
بارچە مەنزىلدىن بىرەي ئاگاھلىغ.

كـى بۇ يەكـلـىـغ ئاشـىقـى سادىـق ۋە تالـىبى مۇۋافـىـق ھىمـمـتى پايەسى بەلەندلىغىن ئىرشاد تەرىقىن تۈزمەكى ۋە ھىدايەت يولىن كورگۈزمەكى.

تۆتىنىنىڭ ئوزرى ھۇدھۇدغە

نۆكتە پەردازى مەنكىم شەكەرىستان ئەقـساسىدىن ئوزگە فازا تاماشاسىن قىلمامىش بولغايمەن. بۇ ۋادى شادايىمدىغە تاقەت يوقتۇر،

### هۇدهۇدنىڭ جاۋابى تۇتىغا

(مەسنەۋى)

ئەۋۋەل ئۆز مەنزىلگاھىڭنى ياد قىل،
كوڭلۈڭ ئول ئۇمىد بىرلە شاد قىل.

يەئنى پىر ئالىجاناب سۇلۇك ناسايەى بىرلە تەرىقەت يولىن كورگۈزمەكى ۋە مەھبۇب ھەقىقى ۋىسال سائادىتىغە مۇشەررەپ قىلماغى.

### تاۋۇسنىڭ ئۆزرى ھۇدھۇدغە

قۇشى مەنىكىم شاھ قەسرىدە ۋە شاھىنشاھ-لار گۈلشەنىدە سەير قىلۇرمەن. بۇ يول شادايىدىغە ئىمكان يىرقتۇر.

### هۇدهۇدنىڭ جاۋابى تاۋۇسغا

رەئۇنەتى زاھىرى ئالايىشغە غەررە بولماق بىرلە بۇ يول قەتئىن قىلماق، ھەۋەش تەركىن تۇتماق. مەھز گۇمراھلىغىدۇركىم جاھان ئارايىشى. دەۋران زىنىتگە ۋافا يوقتۇر.

(بەيت)

قازا مەششاتەسى زىبىغە مەغرۇر ئولما ئى دىلبەر،
ئۇچەر بۇنىل ۋۇسمە، ئۇچمايىن قالماس تەلەۋۋۇن ھەم.

بىقەدرى ئىمكان بۇ يول قەتئىدە ئىزتىراب كورگۇزمەك ۋە ئارايىشى زاھىرى تەركىن تۇتماق:

(مەسنەۋى)

زىبى زاھىر جۇز تەمەسخۇر كەلمەدى،
كىمسەگە ئاندىن تافاخۇر كەلمەدى.

ھىندۇۋى لائىب سەلتەنەتى تاجى سفائىدەلىغىدەككىم (ئەسل كىتابدا مەزكۇردۇر)

### بۇلبۇلنىڭ ئۆزرى ھۇدھۇدغە

ئاشىقى مەنىكىم زەمانى گۈل ئارىزىدىن كوز ۋە شاخسارىدىن كوڭۈل ئۈزمەككە ئىمكان يوقتۇر. بۇ يەڭلىغ مەشۇق رىبا ۋە مەھبۇب دىلرەبا فۇرقەتى راۋا ئىرمەس.

هۇد هۇدنىڭ جاۋابى بۇلبۇلغە

هالا ئاشقلىق لافىن ۋە مەجنۇنلۇق گەزافىن ئۇرمىش بولغايسەن. ھەيف، سەدھەيف بۇنەۋئى ئاشىق ۋە مەشۇقلۇقدىنكىم باھار ئەييامى ۋە رەيىئ فەسلدىن ئۇزگە مەنۋالدا كورۇنمەس، ئاشقلىق شىۋەسى ۋە مەشۇقلۇق ئايىنى ئانداغدۇركىم زاۋال كۇسوفى ئۇنىڭ قۇياشى سارىغە يول تابماس، ئەبەدىلئاباد مەۋجۇددۇر، تەغەييىر تابماغىغە ئىمكان يوقتۇر.

(بەيت)

نە مىھر ئىسى، نە ۋەفا رەڭگى تاپقۇڭ ئى بۇلبۇل،
بۇ باغ گۇللەرىغە بەرمە زىنھار كوڭۇل.

قۇمرىنىڭ ئۇزرى هۇد هۇدغە

قۇشى مەنكىم چىمەن سەيرى ۋە گۇلشەن ساياھتىدىن ئۇزگە كورمەمىش بولغايمەن. دەشت - تاغ كەسمەككە ئىمكان يوقتۇر:

(مەسنەۋى)

بۇيلە يول رەنجىن چىكا ئالغايمۇمەن،
بۇ ھەۋەس تۇخمىن ئىكا ئالغايمۇمەن؟

هۇد هۇدنىڭ جاۋابى قۇمرىغە

ئى گۇرۇھى گۇمراھ ۋەئى ئەنبۇھى بىسۇلۇك راھ، بىلمەككىم كىرەككىم جاھان باغى گۇلشەنى ۋە زامان لالەزارى چىمەنى سەيرىدىن ھىچ ھاسىل يوقتۇر. مەگەر تەلەف، نادامەت ۋە تەئەسسۇف بى غايەت.

(بەيت)

يوق بۇ دەير ئىچرە بىرۇر جامى ئەجەل تەئمىنى مەي،
كىم ئىرۇر پەيمانە تولماقدىن نىشان پەيمانە ھەم.

ئەجەل شەھبازى ۋە مەرگ شاھىنى ئومىر ھاۋاسى ئۇزرە پەرۋازدادۇركىم ئاخىرۇل- ئومىر بى مىھرىلىك چەڭگىن ئۇرغاي، ۋە بىۋەفالىغ مىنقارىن ئۇزاتقاي. ئول ھالەتدە پۇشايمان سۇد قىلماس:

(بەيت)

ئالىڭغە بەس قاتىغ يول ۋە قەتئىغە يوق گۆرىز،
گەر شاھ، گەر گادا بول ۋە گەر تۇند، گەر ياۋاش.

بىقەدرى تاقەت سەفەر ئەسبابىن مۇھەييا قىلماق ۋە سەفەر ئەھلىدەك ئامادە تۇرماق.

### كەبۇتەرنىڭ ئۆزرى ھۇد ھۇدغە

تائىرى مەنىكىم ئولۇس سارايىدا مەغرۇرانە ۋە سۇ كاشاكىشىدىن فارىغ بال، بۇ نىئمەتنى ئۆزمادى ئايرۇ سەفەر ئىختىيارىن قىلماق مەھز نادانلىغدۇر.

### ھۇد ھۇدنىڭ جاۋابى كەبۇتەرغە

ئى مەقھۇرى نەفسى دۇن ۋە ئى مەھكۇمى ئەممارەئى زەبۇن ۋە ئى مەلئۇنى دەرگاھ ۋە مەردۇدى كارىگاھى ئىلاھ، سىلمەسكىم جاھان ئەھلى سازىشى ۋە دەۋران خەيلى ئالايىشى زەرەر ئۈزرە زەرەردۇركىم نەفئى يوقتۇر. بىقەدرى ئىمكان تەركىن تۇتماق ۋە ئازادەلىغ دامىنىغە ئاياغ تارتماق ۋە تەۋەككۇل باياباننىغە قەدەم قويماق، جاھان رەنجى ئەلەمى ۋە فەلەك دەرد غېمىدىن مىرفەتۇلھال يول يۈرمەك:

(بەيت)

كەبۇتەر فەقىر بۇرچىدا ئىماس شەھ شەستىدىن ئىمىن،
خوشا ئول چۇغىزكىم ۋەيرانە كۇنجىن ئىختىيار ئەتمىش.

### كۆبكى دۇررىنىڭ ئۆزرى ھۇد ھۇدغە

قۇش مەنىكىم گۇشە نەشىن ۋە تائىرى مەنىكىم ئۆزلەت گۆزىن، كىان حاۋاھىرى ۋە تاغ زاۋاھىرى، مەقسۇددۇركىم مۇندىن ئايرۇ سەفەر ئەزىمەتىن قىلماق مۇناسىب كورۇنمەس.

### ھۇد ھۇدنىڭ جاۋابى كۆبكى دۇرىغە

ئى زاھىد ئەفسۇردە دىل، دۇر ئەندىش ۋەئى جاھىل نادامەت مائىل، مەئسىيەت كىش دەھر گەردىشى ۋە فەلەك رەفتارىدىن مىھر ۋەفا ئايىسى. ئىززەت ۋە ئابرۇ رەسۇمى زۇھۇرغە كەلمەككە ئىمكان يوقتۇر ۋە ئۆمر سەرمايەسى تەھى مايەلىكىداكىم سەرابدۇر

ئەدەم دەشتىدە، ۋە ھەبابىدۇر فەنا بەھرىدە، مومكىن ئېرمەسكىم ئەجەل توند بادى ئالىدا زامانى قارار ئالغاي ۋە ئاندىن سوڭ نەما ئاممالەر زۇھۇرغە كەلگەيكىم مەئلۇم ئېرمەس.

(بەيت)

يۈز بىم ئاقىبەت ئىشى مەئلۇم ئىماس كىشى،
تۇغماسا ئېردى يا تۇغۇبان ئۆلسە ئېردى كاش.

ھەيفكىم بۇ يەگىلىغ جاھانى بى باقا جەھەتىدىن دۇنيا ئىستەمەك بىرلە زاھىد دامەن يايغاي ۋە بۇ دەۋلەتى ئۆزمادىن باش قايتارغاي.

(مەسنەۋى)

چۈنكى قىلدىڭ قۇرب قافى سارى-ئەزم،
تۈزگىل ئەمدى ۋەسل ئۈمىدى بىرلە بەزم.

ۋەسل ئۈمىدى چۈن يېتقىندۇر شاد بول،
ھىجر تاغى تاشىدىن ئازادە بول.

تەزرۇنىڭ ئۆزرى ھۇدھۇدغە

قۇشى مەنكىم ھوسنى ئارايىشى تەربىيەتى دەريالىغ تەزنى بىرلە مەغرۇركىم بۇ يـول ئەزمىن قىلماقىقا ئېھتىياج يوقتۇر.

ھۇد ھۇدنىڭ جاۋابى تەزرۇغە

ئى بولفۇزۇل بى خىرەد، ئۆز ھوسنى تەئرىفىدىن دەم ئۇرماق، ئۆز جامالى تەۋسىپىـ دىن تارانە تۈزمەك زەھى ھۇمقەتكىم. بەشەر جىنسىدىن ۋۇقۇئغە كەلمەس، چىمەن غورۇر- لۇغـى ۋە گۈلشـەن مەغـرورلۇغىدىن سوز دىمىش بولغايسەن. بۇداغى ئاقىلـلار تەئەققـۇلـى زەيلىدىن قاراغدۇركىم بۇ نەۋئ سۇست بۇنـيادلىق چەمەنغە كوزسالـغاي ۋە بۇ يەگـلىغ بى ئاساسلىغ گۈلشەنغە كوڭۇل باغلاغاي.

(بەيت)

تۇتمە ئۇلفەت باغ ئاراكىم سەرسەرى دەيدىن ئېرۇر،
ئېمىن ئۆل قۇشكىم ئەنىڭ مەئۋاسى ۋەيران ئىچرەدۇر.

### قارچىغانىڭ ئۇزرى ھۇد ھۇدغە

قۇشىدۇرمەنىڭىم شاھىنشاھلار ئىلكى ۋە گەردۇن پاناھلار شۇئىلىسى ئۇزرە جىلۋە ساز، شاھلار خەيلى ئالىمدا پەست ۋە تويۇر ئەسنافىغە قەۋى چەڭگىم زورىدىن شىكەست، بىلفىئىل سىمۇرغ مەنىڭىم ئىھتىياج ئاڭا يوقتۇر.

### ھۇد ھۇدنىڭ جاۋابى قارچىغاغە

ئى مەھبۇس زىندانى جاھالەت ۋە ئى مەقھۇرى چاھى زەلالەت، بۇ نە بى شەرمىلىغ-دۇركىم شاھلىغ لافىن ئۇرارسەن ۋە مالىكى رىقابىلىغ گەزافىن ئەيتۇرسەن. مەئمۇرى نەفسى دۇن ۋە مەھكۇمى ئەممارەئى زەبۇندۇرسەنكىم بۇنەۋئى زىندگارلىغ خۇسۇسىيەتىدىن ئولۇم ۋە بۇ يەڭلىغ ئومىر مۇلازىمىتىدىن مەرگ مىڭ دەرىجە خوبراق بەلكى مەھبۇب-راقدۇركى:

(بەيت)

بالادۇر نەفس شىركى فەقر يولىدا خوش ئول فانى،
كى ھەر رەھرەۋغە جىسمى تۇپراغىن گەردى شىراك ئەتمىش.

### شۇڭقارنىڭ ئۇزرى ھۇد ھۇدغە

قۇشى مەنىڭىم تاجىۋەرلەر ئالىدا مۇكەررەم ۋە شاھىنشاھلار ئىلكىدە مۇئەززەز:

خوب ئىماس بىر شەھ قويۇب باشىمغە تاج،
ئۇزگە شەھغە زاھىد ئەتمەك ئىھتىياج.

رىياسەت مائىبلار خەيلى ۋە جالالەت ئىكتىسابلار ئەھلىغە تەئەللۇقات تەركىن قىلماق سەخت دىشۋاردۇر. فەرد ۋە ئازاتلىغ نەشئەسىدىن بىخەبەردۇرلار، ئول نەشئەكىم ئازاتلىغىدا-دۇر، مۇمكىنات ۋۇجۇدىدا تاپىلماس ۋە ئول راھەتكىم تەرك تەجرىدلىك شىۋەسىدەدۇر. مەۋجۇدات جىنسىدىن زوھۇرغە كەلمەس:

(بەيت)

ھەر چۇ بولغان تارىدۇر سەر رىشتەئى ئىززۇشەرەف،
ئەسكى شالىكىم فانا يولىدا بىر ئۇريان كىيار.

### هۇد هۇدنىڭ جاۋابى شۇڭقارغە

ئى خۇد پەرەست شاقاۋەت مائال ۋە ئى مەھجۇرى ۋىسالى لايەزال، زەھى بى هايالىغ ۋە زەھى بى مەزەللىكىم زوھورغە كەلتۇرمىش بولغايسەن. ھەر ئادەمىكىم ئەقىل ئايىنىدىن خەبەرداردۇر، بۇ نەۋئى ئاۋخالىق شىۋەسىدىن مۇنەززەدۇر. جاھانكىم بى باقالىغ بىرلە مەشھوردۇر ۋە زەمان ھەم بىۋافالىغ بىرلە مەئرۇف ۋە ئومىر داغى ئول مەنىۋالداكىم كەتمەك بىرلە تەۋ ئاماندۇر ۋە سەلتەنەت زاھىرى چىراغى داغى مۇھەييايى سۇبھى زاۋالدۇركىم ئىقامەت تەلەبىن قىلماق ۋە ئىستىقامەت تەمەننىاسىن ئەيلەمەك مەھزى نادانلىقدۇر:

(بەيت)

كەتكۈڭ ئاخىر رىھلەت ئاھەنگىن تۈزۈپ ئى بولھەۋەس،<br>
بارچە قالغاي ئايرىلىب بارغاي نادامەت بىرلە غەم.

### بۇركۈتنىڭ ئۆزرى ھۇد ھۇدغە

قۇشدۇرمەنكىم ئاھۇيى تىز رەفتار ۋە كۆزەنى ئالى مىقدار چەڭگىم زورىدىن رەھالىغ تاپماغىغە ئىمكان يوقتۇر ۋە مۇشتەھىدۇرمەنكىم زامانى ئەتئەمە تەرەددۇدىدىن خالى ئىرمەسمەن، بۇ يول رەۋشىغە نىچۈك سازاۋەر بولغايمەن؟

### هۇد هۇدنىڭ جاۋابى بۇركۈتغە

ئى مۇقەييەدى رىشتەئى جىھاد ۋە ئى پەيۋەندى دامى شۇبەھات، ئى قانائەت فەننىدىن مەھجۇر ۋە تەمەئ شىۋەسىدىن مەغرۇر، بىلمەسمۇسەنكىم "ئەلقەنائەتۇ كەنزۇن لايەفنى" قانائەت گەنجىدۇركىم فەنا بولماس، يەئنى ئەبەدىلئاباد باقىدۇر. بۇ يەڭلىغ سۇد سەرمايەكىم قانائەت ئىچرەدۇر، تەۋەككۇل تەركىن تۇتماق بىرلە تۇئمە جۇيىاۇق ئەيلەمەك زەھى خەساسەت ۋە رەھى دانائەت بولغاي:

(بەيت)

تاغ كەبى تارت قانائەت ئەتەكى ئىچرە ئاياغ،<br>
دەۋر فەلەكدىن ساڭا بىر قۇرس ئەگەر شام يەتەر.

### كۇفنىڭ ئۆزرى ھۇدھۇدغە

تائىرى مەنكىم دائىمۇلئەۋقات ۋەيرانە ئارا مەسكەن تۇتماق بىرلە گەنج ئارزۇسىدىن دىۋانە:

(مەسنەۋى)

بۇ ئۇزۇن يولدا مىنى تۇتقىل مەئاف،
مەن كىمۇ جۇمرۇغ بىرلە كوھى قاف؟

هۇدهۇدنىڭ جاۋابى كۇفغە

ئى گۇرۇهى نە هۇسەت شۇئار ۋە ئى ئەنبۇهى شاماتەت ئەتـۋار، بۇ نە گۇمراھلىغ دۇركىم ئۇمىر تۇسانى سەرىئۇليۇسىردۇر. ۋە ئەجەل مەھمىزى سەخت قەھرىمانكىم تۇرفەتۇلئەيىن ئارا مەنزىلگاھ سىۋادىن نامايىش قىلۇر ۋە قاتىغلىق رەنجى ئىنسان باشغە تۇشەركىم بۇ مەنزىلدىن ئاسانلىغ بىرلە ئوتـمەك دىشـۋاردۇر. پاناھى يوقتۇركىم ياشۇنغاي ۋە كۇنجى تابىلماسكىم كىمىنگاھ قىلغاي. ئاخىرۇلئەمر فەنا ئاهەڭگىن تۇزمەكدىن ئوزگە چارە تابىلماس ۋە مەرگ شەربەتىن چەكمەي ئىمكان بولماس:

(بەيت)

دەهر بوستانى ئارا نازۇك نىھالى كورمەدۇك،
سايە يەڭلىغ بولماغان يەر بىرلە يەكسان ئاقىبەت.

بۇ نەۋئى دىشۋارلىغلاركىم ئادەم باشىدادۇر، دۇنيا ئەرۇسىن ئىستەمەك بىرلە تۇلى ئەمەل رىشتەسىغە بەند ۋە ھىرس ھاۋا قەيدىغە پەيۋەند بولماق ئەقلدىن ئىرمەس:

(بەيت)

قەفەس قەيدىدادۇر بۇلبۇل، بۇكىم ۋەيرانە تۇتمىش چۇغىز،
ۋافاسى يوق ئىكەننى بىلدى گويا ئەهلى دۇنيانىڭ.

هۇمانىڭ ئوزرى هۇد هۇدغە

قۇشى مەنكىم سايەم شارافەتىدىن گادا شاھلىغ شارافەتىن تاپقاي ۋە شاهى مەنكىم يانا بىر شاهغا ئىهتىياج يوقتۇر.

هۇدهۇدنىڭ جاۋابى هۇماغە

ئى مەردۇدى ئەزەلى ۋە مەلئۇنى لەم يەزەلى، ئەيتۇرسەنكىم، قىلماغىم خۇشراق هاۋاـيى جىلۋەگاھ، بەرمەكىم شاهلارغا سايەمدە پاناھ، نەفس غارەتى ۋە روھ مەقهۇرلۇغىدىندۇرـ

كىم دىل مىرئاتىن ۋە كوڭۇل ئائىنەسىن مەئسىيەت دۇدى ۋە غەفلەت نەفسى تىيىرە ۋە مۇكەددەر ئەيلەمىش بولغاي، مۇرشىدى كامىل ئىرشادى ۋە پىر مۇكەممەل تەۋەججۇھى شۇئلەسى خاكىستەرىدىن ئايىرۇ رەۋشەن ۋە هۇۋەيدا نامايىش قىلماس.

## تاۋۇغنىڭ ئۇزرى هۇد هۇدغە

قۇشى مەنكىم لەھىنىم سەۋتى ۋە سەۋتىم لەھىندىن ئۇلۇس قۇلاغىغە ئاسايىش بەلكى خالايىق سامىئەسىغە ئارايىش يەتكەيكىم مۇسافىرەت ئىختىيارىن قىلماسمەن.

## هۇد هۇدنىڭ جاۋابى تاۋۇققە

ئى شەھۋەتپەرەس گۇمراھ، ۋە ئى مەئمۇرى نەفسى بەدخۋاھ، بىلمەسسەنكىم دەھىر ئىشى بى ئەنجامدۇر. مەغرۇرى نەفس هاۋا ۋە مەفتۇنى جىنىس ماسىۋا بولماق ئەھلى خىرەد ئايىنى ئىرمەس، قۇشلار ئۇز نىسبەتلەرىن سىمۇرغغە هۇدھۇددىن سورىغانلارىكىم بارىگاھىدۇر ئەزىمۇششەئىن، ئەرش كىشۋەرى ۋە كۇرس ئەرسەسى ئۇنىڭ ئالىدا فەرشىدۇر ھەقىرۇ خىشتىدۇر. خەسىسكىم، ئەقىل ئىدراك رىشتەسى ۋە فەھىم تەسەۋۋۇر كەمەندى خىش-تى پايەسىغە باش يەتكۇرمەكدىن ئاجىز ۋە ئاتىلدۇركىم بۇ گۇرۇھى گۇمراھ ۋە بۇ ئەنبۇھى بى دەستىگاھ قەترەئىدۇر، مەۋھۇم ۋە زەررەئىدۇر. نامەئلۇمكىم بۇ دەريايى زەخخار جانابىغە يەتمەك تەخەييۇلىن قىلماققا نىسبەتى مەئلۇم ئىرمەس. تاكىم قەدەم قويغاي ۋە بائىسى كورۇنمەسكىم باتاھاشا يول يۇرگەي.

## هۇد هۇدنىڭ جاۋابى

ئى ئەزىمى راھ ۋە ئى جۇيەندە شاھ بىچۇن ۋۇجۇدى خافا پەردەسى ئىچرە مەخپى ۋە مەستۇركىم ئۇز هۇسنى قىيدىمىن تاماشا قىلماق جەھەتىدىن ئائىنەئى ئىستەدىكىم «كۇنتۇ كەنزەن مەخفىيەن فەئەھبەبتۇ ئەن ئەئرەفۇ فەخەلەقتۇلخەلق» كىم ئول تەجەللى ئەنۋارغە مەزھەر ۋە ئول شۇئلە شەرارەسىغە مەنقەل ۋەجۇدى ئىنساندۇركىم مەسنۇئات ۋۇجۇدىدىن سانئ جانابىغە نىسبەت بۇلا ئالغاي، كوزگۇ رەۋشەن بەرراق نىچە قىلسا زوھۇر، زاھىر ئولغاي ئەكس ئانداغ سى قۇسۇر.

## قۇشلارنىڭ يول كەيپىيەتىدىن هۇدهۇدنىڭ سۇئالى

## هۇدهۇدنىڭ ئىشق ۋادىسىغا يول كورگۇزگەنى

(مەسنەۋى)

بەردى هۇدهۇد قەۋمىغە مۇنداق جاۋاب،
كىم بۇ يەكلىغ ئاكلاكىز رەئيى ساۋاب.

ئی سەر ھەلقەئی سالىكان ۋە ئی سەر دەفتەری کاملان، بىلگلار ۋە ئاگاھ بولوٗغلاركىم بوٗ يىۆل قەتئىن قىلماق ۋە مەقسەد سىۋادىغا يەتمەك سەخت دىشۋاردوٗر، ئەگەر ئىشقىكىم مەقسوٗد رىشتەسىغە پەيۋەند ۋە مەتلوٗب تارىغە بەند ئەيلەگەي، ھەر ئادەمكىم بوٗ كارگاھى ئەرش ئاستان خىلۋەتگاھىغە ئاياغ قويماق ئىستامىش بولغاي. ئاھ، سوز ۋە ئاتەشى دەرد ۋە جاھان فوروٗزوٗركىم دەلىلى ۋوٗسوٗلى رەئا ۋە سەرمايەئى ھوٗسوٗلى تەمەننادوٗر.

(بەيت)

ئەجەب ئىرمەستوٗر ئەگەر تاپتى گوٗھەری مەقسوٗد،
بىرەۋكى بولدی فانا ئەشكی بەھرىدە غەۋۋاس.

يولدوٗركىم كوٗفىر زوٗننارى ۋە كەلىسا سەنەمى ئىمان سەفھەسى ۋە ئىسلام سەججادەسىدىن بىھراقدوٗركىم ناقوٗس سىمائى ۋە بوٗت سىۆجوٗدى سەھل ئىشدوٗركىم موٗسھەف ئەۋراقىن دەير ئوتى شوئلەسىدىن ئورتەر، كوٗفىر دوٗدى ۋە ئىمان نۆرىدىن تەفرەقە مەئلوٗم ئىرمەس:

(مەسنەۋی)

موٗغ دەيری ساری بوٗگوٗن تەمەننا قىلدىم،
دىن نەقدىنی كوٗفىر بىرلە سەۋدا قىلدىم.

**شەيخ سەنئان ھىكايىتىدە كىم**

(مەسنەۋی)

شەيخ سەنئان ۋاسلى دەرگاھ ئىدی،
كوٗڭلى غەيب ئەسرارىدىن ئاگاھ ئىدی.

كىچە ئەردىكىم خوٗاب بىداری ئارا كوٗڭلى كوزگوٗسى ۋە روھى ماراقی ئىچرە بوٗ ۋاقىئە ئەكسى جىلۋەگەر بولدی. ناگاھ روٗم مەملىكەتی شەھرىستانىن سەير قىلماقدىن دەيری نامايىش بولدی ۋە ئول دەير تاماشاسىن قىلماق بىرلە مەھ جەبىنی نامايان بولدىكىم شەيخ ۋوٗجوٗدىن ئورتەمەك بىرلە كوٗلىن كوككە ساۋوٗردی، نەچە مەرتىبە ئەردی بوٗ سوٗرەت زوھوٗرغە كەلدی. ئەلھاسىل ئىشق ئوتی تىز ۋە ھىجر شوئلەسى شارارەخىز بولدی. ئىشق غايىتی ۋە دەرد ناھايىتىدىن ئول دەير ئەزىمەتىن قىلدی. ناگاھ دەير دەرىچەسى زەيلىدىن پەری چەھرە كوروٗندی.

شەيخ ۋۇجۇدىن فانا بەرقى شوئلەسى ئورتەدىكىم ھۇشىدىن ئەسەرى باقى قالمادى ۋە ۋەسل ئەددئاسى زاھىر قىلىپ ئەردى ئول كافىر خۇنخار ستەمكار، جاپا پىشە، دىلئازار بويۇردىكىم، ئاشىقلىق مەزھەبىدە شارائىتلاردۇركىم ئۆزلۈك مۇسھەفىن خۇدنەمالىق كالامىن ئورتەگەي ۋە كۇفر زۇننارىن چەككەي ۋە سەنەم سەجدەسىن تۇزگەي ۋە خۇكبانلىق شىۋەسىن كورگۈزگەي. ئاندىن سوڭ ۋەسل گۇلشەنىدە ئەبىدئابەد مەيخۋارلىق قىلغاي. شەيخ، سەنەم شارائىتىن ۋۇقۇئغا كەلتۇردى ۋە ساجىدىيەت سەنەم شوھرەتىن كوتەردى:

(مەسنەۋى)

شەيخ كۈندۈز گىلەدىن ئاگاھ ئىدى،
كىچە مەنزىلگاھى ئاتەشگاھ ئىدى.

كىچە تاڭ ئاتقۇنچە ئوت ياقماق ئىشى،
كۇفر ئوتىنى رەۋشەن ئەتمەكدۇر ئىشى.

ئاخىر ۋەسل مىئراجىغە ئاياغ قويدى، ۋىسال گۇلچەھرەسى ئىلكىدىن ئىتتىھاد بادەسىن چەكتى. مۇراد دەير ئەرسەسىدىن بۇ بۇلا ئالغايكىم ۋادىئى ئىشقدۇر. ئىشق ۋادىسىداكىم كۇفر زۇننارى ۋە خاھ كەلىسا سەجدەسى ۋە خاھ سەنەم سەجدەسى. خاھ ئىمان سەفھەسى ۋە ئىسلام سەججادەسى ۋە دىن خىرقەسى بارابەردۇركىم، بۇ يول قەتئىدە دىن ئىسلام كەيپىتىدىن سور دىمەك ۋە ئىمان ئايىنىدىن تارانە تۈزمەك كۇفر مەھزدۇر. مەجۇسى شوئلەسى ئىمان ئەنۋارى پەرتەۋىدىن ياخشىراق بولغاي. ئاندىن سوڭ كەئبە سارىغە يۈز قويدىلەر. كەئبە يولدا ئول مەھلىقا روھۇللا بىشارىتىدىن شەيخ جانابىغە يەتتى:

(غەزەل)

بەلكى ئۆلكىم ئۆرار تۈنلەر فانا دەيرىدە ئوتلۇغ ئاھ،
تۈزەتكەي ۋەسل جامىن چومگەلى ئىجلاس رۇھۇللاھ.
نە يولدۇر ئاللاھ - ئاللاھ ئىشقىنىڭ نائازمۇن دەشتى،
ئىمەستۇر كىرگەن ئىبل ئىمان، كۇفر - شىركدىن ئاگاھ.
ئۇ شەربەت پەرەست كافىر مەست مۇدام ئولماق.
نە ئىشدۇر گەر زامانى ۋەسل دەيرىن قىلسا مەنزىلگاھ.

(مەۋئىزە)

بىلمەك كىرەككىم ۋافا نەسىمى ۋە مىھر شەمىمىدىن يوقتۇر ۋە جاھان گۇلشەنىدىن ئىزھار ئىلمىن كۇتەرمەك مۇمكىن ئىرمەس. ئەجەل سەيياھلارى ھاياسىزلىغىداكىم رەئايەت تەرىقىن بىلمەس. ۋە مەرگ سەييارەلەرى بى ئارلىغىداكىم ئىئانەت روسۇمىن تۇتماس:

(بەيت)

يۈز قەدەھ قىلغىل مۇرەسسەكىم چىكەرسەن جامى مەرگ،
ھېچكىم خۇد تابمادى جەمشىددىن ئەفزۇن قەدەھ.

نه شاھ باقىدۇر ۋە نەگادا، ۋە نە تاۋانگىر باقىدۇر ۋەنە بى مۇددەئا، ئاخىرۇلئومر قەبر سەرمەنزىلىن ياستانماقدىن ئۆزگە چارە يوقتۇر ۋە گور خاكبۇسلىغىن ئەيلەمەكدىن باشقا ئۆزر مەقبۇل ئېرمەس:

(مەسنەۋى)

ئىنان بىميان باھانەئى بۇد،
ۋىن گۇفتەنى مافاسانەئى بۇد.

مانىز ىدەرد داغى ئەنبۇھ،
ئەزپەيى سرەۋىم ناسەد ئەندۇھ.

ھەركەس بە باھانەئى ئەزىن باغ،
چۇن لالە گىرىفت بەر جىگەر داغ.

**قۇشلار پىشۋالىقىقا قۇرئە سالغانى ۋە ھۇد ھۇد ئاتىغە چىققانى بۇ گۇرۇھى ئەھلى ئىشقىم مەھبۇبى ھەقىقى يولىدا دىۋانەۋار كەزمەكى ۋە رەھبەرلىق جەھەتىدىن تەرەددۇد قىلماغى**

(مەسنەۋى)

چۇن ئۇلارغا ھۇد ھۇد ئولدى پىشۋا،
يولنى قەتئ ئەيلەرگە قىلدىلەر ھاۋا.

قۇشلارنىڭ سۇئالى ئولباداكىم بۇ يول فەزاسى ۋۇسئەتى ھەددىن فۇزۇندۇر، خالىلىقىغە سەبەب نە بولغاي؟

**ھۇد ھۇدنىڭ جاۋابى**

ئۇلۇس غەۋغاسى ئىززۇ جاھ ئالالاسىدىن يىراقدۇركىم بۇ يول ئارا جاھ جالال ئەھلى، ئىززۇ ئىستىغنا خەيلى كىرمەككە ھەد ئارا يوقتۇر. خالىلىقىغە سەبەب بۇ بولغاي:

قۇشلارنىڭ سۇئالى ئولباداكىم مەقسەد ساۋادى ئۇزۇندۇر ۋە مەتلەب مەملەكتى يىراق. زامانى ئارام ئالغايمىز. دان ۋە سۇ رەنجىن مۇندەفئ قىلماق بىرلە يول يۇرگەيمىز. تاكىم خاۋاتىر خۇتتۇرىن ۋە خىيالات ئەۋھامىن رەفئ ئەتمەك بىرلە فارىغۇلبال تەيىيى مەنازىل قىلغايمىز.

**قۇشلارنىڭ سۇئالى ھۇدھۇددىن بۇ باپداكىم:**

بال ۋە پەر تەرتىبىدە سەر بەسەر بەرابەردۇرمىز، راھبەرلىك دەۋلەتىغە مۇشەررەپ بولماغىڭغە بائىس نە بولغاي ۋە سەبەب نەدۇر؟

**ھۇد ھۇدنىڭ جاۋابى**

بىلمەسەڭكىم سۇلايمان ئەلەيھىسسالام نەزەرىغە مۇشەررەپ بولغان بولغايمەن. بۇ تاجى ھىدايەتكىم مەندەدۇر، سۇلايمان ئەلەيھىسسالام نەزەرى شارافەتىدىندۇر. سۇلايمان كېرەككىم ھىدايەت تاجى قويغاي:

(مەسنەۋى)

هەق تائالا كىمسەگە ئەيلەب نەزەر،
هەم رەسۇل ئەيلەب ئىدى هەم تاجۋەر.

بۇيلە ساهىب دەۋلەتۇ ساهىب سەرىر،
ئىلتىپاتىن تاپتى مەن يەگىلىغ فەقىر.

ئاندىن ئولدى بۇ قەدەر ئىززەت ماڭا،
باش ئۇزە بۇ ئەفسەرى رىفئەت ماڭا.

يانا بىر قۇشنىڭ سۇئالى بۇ بابداكىم:

يول قاتىغدۇر مەن زەئىف ۋە ناتاۋان،
پەشە ئەنقاغە بۇلا ئالماس راۋان.

هۇد هۇدنىڭ جاۋابى

ئى سالىكى راھ سىلمەسسەنكىم بۇ يول قەتئىدا جان تەركىن قىلماق ۋە ئۆز ۋۇجۇدىن نابۇد ئەتمەك مەقسۇد ئەسلىدۇركىم، مۇندىن ئۆزگە ئاسايىش يوقتۇر:

(مەسنەۋى)

زۇئفىڭ پايانى بولسا تەركى جان،
ئۇيلە ئولمەكگە فىدا جانۇ جاهان.

يانا بىر قۇشنىڭ سۇئالى

قۇشدۇر مەنكىم مەئسىيەت بەهرى ۋە ئىسيان دەرياسى ئىچرە غەرق بولغانكىم:

(مەسنەۋى)

پاك ۋەسلىغە كېرەكدۇر پاكلىغ،
يوقكى لەۋسى جۇرم ئىلە بى باكلىغ.

(بەيت)

لەهۋە ئىسيان بىرلە ئوتتى ئومىر، هېچ ئىش قىلمادىم،
ئوت چۇشەر جانىمغا، زىكرى فەسلى ئەييام ئەيلەگەچ.

هۇد هۇدنىڭ جاۋابى

بىلمەسسەنكىم، ئومىر ئىشى بى باقادۇر، دەهر گەردىشى بى ۋافا، جاهانكىم مەنزىلى ئىقامەت ئېرمەس. هەر خۇشەكىم دەهر مەزرەئىدىن باش تارتقاي، ئاخىرۇلئومر ئەجەل

داسىدىن رەھىالىغ تاپماغىغە ئىمكان يوقتۇر. بۇ نەۋئى جەرايىم دۇدىدىن باتىنى ئائىنەسى تىيىرە ۋە مۇكەددەردۇر. ۋاي ئۇل ئادەمغەكىم بۇ يەكىلىغ رەھىلەت كورگۈزگەي ۋە تەۋبە خاكىستەرىدىن باتىنى كوزگۇسىن ئىرتماغاي. "ئەتتائىبۇ مىنەززەنبى، كەمەن لازەنبە لەھۇ" ھوكمى بىرلەكىم ۋارىددۇر. تەۋبە شۇئلەسى بىرلە ئىسيان خەس - خاشاكىن مەئدۇم ۋە مۇز - مەھەل قىلماغاي، ۋە تائەت تەرىقىن تۇزمەگەي ۋە غەفلەت چاھىغە تۇشكەي. زۇھىد سەترى ۋە ۋەرەئ پەردەسىدىن ئۇزگە ھىجابى يوقكىم، دەۋزەخ ئوتى زەبانەسىغە دەفئ تۇشكەي:

(بەيت)

ھۇللەئى تائەت ئىتەر دەۋزەخ ئوتىن دەفئ،
يوق ئىبرسە ئۇل ھارارەتغە نە دەفئ، كەفنىڭ گەرچە كەتاندۇر.

ئادەم ئەلەيھىسسالام ھىكايەسىدەككىم (ئەسلى كىتابدا مەزكۇردۇر.)

**يانا بىر قۇشنىڭ سۇئالى**

ئادەم ئەۋلادىنى قىلمايدۇر ئىلاھ،
ئۇيلەكىم ئاندىن باش ئۇرمايدۇ گۇناھ.
بولمىسا سەندىن گىنە ئەي بى خەبەر،
ئەفۇ، رەھمەت كىمگە بولغاي چارەگەر.

**ھۇد ھۇدنىڭ جاۋابى**

يەئنى مەئرىفەتى نەفس روھكىم ئىنسان زاتىدا پەيدا، ھەر لەھۋە ئىسيان جانىبى ۋە فىسق - فۇجۇر تەرىپىغە راھبە نەفسدۇركىم، روھ ئەجزىدىن بولغاي. بۇ دەرد داۋاسى ۋە بۇ مەرەز ئىلاجى رىيازەتتۇركىم بۇلار ئەمرازى مەئدۇم ۋە مۇزمەھەل بولغاي روھ قۇۋۋەت تاپقاي:

(مەسنەۋى)

بۇ مەرەز تابمىش رىيازەتتىن ئىلاج،
كىم كىشگە مۇستەقىم ئولغاي مىزاج.

ئەبۇ تۇراب نەخشەبى ھىكايىتىدەككىم، رىيازەت جەھەتىدىن مۇلەۋۋەنلىك ئەلەمىدىن قۇتۇلدى ۋە ئاندىن سۇبۇكبارلىغ بىرلە بۇ يول قەتئىن قىلدى.

يانا بىر قۇشنىڭ سۇئالى بۇ بابداكىم، نەفسكىم ئەدۇۋى ئەزەلى ۋە دۇشمەنى ئەبەدىدۇر. ئۇنىڭ ئەمرىدىن تەخەللۇف قىلماغىمغە ئىمكان يوقتۇر:

(مەسنەۋى)

بۇيلە يولدا دۇشمەن ئولسا ئول ماڭا،
تەي نچۇك بولغاي بۇ قاتتىغ يول ماڭا.

### هۇد هۇدنىڭ جاۋابى

ئى هەردىس بىباك ۋە ئى نادان ناپاك ئەفسۇسكىم ئومىر قوياشى زاۋال مەغرىبىغە يەتمەك بىرلە كۇسۇف تەرەددۇدىن قىلىبدۇر. ۋۇجۇدكىم فانا لەهەدى بەلكى ئەدەم تۇفراغىغە يانماق فىكرىن ئەيتىبدۇر. ئەجەل سەرهەنگى كەمەنگاهىدادۇركىم نامىهرىبانلىغ مەهىزىمى ۋە بىۋەفالىغ تازىيانەسى ئىلكىدەدۇر. ئاخىرۇلئەمر قەهرىمانلىغ شىۋەسىن تۇزگەي ۋە بىرەهملىغ رۇسۇمىن كورگۇزگەي، ئىلاج پەزىر ئىرمەسكىم قۇتۇلغاي، بۇ نە گۇمراهلىغدۇركىم:

(بەيت)

ياشىڭ ئەللىككە چۇ يەتتى يانا ئىلىكدىن ئىماس،
ياعلىق تەگرىگە ۋۇ ئەمرىگە نا فەرمانلىق.

(مەسنەۋى)

تىفلى ئىكەندە خۇد ئەنىڭ زارى ئىدىڭ،
لەهۋ ئىلە غەفلەت گىرىفتارى ئىدىڭ.

قىرىغاندا خۇد يىتىشتى ۋەرزىشىڭ،
فىسق ئىسياندا تامام بولدى ئىشىڭ.

ئومرۇڭ ئوتتى غەفلەت، ئىسيان بىلە،
يەتتى ئولمەك يۇز تۇمەن ئارمان بىلە.

### يانا بىر قۇشنىڭ سۇئالى

يەئنى تالىبىنىڭ مۇددىئاسى ئىزهارىن ئەيلەمەكى، زامانى شاياتۇن مىكر-هىلەسى ۋە ئىبلىس لەئىن تەزۋىرىدىن خالى ئىرمەسمەن:

(مەسنەۋى)

باشىمە هەر لەهزە سالۇر يۇز خىيال،
كىم ئىمەس ئاندىن قۇتۇلماق ئىهتىمال.

### هۇدهۇدنىڭ جاۋابى

ئى مەئمۇر نەفسى دۇن، ۋە ئى مەهكۇم ئەمماره زەبۇنى بىلگىلكىم، نەفس غەلابىتىدۇر بۇ يەڭىلىغ خۇتۇرات جىسمانى ۋە تەخەييۇلات شەيتانى تەسەۋۋۇرىن قىلىدۇرغاي، ئەخلاق، زىممەئىكىم ئۆز ۋۇجۇدۇڭدادۇر. ئىبلىسدۇر، قەۋى تەۋبە ۋە ئىستىغفار ۋە هوزۇرى مۇرشدى كامىل بۇلار چىركىندىن ئارتقاي ۋە مەقسۇد سەر رىشتەسىغە ئىلتكەي.

### يانا بىر قۇشنىڭ سۇئالى بۇ بابداكىم:

(مەسنەۋى)

دىدى بىر سائىلكى: ئى فەررۇخ جامال،
كوڭلۇمە بىهەد مۇهەببەت سالدى مال.

هەرىس مەنكىم سائىتى بىدەرەم كۆلفەتىگە تاقەت يوقتۇر.

### هۇدهۇدنىڭ جاۋابى

ئى گۇرۇهى گۇمراه ۋە ئى هەرىس بىئىنتىباه، بۇ بى شەرمىلىكدۇركىم دۇنيا ئەهۋالى شەبنەمىدۇر، بالا سەبزەسى ئۇزره تالىبى مىهر زاۋالدۇركىم بى ۋافادۇر. بۇ نەۋئى بى بۇنياد ئەهۋالىغا كوز سالماغاي. خۇداۋەند بى زاۋال ۋە پەرۋەردىگار لايەزال دەرگاهىدىن تەۋفىق تەۋقىئىن ۋە هىدايەت تەمەنناسىن قىلماقكىم مەقسەد سارىغە يەتكۇرۇر. گەۋهەرى مەقسۇد چۇن ۋابەستەئى تەۋفىق ئىرۇر دىسە بولماسكىم مۇنىڭ سەئيى ئەنىڭ ئىهمالى بار.

### يانا بىر قۇشنىڭ سۇئالى

(مەسنەۋى)

دىدى بىر سايىلكى ئى ئۇلۇي خىرام،
مەسكەنىمدۇر بىر بىهشت ئاسا مەقام.

بۇ تەرەبلەرنى قويۇب ئەيلەب هاۋا،
ئىستەمەك سىمۇرغ بولغايمۇ راۋا.

ئەهلى هەرىس ۋە ئەهلى دۇنيالاردىندۇركىم هەرىسغا يەتتى ۋە ئاز ناهايىتىدىن بۇ يول قەتئىن خوپ كورمەس.

هۇد هۇنەك جاۋابى

ئى سالىكى بى خەۋەر بىلمەس سىزلەركىم ۋەفا گۇلى بۇيىدىن ئەسەرى مەئلۇم ئىر-مەسكىم دەھر چىمەنىدىن زوھۇر قىلغاي ۋە باقا ۋەردىدىن شەممى بىلىنمەسكىم جاھان گۇلشەنىدىن ئافىيەت دىماغىغە يەتكەي. بۇ نەۋئى رەھمىسىزلارغا كوڭۇل بەرمەك زەھى بى خىرەدلىغ ۋە زەلھى بى فەھمىلىكدۇركىم:

(بەيت)

دەھرنىڭ بىگانەۋەش زالىغا بولما ئاشنا،
كىم سىنى تا ئاشنا ئەتتى ئۆزى بىگانەئىدۇر.

يانا بىر قۇشنىڭ سۇئالى

ئاشىقمەنكىم مەھبۇب دىلناۋازغە ۋە نىگار ئىشۋە پەرداز فۇرقەتىغە ئىمكان يوقتۇر:

(مەسنەۋى)

ئايرىلا ئالماسمەن ئاندىن بىر زامان،
ئاندىن ئايرىلماق هامان ئۆلمەك هامان.

ئاشىق مەجازىدۇركىم ناھايىتى بى ئاساس ۋە غايىتى بى بۇنياددۇر. هوسنى زاھىرىكىم خۇنى بەلغەم جەھەتىدىن بولغاي ئاخىر ۋەيراندۇر.

هوسن زاھىرنىڭ ۋەفاسى يوقتۇرۇر،
هەم سەباتى هەم باقاسى يوقتۇرۇر.

ئاشىق شەيدالىغىغا ئەرزىمەس، ئىشقىدىن رەسۋالىغىغا ئەرزىمەس، ئاشىقلىق رەسمى ۋە مەئشۇقلۇق ئايىنى بۇ بۇلا ئالغايكىم ئەبەدىل ئاباد هوسنى ئارايىشىغا فۇتۇرى هادىس بولماس ۋە كامال قۇياشىغە قۇسۇر يول تاپماس:

(مەسنەۋى)

ئانى سوي، هوسنىكىم بولغاي بەركامال،
بولماغاي مۇمكىن قۇياشىغە زاۋال.

**يەنە بىر قۇشنىڭ ئەرزى**

بۇ يولكىم شەدائىدى تەئرىفىن ئاڭلانۇر ۋە مىهنىتى تەۋسىفىن ئىشىتىلۇر:

(مەسنەۋى)

خەۋف مۇستەۋلى، مەن بىھەد زەئىف،
بۇيىلە يولغە نە دەپ ئولغايمەن ھەرىف؟

**ھۇد ھۇدنىڭ جاۋابى**

ئى دەرىخا، ھەر ئادىمىكىم غەيىپ ئالەمىدىن شاھادەت ئەرسەسىدە جىلۋە قىلۇر ۋە ھاياتلىق لىباسىن ۋۇجۇد قامەتىغە تارتار، خاھى دەھ ئومرى تابسۇن، ۋە خاھ فەرىددۇن شەۋكىتى ئەلەمىن كوتەرسۇن ۋە خاھ قارۇن ئەمۋالىغە ساھىب بولسۇن. ئاخىرۇلئەمىر بۇ دارىخانا فازاسىدىن رەخت تارتمايىن ئىمكان يوقتۇر. روسۇلى بۇ ۋەرتەدىن چىقائالماس ۋە ئەۋلىيا گۇرۇھى بۇ رەۋىشدىن ئوزگە چارە تاپا ئالماس:

(مەسنەۋى)

ۋەھم قىلماقدىن قۇتۇلماق يوقتۇرۇر،
قايغۇرۇب ئازاد بولماق يوقتۇرۇر.

رىشۋە بەرمەك بىرلە يوق ئازادلىغ،
ھەم قىلۇر خەيلى ئەجەل جەللادلىغ.

ئەۋلا ئولكىم دەم غەنىمەتىدۇر. بىر دەۋلەتخۋاھ ئالىدا بويۇن سۇنماق بىرلە سۇلۇك يولىن كەزمەك ۋە مەھبۇب ھەقىقى ۋىسالىغە يەتمەك ھاياتى ئەبەدى ۋە ئومر جاۋدانىدۇركىم ئاندىن ئوزگە يوقتۇر:

(بەيت)

دىمىڭنى ئاسرا ئى ئىساكى رەنجىم دەفئىغە بىر كۇن،
غىزا ئول ئاي قىلىچى زەخمىنىڭ بىر قەترە قانى بەس.
سەنۇ ھەيۋان سۇيى ئى خىزىرى تۇتقىل تەركى جانىمكىم،
ماڭا يار ئالىدا ئولمەك ھاياتى جاۋىدانى بەس.

**يانا بىر قۇشنىڭ سۇئالى ھۇد ھۇددىن**

دايىمۇلئەۋقات مەغمۇمدۇرمەنكىم زامانى شادلىغ كورمەسمەن؟

(مەسنەۋى)

يول بارۇرغە خاترى خۇررەم كېرەك،
دەھرى رەنجىدىن مەلالەت كەم كېرەك.

**ھۇد ھۇدنىڭ جاۋابى**

(مەسنەۋى)

دىدى ھۇد ھۇد كى نەۋەندى غەم سەرشت،
زاتىڭە غەمدىن باھانە سەر نەۋشت.

ئى كەھۇلەت دەسار باھانەجزي، ئى سەھۇلەت ئەتـۋار مەككار خـۇي، بىلمەس سەنـ-
كىم تەلەب ۋادىسى ۋە ئىشق بادىيەسى يـولىدۇركىم غـەم فوتۇرى ۋە ئەلەم حـۇتۇرى زادە
راھدۇركىم بۇ يول رەۋشىدا غەمدىن ئۇزگە كارغە كەلمەس:

(مەسنەۋى)

غەمدىن ئەيلەرلەر ئىرەنلەر شادلىغ،
بۇ مۇقەييەدلىغ دۇرۇر ئازادلىغ.

غەم يېرىدۇر مىھنەت ئابادى جاھان،
ئاندا ھەر نەۋئ ئېلگە بىر غەمدۇر ئايان.

سۇبھانەللاھ! نە ئەرسەئى ۋەسئ ۋە نەراھى مۇنغدۇركىم زەررە ئەلەمىن جانى جاھان
شادلىغغە بىرىلمەس ۋە نۇقتەئى ئەۋھامىن دۇنيا ۋە ئۇقبا ئەيشى ناشاتىغە مۇئاۋىزە قىلىنـ-
ماس. ھەر جىنىسكىم بۇ يـول فـازاسىدا جان تەركىن قىلۇر ۋە ھەر ئادىمىكىم بۇ مەسلەك
ئەرسەسىدا جان گۇزارلىغ ئاھەنگىن تۇزەر. ئەبـەدى ئەيىش ساغـەرى ۋە نەشات بادەسىدىن
مەست مۇستەغرەقـدۇركىم غـەم ئىـلـكى ۋە ئەلەم پـەنجەسى ئۇلار شادلىغى دامىنىغە دەست
دارازلىق قىلماقدىن كۇتاھدۇر. ئەگەرچە زاھىرەن مەغمۇمدۇرلار.

(رۇبائى)

دىسەڭ گەر قايغۇدىن ئازاد ئۇلاي جەيىب ئىچرە پىنھان،
ئول سەراپا ۋەرد يەڭلىغ مۇز تەرىب مىزرابى ئەفغان،

ئۇل "سەبۇرى" يەگلىغ ئەتسەك مۇددىئا ئەيشى داۋام،
ئەتمەك غىرىب ئۇل خاكسار، ئۇل خانە ۋەيران پەرىشان.

ئۇل ئىلاھى زاتىنىڭ ھۆرمىتىكىم مۇمكىنات خەلقى ۋە مۇكەۋۋىنات فىترەتى ئۇنىڭ ۋۇجۇدى تۇپەيلىدۇركىم ئالەمى غائىبەئى ئىجادى ئالەم ۋە باھانەئى ۋۇجۇد جىنسى ئادەم سازاۋەر تەۋسىفى «ۋەززۇھا ۋەل.لەيلى ئىزا سەجا» ۋە لايىقى تەئرىفى «ماۋەددە ئەكە ۋە ماقەلا» بۇ بەندەئى كەمتەررىنىكىم مەھبۇس زىندانى زالالەت ۋە غەرىقى دەريايى مەئسىيەتدۇر، رەھالىغ تابماغىغە ئىمكان يوقتۇر ۋە ئىسيان كۇفرى قاراڭغۇلۇغى ئارا گۇمراھ ۋە ئاتىلدۇر-كىم ھىدايەت ئەنۋارى پەرتەۋى ۋە رەھمەت پەرتەۋى ئەنۋارىدىن شەممەئى يەتكۈرمەك بىرلە بۇ يول رەۋشىغە سەزاۋەر قىلغايسەن ۋە جارايىم سەھايىفى ئەۋراقى خۇتۇتىن ئەفۋە-گەرلىكىدىن زايىل ۋە نابۇد قىلماق بىرلە مەقسەدى ئەقسايى ئەربابىدىن ۋە مەتلەبى ئەئلائى ئەسھابى يەقىنىكىم بۇ كارى ئۇزما ئاقىبەتىدۇر، روسۇل كەرەمىن قىلغايسەن.

**يەنە بىر قۇشنىڭ سۇئالى ھۇدھۇددىن**

ئۇلبابدا كىم:

(مەسنەۋى)

مۇنتەزىرمەن ئەمر ئىلە فەرمانىغە،
يوق مۇقەييەد قەھر ئىلە ئىھسانىغە.

ھەرنە ئەمر ئەتسە تاپارمەندىن ھوسۇل،
ئۇل بىلۇر گەر رەد قىلۇر ياخۇد قوبۇل.

**ھۇدھۇدنىڭ جاۋابى**

ئەى زاھىدى بىناۋا ۋە ئەى ئابىدى بىمۇددەئا! بىلمەسسەنكىم ئۇبۇدىيەت تەرىقىن تۇتماق زەھى سائادەتدۇر. لېكىن شوھرەت كوسىن ئۇرماقدىن مەئدۇم ناچىر بولغاي.

**يەنە بىر قۇشنىڭ سۇئالى**

(مەسنەۋى)

يەنە بىر سائىل دىدىكى سەرەفراز،
كىمكى بولدى ھەق يولدا پاكباز.

نەفئى ئانىڭ ئىدۇر ئىزھار ئەيلەگىل،
چۈن ماڭا مۇبھەم ئېرۇرسەن شەرھ قىل.

ھەر ئالى نەھادىكىم بۇ يول قەتئى ھاۋاسىن قىلغاي:

تابسا بۇ دەۋلەتنى ھەر ئالى نەھاد،
مۇندىن ئارتۇق يوق تۇرۇر بۇ يولدا زاد.

تائەت ۋەزىيان ۋە سۇد بەلكى بۇد نابۇدىن فەنا ئاتەشكە دەسىدە ئۇرتەگەي، كۆلنى ساۋۇرغاي فەناغە سەربەسەر، ئول سۇفەتكىم قالماغاي ئانىدىن ئەسەر. ئانىدىن سوڭ مەقسەد ساۋاھىلى يېقىندۇر ۋە مەتلەب سەۋادى نامايىش قىلۇر، كۇفر زۇننارى ۋە ئىسلام سەبھەسى تەركىن قىلماق، يەئنى ئۆزلۈك قەيۇدىدىن بىلكۇل چىقماق بىرلە يول يۇرگەي، مەقسۇد رىشتەسىغە ئىتتىسال تابقاي:

(مەسنەۋى)

ئۆلكى دەرلەركىم سۇلۇك ئەھلىغە يول،
بىر قەدەمدۇر ياخشى ۋاقىف بولسە ئول.

ئول قەدەم بۇدۇركى يوقۇ بارىنى،
ئۆرتەگەيكىم قويماغاي ئاسارىنى.

بۇ قەدەم قويغاچ يېتەر مەتلۇبىغە،
ھىجر بارىب قاۋۇشۇر مەھبۇبىغە.

بىقەدرى ئىمكان ئۆزلۈك تەركىن تۇتماق ۋە دىۋانەۋار يول يۇرمەك ۋە پىر دەۋ-لەتخۋاھ ئىستەمەك:

(بەيت)

بول سەفا ئەھلىغە ھەمدەم يار ۋەسلىن ئىستەسەڭ،
ئەكسى سالغايمۇ ساقى بولماغۇنچە بادە ساف.

**يەنە بىر قۇشنىڭ سۇئالى**

قۇشمەنىكىم ھىممىتىم پايەسى چەرخ ئەۋجىدىن بەلەند، ۋە گەردۇن مالاقىدىن ئالىدۇر:

(مەسنەۋى)

گەر بۈيۈك ھىممەتنىڭ ئىلگە نەفئى بار،
ماڭا نەفئى ئولماق كېرەكدۇر ئاشكار.

مەن زەئىف ۋە ھىممەتىم بىھەد قەۋى،
سوز بۇ مەئنىدا نە ئەيتۇر مەئنەۋى؟

ھۇد ھۇدنىڭ جاۋابى

ئەي ئەھلى تەرىق ۋە ئى مەستانە بادەئى تەھقىق بىلگىلكىم ھىممەت نەفئىى ۋە ھەمىيەت فائىدەسى مۇندىن ئوزگە ئېرمەسكىم، بۇ يول رەۋشىغە لايىق ۋە سازاۋەر بولمىش بولغايسەنكىم، ئاخىرۇلئەمر ۋىسال سەرھەددىغە ئاياغ قويىماق بىرلە دەۋلەتى ئەبەدى ۋە سائادىتى سەرمەدى شارافىتىن تابقايسەن:

يانا بىر قۇشنىڭ سۇئالى

ھەر ئادىمىكىم ئىنساف كويىدا مۇقىم ۋە دىيانەت ئەرسەسىدا مۇستەقىم بولسا تەلاقى نە بولغاي ۋە ئىۋەز نە ھاسل ئەتكەي.

(مەسنەۋى)

بۇ سۇفەتكە ئولكى بولغاي نىسبەتى،
بارمۇ ئول ھەزرەتدە ئانىڭ قۇربەتى؟

ھۇد ھۇد نىڭ جاۋابى

ئى بىھتەرى ئەھلى بىنىش ۋە ئى مىھتەرى سائادەت كىش:

بۇ سۇفەت كەلدى ئىرەنلەرنىڭ ئىشى،
بۈيلە بۇ دەۋلەتغە يەتمەس ھەركىشى.

ئادەم ئېرمەس ئولكى نا ئىنسافدۇر،
ئادەم ئىنساف ئىستەمەس ناسافدۇر.

ھەر ئادىمىكى ئىنساف، دىيانەت بىرلە مۇتتەسىپدۇر، ئالامەتى سائادەت بولغاي ۋاللاھۇ ئەئلەم.
(ئول خۇاجەئى بائىنساف ھىكايەتىدەككىم ئەسلى كىتابدا مەزكوردۇر.)

يانا بىر قۇشنىڭ سۇئالى ئولبابداكىم

بۇ كارگاھ ئەرسەسى بەلەند ۋە ئالىدۇر، بۇ قۇشلار ئەنبۇھىغا نەھەد باردۇركىم تەقابۇل بولغاي:

(مەسنەۋى)

سىدرەغەكىم كەلدى ئالى شاخلىق،
گەر قۇشى قىلسا ئايان گۇستاخلىق.

جۇرئەتى جەنبىدا بولغايمۇ نىقاب،
يوقسە ئىستىغناغە بولغايمۇ ھىساپ؟

ھۇد ھۇدنىڭ جاۋابى

ئى مىھرى مۇنىرى سۇپەھرى ئىززەت ۋە ئىقبالۇ بەدرى ئالى قەدرى سائادەت كامال. بۇ ھالدا ۋە بۇ مەنۋالدا ھەر نەۋئى سوزكىم ۋاقىئ بولۇر خۋاھى ئىززەت جەھەتىدىن بولغاي ۋە خۋاھى ئەجز سەبەبىدىن زوھۇرغە كەلگەي. يەكسەندۇر قۇبھى ھوسنىگە فەرق يوقتۇر،

(مەسنەۋى)

كىمسەگە گۇستاخ ئول شاھ ئالىدا،
يا كىرەك مەخسۇس دەرگاھ ئالىدا.

ئۇزلۇگىنىڭ قەيدىدىن بولغاي خالاس،
ئۇزگە يوقلۇق بىرلە بەرگەي ئىختىساس.

ئول دىۋانە ھىكايىتىدەكىكىم:

(مەسنەۋى)

بار ئىدى دىۋانەئى ئالى سىفات،
خەلق «مەجنۇنۇلھەق» ئىتىب ئاڭا ئات.

چۇنكى ھەق يادى ئاڭا مەھبۇب ئىدى،
كىچە-كۇن يادى بىلە مەغلۇب ئىدى.

كەئبە يولىدا مەركەبىن يىتۇرمەكدىن جۇرئەت زەبانىن تىزئەتمەك بىرلە بى باكانە تۇكتە سورمەكدىن دەرگاھى ۋاجىبەلۋۇجۇد جانابىغە خۇش كەلمەكى ۋە دوسلۇق ئەبرىدىن مۇھەببەت يامغۇرى ۋە لۇتف بەرقى چاقىلماقىدىن مەركەبىن تاپماقى.

**يانا بىر قۇشنىڭ سۇئالى ئولىبابداكىم**

غەيرى ئەسنافى ۋە ئەغيار سونۇقىدىن مىن كۇللىل ۋۇجۇھ فارىغمەنكىم ماسىۋا خۇتۇتىدىن ئەسەرى مەئلۇم ئىرمەس.

(مەسنەۋى)

ئۇزنى ئەيلەب مەن خىيالى بىرلە خۇش،
بولغالى بىركۇن ۋىسالى بىرلە خۇش.

مەن چۇ ئاندىن ئايرۇئىرمەن بىر نەفەس،
ئانى ئىستەب نىسەفەر ئەيلەي ھەۋەس؟

**ھۇد ھۇد نىڭ جاۋابى**

ھەر ئادىمكى ئۇز تەئرىفىن ئەيتقاي ۋە ئۇز تەۋسىفىن دىگەي. زەھى بەلاھەت ۋە زەھى ھۇمقىيەت كىم، بۇ نەۋئى نافەر جاملىغ ئەكسى سامىئە ئايىنەسىدە مۇنئەكىس بولماىش بولغاي ۋە نەزەر مىرئاتىدا نامەرئاكىم يەتمەگەي مەقسەد ھەرىمى ھەددىغە، ئولكىمەسەكىم قىلغانىدىن سوز دىمەك بىرلە قىلۇر ئۇزىن پىسەند.

**قۇشلارنىڭ ھۇد ھۇددىن سۇئالى ئولىبابداكىم**

قۇشمىنىكىم كامال دەرياسى ۋە ئىھلال بەھرى قەسرىغە ئاياغ قويمىش بولغايمەن.

(مەسنەۋى)

بۇ مۇرادىم مۇندا چۇن ھاسل دۇرۇر،
يول ئازابىن تارتارىم مۇشكۇل دۇرۇر.

**ھۇد ھۇدنىڭ جاۋابى**

ئى مەستۇر مەقسەدى ئەقسا ۋە ئى مەھجۇب مەتلەبى ئەئلا، غەفلەت چىركى تىىرەلىگى ۋە جاھالەت قاراڭغۇلىغى ئارا مۇقەييەدۇر، سەنكىم ھەقىقەت كىشۋەرىدىن مەھجۇر ۋە تەرىقەت خەتتەسىدىن دۇركىم:

(مەسنەۋى)

سوز كامالىدىن دىمەك ساھىب كامال.
ئەھلى نۇقسان ئىچرەدۇر بۇ قىلۇ قال.

بەسكى نۇقسان ئىچرە كامىل سەن بەسى،
ئالىم ئىتىپ ئوزنى جاھىل سەن بەسى.

غەرق دەريايى جاھالەت ئولـدۇركىم دەير ئارا سۇرەمىش ئولغاي جەھىل بىرلە ئوز كامالىدىن كالام
شەيخ ئەبۇبەكرى نىشاپورى ھىكايىتىدەككىم ئەسلى كىتابدا مەزكوردۇر.

قۇشلارنىڭ سۇئالى ھۇد ھۇددىن بۇ بابداكىم

غەم ھۇجۇمى ۋە ئەلەم شىـۋەسـى خۇتۇرىدىن نە نەۋئى ئازادلىق شىۋەسىن تابقايمەن ۋە نە يەڭلىغ شادلىغ ئائىنىن تۇتقايمەن:

نەقىلايكىم كوڭلۇمە يەتكەي سۇرۇر،
كىم ماڭا ئاندىن دەمى يەتكەي ھورۇر؟

ھۇد ھۇدنىڭ جاۋابى

(مەسنەۋى)

دىدى ھۇد ھۇد ئوزنى گەرشاد ئىستەسەڭ،
ھەرنەفەس قايغۇدىن ئازاد ئىستەسەڭ.
ئوزنى ئانىڭ يادىغا مۇئتاد قىل،
شادلىق ئىستەرسەن ئانى ياد قىل.

زەھى دەۋلەت ۋە زەھى سائادەتكىم زامانى يادى دەۋلەتىن مۇمكىنات جىنسىغە تەلافى بىرىـلـمـەس ۋە سائىتى فىكـرىن ئەتمەك سائادەتىن جان جاھان خوشـلـۇغىغە مۇئاۋىـزە قىلىنماس:

(بەيت)

زەھى سائادەت ئېرۇر سائەتى خىيالى غەمىن،
بىرىلىمامىش ئەنى كەۋنەين خوشلۇغىغە ئىۋەز.
ئاندىن ئېرۇر ئەيشدىن غەم ياخشىراق،
سوردىن يۈز قاتلا ماتەم ياخشىراق.

خۇجا ئابدۇللا ئەنسارى ئەيتىپدۇرلاركىم، كوڭۇل خوشاۋغى ۋە جان شادلىغى ئەنىڭ ياددۇركى ئانـدىن ئوزگە، يوقتۇر. ھەردىلىكىم ئاندىن خالى ۋە ئاتىلـدۇر. ھەجەر ۋە مەدەر مىڭ دەرىجە خۇبراق بەلكى مەھبۇبراق بولغاي.

## يانا بىر قۇشنىڭ سۇئالى

ئولزامانكىم ۋىسال سائادىتىغە مۇشەررەف بولغايمەن، بۇ دەرگاھى ۋالا ئاساس كارگاھىدىن تىلەر ماتاﺉ نە بولغاي ۋە بۇ بارىگاھ تەقدىس ئاباد مەنشەئىدىن ئىستەر جىنسى قايسىدۇر؟

## ھۇد ھۇدنىڭ جاۋابى

بىلمەسسەنكىم ۋىسال ھوسۇلى ئىتتىھاد ۋۇسۇلى مەقسەدى ئەۋلا ۋە مەتلەبى ئەئلادۇركىم ئاندىن ئوزگە مۇراد يوقتۇر.

(مەسنەۋى)

چۇن ساڭا ئول مەقسەدۇ مەقسۇد ئىرۇر،
ئاندىن ئايرۇ بارۇ يوق نابۇد ئىرۇر.

قۇشلارنىڭ سۇئالى ھۇد ھۇددىن ئولبابداكىم:

(مەسنەۋى)

قەتىﺉ ئىتىپ شەھ بەزمىغە بولساق ئەنىس،
توھفە ۋاجىبدۇرۇر بىھەد نەفىس.

نە يەڭلىغ مەتاﺉ ۋە نە يەڭلىغ كالادۇركىم ئول دەرگاھى ۋاجىبۇتتەئىزىم جانابىغە لايىق ۋە سازاۋەردۇر.

## ھۇد ھۇدنىڭ جاۋابى

ئى ئەزىمى راھى ھەقىقەت ۋە ئى مۇسافىرى سەھرايى تەرىقەت بىلمەككىرەككىم دەرگاھىدۇر ئەزىمۇششان ۋە كارگاھىدۇر رەفىﺉ، ۋە بەلەندكىم ئەرش فازاسى ۋە كورسى ئەرسەسى ئۇنىڭ جەنبىدا خىشتىدۇر. ھەقىر، ئەقل كەمەندى ۋە خىرەد رىشتەسى ئۇنىڭ ئەۋجى پايەسىغە باش يەتكۇرمەكدىن ئارى ۋە ئاتىلدۇر. مەتاﺉ دەردى جانسوز ۋە كالاي ئاھى ئالەم ئەفرۇز دۇركىم، ئاندىن ئوزگە لايىق ۋە سازاۋەر ئىرمەس. بارىگاھى ئىززۇ ئىستىغنادۇر، ئول يۇز تۇمەن مىڭ ئەرشدىن ئەئلادۇر ئول.

ئاندا كوبدۇر ئىززۇ ئىستىغنا ۋە ناز،
ئولكى يوقتۇر ئول ئىرۇر ئەجزۇ نىياز.

يارەب نە بارىگاھى تەرەففۇذ مائاب ئېرۇر،
فىكرىدە ئەقلۇ ھۇش خىرەد، ناساۋاب ئېرۇر.
يوق توھفەئى نەفىس ماڭا غەيرى سوز ئاھ،
شورابەئى سەرەشك ئىلە باغرىم كاباب ئېرۇر.

يانا بىر قۇشىنىڭ سۇئالى ھۇد ھۇددىن

بۇ بادىاكىم سۇلۇك ناھايىتى ۋە كار ئاقىبىتى نامايىش قىلماس، بۇ يول غايىتى ۋە ئەرزى پايانى كورۇنمەس. بۇ يول قەتئىن نە نەۋئى قىلغايمىز؟ ۋە ۋەسل سەرھەددىغە نە يەتكۈلىغ يەتكەيمىز؟

(مەسنەۋى)

بىزنى بۇ ئىشدىن خەبەردار ئەيلەگىل،
سۇرئەت ئارامىن ئىزھار ئەيلەگىل.

ھۇد ھۇدنىڭ جاۋابى

بۇ نوكتەدۇر دەقىق ۋە كالامدۇر كەڭكىم سورمىش بولغايسەن، جاۋاب باساۋابىن دېـ مەك لازىم ۋە لابۇددۇر:

(مەسنەۋى)

ئالددىمىزدا يەتتە ۋادىدۇر ئەزىم،
ھەربىرىدە يۈز مىڭ ئەندازە بىم.
يەتتە ۋادى ئەسلۇ باقىلار فۇرۇئە،
ئەيلالى ئول ئەسلى شەئىغە شۇرۇئە.

ۋادى ئەۋۋەلكىم ئەرسەئى تەلەبدۇر، ئانىدىن سوڭ ۋادىئى ئىشق بولغاي. بۇ ۋادى ئارا ئوزلۇك شىۋەسى ۋە خۇدنەمالىغ ئايىنى مۇرتەفىئ بولغاي. ئانىدىن سوڭ ۋادى مەئرىـ پەتىدۇركىم يۈز كەلتۈرۈر. بۇ ئەرسە قەتئىدىن سوڭرە ۋادى ئىستىغنا بولغاي. ۋادىئىدۇر ۋەسىئ فازايىدۇر رەفىئ، ئانىدىن سوڭ ۋادى تەۋھىددۇر. ھەركىم ۋە ھەرخىرام فەنا ئوزرە فەنادۇركىم فەرد ۋە ئازادلىقىدىن ئوزگە يوقتۇر. ئاندىن كېيىن ۋادىئى ھەيرەت بولغاي. بۇ ۋادى شادائىدىغە ھەد، ئەندازە مەئلۇم ئېرمەس. بۇلار ئىختىتامىدىن سوڭ ۋادىئى فەقىر فەنادۇر، سالىكلار رەۋىشىنىڭ نىھايىتى ۋە ئەھلى سۇلۇك سەياھىتىنىڭ ئاخىرى بولغايكىم بۇ ھال ۋە بۇ مەنۋالدا:

(مەسنەۋى)

قەتىئ ئۇلۇر مۇندا سۇلۇك ئەھلىغە كام،
ئىش بولۇر ئۇزگە قىلىغ بىرلە تامام.

ئىلاهى بۇ ۋادىلارىكىم تەرىقەت خەيلىغە يۇز كەلتۇرۇر، سالىھلار ئەنبۇھىغە پىش كىلۇر، ئىمكان يوقكىم بۇلار قەتئىن قىلماغاي ۋە ئۇزگە رەۋىش بىرلە يول يۇرگەي. ئاسانلىغ بىرلە بۇ مەنازىل ئىختىتامىن بەرگەيسەن ۋە ۋىسال سائادىتىغە مۇشەررەف قىلغايسەن. ۋە بۇ غىرىپ خاكسار ۋە پەرىشان روزىگارنى داغى نائۇمىدلىك بايابانىغە تاشلاماغايسەنكىم: "لا-هادى ئىللاهۇ، ئەئزەمە شەئنۇهۇ، ۋەلائىلاهە غەيرۇهۇ".

(بەيىت)

مەن غەرىبۇ راھ، ۋەسل يار يۇرتەشۋىش مەگەر،
مەن ھەردى ساددەلەۋھ، دەھر يۇرنەقشى فوسۇن.

(مەسمەۋى)

بۇ يەتتە ۋادى داغى ئىجمال ئىرۇر،
لىك تەفسىلىدە كوپ ئەشكال ئىرۇر.

**ئەمما** شەممەئى شادائىدىن بايان قىلىنۇر. ۋادى ئەۋۋەلىكىم ۋادى تەلەبدۇر:

(مەسمەۋى)

چۇن تەلەب ۋادىسىغە قويساڭ قەدەم،
ئالىڭا ھەردەم يىتەر ئۇزگە ئەلەم.

دەرد شىددىتىدىن ۋە ئەلەم سەئوبەتىدىن ئۇزگە يوقتۇر. ۋەسل ئىشتىياقى ۋە فىراق خار-خارى ئىتتىهاد ۋە مەھرۇملۇق بالاسى ۋە ۋەسل نامەئلۇملۇغى ئىبتەلاسى، ھىجر دەردى ۋە فۇرقەت رەنجىغە ھەد ئىهسا يۇقتۇر. سەرھەددى مەتلۇب يۇر مىهنەت، تۇرۇقى بى ئىمتىهان، مەنزىلى مەقسۇد پۇرئاسىب، رەنا ئازمۇن، مولك-مال خۇتۇرى ۋە جىنىس ئەمۋال فوتۇرىدىن ساف ۋە مۇسەففالىغى كىرەككىم لازىمى تەكبىرى فانادۇر. جىھات سىتتە قۇيۇدى ۋە ئىستەقىنات ئەربەئە بەنددىن سىلكۇل فەرد بولماقكىم ئەۋۋەل قەدەمدۇر. ھەر نەكىم غەيرى تەلەبدۇر تاشلاماق، ئۇزىنى مەقسەد مەنزىلىغە باشلاماق، ۋەقتىكىم كوڭۇل

لەۋھى ۋە دىل سەفھەسى ماسىۋا خوتۇتىدىن كۆللەن ساف ۋە مۇجەللا بولغاندىن سوڭ شەۋق ئوتى تىز ۋە تەلەب رەخشى سوبۇك خىز بولغاي، مەقسەد يېقىندۇر:

(مەسنەۋى)

ئالىڭا كەلسە ئەگەر فىلى دەمان،
كورگەسەن پەشە ھامان، قىل ھامان.

گەر يولۇڭنى تۇتسا يۈز شىر، پەلەڭ،
بولغاي ئالىڭدا نىچۇككىم مۇرى لەڭ.

ئول شاھزادە ھىكايىتىدەككىم، ئىككى بىچارەئى مۇستەمەند ئىشق كەمەندىدە بەند، ۋە دەردى زىنجىرىدە پايى بەست بولۇپ ئىردى. مەھبۇبى ئىمتىھان كىش بويۇردىكىم بىرىن قەھر زىندانى ئارا بەند ۋە يەنە بىرىن سەكبانلىغ خىزمىتىگە پەيۋەند قىلغاي.

(مەسنەۋى)

بۇ دىدى مىھنەت دىگەن قايىسى بولۇر،
كام راھەت، دەرد مەشەققەت نە بولۇر.

مەنكى ئىشقى كوڭلۇم ئىچرە تۇتقالى،
راھەتى ئىردىم كويىدا ئىت بولغالى.

ئولدىدىكىم ئىشق ئىتىپ كوڭلۇمگە زور،
رازى ئىردىمكىم ماقامىم بولسا گور.

شاھزادەئى گەۋھەر نەژاد بۇلار ئىتىقادى دۇرۇستلىغىن بىلدى.

(مەسنەۋى)

فەھىم چۈن بۇ نەۋئى ئىخلاس ئەيلەدى،
ئول ئىكاۋنى مەھرىمى خاس ئەيلەدى.

بۇ ۋادى قەتئىدىن سوڭ ۋادى ئىشقدۇركىم بايان قىلىنۇر.

(مەسنەۋى)

ئىشق كەلدى مەشئەلى گىتى فوروز،
دىمە مەشئەل شوئلەئى ئافاق سوز.

ئىشق تەئرىفىدەكىم شوئلەئىدۇر گىتى فوروز، مەشئەلىدۇر جاھانسوزكىم، ئىشق ۋەر تەسى ۋە تەششۇق رەسومى ئارا پاك ۋە ئازادلىغ كىرەكدۇر. ئوت بەھرى ۋە شوئلە دەرياسى ئارا سەمەندەرلىغ لازىمكى، ھەر خەس ـ خاشاك ۋۇجۇدى خەرمىنى بۇ ئوت سوزىشىغە لايىق ۋە سازاۋەر ئېرمەس:

(مەسنەۋى)

ئىشق ئوتى ھەر خەسغە دەرخور كەلمەدى،
ئوتقا لايىق جۇز سەمەندەر كەلمەدى.
ئىشق ئوتىدىن ئاشىقى پاك ئورتەنۇر،
بەرقىدىن مەدھى نەبۇۋۋەت مۇنبەرى.

پايەسىنىڭ بالا نەشىنى ۋە رىسالەت موھتى دۇرجىنىڭ دۇررى سەمەنىى، خۇرشىد نەبۇۋۋەت پەرجام، سىپەھرى رىسالەت ۋە بەدرى رىسالەت ئەنجام، گەردۇنى بالاغەت نەسارىدۇركىم:

(مەسنەۋى)

چەراغى مەھپەلى ئارايى نەبۇۋۋەت،
گۇلى رەۋنەقى دەھ بادى فۇتۇۋۋەت.

ساچىنىڭ شامى سۇۋادى لەيلەتۇلقەدر،
يۇزۇڭ سۇبھى بەيازى لەيلەتۇلبەدر.

لەبى لەئلىڭ مەسىھايى فەساھەت،
ئاياغىڭ گەردى مىئراجى ساباھەت.

مەسىھ روھ پەرۋەر نۇتقى جان بەخش
لەبى لەئلىڭ ھەياتى جاۋىدان بەخش.

رەۋشەن ئولدى مەشئەلى تۇر، نەتاڭ گەر ئاندا مۇسا كەلدى سەرۋەر، دۇررى گەرەنمايەئى دەججى ئەنەئەپسەھ ۋە بەدرى رىفئەت ئاباد، ۋە بۇرچى ئەنەئەفلەھكى بالاغەت كىشۋەرىنىڭ كامكارى، ۋە مەلاھەت مەمالىكىنىڭ ساھىپ ئىختىيارى، تۇتىق فەساھەت فەرجامىنىڭ ئېئجازى، ۋە كەلام مۇئجىز بەيان ئۇنىڭ ئالىدا تىفلى ئەبجەد خۋان، دەبىرىستان كالالەتدۇركىم، نۇكتە سۇرمەك شۇەسىدىن مۇئەررا ۋە تەكەللۇم تۇزمەك ئايىنىدىن مۇبەررادۇر.

(بەيت)

سۇچۇك لەفزى مەسهانىڭ تۇفۇلىيەت داغى نۇتقى،
ئۇنىڭ جان بەخشلىغىدا كوڭلىگە كىرگەن خەيالىدۇر.

ئەمما بەئدى راقىمى تەسۋىد ساھايىفى ئىسيان، ئەسىر بى سەرۋ سامان «سەبۇرى» بى
خانۇمان بۇ تەرز ئىلە ھال ئەھۋال ۋە بۇ نەھج ئىلە شەرھى مافىلبال ئىپتاركى: رەۋشەن
زەمىر، كىمىيا تەئسىر ھەزرىتى ئەمىر ئەلىشىر نەۋۋەرەللاھۇ تائالا مەرقەدەھۇ «پەنج گەنج»
لارى شەرھى شۇغلىغە ئىشتىغال كورگۇزمەك ۋە بۇ «خەمسە» مۇبارەك شەرھى تەفسىلى
تەرتىبدە ئەركان تەرىقىن تۇزمەك ئوزرىنىكىم مەنتىقۇتتەيىر شەرھى جىلدىدا ئەرز قىلىنىپ
ئەردى. بۇ گۇرۇھ زۇمرەسىدىن بەئزەسىنىكىم بەتەرىقى تەسەۋۋۇف ۋە بەئزىسىن داغى بە-
تەرىقى ناسايىھ ۋە ماۋائىز تەقرىر سەفھەسىغە بىتىلدى ۋە تەھرىر ئەۋراقىغە چىكىلدى. ئەل-
ھال ھەيرەتۇلئەبرار شەرھىنىڭ ئاغازىكىم تەھەييۇردىن باشقا ئىبرەمەس ۋە تەپسىلىنىڭ
ئىفتىتاھى كىم تەفەككۇردىن ئوزگە كورۇنمەس. تەڭرى تائالا ھەمدى ۋە رەسۇل ئەلەيھىسسا-
لام نەئتىدىن سوڭ يىگىرمە ماقالە بىرلەكىم تەرتىب تاپىبدۇر. ۋە ھەر ماقالە ئىتمامىدىن
ھىكايەكىم بەرسەبىلى تەمسىل بۇ ھالغا لايىق ۋە بۇ خىيالغە مۇۋافىق ئىنتىزام بىرىلىبدۇركىم
ئىنشائاللاھ ھەر بىرىدىن ئوز يىرىدە شەرھى قىلىنۇر ۋە ئوز مەھەللىدە تەرتىب بىرىلۇر.

## ئەۋۋەلقى ماقالات ئىمان شەرھىدا

"ئەلئىمانۇ، ئەنتۇ مىنە بىللاھى ۋە مەلائىكەتىھى، ۋە كۇتۇبىھى، ۋە روسۇلىھى، ۋەلىيەۋ-
مىلئاخىرى، ۋەلقەدەرى، خەيرىھى ۋە شەررىھى مىنەللاھ" دىمەكتىن مەقسۇد بۇ كەلىمات
ئىرمەس، ۋە ئەگەر ئەھلى زاھىر مۇنى ئىمان دىسەلەر ئەھلى مەئنى دىمەس، ئۇلۇھىيەت
دەرياسىغە شۇناۋەرلىق ئەجزىن زاھىر قىلماق ۋە مەلائىك ھاۋاسىدا بىر نەچچە قانات ئۇرماق
ۋە كۇتۇپ ئەۋراقىدا بىر نەچچە ھەرف سۇرمەك، ۋە رۇسۇل جادەسىدا نەچچە قەدەم يۇ-
گۇرماق، ۋە قىيامەت قايىم بولۇرىدا قىيام كورگۇزمەك، ۋە قەدەر بابىدا ئەلا قەدر تە-
رەننۇم كورگۇزمەك:

كىمكى جاھان ئەھلىدىن ئىنسان ئىرۇر،
بىلكى نىشانى ئاڭا ئىمان ئىرۇر.

ئىمان جاۋاھىرى ۋە ئىسلام زاۋاھىرى ئەمرىدۇركىم زەبان ئىقرارى رەۋشى ۋە ئىقرارى
زەبان سازىشى تەرتىبىدىن كوڭۇل كوزگۇسىن ۋە دىل مىرئاتىن شىرك زەيلىدىن مەئەررا ۋە
شەك ۋە رەيب غۇبارىدىن مۇبەررا تۇتماق بىلە تەسدىق شەمئىن يارۇتماق ۋە يىقىن ھا-
سىل ئەتمەكدىن مەئرىفەت سارىغە يۈز قويماق، قەۋلۇھۇتەئالا "ۋەما خەلەقتۇلجىننە ۋەل-
ئىنسە. ئىللا لىيەئبۇدۇنى، ئەيلىيەئرىفۇنى» زەبان ئىقرارى ۋە كوڭۇل تەسدىقىدا مۇغايە-

رەت ۋۇقۇئى ۋاقىئ بولماغايـكىم ئىهاتەئى خـارىجدۇر. پەس لازىمدۇركىم ئىقرارى زەبان ۋە تەسدىقـى قەلب مۇتتەفىقۇلهال تۇشكـەيكىم، "ئەلئىمان ئىقرار بىاللىسان ۋە تەسدىق بىلقەلب" يەئنى ئىمان ئولدۇركىم زاهىرى خىلئەتى ئىقرار جاۋاهىرىدىن مۇرەسسە ۋە باتىنى كىسۋەتى تەسدىق زاۋاهىردىن مۇلەممەئ بولغايكىم كەلام رەببانى ئەهكامىغە بويۇن سوناماق ۋە هەدىس نەبىۋى سەللەللاهۇ ئەلەيهى ۋەسسەللەم مۇتابەئەتى مىنهاجى ۋە سۇننەتى سىراج ئەنۋارىدىن ئايرۇ ئىمان فازاسىغە قەدەم قويـماق مۇمكىن ئىرمەس ۋە ئىسلام ئەقساسىدا كام ئۇرماقغـە ئىمكان يوقكىم مۇتابىئەت تەرىقىن تۇتقاي. دىن بۇدۇركىم، ئىمان كەلتـۇرمەك هەزرەتى سە-مەدىيەت تائالا ۋە تەقدىس ۋەهدانىيىتى ۋە ۋاجىبەلۋۇجۇد تەئزىم فەردانىيەتىغە ۋەسىفاتى سەمانىيـەكىم: قۇدرەت ۋە باقا ۋە هـايات ۋە ئىلىم ۋە سەمئ، ۋە بەسىر، ۋە ئىرادەت ۋە كـالامدۇركىم ئىمان كەلتۇرمەك ۋە مالائىكە گۇرۇهىغا داغى ئىمان كەلتـۇرمەككىم ئەجسام-دۇر، دائىمۇلئەۋقات، "سۇببۇهۇن، قۇددۇسۇن، رەببەنا ۋە رەببۇلمەلائىكـەتى ۋەررۇه" تەس-بىهىغە قايىل ۋە شۇكر-سانا جـانىبىغـە مايىلدۇر ۋە كىتاپـلىرىغـە كىم قىيدىمدۇر، كەلىمات ۋەهـورۇفـلىرىغە تەقدىم ۋە تەئخىر يـوقتـۇر. ۋە روسۇل سەلەۋاتۇلـلاهـى ئەجمەئىنغـەكىم هەقـدۇر. كىزىـب گەردى ۋە سىهر-نەيـرەڭ غـۇبارى ئۇلار دامـىنىغـە يەتـمـەس ۋە سىدىـق ئايىنىدىن بىرى كورۇنـمـەس. بۇ گۇرۇه ئەخـتەرى جـاهـانـتاب ۋە بۇ ئەنبـۇه شـەئشـەئەهـى ماهتاب ئارا ئافتابـدۇركىم خـۇرشىد جـاهـان ئەفرۇز ئەشئـەسى ۋە مىهىر ئالەم ئەفرۇز شەئشەئەسى ئەنىڭ ئالدىدا سايە يولالماس ۋە پادىشـاهىدۇركىم ئىككى جا-هان سائادەتى ساهىب نەگىنى ۋە كەۋنى ماكان كىشۋەرى سەدرى نەشىنى ئولـدۇركىم سەل-لەللاهۇ ئەلەيهى ۋەسسەللەم خاتىمىن نەبىيىندۇرلەر ۋە سەدرىمۇرسەلىن ۋە يەۋم ئاخىرغەكىم بۇ كۇن ئەۋۋەلى ئىبتىداسى نەفخەئى ئەۋەلدۇركىم سۇردۇر ۋە ئىنتىهاسى ئىتمامى ۋە ئىتمامى ئىنتىهـاسى ئەهل ئىمان گۇرۇهى جەننـەتۇلـمەئۋا قەسىرىـدا ئىستىقرارى ۋە ئەهل دەۋزەخ ئەنبـۇهىنىڭ داغـى سىججىن كـارگـاهىدا ماكـان تۇتـماغى، بۇ كۇن مىقدارى ئەللىك مىڭ يىلدۇركىم قەۋلۇهۇتائالا "فـى يەۋمىن كانە مىقدارۇهـۇ خەمسىن ئەلفـەسەنەتىن" بەئزىغـە نامەئى زات شىمال ۋە بەئزىغە داغى نامەئى زات يەمىنكىم نۇزۇل قىلۇر:

(مەسنـەۋى)

ئەهلى شىمال ئىچرە تۇشەر ماجارا،
نامەلەرى يۇزلەرى يەڭلىغ قارا.

شادلىغ ئەسهاب يەمىنغە رەقەم،
سەفهەلەرى لەۋهىغە يەتمەي قەلەم.

گۇلشەنى فىردەۋس ئارا نازۇ نەئىم،
ئانچەكى يول تابماي ئارادا نەسىم.

(مەۋئىزە)

بىلمەك كېرەككىم ۋەقت تەڭدۇر، هايات گەرەنمايەسى ۋە ئۇمر سەرمايەسى مەنەسسەئى

زاۋالدۇركىم، بۇ ۋاقىتنى غەنىمەت تۇتىماق ۋە ئىبادەت سارىغە ئەرتەكاب كورگۈزمەكدىن مايەئى هاسىل ئەتمەك ۋەقتى يېتەركىم ئۆمر قۇياشى مەغرىپ سارىدىن تۇلۇئ قىلۇر يەئنى تەۋبە ئىشىكى ياپىلۇر، ۋە دۇئا ئىجابەتى مۇمكىن ئىرمەس بۇ هالدا ۋە بۇ مەنۋالدا پۇ- شايمانلارىكىم يۈز كەلتۈرۈر. ۋە تەئەسسۇفلارىكىم ۋاقىئ بولۇر مۇمكىنات خوشلۇغىغە ئەرزىمەس ۋە مۇكەۋۋىنات شادلىغىغە تىلافى كورۇنمەس:

(بەيت)

دۇئالەم ئەيشى يەكدەم كولفەتى مۇردەن نەمى ئەرزەد،
هەزەر ئەز ئۇلفەتى سۇبهكى باشەددەر نەزەر شامەش.

كۇندۇركىم جالالەت يىلى ئىسەر ۋە جالال سوفتى تەجەللىسى يېتەر، ئىنقىباد گۆرۈهى خەۋفىدىن خالى ئىرمەس ۋە ئەۋلىيا ئەنبۇهى داغى ئۇلنەۋئىدۇركىم دەهشەتدىن باشقا ئىرمەس ۋە ۋەهشەتدىن بەرى كورۇنمەسكىم .قەۋلۇهۇتەئالا «يەۋمە يەفىررۇلمەرئۇمىن ئەخىهى ۋە ئۇممىهى ۋە ساهىبەتىهى ۋە بەنىهى» ئول هالەتدە دەست رەس يوقتۇر. نالە چەكـ- مەكدىن، سىنە چاك ۋە پىغان تارتماقدىن ۋەهمىناك، ۋە مەئسىيەت ئىنكارى ۋە جۇرم ئىسيان پۇششىغە ئىمكان يوقكىم: قەۋلۇهۇتەئالا "ئەليەۋمە نەختىمۇ ئەلا ئەفۋاهىهىم، ۋە تۇكەلـ- لىمۇنا ئەيدىهىم، ۋە تەشهەدۇ ئەرجۇلۇهۇم بىما كانۇ يەكسىبۇن".

(بەيت)

ۋەه نە قاتتىغ كۇندۇرۇر قىلماس پۇشايمان ئاندا سۇد،
نالە قىلماق. ئاه چەكمەكدىن نە ئىمكان ئاندا سۇد.
گەر گادائى خانىقاهدۇر، ۋەر شەهىنشاهى جالال،
تەڭ دۇرۇركىم بەرمامىش مۇلكى سۇلەيمان ئاندا سۇد.
شاه رەربەختى ۋەفاسىزدۇر تەرىقى فەقر تۇت،
تاپتى سىكەسلىك بىلە كوڭلى بۇزۇلغان ئاندا سۇد.
ئەس مۇفىد ئىرمەس سەبۇرى ئىززەتى جاهى غەرۇر،
بەرمەس ئىرسە تەڭرى لۇتفى بىرلە ئىمان ئاندا سۇد.

## ئىككىنچى ماقالات ئىسلام بابىدا

"ئەلىف"لارى ئەممىنيەت باغىنىڭ سەرۋىلارىدۇر. ۋە "سىن"ى سائادەت قەسرىنىڭ كۇنگۇرەسى ۋە "لام"ى لەتافەت گۇلچەهرەسىنىڭ سۇنبۇل زۇلفى ۋە "مىم"ى مۇهەببەت مەشئەلىنىڭ نۇرىدۇر. ۋە ئول سەرۋىلەر سايەسىدا يەر تۇتماق ۋە كۇنگۇرە قەسرىغە تەلەپ

كەمەندىن سالىماق ۋە ئۇل سۈنبۈل زۇلفىنى ھەبل مەتىن قىلماق ۋە ئۇل مەشئەل نۇرى بىرلە كوزنى يارۇتماق:

(مەسنەۋى)

ئالەم ئارا خەلقنى يەزدانى پاك،
ئەھلى نىجات ئەيلەدى ئەھلى ھىلاك.

بۇ بىرىسىن ئابىدى ئەسنام بىل،
ئۇل بىرىسىن زۇمرەئى ئىسلام بىل.

ئۇل بىرىگە دىل ئۇيى بولدى ماقام،
زۇمرەئى ئىسلامغا دارەسسالام.

قەۋلۇھۇتەئالا: "ئىننەلئەبرارە لەفى نەئىم ۋە ئىننەلفۇججارە لەفى جەھىم" ئىسلام بايا-نىدا: قالە رەسۇلۇللاھى ئەلەيھىسسالام "ئەلمۇسلىمۇ مەن سەلامەلمۇسلىمۇن مىن يەدەھى ۋەلىسانىھى" رەھم تەرىقىن تۇتماق ۋە تەرەھھۇم يولىن كورگۇزمەك، ئىسلامكىم:

(مەسنەۋى)

بەش ياسامىش تەگرى تەبارەك ئەنى،
دىسە بولۇر خەمسە مۇبارەك ئەنى.

ئۇلىكىم "لائىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ" لەۋھ سەتىرىداكىم بۇ مىسرا ئۇلۇۋى نىگانە قۇشى زاھىر ۋە "جەننانۇن تەجرى مىنتەھـتىھەلئەنھار" باب كۇشايىش پەنا-ھى كىتابەسى داغى بۇ كەلىمە شەئىندىن مەشئان ۋە بۇ نۇكتە ئارايىشدىن مۇزەييەندۇر. ئىس-لامنىڭ ئىككىنچى جۇزۋى ئادايى سەلاۋاتدۇر. ئەتىيەئى ۋاھىبۇلئەتىياتدۇر. ۋە تاھارەت داغى ئۇلنەۋئىدۇركىم:

(مەسنەۋى)

جاننى سافا چەشمەسىدىن زەۋقناك،
ئەيلەگەيسەن سەفھەئى خاتىرنى پاك.

كوڭۇل گۇشەسىن ۋە دىل ھەرىمىن ئەغيار نۇقۇشىدىن خالى ۋە ماسىۋا خۇتۇتىدىن ئاتىل تۇتماق.

ئۇچىنچى رۇكنىكىم زەكات ئاداسىغە ئىشتىغال كورگۇزمەك:

(مەسنەۋى)

مۇندا داغى ئىككى سۇفەتدۇر تەرىق،
بىرسى ئەسلۇ، بىرى فەرئ ئى رەفىق.

فەرئى ھوكمى بۇدۇركىم شەرئ مۇئەييەن ئەھكامىغە بويۇن سۇنماق، يەنى زاھىرى خىلقەتىن شەرئى ئىھتيياتى جاۋاھىرىدىن مۇزەييەن ۋە مۇتابىئەت زاۋاھىرىدىن مۇرەسسە قىلماق ۋە ئەسلى ئومۇرىكىم مەقسەدى ئەسلى سارىغە مەشرۇئ قىلماق ۋە خەير تەرىپىدىن رۇجۇئ ئەيلەمەك.
تورتىنچى رۇكنىكىم سەۋمدۇر. سەۋمكىم مايەئىدۇر. بەلەند ۋادىيەئىدۇر، رەفىئ ۋە ئەرجۇمەند، سەرمايەئى دۇنيا ۋە دىن، پىرايەئى زامان-زەمىندۇر. سۇبھى ئەۋۋەلىدىن شام ئاخىرىغە تەكرۇ "ئەتئەمە ۋە ئەشرىبە زائىقى" تەركىن تۇتماق. كوڭۇلكىم مەخزەنى ئەسرارى ئىلاھى ۋە ئائىنە چەھرە كۇشايى نامۇتەناھىدۇر:

(مەسنەۋى)

دەفئى قىلىپ زەنگى خىيالاتنى،
ئاسراماق ئول نەۋئى بۇ مىرئاتنى.

كىم ئاڭا جۇز دوست زۇھۇر ئەتمەگەي،
بەلكى ئەنىڭ خەيرى خۇتۇر ئەتمەگەي.

كى روزەدارلىغ سۇفتى ئولدۇر ۋە سەۋمكارلىغ ماھىيتى مۇندىن باشقا ئىرمەس.
بەشىنچى رۇكنىكىم كەئبە سارىغە شەۋق مەھمەلىن چەككەي ۋە زىيارەتى ھەرەم سائادەتىغە مۇشەررەف بولماق تىلەگەي. "ۋەمەن دەخەلۇھۇ كانە ئامىنەن" ھۇماسىغە تەلەب دامەن ئاچماق ۋە جان خۇشەسى دانەسىن ساچماقدىن زەۋق ئاھەنگىن تۇزمەك:

(رۇبائى)

كوڭلۇمدە بۇ كىم كەئبە سارى كەتكەيمەن،
فىكرىمدە بۇ كۇن بارچەنى تەرك ئەتكەيمەن.
ئومرۇم تۇگەنۇرگە يىتىشىپتۇر يارەب،
ئول مەنزىلى مەقسۇدغا ھەم يەتكەيمەن.

بۇ ۋادى شەۋقى خارخارىكىم فىرۋدەس گۇلشەنىنىڭ گۇلى ۋە ۋادى ئەمىن شوئلەسىنىڭ غۇلغۇلىدۇرۇر. سەمۇمى ھارارەتى مەسىھا دەمى ۋە تەشنەلىك غەرقى خىزرى چەشمەسىنىڭ نىمى، بۇ دەشت ئارا مەردانەۋار قەدەم قويماق ۋە مۇراد سەررىشتەسىغە ئىلىك ئۇزاتماق، مۇددىئىدۇركىم بۇ تەمەننا خارخارى كوڭۇل گۇلبۇنىدا سىندى ۋە بۇ مۇددىئا

كارزارى خىيال ئەرسەسدا ئارام تۇتتى. غەرىبلىق دەشتىغە ئازادلىق باد پايىن سۇرمەك ۋە بىچارەلىك باياباندىغە غۇربەت سەمەندىن يورۇتماكدىن، ئول سائادەت سەرمەنزىلىغە كوز سۇرۇلگەي ۋە داغى بۇكىم بۇ سەفەرى مۇبارەك قەتىئدا ئۇزلۇك بەندى ۋە خۇدنەمالىق پەيۋەندىدىن ئۇزۇلۇپ فەنا بادەسىدىن سەرشار ۋە يوقلۇق كەيفىتىدىن بەرخوردار پەردەۋلەتخۋاھ دامنىغە ئىلىك ئۇرماق ۋە مۇرشىدى ھىدايەت دەستىگاھ ئىتەكىگە قول يەتكۇرمەكدىن يەقىن ھاسىل ئەتمەك، سائىتى يوقكىم بۇ ۋەھم خوتۇرى خاۋاتىر سەفھەسىدىن ئىرىغاي ۋە زامانى مەئلۇم ئېرمەسكىم بۇ غەم ئەۋھامى كوكۇل لەۋھىدىن كەتكەي:

(بەيت)

ئەيش ئىتەر ئەھبابلار، مەن ئەسرى غەم ھونۇز،
ھىجر شامى ئاھ دۇدىدىن كوزۇم پۇرنەم ھونۇز.

ھايات سەرچەشمەسىنىڭ نەۋدى، ۋە نىجات مەنزىلىنىڭ ئۇممدى، ئىسلامنىڭ بەش سۇتۇنلۇغ «زاتىلئىمادى»غە كىرمەگۇنچە مۇمكىن ئېرمەس. ۋە بۇ خەممسە مۇبارەك پەنجەسىغە ئىلىك ئۇرماغۇنچە ھىچ ئىش نەتىجە بەرمەس. ئىبراھىم بىننى ئەدھەمنىڭ كەئبەغە ناماز بىرلە بارغانى ۋە رابىئە ئەدەۋىيەغە كەئبەنىڭ نىياز بىرلە كەلگەنىكىم ئەسلى كىتابدا مەزكوردۇر، مۇندا زىكر قىلىنمادى.

ساقى ئالىب كەل قەدەھى قىلما ناز،
كوركى نە مۇشتاقدۇر ئەھلى نىياز.

بەر! تولا كىم ئىچسۇن ئەنى بىر ھەرىف،
خاسسە ماڭا كىم باردىن مەن زەئىف.

## ئۇچۇنچى ماقالات سەلاتىن بابىدا

كى "ئىننەللاھە يەئمۇرۇ بىلئەدلى ۋەلئىھسان" ئەمرى بىرلە ھەق سۇبھانەھۇ ۋەتائالا خۇسرولىك خۇدىن ئۇلارنىڭ خەلافەتى باشىغە قويدىكىم ئەدالەتلەرى ئەينىنىڭ چەشمەسى زۇلالى مۇلك بوستانىن سىراب قىلغاي. تا بۇ بوستاندىن ئەمنىيەت ۋە فاراغەت گۇللەرى ۋە ئۇلار زۇلم باغىدا مەي ئىچىپ گۇل ساچارلار بەلكى مەيدىن ھەردەم ئوزگەچە گۇللەر ئاچارلار:

(مەسنەۋى)

ئى فەلەك ئەۋجىدىن ئوتۇپ رىفئەتىڭ،
ئايۇ قوياشتىن چالىنىب نەۋبەتىڭ.

تەختنىڭ ئۇتۇب دەۋلەتى جاۋىد مۇلك،
سايەئى جۇرئەتىڭ ئارا خۇرشىد مۇلك.

تاج باشىڭدىن بولۇبان سەر بەلەند،
تەخت ئاياغىڭدىن ئولۇب ئەرجمەند.

شاھىكىم ئەئزا تەرتىبى ۋە جاۋارىھ تەركىبىدە سائىر ئىنساندىن تافاۋۇتى يوقتۇر. شاھىكى جاھاندارلىق سەرىرىدا ئارام تۇتقاي. شارائىتلار دۇرۇر قىلمايىن ئىمكان بولماس. ئەدلىكىم رەۋنەق پەرىز ئىقلىمىدىن ۋە مەھفەل ئارايى كىشۆەرى زامان زەمىندۇر. جاھاندارلىغ سەلتەنەتى ئاساسى ئەدل ئائىنىدىن مەئمۇر، ۋە دىن - دىيانەت كىشۆەرى كامگارلىغى مۇندىن ئۆزگە ئېرمەس. چىنانچە: "ئەلئەدلۇ سائەتەن، خەيرۇن مىن ئىبادەتىتسەلەقەيىن" ھوكمىگە پەيۋەند ۋە خالىقى بى مەسەل مانەند كارخانەئى ئىلاھىدىنكىم ئىنسان ۋۇجۇدى نەقشى تەرتىبىغە قۇدرەت قەلەمى ھىكمەت نىگارلىغى تەرزىدىن سۇرەت نىگار ۋە بۇ سۇرەت زىبا پەيكەر خىلئەتىگە روھى ئۇلۋى خىرام ئىمتىزاجىدىن كامكارلىغ بەخش قىلدى. قەۋلۇھۇ تەئالا: "لەقەدخەلەقنەلئىنسانە فى ئەھسەنى تەقۋىم" خۋاھى سالاتىن ئالىمىقدار، ۋەيا خەۋاقىن سۇپەھر ئىقتىدار، خۋاھى غەرىب ئەجزپەرۋەر، ۋە خۋاھى گاداي خىرقە دەربەركىم بىھوكمى "ئىننەللاھە خەلەقە ئادەمە ئەلا سۇرەتەھى" جاۋاھىر ئەئزا تەرتىبىدە مۇغايىرەت يوقتۇركىم:

(مەسنەۋى)

بارچە جاۋاھىر بىلە ئەئزادە تەڭ،
سۇرەت نەۋئى ۋە ھەيۇلادە تەڭ.

ئېرمەس ئۇلار تۇپراغ ۋە سەن نۇرى پاك،
خىلقەت ئۇلارغە، ساڭا بەھرى خاك.

ۋاھىبۇلئەتىيات ئەتاسىدىنكىم كىشۆەر كۇشالىغ سەرىرىدا فەرمان راۋا ۋە مەملىكەت ئارا ئىلىغ ئەۋرەنگىدا شارافەت بۇلا ئالماق بىرلە شاھىنشاھلىق سۇپەھر ئەرسەسىدا ئورۇلدى ۋە ھوكمىرانلىق مەھكەمەسىدە ئارام تۇتماقدىن نۇسرەت نوقۇشى سىككەسى بەھبۇدلۇغ نەقشىن زاھىر ئەتتى. لازىمدۇركىم بۇ دەۋلەتى ئۇزما قەدرىن بىلمەك ۋە ئوبۇدىيەت تانابىغە بويۇن سۇنماقدىن ئەدل شەمئىن يارۇتماق ۋە ئادالەت ئەۋرەڭگى ئابادلىغىغە بائىس بولماق بىرلە زۇلم تەركىن تۇتماق. چۇنانچە بەرسەبىلى تەمسىل غازى سۇلتانى، مازى ئانارەللاھۇ بۇرھانەھۇ ئاۋانى خۇجەستە فەرجامىدا ھەم جەۋانى ۋە بىۋەزەنى بىساتىدا تىۋەئى ئەردىكىم، ھەر ئىكاۋ قۇت لايەمۇتى ئول تىۋە كەسپىدىن يىتۇر ئەردى. ناگاھ شاھ بەھرۇ بەرسۇلتان سەنجەرنىڭ سەرھەڭگى مەملىكەت ئىشتىغال ھاۋايىجى سەبەبى ۋە ھاۋايىجى مەملىكەت بائىسى جەھەتىدىن ئول تىۋە مىھارىن چەكتى. تاكىم شاھ كاربارىغە سەرف ئەت-

كەي، قازارا بۇ تىۋە شاھ خىزمىتىدە ھالاكەت يېرىگە يەتتى. جەۋانىكىم ئاناسى سەمىغە بۇ خەبەرى مۇۋەھھەش تەقرىرىن يەتكۈزدى. پىرەزەن بىلدىكىم ئۆلمەكدىن باشقا مەئلۇم ئېر-مەس ۋە ھالاكەتتىن ئۆزگە كورۇنمەس. كۈنى ئېردىكىم شاھ غازى سۇلتانى سەنجىر مازى ئاۋشۇغلىغە ئىشتىغال كورگۈزدى. پىرەزەن داغى پۇلى دەريا باشىغە چىقتى، تاكىم سۇلتانى ئادىل يەتكەي، جەۋر - ستەمى زۇلمىن ئەرز ئەتكەي، گەردى نامايان بولدىكىم، كوردىكىم شاھدۇر ئالىجاھ ۋە ئەمىردۇر. گەردۇن پاناھ پۇل باشىغە ئاياغ قويدى. پىرەزەن غەرىب بى ۋەتەن شاھ ئارغۇماق زەررىن لۇگامى جىلاۋىن تۇتتى. ئەجز ۋە ئىنكسارلىق يۈزىدىن ئەيدىكىم: تىۋەئى ئېردىكىم تەمەتتۇئ نەقدى، بۇ تىۋە كەسبىدىن ھاسل ۋە قۇت لايەمۇت ئەتئەمەسى ۋە بۇ شۇتۇر ئۈستىدىن ۋاسل بولۇر ئېردى. ئاۋانىكىم شاھلىغ يېرىگە چىكىب-دۇر، شاھلىغ خىزمىتى سارىغە ئىلتىبدۇر. ئۈچ كۈندۈركىم ئەتئەمە ۋە ئەشرەبە زائىقدىن مۇئەتتەلدۇرمىز. بۇ پۇل ئۈستىدە ئول تىۋە ئەجرەسى زىمانىن بەرگەيسەن ۋەيا پۇل سىرات ئۈزەسىدە بىرۈرگە سوز دىگەيسەن. بۇ سوز تەقرىرىدىن شاھ ۋۇجۇدىن فەنا بەرقى ئورتەدى. مەركىبى ئۈزەسىدىن تۈشتى ۋە پىرەزەن ئاياغىغە يۈز قويدى. تىۋەسى زىمانىغە قاتار شۇتۇر باردار بويرۇدى ۋە ئۆزرە ئاغازىن قىلدى. ۋە بەھساللىك تىلەمەك بىرلە ئەيدىكىم، ئەھد قىلغايسەن تاكىم سىرات كارگاھىدا شەرمسار ۋە ئول مەئبەر ئالىدا رەسۋا ۋە بى ئابرو قىلماغايسەن. پىرەزەن داغى رىزايىدا ئارام تۇتتى. ۋە شاھ داغى ئوردا سارىغە خىرام ئەتتى. شاھ ئادىلكىم ئەدل شەجەرىسىدىن مۇراد سەمەرەسىن بەرگەي ۋە رەئايا گۇرۇھى ئول شەجەر سەمەرەسىن تەرگەي. شاھ دەۋلەتى داۋامى ۋە ئەزەمەتى سەباتىغە مۇھەببەت ساتىئ ۋە بۇرھانى قاتىئدۇر:

(مەسنەۋى)

جاھان شاھ ئەدلىدىن ئاباد ئېرۇر،
ئادالەت ئاساسىغە بۇنياد ئېرۇر.

نە نەۋئى ئەيلەگەي زۇلم ئىلكى تىغى تەئادۇل بىلە ئۇردى باش، ھەر شاھكىم ئادالەت تەھقىقىدا تەخەللۇف كورگۈزمەس ۋە جەۋر - ستەم جەھەتىدىن زۇلم ئايىنىن تۈز-مەس. ھەزرەتى تەقەددەس ۋە تائالا سۇبھانە مەكرەمەت داۋامى ھەدىقەسى يۈزىن ھاۋادىس خەزانە زەيلى خەتەرىدىن ساقلاسۇن. ۋە ھەر سۇلتانىكىم ئەدل شەمئىن ئادالەت مەھكەمەسى سەرىرىدا يارۇتۇر دەۋلەتى سەباتى باغچەسى گۇلبۇنىن نەۋايىب چەشم زەخمى رەرەرىدىن ئۆز پاناھىدا ئاسراسۇن.

(مەسنەۋى)

تا ھەرس - ھەۋەس خىرمەنى بەرباد ئولماس،
تا نەفس - ھاۋا قەسرى بەرئوفتاد ئولماس.

تا زۇلم - ستەم جانىغا بىداد ئۇلماس،
ئېل شاد ئۇلماس، مەملىكەت ئاباد ئۇلماس.

پاك خىيالىدىن تەقۋاغە سەداقەت ۋە ساف زىھنىدىن شەرئى مۇبىن تەمشىتغە مۇۋا-
فىقەت كورگۈزمەك:

(مەسنەۋى)

ساڭاكى چۇن مەشر كۇنى زۇلجالال،
زالىمۇ مەزلۇمنى ئەيلەر سوئال.

ئاڭا ئىۋەزدۇر، ساڭا شەرمەندىلىك،
ئاڭا بۇيۇكلىك، ساڭا ئەفكەندىلىك.

قاله رەسولۇللاھى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم: "كۇللۇكۇم رائىن ۋەكۇللۇكۇم
مەسئۇلۇن ئەن رەئىيەتىھى" رەئايا گۇرۇھى مەزلۇمى ۋە رەئىيەت ئەنبۇھى موھۇرىغەكىم
شادلىغدىن باشقە ئېرمەس ۋە بەشاشەت ئۇزگە كورۇنمەس:

(مەسنەۋى)

ساڭا بىنەفشە كەبىدۇر قەددى نىگۇن،
باش كۇتارا ئالمادى ئۇياتتىن رەبۇن.

ھەر نە خاتا قىلغانىڭ ئولغاچ ھىساب،
بولغۇسىدۇر ھەر بىرىگە يۇز ئازاب.

گەرچە سىنىۇق ئىڭنە ھەققىۇدىناسىدۇر، باغرىڭ ئارا خەنجەرى ئالماسدۇر، تاكى مەز-
لۇملار خەيلى ئەفۇ تىلىن ئاچماس ۋە بەھەللىك نۇكتەسىن سۇرمەس. ۋەتەن فارارى ۋە
مەئمەن ئىستىقرارى ۋەيىلدۇركىم "نەئۇزۇبىللاھى مىن شۇرۇرى ئەنفۇسىنا ۋەمىن
سەيىئاتى ئەئمەلنا":

(مەسنەۋى)

ئى خۇلۇفا ئورنىدا مەسنەد نەشىن،
كور ئۇزا ئىشىگنى ئۇلارنىڭ ئىشىن.
مەسنەد نەشىن مۇنبەرى خەلافەت،
ئەۋۋەلى سازاۋەرىدۇر خىتاب.

"يا ساھىبى لاتەھزەن ئىننەللاھە مەئەنا" ۋە مۇخاتەبى سانىيە سىنەيىن ئىزھۇما فىلغارى شاھى ساھىبى تەرىق ئەبۇبەكرى سىدىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇكىم، خەلافەت كۇرسىسىدا ئارام تۇتتى ۋە نەيابەت مائابلىغ تەختىدە مۇتەمەككىن بولدى. بۇ گۇرۇھ باۋۇجۇد ئەزەمەت جەلال ۋە ئاتىفەت كەمال سائەتى رەئايە ئەھۋالىدىن تەغافىل ۋە تەساھۇل ۋاقىئ بولماس ئېردىكىم سۇبھى - شام نەژمىدلىغ ئەشكىن تۆكماكدىن نالە قىلماق ۋە فىغان چەكمەكدىن قان يىغلاماق، كوبىكو، سۇبىسۇ يۇرمەك بىرلە رەئايە ئەھۋالىدىن خەبەردار ۋە مەزلۇملار ھالىدىن مۇتتەلىئى ئەھۋال بولۇر ئەردى. بۇلار ھالىتىغە يۇز قويماق ۋە ئادالەت جانىبىغە شۇرۇئ كورگۇزمەك:

ساقى گۇلچەھرە كىتۇر جامى ئەدل،
كۇزكى نە گۇللەر ئاچار ئەنجامى ئەدل.

ئەدل ئاياغىن تۇتكى بولۇب شاد ئىچەي،
ئادىلدۇر ئاتىنى قىلىب ياد، ئىچەي.

## تۆتىنچى ماقالات رىيايى خىرقەپۇشلار سۇلۇكىدا

كىم ئۇز قاشلارىدا خىرقەئى تەلبىسلارىغە ھەقىقى لىباس ئاتدۇر، ۋە مۇئارىفلارى ئاۋامغا لىباسات ھەقىقى بادە نۇش رەۋىشىداكىم، خىرقەئى ۋۇجۇدلارى فانا ئىلكى زورىدىن چاكدۇر ۋە مەسھادەك جانبەخش نەفەسلارى روھى مۇقەددەس كەبى پاك ۋە مەھەللى تەۋافلارى سەھنى ئەفلاك:

(مەسنەۋى)

ئى بولۇبان سەنئەت ئىلە خىرقەپۇش،
شامۇ سەھەر زىكر ئىلە سالىب خۇرۇش.

خىرقە ئۇزە ئىچەكى ھەزيان چىكىب،
زوھد رىيا ۋە سىلەلارىدىن تىكىب.

ئەسا تۇتماقدىن قامەتى نىگۇن،
ۋە رىدا تاشلاماقدىن پەيكەرى زەبۇن.

ئەييارلىق فۇنۇنىدا ماھىر ۋە مەككارلىق شىۋەسىدە زاھىر ۋە سىھر فەنىدەكىم سامىرى ئىلكى ساھىرلىق ئايىنىدىن شەل، ۋە مەكر رۇسۇمىداكىم ئىبلىس پۇر تەلبىس كارباريغە خەلال، ئەمامە پىچىسى مىكر تەزۋىر دامىنىڭ رىشتەسىدۇر، ۋەزرق رىيا گەرەھىنىڭ ۋابەستەسى ۋە سەبھە تارى ئۇزۇنلىغىكىم تولى ئەمەل رىشتەسىدىن نىشانە بىرۇر، بەرەھمەن زۇننارى رەشكىدىن فەسانە ئەيتۇر:

(مەسنەۋى)

ئول ياغاچكىم ئانى مىسۋاك ئەتىپ،
ئاغزى لۇئابى بىلە ناپاك ئەتىپ.

ۋە خانەقا ھىكىم كىلىب مەئبەدى ۋە كەلىسا مەسنەدى ئاندىن ياخشى كورۇنۇر، يالغان ۋاقىئە تەقرىرىدىن كارامەت فۇرۇش ۋە كىزب نەسايىھ تەئلىمىدىن توپان خۇرۇش:

(بەيت)

فانى ئولماي قىلغان ئىزھارى فانا بىلىكىم ئىرۇر،
ئول گاداكىم زەرق ئۇچۇن زاھىر قىلۇر يالغان ئولۇم.

بۇنەۋئى بى ھايالىق ئىفراتىدىنكىم، شەرم تۇتماس. بۇ گۇرۇھ زۇمرەسى ۋە بۇ ئەنبۇھ ھەلقەسى ئارا ھايا پەرتەۋى ۋە شەرم زىياسى مەئدۇمدۇركىم: "ئەلھەيائۇ شۇئبەتۇن مىنەلئىمان" بۇ رىۋ - رەڭ بىرلەكىم دەرۋىش ئاتانۇر ۋە خەلافەت مەسنەدىدا ئارام تۇتار. ئىمان پەرتەۋى ئەشئەئەسىدىن خالى ۋە ئىسلام شەئشەئەسىدىن ئاتىلدۇر:

(بەيت)

ۋە نە پىردۇركى يارەب ئات ئاڭا دەرۋىش ئىرۇر،
باتىنى زەرق ۋە رىياۋۇ سىھر مەكر ئەندىش ئىرۇر.
نە ھاياۋۇ شەرم نە ئائىنى رەسمى ئادىمى،
جاھىلۇ نادان ۋە كەجرەي بەلاھەت كىش ئىرۇر.

مۇرىدلارىكىم سەف تۇزمەكدىن مائاش ئىنتىزارى ۋە مەئشەتىنىڭ تەڭلىكدىن بۇ ھەلقە سارىغە ئىختىيارى، ھەيفكىم بۇ نەۋئى زىندەكارلىق خۇسۇستىدىن ئولۇم ۋە بۇ يەڭلىغ ئومر مۇلازىمەتىدىن مەرگ مىڭ دەرىجە خۇبراق، بەلكى مەھبۇبراقدۇر:

(مەسنەۋى)

بىرىن ئىتىب تەزۋىر ئىلە خىلۋەت نەشىن،
بىرىن ئىتىب كۇچ بىلە ئوزلەت گۇزىن.

ئەھلى رىيازەتدىن ئاتاب بىرىنى،
بىرىگە دەب ۋاقىئە تەئبىرىنى.

خىلۋەت گۇشەسىدە ئۇزلەت گۇزىن ۋە ئۇزلەت نەشىمنىدە خىلۋەت نەشىندۇركىم مۇ-
راقىبە تەقلىدى تەرزىدىن باشىن ئەگدى سالماق ۋە تەۋەججۇھ ئايىنىدىن قۇيى تۇشمەككىدۇم

(بەيت)

رىيايى شەيخ باشىن يەر قۇيى سالغاچ دىمە ئارىف،
زەغەن قىلغاي قاناتى ئىچرە باش سالىب ئەيان ئۇيقۇ.

سەبھە زۇنناری ئىلكىدىن تۇشمەس، رىۋ- رەڭ ئەساسىن يەرگە قويىماس ۋە بۇ خىل
جەھەتىدىنكىم تەمەتتۇئ زائىقى تەركىن قىلماق ۋە سەرىغ يۇز بىرلە زاھىدانە كورۇنۇرگە ۋە-
سىلە ئىزدەمەك. بۇلار دىللارى ھەقايىق نۇرى پەرتەۋىدىن خالى ۋە مۇئارىف، پەرتەۋى نۇ-
رىدىن ئاتىلدۇر. كىبىر ناھايىتى ۋە ئۇجب غايەتىدىن سالام جاۋابىن بەرمەس، ۋە جاۋابى
سالام ئاۋازەسىن چىقارماسكىم نەئۇزۇ بىللاھ، يۇز ياساماق بىرلە مەھاسىن تاراماق ۋە
رەفتارىن تۇزمەكدىن ئىگر قەدەم سالماق، زامانى يوقكىم بى تەرەددۇد يول يۇرگەي ۋە
سائەتى تابىلمەسكىم بى جەھەت قەدەم قويغاي:

(بەيت)

ناۋايى خانەقەھ دەۋزەخچە باردۇر شەيخ ئاڭا مالىك،
نەتاڭ گەر ئانداكى ئىلگە نەسىھەدىن ئازاب ئەيلەر.

خوشا ئول زاتلارىكىم ئىيسۋى نەفەس بىرلە ئولۇك بەدەنىگە جان ۋە مەسھادەم بىرلە
جانسىز تەنگە راۋان بەخش ئەتكەي، ۋە خىرقەلەرى نەجىيەسى ئەرش ھامىلغە دۇررەتۇت-
تاجدۇر، ۋە ئەساسى ستۇنى ھەقايىق ئەساسغە ئۇمدەتۇلئاجدۇر. ئاياغى ئىزى ماقاسىدى ئەئ-
لا ماراتىبى مىھرابى ۋە تەسىر ئاشنا ئىلكى ئىجابەت نەيسانى رەشەھاتى سەھابدۇركىم
زاھىرى كىسۋەتى شەرئى نەبىۋى رەئايەسى جاۋاھىرىدىن مەمالۇ ۋە باتىنى خىلئەتى شە-
رىئەتى غەررا ئىھتىياتى زاۋاھىرىدىن لەبرىز ۋە رەۋشەن زەمىرى كوزگۇسى مەزھەرى تەجەل-
لىياتى ئىلاھى ۋە ھۇمايۇن خاتىرى قۇياشى مەترەھى تەئىيدات نامۇتەناھى. نە ئۇزىدىن خە-
بەرى ۋەنە ئۇزلۇكىدىن ئەسەرى، نە نام ۋە نە نىشان:

(مەسنەۋى)

زۇلمەت ئۇلار ئوتىغە بىر دۇدى ئاھ،
يوللارىدا خىزرى بىر ئەخزەر گىياھ.

كوزلەرىدىن قەترە كى غەلتان بولۇپ،
خىزرىغە يۇز چەشمەئى ھەيۋان بولۇپ.

ئۇل سائادەت ئەختەرىكىم بۇ تەرىقە ئەلىيەسىغە بويۇن سۇنار ۋە ئۇل ئاسالەت گوھەرىكىم بۇ سىلسىلە گەرەھىغە نەبۇدىيەت باشىن كىيۈرۈر. ھەزرىتى ۋاھىبۇلئەتىيات ئۇز پانا-ھىدا ساقلاسۇن ۋە شەيخ بەد فىئىللارنىڭ دامىدىن ئاسراسۇن. مۇقەررىبى بارى خۋاجە ئابد-دۇللا ئەنسارى سوزىكىم نەھايىتى سۇلۇكدىن باخەبەر ئېردى ۋە ئۇز مەسلۇكى نەھايىتدىن خەبەر بەردى:

(بەيت)

كىمكى خىيالىغا كىلۇر ماسىۋا،
لاف مۇھەببەت ئاڭا ئېرمەس راۋا.

## بەشىنچى ماقالات كەرەم ۋەسفىدا

كى قەلبى دەرەم مەرگىدۇرۇر، بەلكى رەھمەت شەجەرەسىنىڭ بەرگى ۋە بۇخىلكىم ساخا قەلبىدىن خالى بولسا نەھايەتسىز بەلا بولۇر ۋە بەزل سۇرەتى كورگۈزمەسە مۇرۇۋۋەتدىن ھەدسىز خەلا ۋە ئىسراف نەفىكىم ھەر ياندىن باقسا ئافەت بەھەد ئېرۇر، ۋە ئىتلاف مەزەمەتىكىم كوبرەك ھەرفى "لاف" دىن خەبەر بىرۇر.

(مەسەۋى)

ئى تۇشۇب ئىلكىڭە كەرەم كىسۋەتى،
قالمايىن ئىلكىڭدە دەرەم قىمەتى.

پەنجىڭ ئولۇب سىم فەشانلىقدا فاش،
مەشرىق، مەغرىبدا ئىچۇككىم قوياش.

سىم ئىلە ئىلكىڭدە مۇرۇۋۋەت بولۇب،
ئاندا فانا، مۇندا سەخاۋەت بولۇب.

ھەزرىتى سەمەدىيەت تەئالا ۋە تەقەددەس ئەتاسىدىنكىم كېرىملىغ سۇفەتى بىرلە مەۋ-سۇف ۋە سەخاۋەت ئەۋسافى بىرلە مۇتتەسىف بولۇنۇر نىدىنىكىم سەخاۋەتى ئەزەلىدۇر. ئول سائادەتى ئەبەدى ھەر جىنس ئىلكى بۇ ئىش دامىنىغە يەتمەس ۋە ھەرخىل كىشى ئاياغى بۇ كار ئۇزما ۋۇقۇئىغە قەدەم ئۇرالماس:
مۇئەمما بىئىسمى مۇرشىد

(بەيت)

كەرەم كۆنكى ھەركەس كى دارەد كەرەم،
كەرەم داردەش دەر جاھان مۇھتەرەم.

بېخىلىكىم ئەخەسسى ئەخلاق زەمىمەدۇر، تەركىن تۇتماق ۋە ساخاكىم مەقسەدى ئەسلى سارىغە يول كورگۆزۈر ئىرتىكاب كورگۆزمەك قاله رەسولۇللاھى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم: "ئەسسەخىيۇ لايەدخۇلۇنناره ۋەلەۋكانە فاسقەن" ئەمما ئىفرات ۋۇقۇئىدىن ئىھتىيات رۇ-سۇمىن تۇزمەك ۋە تەفرىت ئايىنىدىن خۇررەم يولىن كورگۆزمەككىم: "كۇلۇۋەشرەبۇ ۋەلا-تۇسرىفۇ".

(مەسنەۋى)

بىلكى ساخا قىلغالى كىمىدۇر مۇھىتى،
سىم بىرۇرگە كىم ئىرۇر مۇستەھىتى.

ساچماق ئاۋۇچ بىرلە گەھى ئات ئۇچۇن،
نەقد ئىتەك بىرلە مۇباھات ئۇچۇن.

بۇ كارىكىم ئەھلى جۇنۇن خەيلىدىن ئۆزگەدە ۋاقىئ بولماس ۋە بىھوشلار ئەھلىدىن ئۆزگەدە مەئلۇم ئىرمەس. بۇ نەۋئى ساخا ئايىنىدىن بېخىللىق مىڭ دەرىجە خوبراقدۇر بەل-كى مەھبۇبراق. سەخا شىۋەسى ئولدۇركىم ئۆز سەخاسىدىن سوز دىمەس ۋە پەزلى ئايىنى ئولدۇركىم، ئىھسانى جەھەتىدىن نۇكتە سۇرمەس. نە ئىفرات تەرىقىن تۇتقاي ۋە نە تەفرىت يولىن تۇزگەي نە ئولنەۋئىدۇركىم:

(مەسنەۋى)

يايار ئاڭا سۇفرەكىم ئول ئاچ ئىمەس،
بىرۇر ئاڭا تونكى يالىڭاچ ئىمەس.

ئات ئاڭا تارتاركى يۇز ئىلقىسى بار،
سىم ئاڭا بىرۇركى يۇز خەزنەسى بار.

بۇ نەۋئى سەخاۋەت شىۋەسىكىم ئىپتىباردىن ئىھاتەسى خارىجدۇر. بۇ نەۋئى بەزل داغى ئەقل رەۋىشىدىن تاشقارى. خىسسىيەت زاتىدۇركى: "كەنىنەقشى فىلھەجەر" سەئىي ھەككاكى بىرلە كوششىدىن زايىل بولماس ۋە نەزەرى كاسەسى لەھەد غۇبارىدىن ئۆزگەدە تولماس.

ھىكايەت: چۇنانچە بېخىلىكى فارايىز ئاداسى سەبىبىدىن مەسجىد سارىغە قەدەم قويىدى ۋە قىيام كورگۆزمەكدىن بۇ تەخەييۇل ئەۋھادى كوڭۇل رىشتەسىدە ئولتۇردى ۋە بۇ تەسەۋۋۇر خۇتۇرى خاتىرى سەفھەسىدە ئارام تۇتتىكى، چىراغى فەتىلەسى ئۇزۇندۇر ۋە رەۋغەن داغى مەملۇكىم ئۇچۇرمامىش بولغاي، چىراغى شوئلەسى تەۋەھھۇمى ھوش دىماغىن ئورتەدى ۋە تەسەۋۋۇرى چىراغى دۇدەسى خىرەدى ماشامىغە يەتتى، نامازىن بۇزماقدىن، ئۆز كۇلبەسى سارىغە ئىزتىراب قەدەمىن قويىدى. ۋە ئىز تارار ئاياغىن مەئيۇسلۇق يولىغە تاشلادى. ناگاھ ھەرەمى ئىشىكىگە يەتتى ۋە كېنىزى سارىكىم ئاۋازى قىلادىكىم، چىراغ شوئلەسىن ئۇچۇرگەي-

سەن! تاكىم ئىسراف ۋۇقۇئى يۈز كەلتۈرمەگەي! كىنىز ئەيدى: زەھى بەلاھەتكىم چىراغ فەتىلەسى غىمىن يەرسەن، بىلىەس سەنكىم كەپىشلىڭ دۇردۇزى نە بولغاي؟ ئەيدى، تاكىم بۇ خىيال خۇتۇرىدىن ئۇي سارىغە يۈگۈردۇم نەئىلنىم ھىمايىلىغە ھامىلدۇرمەنكىم، ئاياغىم يۈزى مەغىلان خارخارىدىن تولدى، ۋە يۈزۈم بىرلە باسارغە موھتاجدۇرمەنكىم، نەئىلەيىن پوشىشى ئىھتىياتىن قىلدىم. ھەدىسدۇر بۇلار شەنىدە ۋە ئايەتىدۇر بۇلار ھەققىدەكىم، قالە رەسولۇللاھى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم: " ئەلبەخىلۇ لايەد خۇلۇلجەننەتە ۋەلەۋكانە ئابىدەن". بۇ خىل ناھايىتى ۋە ئىمساك غايىتىدۇركىم نە ئۇمر ئاۋانىدا شادلىغ يۈزىن كورگەي ۋە نە ئۇقبا مەھشەرىدە رەسۋالىغدىن ئۇزگە زوھور قىلغاي. خوشا ئازادەلاركىم جاھان مەمالىكى نوقۇدى زەررەدۇركىم كوزلەرىگە كورۇنمەس ۋە قەترە ئىدۇركىم بۇ نەۋئى دەريا دىل جەۋانمەردلار زۇمرەسىغە كىرالماس. ھاتەم تاي ھىكايىتىدەككىم ھىممەت ۋە سەخا ئەھلىغە پىشۋا ئەردى، ۋە ئەنىڭ مىھمانلىغى تەئزىمىغا باش ئىندۇرمەگەن گادا ھىممەتىن كورۇپ ئىنساف بەردى:

(مەسنەۋى)

ھاتەم تايغە بىر ئازادەۋەش،
دىدىكى ئى ھىممەتىڭ ئازادەكەش.

تاكى سەخا بولدى كەفىڭ ۋەرزىشى،
كوردۇڭمۇ ئىكىن بىر ئۇزۇڭدەك كىشى؟

ھاتەم تاي ئەيدىكىم چەشنى ئام لاۋازىمىن مۇھەييا قىلدىم ۋە مەئرىكە ئەسبابىن تۈزدۇم:

(مەسنەۋى)

مەتبەخ ئارا يۈز تىۋە قۇربان ئىدى،
قوي - قوزى بىھەد ۋە بىپايان ئىدى.

ئۇلۇس ئەنبۇھى زىيافەت كارىغە ئىشتىغال كورگۇزدى. خاتىرىمدە كەچتىكى نەفەسى دەشت سارىغە يۈز قويغايمەن ۋە تاماشا ئەيلەمەك بىرلە كوكۇل ئاۋۇتقايمەن. ناگاھ قىرىلىغ نەكبەتى ۋە سۇستلۇغ مىھنەتى رەنجىدىن قامەتى خەملىگى دەردىدۇر، ئاسا ئەلىفدىن مۇرەككەب سەيردا كوردۇم: بىر ئەسرى مىھەن، بىر قۇچاق ئارقاسىغە يۈكلەب تىكەن. ئى نەھىف زار - زەبۇن ۋە ئى ئاۋارەئى دەرد ئازمۇن، بىلمەدىڭمۇكىم ھاتەم تاي چەشنى ئام مەتبەخىدىن گادالار ئىشتىھاسى موتىلدۇر ۋە مۇنئىملار ئەتئەمەسى ئاندىن خالى ئىرمەس:

(مەسنەۋى)

سالدى ئۇل ئىمگاك ئۇتى كوڭلۇمگە تاب،
لۇتپ تەرەھھۇم بىرلە قىلدىم خىتاب.

تاشلا! تىكەن، گۈلشەنى ئىززەتكە يەت،
چەكمە مەشەققەت كوب، دەئۋەتكە يەت.

بۇ تەكەللۇم تەرەننۇمدىن كۈلدى ۋە بۇ تەرەننۇم ئاداسىدىن تەكەللۇم تۈزدى:

(مەسنەۋى)

كى سالىبان ھەرىس ئاياغىڭغە بەند،
ئازى تەمەئ بوينۇڭغا باغلار كەمەند.

سەن داغى چەككىل بۇ تىكەن مىھنەتىن،
تارتماغىل ھاتەمى تاي مىننەتىن.

ھىممەت ئەگەر بولسا ناۋايى ساڭا،
بەندە دۇرۇر ھاتەمى تايى ساڭا.

ساقى ئاياغ تۇت كەرەم ئىزھار قىل،
پەزلىنى ھاتەمغە نەمۇدار قىل.

بىزگە چۇ مەي ۋەجھىغە يوقتۇر دەرەم،
كەملىغ ئېرۇر بىزدىن ۋە سەندىن كەرەم.

مەئلۇمدۇركى ھىممەتنى پايەسى ۋە جۇرئەتى سەرمايەسى مەندىن فۇزۇندۇر.

## ئالتىنچى ماقالات ئەدەب دەئبىدا

كى كىچىكلەرگە مۇجىبى سائادەتمەندلىغ ۋە ئۇلۇغلارغە بائىسى سەر بەلەندلىغدۇر. تەۋازۇئ ۋەسفىداكىم قەددىن دال دەك خەم قىلغان، قەدەمىن دەۋلەت فەرقىغە قويار ۋە ھايا زىبىاسى تەئرىفىداكىم ھەر كىشى كىرسە رەھمەت ياغمىلارى بىرلە سىراب بولۇر.

(مەسنەۋى)

ئى تەلەب ئويىدە نەشەست ئەيلەگەن،
قەددىنى خىزمەت يوكى پەست ئەيلەگەن.

ھەرس-ھەۋا غەرۇرى ۋە رىۋ-رەڭ تۈندۇ بادىدىن ئايرۇ ئەدەب رەسمىن تۇتماقكىم سەرمەدى سائادەت شەجەرەسىنىڭ سەمەرەسى ۋە ئەبەدى دەۋلەت گۈلشەنى گۈلىنىڭ غۇنچەسىدۇر. ئالىجاھلىغ سەبەبى ئۇلدۇر ۋە ئۇلۇۋى نىگاھلىغ بائىسى ئاندىن ئايرۇ ئېرمەس. سائادەت ئەختەرىكىم تەۋازۇئ جەھەتىدىن پەيكەرى زەبۇن ۋە ئەدەب بائىسىدىن قامىتى نىگۇن،

ئەدەب ئىھتىياتى رەئايەسىن لازىم تۇتار ۋە تاۋازۇئ جۇرمىغە رەئايە كورگۈزمەكدىن سەداقەت لاۋازىمىن ۋاجىب كورەر:

(مەسنەۋى)

كوركى تەۋازۇئىغە زەم ئولدى ھىلال،
بولدى فوزۇنراق ئاڭا ھەر تۈن كامال.

"يا" غە تەۋازۇئ سۇفتى بەردى دەست،
قەدر ئىلە مۇسھەف ئۇزا تاپتى نەشەست.

لىۋايى شەرافەت شىققەئى جەلال ۋە ئەلەمى ئاتىفەت پەيكەرى كامال، تەۋازۇئ شىۋەسى ۋە ئاداب ئائىنىـىدىـىندۇر، ئولۇغلار ئالىدا تەۋازۇئ كورگۈزمەك ۋە پەستلەر ھوزۇرىدا ئاداب روسۇمىن تۇزمەك، نە ئاڭا ئىفرات مەرتىبەسىدە تەۋازۇئ قىلغاي، ۋە نە تەفرىت ئاداسىدىن قامەتىن خەم ئەتكەي، ھەر بىرىن ئوز يېرىدە ئاراغە سالماق چۇنانچە تەۋازۇئ خەلقنى بۇ كىشى مۇھەببىتىگە شىفتە قىلۇر ۋە ئىرتىبات سەررىشتەسىن ئۇنىڭ سارىغە ئۇزاتۇر:

(مەسنەۋى)

رۇتبەدە سەندىن كىشىكىم بولدى پەست،
كورسەڭ ئوز ئالىڭدا ئانى زىر دەست.

ئەدەب ئايىنى تەلقىنىن قىلماق ۋە تەۋازۇئ شىۋەسىن تەئلىمىن ئەيلەمەك ئەگەرچە بارچە ئەلدىن خوبدۇر ۋە بارى خالايىقدىن مەرغۇب. ئەمما سەرەفرازلاردىن خوبراق ۋە ئالىجاھلاردىن مەرغۇبراق. مۇھەببەت باغچەسى گۇلشەنى تەرتىبى ۋە مۇۋەددەت ھەدايىقى گۇلبۇنى تەرتىبى ئەدەپ ئايىندۇركىم مۇندىن ئوزگە ئېرمەس:

دانە يەب ھاسىل ئىتىب فەزلە نىجىس ئەيلەمەگەي،
باغ سەھنىنى رەئايەت قىلىبان تەركى ئەدەب.

دوستلۇغ شىۋەسى پىرايەسى ئويىاتدىن ۋە مەھبۇبلۇغ گىرىشمەسى رەۋنەق ئەفزالىقى ئاندىن ئايرۇ ئېرمەس. ئەدۇۋى مۇتەكەببىر سارىغە مۇۋەددەت قامىتىن خەم قىلماق ۋە ئۇنىڭ تەقەززاسىن كوزگە ئالماماق ۋە تەۋازۇئىن داغى مۇئتەبەر كورمەمەك:

(بىدىل)

ئەگەر دۇشمەن تەۋازۇئ پىشە ئەست ئىمىن مەشەۋ بىدىل،
بىخۇنرىزى بۇ ۋەد بى باك شەمشىرىكى خەم دارەد.

مەۋئزە: بىلمەك كىرەككىم ئۆمر فۇرستى كەمدۇر ۋە هايات مەهەللى ئاندىن كەمرەك، مەرگ زەهەرى ئول نەۋئى قەهرىمانكىم، ئەجەل سەرهەنگى ئاندىن مەهكەمرەك. نە ئاندىن ۋەفا شەممى يىتەر، ۋە نە مۇندىن مىهىر تەۋقىئى يول كورگۇزەر. هايات نۇشى ئولۇم نىشىغە مۇبەددەل ۋە ئۆمر گۇلشەنى مەرگ خارخارىغە بەدەل بولغايكىم، كەتمەك خەبەرى يىتەر ۋە رىهلەت چەكمەك سۇرۇشى خەبەر بىرۇر. مالالەتلارىكىم يۇز كەلتۇرۇر، نادامەتلارىكىم پىش كىلۇر. ئاه تارتماق بىرلە پايدا تابماس ۋە نالە چەكمەكدىن سود يەتمەس:

مەي ئىچ كى ئۆمر ئەبەد تاپساڭ ئەرزىمەس ئاڭا كىم،
دەمى زامانە ئارا بولغايسەن مالال بىلە.

لازىمدۇركىم ئەدەب يولىن تۇتماق ۋە تاۋازۇ تەرىقىن كورگۇزمەك.

**نوشىراۋاننىڭ هايا باغىدا نەرگەس كوزىدىن كوزىنىڭ نەرگەسى ئۇيالىب نەرگەس كوزلۇك گۇلرۇخدىن كانارە ئىستەمەي. كانارە ئىستەگەنى**

(مەسنەۋى)

شاه ئىرمەس ئىركاندا نوشىرۋان،
بولدى بىروۋ ئىشقى بىلە ناتىۋان.
غۇنچە كەبى كوڭلى ئارا قان ئىدى،
لىك غەمى خۇردەسى پىنهان ئىدى.

ناگاه فىراق خازانى ۋىسال باهارىغە هەمنەفەس بولدى ۋە فۇرقەت تۇنى كاشاكىشدىن ۋەسل سۇبهىغە ئاياغ قويدى، نەزاهەت گۇلشەنى ۋە نەزاكەت چەمەندە بادە چەكتى:

(مەسنەۋى)

كامغا مەيل ئەيلەدى ئول كامكار،
ئەيلەدى تەسلىم ئوزىن گۇلئۇزار.
سۇنغاچ ئىلىك دىلبەرى مۇنىس سارى،
تۇشتى كوزى بىر تەنە نەرگەس سارى.

دىلبەر ئىلكىدىن ئىلكىن چەكتى ۋە سىمبەر ۋىسالىدىن كەچتى. شوخ سىمەن ئۇزار ۋە سەرۋى قەد گۇلرۇخسار بۇ يەڭلىغ تەكەللۇم تۇزدى. ۋە بۇ نەۋئى تەرەننۇم كورگۇزدى ۋە-

سال سۇبھدە فىراق شامىن ئىزدىمەكگە سەبەب نە ئىركىن ۋە ۋەسل گۈلشەنىدە فۇرقەت خارىن تىلەمەكگە سەبەب نە بولغاي؟ ئەيدى:

(مەسنەۋى)

كىم بۇ ۋىسال ئىچرەكى ۋاقىئ دۇرۇر
نەرگەسى شەھلا كوزى مانىئ دۇرۇر.

ھايا سەۋداسى ۋە ئەدەب ماجەراسىدىنكىم بۇ نەۋئى شاھلىق كۇرسىسىدا ئولتۇردى ۋە بۇ يەڭلىغ ئادالەت مەھكەمەسىدە ئارام تۇتتى. ۋەھەر ئادىمكىم ئەدەب زاۋاھىرىدىن مۇرەسسەدۇر، سەلتەنەت كىشۋەرىدە مەسنەد نەشىن ۋە ئەمارەت مەسنەدىدە ئىززەت گۇزىن بولماقدىن سائادىتى ئەبەدى ۋە دەۋلەتى سەرمەدى مىئراجىنە ئاياغ قويغاي، ئەجىب ۋە غەرىب ئىرمەس:

(مەسنەۋى)

ئەيىش ناۋايى نىچە دىلكەش دۇرۇر،
لىك ئەدەب بىرلە ھەيا خۇش دۇرۇر.

ساقى ئەدەب شەرتىنى ئامادە تۇت،
ئالىمە توقۇز يۇكۇنۇب بادە تۇت.

تا ئەنى ئىچ دەب ساڭا مەن يۈز تۇتاي،
تامسا توققۇز، ئاقسا خۇد ئوتتۇز تۇتاي.

## يەتتىنچى ماقالات قانائەت بابىدا

«ئەينى» جۇئدىن ئايرىلسا زەمزەمى نىجات «قافى» بەلكى سەلسەبىل ھايات سارى ئۇچماقنىڭ قاناتى دۇرۇر. ۋە پەرىشان تەمەئكىم مەزەللەت زەھەرى تەمەئى مىزاقىغە يەتكۇرۇر. ۋە قانىئكىم كوزى ئوزرە قان مەۋج ئۇرسا ئىززەتى بار ۋە تامىئكىم ئالتۇن مەسنەد ئوزرە ئارام تۇتسا مەزەللەتى بىسيار:

(مەسنەۋى)

كىمكى ئىشى بولسا قانائەت فەنى،
بىلكى ئەنى قانائەت قىلدى غەنى.

گەنج تەھەممۇلنى غىنا بىلمەگىل،

بەلكى غىنا گەنج قانائەتنى بىل.

نەقد قانائەتكە چۇ يوقتۇر فانا،
جەهد ئەت بۇ نەقد ئىلە تابقىل غىنا.

ئۇل دەرۋىشكىم قانىئدۇر، ئالىجاھ تامىئدىن فايىق، ئۇل گادايىكىم بى تەمەدۇر، سا-لاتىن ماراتىبىغە لايىق. شاهلىق روسۇمى ۋە ئالىجاهلىق ئايىنى ئۇل ئىرمەسكىم تەمەئ يولىن تۇتقاي، ۋە قانائەت تەرىقىن ئونۇتقاي:

(مەسنەۋى)

شاه ئىمەس ئۇلكىم باشىغە قويدى تاج،
شاه ئانى بىلكىم يوق ئاڭا ئىهتىياج.

هەر جىنس ئادىمىكىم جاهان مەزرەئەسىدىن باش چىكەر ۋەهەر نەۋئى ئىنسانكىم هايات مەهەللەسىدە مۇتەمەككىن بولۇر. لازىمدۇركىم كەددى يەمىن ۋە ئەرەقى جەبىندىن رىزق ھاسىل ئەتكەي، چۇنانچە ۋارىددۇركىم: "كۇل مىن كەددى يەمىنەكە ۋەئەرقى جەبىنەكە ۋەلاتەئىكۇل مىن دىنىەكە" كەسب يولىن تۇتماق ۋە كاسىبلىق شىۋەسىدىن كوڭۇل ئاۋۇت-ماق، هەزرىتى خۇداۋەندە جەللە سۇلتانۇهۇ قىسمىتىغە رىزا بەرمەك ۋاھىبۇلئەتىيات ئەتاسىغە قانائەت قىلماق. "قاله رەسۇلۇللاهى سەللەللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مەن قەنەئە، شەبەئە":

قەنائەترا بىسەنجىدەند مەردان،
فوزۇنتەر ئامەد ئەزمۇلكى سۇلەيمان.

هەزرىتى سەمەددىيەت تەئالا ۋەتەقەددەس بەش ئىشنىڭكىم بەش ئىش ئۈزەسىدە قويۇب-دۇر. تائەتكە ئىززەت، مەئسىيەتكە مەزەللەت، فاقەدا هىكمەت، بىدارلىغدا هەيبەت، قانائەتدە دەستىگاهى جالالەت ۋە ئاتىفەت ۋە ئەزىمەت:

(مەسنەۋى)

تابىسا قانائەت سارى هەركىمسە يول،
شاه بۇ تەقدىر ئىلە ئۇل بولغاي ئۇل.

قانائەت مەنبەئىدۇركىم سۇيىن تارتماق بىلە تۈگۈمەس ۋە مەخزىنىدۇركىم نەقدىن ئالماقدىن ئوكسۇمەس. چۇنانچە: "ئەلقەنائەتۇ كەنزۇن لايەفنى".

(نەزم)

تاغ كەبى تارت قانائەت ئېتەكى ئىچرە ئاياغ،
دەۋر فەلەكدىن ساڭا بىر قۇرس ئەگەر شام يېتەر.

غەنى ئولدۇركىم قانائەت جەھەتىدىن بولغاي، نە مال جەمئىدىنكىم ئەلفەنىيۇ غىنەلقەلبى، لاغىنەلمالى سەھىھۇلبۇخارىدا كەلتۇرۇبدۇركىم قالە رەسولۇللاھى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: "مائەكەلە ئەھەدۇن تەئامەن قەتتۇ خەيرەن مىن ئەن يەئكۇلە مىن ئەمەلى يەدىھى" يەئنى يىمادى ھەرگىز تەئامنى ئەھدى ياخشىراق ئاندىنكىم ئالكى كەسبىدىن ھاسل ئەتمىش بولغاي.

قانائەت گۇلىدۇركىم نەۋايىبى خەشم زەخمى زەرەرىدىن مۇبەررا ۋە ھاۋادىس تۇندبادىدىن مۇئەررا، ئاتىفەتى كامال سەبەبى ئولدۇر، ئەزىمەت جالال بائىسى ئاندىن ئايرۇ ئېرمەس.

(بەيت)

ھەقدىن ئېزىزلىق تىلەسەڭ ئىلادىن ئۇز تەمەئ،
كىم خەلقنىڭ ئېزىزى دىدى: "ئەززەمەن قەنەئ".

دەرۋىش قانىئ قۇرۇغ ئوتمەكى شاھى تامئ خۋانىدىن خوبراق، ۋە فەقىر تىھى سەرمايەلەر يىمەكى تامئ شاھنشاھلار ئەتئەمەسىدىن مەرغۇبراق:

(مەسنەۋى)

كىمگە ئېرۇر مەخزەنى قارۇن،
ئەنىڭ مۇلكى جەمۇ، تاجى فەرىدۇن.

ئەنىڭ بەزلى دىبان گەنج ئىشكىن ئاچماسا فائىدەسىزدۇر. گەۋھەر ساچماسا، ئوز يېرىدە ئىشلەتىلگەي ۋە ئوز مەھەللىدە سەرف ئېتىلگەي.

(مەسنەۋى)

بەزل ھەيۋانۋەشلەر ئىلكىدىن تەمەئ قىلغاي كوڭۇل،
ئۇيلەدۇركىم ئارزۇ قىلغاي بوغۇ شاخىدا گۇل.

بىلمەك كېرەككىم دەھر بىناسى مەمورەسى ۋە جاھان ئەبناسى مەئلۇمەسى زۇلمىدىن ئوزگە ئىمەس ۋە جەۋرىدىن باشقا مەئلۇم ئېرمەس:

(بەيت)

بى رەھىم دۇرۇر ئالەمۇ زالىم ئەفلاك،
بى مىھر دۇرۇر ئەنجۇمى دەۋران بى باك.

قايىسى سەرۋ چىمەنىدە جىلاۋە قىلدى، چالاك كى يەرگە توكۇلمىدى. نىچۇككىم خاشاك ۋەقتىكىم مەرگ غۇلغۇلەسى يىتەر، نەۋمىدلىغ ئاھى فەلەك يۇزدىن تىيرە ۋە جاھان سەفھەسىن خىرە قىلا ئالغايكىم فايدە بەرمەس. ئەجەل شەھبازى زور ئازمۇن ئىلكىن ئومىر ئىتەكىگە ئورار ۋە بى مىھرلىك چەنگىن ھايات دامىنىغە يەتكۇرەر. پۇشايمان سود ئەتمەس ۋە تەلەھھۇف داغى مۇفىد كورۇنمەس. بەس لازىمدۇركىم قانائەت سارىغە ئىرتىكاب كورگۇزمەكدىن كوڭۇل ئاۋۇتماق ۋە ئازۇ تەمەئ ھەلقەسىدىن كانارە تۇتماق:

(مەسنەۋى)

ئىززەت تىلەسەڭ ئەيلە قانائەت تەمەئ،
مەسنەدى ئىززەت ئوزرەدۇر "مەن قەنەئ".

ھىكايەت:

قانىئ جاۋانمەرد بىلە تامىئ جاھان گەرد ھەمراھلىغى ۋە بىرىنىڭ فاراغەت گەنجى ھېرىسىدىن مەزەللەت رەنجىغە قالىب، بىرىنىڭ قانائەت رەنجى چىكەردىن فاراغەت گەنجىگە يەتكەنى:

(مەسنەۋى)

فارس ناۋاھىسىدىن ئىككى رەفىق،
ئەيلەدىلەر چىن سارى ئەزمى نەرىق.

بىرى ئەزەل قىسمىغا قانىئ ئىدى،
قىسمىدىن ئارتۇق بىرى تامىئ ئىدى.

دەشت ـ تاغ كەسمەكدىن پۇيە ئۇرماق ۋە يىل يۇرمەكدىن ماراھىل ۋە مەنازىل قەتئىن قىلماق، ناگاھ خەر سەنگى نامايان بولدى.

(مەسنەۋى)

يارىمى يەردە، يارىمى يۇقارى،
ئۇل يارىمىداكى بولۇب تاشقارى.

بۇ نۇكتە خۇتۇتى جاۋاھىرىدىن مۇزەييەندۇر. ۋە بۇ كالام سۇتۇرى زاۋاھىرىدىن مۇ-كەللەل، ھەر ئادىمىكى بۇ تاش تەختەسىن يەنە بىر سارىغە ئايلاندۇرغاي:

(مەسنەۋى)

ئاندا بىتىكلىك دۇرۇر ئەفسانەئى،
كىم بۇ ناۋاھى ئارا ۋەيرانەئى.

باركى ئاستىدا ئېرۇر تۇرفە گەنج،
ئالغاي ئەنى ھەركىمشى كوپ چەكسە رەنج.

بۇ نۇكتە ئىستىمائى تامىئ جۇنۇنى سىلسىلەسىغە تەھرىك بەردى، ۋە بۇ كالام نەۋد-دىن ھۇشى دىماغىن ئۇرتەدى ۋە تاش تۇبىن قازماققا بەل باغلادى. يىللار ئول تاش ئاس-تىدا مەزەللەت غۇبارىغە يۇزىن قويدى:

(مەسنەۋى)

قانىئ ئول ئىشقا چۇ نەزەر ئەيلەدى،
قىلمادى پەرۋايى گۇزەر ئەيلەدى.

ۋە دىدىكىم قانائەت گەنجىدۇر فانى بولماس ۋە دەريايىدۇركىم ئىچەك بىرلە قۇرۇ-ماس. لىللاھىل ھەمد ۋەلىمىننەتكىم قەنائەت گەنجى ھەمراھىم بولدى ۋە كوڭلۇم خەزانەسى قانائەت مەتائىدىن تولدى. لازىمدۇركىم دەشت قانائەت سارىغە زەۋق مەھمەلىن باغلاغايمەن ۋە بايابان قەتئىدىن كام ئالغايمەن، سۇبھى دەم ھالتى ئېردىكىم شەھرى نامايىش قىلدى ۋە كىشۋەرى نامايان بولدى، شەھەرغە ئېل كىرگەلى كوب يول ئىدى. كىمكى بۇرۇن كىردى ۋەلىئەھد ئول ئىدى، بار ئىدى دەرۋازەغە سۇرمەك ھامان، ھەرسارىدىن خەلق يۇگۇرمەك ھامان، بۇ شەھەر ئائىنى ۋە بۇ دىيار رەسمى بۇ ئېردىكىم ھەر ۋەقتىكىم شاھى جاھان پاناھ باقا مۇلكى سارىغە ھايات رەخشىن سۇرگەي ۋە ئەدەم سەرمەنزىلەسىگە قەدەم يەتكۇر-گەي. ئۇلۇس ئەنبۇھىدىن نىھان ۋە ئەھلى جاھان گۇزۇھىدىن پىنھان تۇتقاي. ھەر سائادەت ئەختەرىكىم شەھەر دەرۋازەسىدىن ئىلگەرى قەدەم چەككەي، شاھلىغ تاجىدىن سەرەفراز ۋە ئالىجاھ تەختىدىن مۇمتاز بولغاي:

(مەسنەۋى)

ئانى ھىمۇل رەسم ئىلە خەيلى سىپاھ،
قىلدىلەر ئول مەملەكەت ئۇزرە شاھ.

ئارى ئۇل كىشىكىم قانائەت تەرىقىن تۇتقاي، شاھلىغ سەرىرىدە مۇئەببەد ۋە گەردۇن پاناھلىغ ئەۋرەڭىدە مۇخەللەددۇركىم زاۋال ئىلكى دامىغە يەتمەس، ۋەيرانلىغ بازۇسى سائادىتى ئىتەكىگە قول يەتكۇرالماس:

(مەسنەۋى)

يارىكى رەنج ئۇزىگە ئالىب ئىدى،
گەنج تەمەننادا قالىب ئىدى.

رەنج بۇيلە يەتتى چۇ ئۇز جانىغە،
تاشنى ئۇيۇردى يانا بىر يانىغە.

خەتىغە باقىب كوردى بۇ مەستۇر ئېرۇر،
"خام تەمە دەھر ئارا رەنجۇر ئېرۇر".

بۇ كار ۋۇقۇئىدىن دۇد باشىغە ئاشتى ۋە ئوت دىماغىغە تۇتاشتى، ئارى:

ئېزىدى ھەق ھەسەدى دۇشمەن ئىلە بولماس خار،
ھەۋسۇد ھىلەسى ئىقبالنى ئەيلا ئالماس ئىدبار.
ئەگەرچە گۇلبۇنەكام خازاندىن ئافەت بار،
تەدارەك ئەيلەر ئاڭا ئاقىبەت نەسىمى باھار.

ساقى ئىتىب مەن تەمەئ ئۇل بادەدىن،
كىم ئالۇر ئازۇ تەمەئ ئازادەدىن.
جۇز ئەسىدىن سالىكى راھ ئېت مىنى،
مۇلكى قانائەت ئۇزە شاھ ئېت مىنى.

## سەككىزىنچى ماقالات ۋەفا بابىدا

كى ۋادى سىمۇرغ "سىن"ى نىڭ زىمىنداقى "ۋاۋ" دەك نىھان، ۋە "فا"سى "قاف" ئاستىداكى "فە" دەك ئايان ۋە "ئەلىف"ى كىمىيا تۇبىداكى "ئەلىف" نىشانەسى ۋە نۇقتەسى مىھرگىياھ بۇتەسىنىڭ دانەسى. بەس بۇلارنى تەمەئ قىلغان كىشى سۇ سەتھىدە يۇگۇرمەك ۋە قۇرۇغ يەردە كېمە سۇرمەك:

(مەسنەۋى)

چەرخ توققۇز دۇرج كى زەرگار ئېرۇر،
جەۋفىدا يۇزمىڭ دۇررى شەھۋار ئېرۇر.

هەر بىرىنىڭ لەمئەسى شەمئى چىراغ،
نى دۇررى، نە شەمئ، دۇررى شەب چىراغ.

هەر جانىب گەۋهەرى ئالى ۋە هەر تەرەف دۇررى لۇئالى، مەگەر ئول گەۋهەرى سائادەت پەيكەرىكىم ۋەفا جاۋاهىرى ۋە مېهر زاۋاهىرى بولغاي، قىممىتى نەقدى مەملۇئى خەزائىن ئىجادى كامالدۇر، ۋە ئەمۋاجى رەڭگىنى ئابروي ئۇممانى جالال:

(مەسنەۋى)

بۇ دۇررى ناياب ۋافا مۇ ئىكىن،
گەر ئول ئىمەس، مېهرگىياھ مۇ ئىكىن.

مېهر گىياھ دىمەكى ئەنقادۇر ئول،
جەۋهەرى فەرد، دۇررى يەكتادۇر ئول.

بۇ دۇررى يەكتا ۋە بۇ جەۋهەرى بى هەمتا ئەدەم بەهرىدە نىهان ۋە يوقلۇق گىردابىدا پىنهان ۋە مۇستەتىردۇركىم ئىستەمەكدىن تابىلماس ۋە جۇستجۇ ئەيلەمەكدىن قولغا كەلمەس.

ۋەفا شەخسى تەئرىفىدەكىم مەئلۇمۇلئىسىمدۇر ۋە مەجهۇلۇلجىسىم. ئەمما جەۋهەرىدۇركىم كامال مارانىبى مىئراجىغا سەبەب ۋە جاھ جالال پايەسى ئەرۇجىغە بائىس. هەر ئادىمىكىم ۋافادارىدۇر جەفادىن ئۆزگە ئەنىڭغە يەتمەس. ۋە بى مېهرلىغدىن باشقا زوهور قىلماس:

(بەيت)

ئەيش جامىن تۇتماڭ ئەي دەۋر تەرەب ساقىلارى،
ندگە كىم چەرخ ئەتتى بىزنى مىهنەت دەۋرانىغا تۇش.

ئەمما ئەهلى ۋەفاكىم مىهنەت هوجۇمىدىن ۋەفا تەركىن تۇتماغى مۇمكىن ئىرمەس ۋە ئەلەم كەسرىتىدىن جەفا روسۇمىن تۇزمەككە ئىمكان يىزقكىم:

(مەسنەۋى)

ئول كىشى گەر ئەزەلدە بەختىيار،
مۇڭا يوق شەفقەتىدە ئىختىيار.

ئۇيلەكىم خۇرشىد ئىرۇرئەينى نۇر،
كوزنى يارۇتماقدا ئاڭا نە شۇئۇر.

جاھاننىڭ ۋە جاھان ئەھلىنىڭ بى ۋەفالىغى رەۋشەن ۋە ھاياتنىڭ شوخ ئەفزا مەھـبوبەسى ۋەفاسىزلىغى مۇبـرەھەن، ۋە فەلەك داغـى ئول نەۋئـدۇركىم، زامانى جەفا تەركىن تۇتـماس، ۋە شادلىغ بىرلە كوڭۇل ئاۋۇتماس، شەپقەت مۇقابىلەسـىدە مىھنەت ژالەسـىن ياغـدۇرۇپ، مەرھەمەت ئوتتۇراسىدا دەردۇ غەم تۇپراغىن ساۋۇرۇر. ھەر ئادىمىكىم ئەھلى ۋافادۇر جاھان ستەمىدىن شىۋەسى غىزا ۋە دەۋران غەمىدىن روزگارى قارا، مۇراد غۇنـچەسى بۇ باغ گۇلشەنىدىن ئاچىلماس ۋە مەقسۇد رايىھەسى بۇ گۇلشەن گۇلبۇنىدىن نەمۇ قىلماس. غەم جۇششى غايەتسىز ۋە ئەلەم ھۇجۇمى نەھايەتسىزدۇركىم:

(مەسنەۋى)

مىھر ئىلىگە جەۋرمۇ ئىردى ئىكىن،
قائىدە بۇ تۇرمۇ ئىردى ئىكىن.

يارى يوقكىم بى مىھرلىك رەنجىدىن تەكەللۇم تۇزگەيمەن ۋە ھەمدەمى تاپىلماسكىم ۋەفاسىزلىغ ئەلەمىدىن تەرەننۇم كورگۇزگەيمەن:

(بەيت)

غەمىم كوب ئەيتائالماسمەن نەتاڭ كوڭلۇم ھىلاك ئولماق،
ئىچىمدە يۇز قىلىچنى غەيب كوكسۇم چاك ـ چاك ئولماق.

فەلەك گۇلشەنىن نەۋمىدلىغ ئاھىدىن تىيرە ۋە جاھان سەفھەسىن ناكامىلىغ ئەشكـى تۇفاتىدىن خىرە قىلىنۇركىم دەھر زۇلمىدىن ستەمى يەتكەي ۋە چەرخ ئەلەمىدىن غىمى يۇز كەلتۇرگەي. ئۇلۇس ئىختىلاتى ئىبتالاسى ۋە ئەھلى جاھان ئىرتىباتى بالاسى، ھىجر شامى ناھايەتسىزلىغى ۋە فىراق تۇنى ماھابىتى غايەتسىزلىغى، ۋىسال ئارزۇسى غەۋغاسى ۋە ۋەسل تەمەنناسى ئالالاسى، خۇبلار بى ۋەفالىغى دەردى ۋە مەھبۇبلار جافاكارلىغى ئەلەم پەرۋەردى، سەداقەت پاناھلار رەۋشىنىڭ كەملىغى ۋە رەفائەت ئىنتىباھلار سازىشى نامەھرەملىغى ستەمىدىنكىم كوڭۇل كوزگۇسى مۇكەددەر بولدى ۋە نەۋمىدلىغى زەھەرىدىن ھايات جامى تولدى:

(مەسنەۋى)

ھەركىشىگە يەتسە فەلەكدىن غىمى،
بولماسا ھەمدەرد ئانىڭ ھەمدەمى.

راز لىبىن تىككەن ئىپىن سوكمەسە،
ھەر نىكى كوڭۇلدە ئىرۇر توكمەسە.

دەرد ياقىب شۇئلەئى نابۇدنى،
چەرخدىن ئۇتكەرگەي ئانىڭ دۇدنى.

ئىشىق سەۋداسى ۋە جۇنۇن ماجەراسى ۋۇجۇدۇم خىرمىنىغا فانا بەرقىن ئۇردى ۋە كۇلىن داغى كوككە ساۋۇردى. نەۋۇجۇدۇم ئەسەرى پەيدا ۋە جىسمىم تارپۇدى ھۇۋەيدا:

(بەيت)

نە ئىشق ئىدىكى ئەدەم ئەيلەدى ۋۇجۇدۇمنى،
چۇ ئۇردى سائىقە گەردۇنغە چەكتى دۇدۇمنى.
نە نۇكتە بود، نەبودۇمنى ئەيتايىنكىم،
ئۇل نەبۇد قىلدى فانا ئوتى بىرلە بودۇمنى.

نە ئۇمر گۇلشەنى نەزاھىتى ۋە ھايات چىمەنىنىڭ نەزاكىتى، خۇبلار ئەنفاسى نەسا-ئىمىدىن رەنەۋنەق ئەفزاي ۋە مەھبۇبلار ئىسىۋى نەفەسى شەمائىمىدىن مەھفەل ئارايدۇر:

(مەسنەۋى)

بەس كىشىگە ئۇمر خۇشى بار ئىمىش،
"يار" دىگەن يار ۋەفادار ئىمىش.

يار ۋەفا ئائىن ۋە مەھبۇب رەفاقەت گۇزىن مەئلۇمدۇركىم، بەشەر جىنسىدىن تابىل-ماس ۋە بۇ خەيل زۇمرەسىدە مەئلۇم ئېرمەس. فەرەزەنكىم، مەلەك ئەنبۇھى، مالائىك گۇ-روھى ئارا بۇ نەۋئى بى باھا ۋە بۇ يەگلىغ جەۋھىرى بىھەمىتا تابىلغاي، نە نەۋئى ئو-نىڭ سارىغە مۇۋەددەت رىشتەسى چىكىلۇر ۋە مۇھەببەت ھەلقەسىغە كىرىلۇر، ئەگەر پەرىلەر خەيلى ۋە پەرىزادلار ئەھلى ئاراسىدا مەۋجۇددۇر. ئۇل داغى ھەمنىشىن ئەنقادۇركىم نە يەگلىغ ۋەفاقەت ئاداسىدا تەكەللۇم تۇزگەي ۋە رىفاقەت شىۋەسىدىن تەرەننۇم كورگۇزگەي:

(مەسنەۋى)

گەر ساڭا بار ئىسە بۇ سوزدە خەفا،
قايسى پەرى چەھرەدە كوردۇڭ ۋەفا.

تاپماق ئانى گەرچە دىشۋاردۇر،
بولسا داغى ئادەم ئارا باردۇر.

ۋەسلى ئانىڭ بولسا كىمگە نېسىب،
شەئىندەدۇر ئايەتى فەتهۇنقەرىب.

ئۇلنەۋئى ۋەفا جەۋھەرى ئاياغى تۇپراغىدىن تەمەننا كوزى يارۇر، سۇرۇشى بۇ فەقىر بى مۇددىئا قۇلاقىغە تۇشۇر، ئۇل يەكلىغ ئەكسىرى ئەھمەر مەنافىئىدىن مۇددىئا باسىرەسى رەۋشەن بولۇر، نەۋىدى سائادەت سۇبھى نەسىمىدىن بۇ ئاشۇفتە دىل پەرىشان سەمئىغە يەتەر:

(مەسنەۋى)

جاننى ساڭا تاپشۇرايىن ئەي سابا،
ئېلت ئانىڭ ئالدىدا قىلماي ئىبا.

مەندىن ئاڭا ئەرزى دۇئا ئەيلەگىل،
ئالدا جانىمنى فىدا ئەيلەگىل.

ئاستانىن ئۇبمەكىدىن پەيامىم يەتكۇر ۋە ئاياغى تاۋافىن ئەتمەكىدىن سالامىم ئەرز ئېت! ئۇل ھەڭگامكىم ۋىسال سائادىتىغە يەتتىڭ ۋە جامالى خۋانىدىن دىدار دەۋلىتىغە مۇشەررەف بولدۇڭ.

(مەسنەۋى)

ئەيتكى ئى باشىدىن ئاياغ نۇرى پاك،
جىسم ساڭا روھكى روھى فىداك.

نىچە ۋىسالىڭنى تىلەب زار ئولاي،
نىچە فىراقىڭدا گىرىفتار ئولاي.

ئىشق زۇلمى ۋە ھىجر تۇغيانى، فۇرقىتىڭ شىددىتى تابىدىن ۋۇجۇدۇم خەرمىنىن كۇل قىلدى ۋە بەلىيەت سەرسەرى ئىسماكىدىن كۇلىن كوككە ساۋۇردى. دەرد غايەتى ۋە شەۋق نەھايىتىدىنكىم ھەرگاھ ئاياغ يالاڭ، ياقام چاك، مەيخانە يولىدا مەست بى باك:

(مەسنەۋى)

ھەردەم يىتىبان فەلەككە ھۇيۇم،
ئۇ باش ئىلە بارچە گۇفتۇگۇيۇم.

ۋە ھەركىشىگەكىم ۋەفا تەرىقىن تۇتتۇم ۋە ھەر ئادىمىغەكىم مىھر رۇسۇمىن تۇزمەكدىن تەلەتتۇم شەمئىن يارۇتتۇم، ۋەفا گۇلى تەمەنناسىدىن مەزەللەت خارخارى يەتتى ۋە

مهر ۋەفا مۇددىئاسىن ئېيتمەكدىن جەفا تاشى ئۇستخۋانىمنى ئوشاتتى:

(مەسنەۋى)

ۋايكىم يۈز تاش ئارا يالغۇز باشىم،
چەرخ ساغىنمىشكى ئېرۇر يۈز باشىم.

ھەم بۇ نەفەس باشىمە يەت رەھم ئېتىب،
سۆگىرە نە ئاسىغ كېلۈرۈك مەن كېتىب.

تاكىم جان سپارلىغ قىلماقدىن خۇررەملىغ يېرىدا ماقام تۇتقايمەن، ۋە جان تەركىن ئەيلەمەكدىن بىخۇزدانە يىقىلغايمەن:

(بەيت)

ئى يۈزۈك قىبلەئى جان، خاك دەرىك كەئبەئى دىل،
رەھى ئىشقىڭدا فانا سەرھەددى ئەۋۋەل مەنزىل.

ھىكايەت:

ئىككى يار ۋافادار بىر بىرى ۋافاسىغا باشلارىدىن كەچكەنى ۋە ئۇلار بەركىتىدىن يۈزمىلىك باش قىلىچ قىنىدىن قۇتۇلغانى بەلكى قىلىچ قىنىغا تۈشكەنى:

(مەسنەۋى)

ئانداغ ئىشتىدىكى شەھى كامران،
تورت ئۇلۇس خانى تىمۇر كوراگان.

فەتھ ئاقالىمغا قىلغاندا ئەزم،
ھىند سەۋادىدا قاتىغ بولدى رەزم.

ۋەقتىكىم ئەدۇ شىكەستىغە دەستىرەس تاپتى ۋە خەسم ئەلەمى فانا تونديبادىدىن يىقىلدى. ھەشەم غايىتىدىنكىم قەتلى ئام ھوكمىن سۈردى ۋە ھەر كىشى ئۇز باشىچە مەزلۇملار باشىن كەستى:

(مەسنەۋى)

ئۇشبۇ مەھەلدە ئىككى بىچارە يار،
بولدى قىتال ئەھلىغە ناگاھ دۇچار.

تۇشتى سەباھى بىرىسىن چابقالى،
شاھ ياساقىدىن ئامان تابقالى.

گوردىكىم يار ھاياتىن زۇلم تىغىدىن قەتئ ئەتكەي ۋە قولداشى باشىن جەۋر قىلىچىدىن كەسكەي، جەللاد ئالدا ئارام تۇتتى ۋە قاتىل نەزەرىدە جىلۋە قىلدى. ئەيدى:

(مەسنەۋى)

كىم ساڭا مەقسۇد ئەگەر باش ئېرۇر،
قوي ئەنى، بۇ باش ئاڭا پاداش ئېرۇر.

جەللادكىم ئەنىڭ سارىغە يۈز قويىدى ۋە ھەمدەمى باشىن قەتئ ئەتمەككە قولىن باغلادى.

(مەسنەۋى)

چۈن ئاڭا يۈزلەندى قويۇب يارىنى،
يارى ھەم ئەيتتى بۇ سوز ئىزھارىنى.

قايسىغە ئەيلەي دىسە بۇ زۇلم پاش،
يارى قويار ئېردى ئاياغىغە باش.

بۇ ھال ۋە بۇ مەنۋالدا ئېردىكىم "ئەلئامان" نىداسى يەتتى ۋە ئامانلىغ خەبەرى يېتىشتى. ئىككى يار مۇۋافىق جەھەتىدىكىم ئۇلۇس قەتلى ئىللەتى بىر تەرەپ بولدى ۋە خۇنرىزلىق بەلىيەتى كوتۈرۈلدى:

(مەسنەۋى)

بەرسە ناۋايى ساڭا يارى خۇدا،
سەن داغى قىل باشىڭ، جانىڭ فىدا.

ساقى ئالىب كەل قەدەھى يار ئىسەڭ،
مىھر ۋەفا شەرتى بىلە بار ئىسەڭ.

ئاغزىمە جان يەتتى داۋا قىل ماڭا،
ۋەئدە نىچە، ئەمدى ۋەفا قىل ماڭا.

## توققۇزىنچى ماقالات ئىشق ئوتى تەئرىفىدا

شۇئلەسى بالا سەھراسىنىڭ لالەلارى ۋە ئەخگەرى بالاكەش كوڭۇللەر پۈركالەلارى دۇرۇر ۋە مىھنەت قارا شامى ئەنىڭ تۇتۇنى ۋە بۇ شامىنىڭ مۇھتىرىق كەۋكەبلەرى ئەنىڭ

ئۇچقۇنى دۇرۇر، ھوسىن ئەنۋارىكىم مۇنچە ئۇتقا بائىس، ئەنىڭ بەرقىدىن لەمئەئى ۋە مۇنـ-
چە ھارارەتغە مۇجىب، ئەنىڭ قوياشىدىن ئەشئەئە دۇرۇر:

(مەسنەۋى)

ئادەمى خاكىنى چۇ سۇبھى ئەلەست،
ئەيلەدىلەر رۇھ مەيى بىرلە مەست.

ھىكمەت ئالىكى بىرلە تۇپراغىنى،
تۈزدىلەر ئانداغكى ئىرەم باغىنى.

قايسى ئىرەم، رەۋزەئى خۇلد بەرىن؟
رەۋزە نەكىم؟ جىلۋەئى ھورى ئەيىن؟

ھەر گۇل ۋە ھەرلالە بۇ باغ سەھنىدىن نەمۇ قىلۇر:

(مەسنەۋى)

قامەت ئۇلۇب سەۋسەنى ئازاد ئاڭا،
بەلكى سەھى سەرۋى ئىلە شەمشاد ئاڭا.

ھوسنى تەئرىفى فەلەك ئەۋراقىغە سىغماس ۋە سەباھىتى تەۋسىفى جاھان سەفھىغە گۇنجايىش تاپماس، زار بى ناۋا بۇلبۇلى بى مۇددىئا، بۇ گۇل ھوسنى تەماسىدىن ھەيرەتى ئاشتى، ۋە ئىشق شەرارەلىغ شوئلەسى ھۇشى دىماغىغە تۇتاشتى:

(بەيت)

چۇ ئىشق نۇكتەسى دەرمەن ھوجۇم ئېتەر ئۇششاق،
نەچۇككى دەرس دەر ئېلگە بولۇر قەرىن غەۋغا.

ئىشق شەرارەسى ۋۇجۇدى خەرمىنىن ئورتەدى ۋە فۇرقەت توندىبادى كۇلىن كوكـكە ساۋۇردى:

(مەسنەۋى)

كەلدى چۇ بۇ ھىرقەتى مەھرۇملۇق،
بولدى ئەيان ئاشىق ۋە مەشۇقلۇق.

ئىشقىكىم ئۇتلۇغ زەبانەسىن چەكتى، ئاشىق داغى دەرد غايىتى ۋە شەۋق نەھايىتىدىن شكەستە هال بەلكى گۆككى لاللىغ يېرىگە يەتتى:

ئىشق نە ئوت ئېردىكى قىلغاچ هۇجۇم،
دەرد شەرەر بولدى سۇپەھرۇ نۇجۇم.
ئەقل جەنبىدا سىۋاد ئەتتى فاش،
روھ كوزىدىن داغى ئاقىزدى ياش.

دەير فازاسى بۇ ماجارا گۇفتىگۇيىدىن خالى ئېرمەس ۋە كەئبە ئەرسەسى بۇ غەۋغا ئالالاسىدىن بېرى كورۇنمەس، گاها مەي شوئلەسى سەنەم يۈزىدىن زوهۇر قىلۇر، كەئبە سۆككانى ئىشق تۈغيانى زورىدىن مۇسهەف ئەۋراقىن ئول شوئلە شەرارەسىدە كويدۇرۇر. دەير مەئبەدى ۋە كەلىسا مەسنەدى ئىمان سەججادەسى ۋە ئىسلام خىرقەسىدىن خۇبراق، بەلكى مەهبۇبراق كورۇنۇر:

(بەيت)

بولماسە ئول بۇت قاشى مىهرابىم ئىجرە جىلۋە ساز،
قىبلەغە كافىرمەن ئەر باش ئىندۇرۇب قىلسام ناماز.

دەرد جۇششى غايەتسىز ۋە ئىشق سوزىشى نەهايەتسىز:

خىرقەتى تەقۋانى قىلىب ئىتقە جۇل،
رۇقئەلارى هەرسارى جۇل ئۈزرە گۇل.

سەنەم خەيلىن سەمەد خىتابىغە لايىق كورمەك ۋە سۇجۇدىدىن تەفاخۇر كورگۈزمەك، مىهراب گوشەسىدە كوف ئورناتماقدىن سەججادە ئۈستىدە بادە چەكمەك ئىشىق تەئرىفىدەكىم كارىدۇر مەكتەب ئېرمەس ۋە مەتائىدۇركىم ۋە راسەت شۇۋەسىدىن فەرد ۋە ئازاددۇركىم كەسب بىرلە قولغا كەلمەس ۋە تەقلىد بىرلە مۇيەسسەر بولماس:

(مەسنەۋى)

ئوت سالىبان گۇلشەن ئارا گۇل بىلە،
مەيكەدە گۇنجىن يارۇتۇب مۇل بىلە.

باغ نەۋاقىب كى گۇلدۇر بۇ گۇل،
كۇي قاچان ئاگاهكى نەمۇلدۇر، بۇمۇل.

روھ بۇ گۇل سارىغە پابەست ئولۇب،
جان داغى بۇ گۇل ئىسىدىن مەست ئولۇب.

ئەقلى شەخسى مۇختىلفۇلھال دۇرۇر ۋە مەسىخ پامال:

(مەسنەۋى)

ئاشىق ئوزىن كى دىسە ئاشىق ئىمەس،
بارچە كىشى ئىشقدا سادىق ئىمەس،

ئوزنى تەكەللۇف بىلە غەمناك ئىتىب،
ماتەمى يوق لىك ياقا چاك ئىتىب.

بۇ نەۋئى ئاشىقلىق شىۋەسىدىن مەقسۇد گۇلى ئاچىلماس ۋە مۇراد غۇنچەسى قولغا كەلمەس. خوشا ئول زاتلارىكىم ئوزلۇك قەيدى ۋە خۇدنەمالىق بەنددىدىن خالى، فەنا بەرقىدىن ۋۇجۇد خىرمەنى نابۇد ۋە ئىشق شەرارەلىغ شوئلەسى دۇدىدىن ئەيشى نىشات يولى مەسدۇد:

ئوزلىگىدىن ئىشق ئانى پاك ئىتىب،
بەلكى فەنا ئوتىغە خاشاك ئىتىب.

دەرد ئاسراماقدىن رۇخسارەسى سەرىغ ۋە ئەشك ھۇجۇمىدىن كوزى قانلىغ، ئىبرىغ، ئاھ چەكمەكدىن فىغان تارتماق ۋە نالە ئەيلەمەكدىن قان يىغلاماق، چەرخ كەبى جىسمى سەراسەر توگان مىھنەتى شامىغە تانۇق، ھەر توگان كوڭلى كوزگۇسى غەيرى نۇقۇشىدىن ئاتىل ۋە روھى مىرئاتىدىن ئەغيار نەقشى زايىل، دوست خىيالىدىن لەبرىز ۋە مەھبۇب ۋىسالى ھەيرەتىدىن مەملۇ، قايسى تەرەپكىم ئاگسا بارىب نەزەرى دوست جامالى بولۇبان جىلۋەگەر، بەلكى بولۇب ئوزلۇگى ھەم بىر تەرەپ كوزكى سالىب بار كورۇب ھەر تەرەب. (بەيا ساقى شارابى رىز جامكى ئەزدىن پاك شۇيەد نەقشى ئەۋھام بەر ئايەم، تاز خۇد ئەز شىشە چۇن مۇل سەرايەم). "قۇلھۇ ۋەللاھۇ چۇ قۇلقۇل".

ھىكايىتى شەيخ ئىراقى، شامدا ھوسنى شەمئى جامالىن
كورگەچ پەرۋانەدەك توتاشقانى:

ئولكى فەنا كويىغە باقى ئىدى،
فەخرى زامان شەيخى ئىراقى ئىدى.

كوڭلى ئەنىڭ مەخزەنى ئەسرار ئىشىق،
نۇتقى ئەنىڭ ئەبرى گوھەر بار ئىشىق.

سۇبھى ھالىتى ئېردىكىم شام سارىغە ئەزم قىلماق جەھەتىدىن چىقتى ۋە شام سەر-ھەددىغە يەتتى، شام ۋالىسى ۋە ۋالى شام شەيخ ئىستىقبالىغە شۇرۇئ كورگۇزدى، شەيختە ئول خەيل چۇ ياۋۇشتىلار، بارچەسى مەركەبلەرىدىن تۇشتىلەر، ئاياغىن ئۇپمەكدىن تەزەررۇئ قىلدى ۋە سالامىن ئەيلەمەكدىن تەھىيەتنامەسىن ئوقۇدى.

بار ئىدى ۋالىغە بىر ئانداغ ئوغۇل،
كى ئاڭا يۇز مىسر شاھى ئېردى قۇل.

لۇتپ-مەلاھەتدە جاھان ئافەتى،
دىيە جاھان ئافەتى جان ئافەتى.

شەيخ ئانىڭ سارىغە نەززارە قىلدى. ۋە نەززارە ئەيلەمەكدىن بىخۇدانە يىقىلدى. شەيخ ۋۇجۇدىن ئىشق شەرارەسى ئورتەدى. ۋە ھىجر بەلالىغ شۇئلەسى پەيكەرى خاكىستىرىدىن فەلەككە يەتكۇردى. تىترەبان ئورتەنمەكدىن بولدى فاش، پاكلىغى ئىپاكە نىچۇككىم قۇياش، شاھ كوڭلى بەھرىدىن ئىخلاس تەلاتومى مەۋج ئۇردى ۋە شەھزادە داغى ئىتىقاد سىلكىگە كىردى، بويۇنسۇندى، ئىشق ھەقىقىتىنى گەر ئوترۇدا كور، خۋاھ ئانى كوزگۇدەكور، سۇدا كور.

چۇن غەرەز ئول ھۆسنىغە بولدى شوھۇد،
كوزگۇ ۋە سۇغە ئارادا نەۋۇجۇد.

ساقى ئولۇبەن، ماڭا تۇت جان سۇيى،
ساف ۋە پاك ئۇيلەكى ھەيۋان سۇيى.

تا، ياقا ۋە كوكسۇم ئىتىپ چاك، ئىچەي،
ھەر نىچەكىم بولسا تولا پاك ئىچەي.

## ئونىنچى ماقالات
## راستلىق تەئرىفىدە

كى ۋۇجۇد ئويى بۇ توز ستۇن بىرلە بەرپاي ۋە ئول ئوي شەبىستانى ۋە مەبدەئ بۇ شەمئى ئەنۋار مەجلىس ئارايىدۇر ۋە ئەگرىلىك نىفىداكىم ئەگەر ئەگرى كىشى زۇلفىدەك سىيەھرلەر يۇزىدە يەر تۇتاركىم باش كەسكۇلۇكدۇر ۋە ئەگەر ئەژدىھادەك گەنج ئۇستىدە ھەلقە ئۇراركىم ئولتۇرگۇلۇكدۇر:

ھەر كىشىكىم تۇزلۇك ئېرۇر پىشەسى،
كەجرۇ ئىسە چەرخ نە ئەندىشەسى.

نەي تۈز ئۈچۈن ئىستەر ئۈنى ئەھلى ھال،
چۈن تۈز ئىمەس ئەگرى، كورەر گوشمال.

سەنانكىم تۈزلۈك جەھەتىدىن سەر بەلەند دۇرۇر ۋە كەمەند ئەگرىلىك بائىسىدىن خار ۋە نەژەند. شەمئىكىم راستلىق سەبەبىدىن مەجلىس ئارايىدۇر ۋە تۈزلۈك جەھەتىدىن رەۋنەق فەزاي، ئەگرىلىك تەركىن تۇتماق ۋە راستلىق يۈزىدىن ئىش قىلماق.

تۈزمەسە مىھرابىنى ئەھلى نىياز،
ئەگرى باقىب راست ئىمەستۇر نەماز.

پەرى چىھرەكىم قامەتى نەخلى لەتافەت چەمەنىنىڭ نەخلى شەمشادى ۋە قەدرى نەھالى سەباھەت گۈلشەنىنىڭ سەرۋى ئازادىدۇر. ۋە راستلىق جەھەتىدىن ئۈششاق ۋۇجۇدى خىرمەنىغە بالا شەرارەسىن ئۇرار ۋە غەملىك پەيكەرىن ئىشق ئالەم سوز شۇئلەسىدىن ئورتەر:

چەكمەسە تۈز سەرۋ خىرامانىنى،
ئاتماسا تۈز ناۋەكى مىژگانىنى.
ئۇيناماغاي جانىنى ھەر زار ئاگا،
بولماغاي ئىبل كوڭلى گىرىفتار ئاگا.

ئۇلكى سۇلايمان ئىدى، ئاتى ئانىڭ بەھىر نەبۇۋۋەت دۇررى، زاتى ئانىڭ سەلتەنەت مەسنەدىدا ئارام تۇتتى ۋە ئامارەت كىشۋەرىدە كوڭۇل ئاۋۇتتى. جاھان ئەقالىمى كىشۋەرى ۋە رۇبئى مەسكۇن مەمالىكى سەرىرىدە رىياسەت ھوكمىن سۇردى. پەرىلەر خەيلى ھوكمى ئىھاتەسىدىن بويۇن تارتالماس ۋە تويۇر ئەسنافى ئەمرى قەبزەسىدىن چىقالماغى مۇمكىن ئىرمەس ئىردى. قەبزەئى ھوكمىدە جاھان كىشۋەرى ئەمرىغە ئىنسان ۋە دىۋ - پەرى سۇبھى نەسىمى فەرمان بەردارلىغ رەسمىن تۇتتى ۋە فىرۇز پەيكەر خاتەمى خۇسۇسىيە - تىدىنكىم دىۋ - پەرى گۈرۇھى ئەمرى ئىمتىسالىغە تەخەللۇف كورگۈزمەكدە ئاجىز ئىردىكى، چۇنانچە كوڭۇلدۇر ئۇل پەرىنىڭ ئىشق مۇلكىنىڭ سۇلايمانى، كىبار ھەم ئاھ دىن ھوكمىدە ھەم داغدىن خاتەم. تەخت پايەسى "ئەسلۇھا سابىتۇن ۋە فەرئۇھافىسسامائى" شەجەرەسىدىن مۇرەككەب ۋە روز ئەفزۇن، جانابى ئەۋرەڭگى "نەسرۇن مىنەللاھى ۋە فەتھۇن قەرىب" نەججارى ئاكىدىن مۇرەتتەب، تاجى گەۋھەرى نەبۇۋۋەت بەھرىنىڭ دۇررى نايابى ۋە ئەفسەرى جاۋاھىرى، مەئرىپەت مەئدەنىنىڭ لەئل جاھانتابى:

بارگەھى تارۇم ئەخزەر كەبى،
خەيلى بۇ تارۇم ئۇزرە ئەختەر كەبى.

ئاڭا داغى گەردىشى چەرخ بەرىن،
سەلتەنەت ئۇچرە بىرىب ئانداغ نىگىن.
ئول نىمەكىم ھەركىشى جانلىغ تاپىب،
ھوكمى ئەنىڭ بىرلە راۋانلىغ تاپىب.

بۇ خاتەم خاسىيىتى ۋە بۇ نىگىن فەۋائىدى خۇتۇتى راستلىقىدىن ئىبرەتكىم تۇزلۇك ئايىنى ۋە راستلىق روسۇمىدىن جالالەت كىشۋەرىدە نافىزى فەرمان ۋە ئەمارەت مەسنەدىدا ھوكىمران بولدى. جاھان ئەقالىمى كەۋكىبەسى ئاۋازەسىدىن تولدى. ھەر ئادەمىكىم راستلىغ غەۋرىغە يەتمەك تىلەگەي ۋە ھەر جىنسى تۇزلۇك تورىغە يىتىشمەك تەمەننىاسىن قىلغاي، ئىككى قىسمىدۇركىم زىكر قىلىنۇر. ۋە ئىككى نەۋئىدۇركىم تەفسىل رىشتەسىغە چىكىلۇر. بىرى بۇكى: تۇز بولسا كىشىنىڭ سوزى، يوق سوزىكىم ھەم سوزى ھەم ئۇزى. بىرى بۇكى، يالغانغە تەئەسسۇف تىغرى دىگەي سوزنى. تەكەللۇف بىلەن شەقىتە ئولكىم بەھبۇددىن باشقا ئىرمەس ۋە ياخشىلىقدىن ئوزگە كورۇنمەس: "قەۋلۇھۇ تەئالا ئىننەللاھە يۇھىببۇسسادىقىن":

بەھىسنى نۇتق نىگىرەد دۇرۇغ رەۋنەقى راست،
بىشۇست شوي نەگەردەد سىفىدرۇي ھەبەش.

ۋە شەقىتى سانى ئولنەۋئىدۇركىم ئىھتىيات تەرىقىن تۇتۇلۇر، ۋە جەزم رىئايىتىن قىلىنۇركىم ھەر سوز ۋە ھەر كالام ئىھتىيات جاۋاھىرىدىن مەملۇ ۋە راستلىق زاۋاھىرىدىن لەبرىز، ھەركىشى يالغاننى دىسە ئادەملىكى قەيەردە بولغاي؟

كاشكى بۇ دەۋراندا ۋە بۇ ئاۋان خۇجەستە فەرجام ۋە بۇ ئەھدىنكىۇ سەرەنجامدا كىم نەبىر ئادىمى تاپىلغاي راستلىغ خىلئەتىدىن مۇزەييەن ۋە نە بىر ھەمدەمى مەۋجۇد بولغاي سەداقەت كىسۋەتىدىن مۇرەسسە، كى كىزىب سارىغە ئىرتىكاب كورگۇزمەكدىن سىدىق قەۋل جەھەتىدىن ئىنھىراف تەرىقىن تۇزمەك، ھەنگامىكى چىن سوز ئورنىدا قاشى ئوزرە چىن ۋە ئەھلىدەك كوكۇل قوزغاماق ئائىن. كىمكى بۇ دەۋراندا قىلۇر راستلىغ، يوقتۇر ئىشى غەيرى كەم كاستلىغدۇر. چۇ كەجلىككە قىلۇر ئىقتىزاسىن تىلەسەڭ راست ئىمەستۇر رىزا. دەھر پۇر فوسۇن ۋە چەرخى بۇقەلەمۇن راستلىغ ئائىنىدىن مۇئەررادۇر ۋە تۇزلۇك رەسمىدىن خۇبەرراكىم زامانە ھادىسە تۇندىبادىدىن ئىرمەس.

"ئەزخۇمى گەردۇن مەھەييا شەۋ بەئىمائى بالا تىير مىباشەت، بىشارەت غايى ئەبرۇ كەمال".

سىدىق قەۋل تەئرىفىدەكىم سوز سۇرمەكدىن تۇگەنمەس ۋە نۇكتە پەردازلىق شىۋەسىن تۇزمەكدىن ئىتمام تابماس.

**دۇراجنىڭ يالغاننى چىن ئورنىغا ئەيتۇرىدىن ھادىسە نامىغا تۇشكەندە چىن سوزىن شىر يالغان ساغىنىپ پەريادىغە يەتمەگەنى ۋە ئەنى بالا دامىدىن خالاس ئەتمەگەنى:**

بار ئىدى بىر بىشەدە بىر تۇندى شىر،
ۋەھشەت ئارا كوك ئەسەدىدەك دىلىر.
تىشلەبان ئول مايەئى پەيۋەندىنى،
ئاغزىدا ئاسرار ئىدى پەرزەندىنى.

تاكىم مور خەيلى بالاسىدىن ساقلاغاي ۋە بۇ خەيل ئاﻻﻻسىدىن ئىمىن بولغاي. ئول بىشە گوشەسىدە دۇراجى بار ئېردىكىم ۋەتەنى مەلۇفى ۋە مەسكەنى مەنۇسى بۇ بىشە گونجىدە ئېردى، دائىمۇلئەۋقات شىر ۋەھمىدىن مەغمۇم، ھىزبىر ئەۋھامىدىن غەمكىن، شىركى بالاسىن تىشلەمەكدىن بىشە گوشەسىغە كىرەر ئېردى.

يەتكەچ ئەنىڭ باشى ئۈزە ناگىھان،
«فرر» ئىتە ئوچسا ئىدى ئول ناتاۋان.
ۋەھم ئىلە سىسكەنمەك ئولوب شىر ئىشى،
ئولتۇرۇر ئېردى بالاسىغە تىشى.

شىر كوڭلى بۇ غەم جەھەتىدىن غەمناك ۋە بۇ ماتەم باﺋىسىدىن خەۋفناك ئېردىكىم نە نەۋئى چارە سارى ئىلىك ئۇزاتقاي ۋە نە يەڭلىغ چارەسازلىغ رەسمىن تۇتقاي، ئاخىرۇلئەمر دۇرراج سەداقەتىغە كوڭۇل قويدى، دوسلۇق ۋەئدەسىن قىلا باشلدى:

ۋەھمنى قوي ھەمدەم ھەمرازىم ئول،
ئەيش تەرەب ۋەقتى ناۋا سازىم ئول.
مەن داغى لەھنىڭ ئىشتىب شاد ئولاي،
نەغمەڭ ئىلە قايغۇدىن ئازاد ئولاي.

شەرت بۇ، بۇلا ئالغايكىم گەزەندىسىنىڭ سارىغە جەۋر ئىلىكىن ئۇزاتۇر ۋە زۇلم چەڭگىن ئافىيىتىڭ ئىتەكىگە ئۇرار:

لۇتف قولىن جانىڭە ھەمدەست ئىتەي،
خەسمنى بىر پەنجە ئىلە پەست ئىتەي.

دۇرراج داغى ساداقەت يۈزىدىن شەرت ئاغازىن قىلدى، ھەر ئىككاۋ دوستلۇغ قەيدىغە باش كىيۇردى. كۈنى ئېردىكىم دۇرراج قاناتى ئاۋازەسى يەتتى ۋە دام رىشتەسىغە مۇبتالالىغى مەئلۇم بولدى. شىر ئالىشان بىلدىكىم خەسمى ئەنىڭ سارىغە يەتمىش بولغاي ۋە سەيىادى دام رىشتەسىغە تارتمىش، ئىفتىشاش كورگۈزمەكدىن دۇرراج ئالىغە قەدەم قويدى، كوردىكىم كىزبىدىن ئوزگە ئېرمەس. شىر نەسىھەت [illegible]اغازىن قىلدى. ۋە

كىزىب تەركىن تۇتماق مەسلىھەتىن تۇزدى. ئەمما دۇرراج سەمىمىيە قوبۇل تۇشمىدى. ۋەقت ئېردىكىم دۇرراج ئاياغىغە دام رىشتەسى چىگىلدى:

قىچقىرىبان دام ئارا ئول مۇبتالا،
نىچە دىدى تاب مىنى تۇشتى بالا.
شىر قۇلاغىغە يىتىب ئول ماقال،
سەۋىتىنى دائىمقىدەك ئەتتى خىيال.

ئەگەرىلىك سەبەبىدىنكىم بۇ نەۋئى بالا دامىغە مۇبتالا ۋە ئەسىرى ھەلقەئى رىشتە بالا بولدىكى كىزىب تەركىن تۇتماق ۋە سىدق تەرىپىغە ئىرتىكاپ كورگۇزمەك:

ساقىي ئالىب كەل قەدەھى دىلپەزىر،
ئەيلە مىنى جۇرئەسىدىن شىر گىر.
بەزمىنىڭ ئەسبابىنى قىلغىل نەسەق،
ھازىر ئىتىب سىخ، كەباب، تەبەق.

## ئون بىرىنچى ماقالات

## ئىلىم سىپەھرىنىڭ بەلەند ئەختەرلىغى

كى جەھىل تۇنىسىن يارۇتماق ئۇچۇن "ئەيىن" قوياشىدىن ۋە "لام" ى ئايدىن ۋە "مىم" ى ئەنجۇمدىن نىشانە ئەيتۇر ۋە جەھل شامى تىيرە مەنزەرلىغىداكىم، غەفلەت چاھىنى زالالەت كىچەسىدە زاھىر قىلىپ بۇ كىچە شاقاۋەتىدىن فەسانە ئەيتۇر ۋە ئالەمنىڭ باۋۇجۇد فالاكەت قوياشىدەك سەر بەلەندلىغى ۋە جاھىلنىڭ باۋۇجۇد گەنج - مال تۇپراق ئارا نەژەندلىغى:

(مەسنەۋى)

دەھر ئىشى تا خەلق ئىلە بولمىش سەتىز،
خار دۇرۇر ئالىم ۋە جاھىل ئېزىز.

تاكى جاھان زۇلمىنى قىلىش پىسەند،
يەرگە تۇشەر مىۋە، ياغاچ سەر بەلەند.

رەزىلغە رىفئەت، بىلىك ئەھلىغە رىنج،
تاغ ئۇزە خار، يەر ئاستىدا گەنج.

"ئەلئىلمۇ ئىززۇن فىددۇنيا ۋەشەرەفۇن فىلئاخىرەتى" ۋارىددۇر. ئەنىڭ

شەنـدە "ئۇلمائى ئۈممەتى كە ئەنبيائى بەنى ئىسرائىل" نازىلدۇركىم ئىلمكىم ماشائىل، مەھافىل شەرايىئ نەبۋى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمكىم زالال... ...نى تىيرەلىگى مەھابىتى ۋە جاھالەت كۇفرى قارانغۇلقى تولى ناھايەتسىزلىغى ئارا ...دايەت سەرمەنزىلىغە يەتكۇرۇر ۋە نجات مەھەللىسىغە ئىلتار:

(نەئت)

يۇز نەئتكىم ئاڭا كىم خۇلقى كبرىم ئېردى فەنى،
يەئنىكى كبرەم كانى رەسۇلى مەدەنى.
مۇنداغ دىدى ئىلىم ئەھلىنى ئەيلەرگە غىنى،
"مەن ئەكرەمە ئالمەن فەقەد ئەكرەمنى".

ۋە بۇ داغى ئول شەمئى مەھفەلى رسالەت ھەدىسىدۇر. ھەر ئادىمىكىم ھەزرەتى سەمەدىيەت تەئالا ۋەتەقەددەس جەللە سۇلتانۇھۇ ئازادەلارى سارىغە كوز سالماق تىلەگەي ۋە بۇ گۇرۇھى ئەھلى نجات تەرىپىگە يەتمەك ئىستىگەي ئىلىم تەلەبەسى جانىبىغە نەزەر سالغاي ۋە ئەھلى ئىلىم ھوزۇرىغە باش يەتكۇرگەي، خوشا ئازادەلارىكىم:

(مەسنەۋى)

ئېگىندا ئەۋراق كتابى ئانىڭ،
قىلغالى تەھسىل شتابى ئانىڭ.

ئاچ ئىتىبان قارنىنى مۇھتاجلىق،
تۇئمەغە مۇھتاج ئىتىبان ئاجلىق.

زەۋق غايىتى ۋە شەۋق نەھايىتىدىن ھەر كۇن بىر مەنزىل ۋە ھەر ئاي بىر شەھەر، ماراھىلى قەتئىن قىلماقدىن مەقسۇد سەررىشتەسىغە يەتمەك ئارزۇسىن قىلغاي، مۇراد ساۋاھىلىغە يىتىشمەك تەماناسىن ئەتكەي، «ئوتلۇبۇل ئىلمە ۋەلەۋبىسسىنى» ھەدىسى ئەمرىدىن غۇربەت تۇنى، شەرارەلىغ تۇتۇنى ۋە غېرىبلىغ كچەسى ئوتلۇغ فىغان ئىشتىغالىنىڭ ئۇچقۇنى زەئفلىق پەيكەرىغە بالا شوئلەسىن ئۇرماقدىن كوزى قانلىغ ئارىغ ۋە نەھىف جىسمىن يەئىس سەۋمىدىن ئورتامەك بىرلە يۇز ھەيف ۋە دەرىغ سۇبھى سەھايىفىن بۇ تەمەننا خۇتۇتىدىن مۇزەييەن ۋە شامى رەسائىلى ئەۋراقىن بۇ مۇددىئا تەقرىرىدىن مۇرەسسەئ ۋە مۇتەررەھ قىلۇر:

(مەسنەۋى)

سەير ئېتىب ئاخشامغىچە بى تۇشەئى،
چۇن بولۇب ئاقشام تۇتۇبان گۇشەئى.

نە تابىلىب كۈندۈز ئانىڭ مەسكەنى،
نە بىلىنىپ كېچە ئانىڭ مەئمەنى.

بۇ نەۋئى مۇجاھىدە ئىفراتىدىن ئۆمر فۇرسەتىن ئۇلۇم تەھسىلىغە سەرپ ئەتىپ ئەك ۋە ھايات ئەييامىن ئىلىم ئىشتىغالىغە مەسرۇف ئەيلەمەك:

(مەسنەۋى)

غۇربەت ئارا ھالى يامانىدىن يامان،
ھەرنە يوق ئاندىن يامان، ئاندىن يامان.

ئەجز ئىكىنسار ۋە فەقىر ئىفتىقار جەھەتىدىن دۇركىم ساراپا فەقىر ئائىنىدىن مەملۇ ۋە ئاۋارەلىغ رەسۇمىدىن لەبرىز، بۇ خەيىل گۇرۇھى ۋە بۇ گۇرۇھ ئەنبۇھى ئارا بەئزىسىكىم ئۆز مەقسىدى قەسرىغە تەلەب كەمەندىن تاشلاماق، دەۋلەتى ئەبدى ۋە سائادەتى سەرمەدىسىغە يەتمەك بىرلە مەقبۇللۇق شەۋكىتىن كوتەردى ۋە ئىشتىھار ئەلەمىن سەرا تەھتىدىن فەلەك ئەۋجىغە تارتتى:

(مەسنەۋى)

قەرنى ئىلە دەۋران تاپىبان ئىقتىران،
تا بولۇبان بىركىشى ساھىب قىران.

كوڭلى بولۇب مەسكەنى مەئۋايى ئىلم،
قەترە كەبى پەيكەرى دىريايى ئىلم.

كىمىيا تەئسىر نەفەسى تەگرى تائالا ھەمدى بىرلە مۇۋەششەھ ۋە ئىسۋى دەمى ئىزاھى رەسول ئەلەيھىسسالام نەئتىدىن مۇۋەززەھ، ئۇسۇلى ئۇلۇمى كوڭلى مۇھتىدا مەئانى گەۋھەرى يەگلىغ مۇزمەر ۋە فۇرۇئ قانۇنى زەمىرى كوزگۇسىدە پىنھان ۋە مۇستەتىردۇركىم ئاياغى تۇپراغى مەقاسىدى ئەئلا ئەرۇجىغە پايە ۋە قەدەمى نەقشى ماتالىب ئەقسا سەر مەنزىلىغە مايە:

(مەسنەۋى)

نۇتقى ئىزھار مائالى قىلىب،
زىۋەرى ئەسرارى مەئانى قىلىب.

چۈن توكۇبان خامە شەققىدىن قارا،

ئابى ھايات ئول زۇلمەتى ئارا.

نۇسخە سەۋدايى زۇلمەتى ئەنىڭ،
مەئنى بولۇب ئابى ھاياتى ئەنىڭ.

يەتتە فەلەك مۇشكۇلى رەۋشەن زەمىرى مىرئاتىدا رەۋشەن، ھەفتە زەمىن راز نىھانى كوڭلى ئائىنەسىدە ۋازىھ ۋە لايىھدۇركىم، ھەللالى رەمزى ئاسمانى ۋە كاشفى ئەسرارى نىھاندۇر. مۇشكات دەقايىقى بەلكى داقايىق مۇشكاتىدىن زەمىرى رەۋشەن ۋە ھۇۋەيدادۇركىم ۋە راسەت سۇففەسىدا «ئەلئۇلۇمائۇ ۋەرەسەتۇلئەنبىيائى» مادايىھدىن زاتى مەمدۇھ ۋە ئەنبىيا ۋە راسەتى سائادىتىدىن شارافەت مەھكىمەسىدا ئۇلۇۋى ماقامدۇركى:

(مەسنەۋى)

مۇشكۇلى ئەفلاك بولۇب بى جەدەل،
بۇ ئەلنىنىڭ فىكرەتى ئالىدا ھەل.

جۇملە رەقەم كىلكىگە مەرقۇم ئولۇب،
بارچە ئولۇم ئالىدا مەلۇم ئولۇب.

دىن ئىشىدا جەھل ھەۋا دافئى،
ئۇيلەكى غەزالى ئىلە شافئى.

يوقكى بۇ ئىسنەيىن ئارا سالىس دىبان،
بەلكى نەبى ئوزىگە ۋارىس دىبان.

ئەگەرچە كامال سىپەھرىنىڭ قۇياشى ۋە جامال ئاسمانىنىڭ مىھر جاھانتابىدۇر. فەقىر داغى بەر كامال، نە شام تونەسى ۋە نە سۇبھى تەمەتتى پەيدا:

(مەسنەۋى)

تۇرفە بۇ كىم جاھىلى قاتىل ۋەشى،
كورمەكى ناخۇش دىمەكى نى خۇشى.

دىيانەت ئەسەرىدىن بىرى ۋە ئادىمىيەت شىۋەسىدىن نارى، جاھالەت تەئرىفىدەكىم خەففاشدۇر. تەۋفىق قۇياشى پەرتەۋىدىن ئارى ۋە دىن - دىيانەت ئەنۋەرى شەئشەسىدىن مۇئەتتەل ۋە نارى:

(مەسنەۋى)

تۇر فەراق ئولكىم بۇ جاھالەت بىلە،
جەھلنى قوي مۇنچە رىزالەت بىلە.

چەرخ ئانى ساھىبى جاھ ئەيلەبان،
تابىئ ئاڭا خەيلى سپاھ ئەيلەبان.

ئارى بۇ گۇنبىزى نىلى ھىسار ۋە بۇ تاق بۇقەلەمۇن نىگار، ئادەت دىرىنىدۇركىم، رىزالەت مائىلار خەيلغە جالالەت تاجىن كەيدۇرۇر ۋە خاساسەت ئىكتىسابلار باشغە ئايالەت ئەفسەرىن قويار:

(نەزم)

زىنەققارە ئاۋاز ئايەد بىرۇن،
كى گەردۇن، دۇنەست، دۇنەستۇدۇن.

ئول زات ئالى دەرەجات ۋە ئول بائىسى فەۋزۇننەجاتكىم ئەھلى ئىلىم دۇرۇر. فەقىر نەھايىتىدىن غەير ئىشكىگە تەۋەققۇ مەركەبىن سۇرمەس، جاناب ۋاجىبۇلىۋۇجۇد دەرگاھىدىن ئۆزگەگە موھتاج بولماس، ئىمام فەخرى رازى بىلەن سۇلتان مۇھەممەد خارەزىم شاھنىڭ ھامامدا ئاشنالىغ شەمئى يارۇغانى ۋە ئىمامنىڭ سوزىدىن سۇلتان ئىستىعدادى ئىلىك يۇغىى:

(مەسنەۋى)

زۇەرەئى راز ئەھلغە مەسنەد نەشىن،
دەھر ئىمامۇلئۇمەئى فەخرىددىن.

قىلدى چۇ خارەزىمنى ئارامگاھ،
كورمەكگە كەلمەدى خارازىم شاھ.

شاھكىم جاھ غورۇرى ۋە جالالەت مەغرۇرى ئىردى، ئىمام مۇلاقاتىغە قەدەم قويمادى. ئىمام داغى ئىلىم شوكوھى ۋە كامال جالالىتىدىن سۇلتان زۇلئىقتىدار بارىگاھىغە ئاياغ يىتۇرمەدى:

شاھنى پۇشايمان ئىتىپ ئىردى ئۇيات،
لىك ئىمام ئەيلەمەدى ئىلتىپات.

ھار ئىدى ھامامدا بىر كۇن ئىمام،
شاھ داغى ھامامغە قىلدى خىرام.

بىر بىرلەرى بىرلە ئىختىلات ۋۇقۇئى ئاراغە تۇشتى. شاھ ئالىجاناپ ئىنبىسات يۇزىدىن تەكەللۇم ئاغازىن قىلدى:

(مەسنەۋى)

ئەيدى كى بولۇب ئېل ئىلمىك ئىلە بەھرىۋەر،
ئەيت، قىيامەت ئىشىدىن ماڭا بىر خەبەر.

كىمول ۋە ئۇل مەنۋالدا ئىنسان باشىغە نى نەۋئى ئىش يۈز كەلتۈرگەي ۋە رۇستە-خىز شورىشى نە يەڭلىغ زوھۇر ئەتكەي؟ ھۇماي ئالى مەقام ھەززىتى ئىمام بۇ نۇكتە تارا-نەسىغە مۇتەرەننۇم بولدى:

(مەسنەۋى)

كىم ساڭا چۇن ھەشر سوزى كام ئېرۇر،
بىل ئاڭا مانەند بۇ ھامام ئېرۇر.

ئاندا گادا شاھ بىلە يەكسان بولۇر،
شاھۇ گادا بارچەسى ئۇريان بولۇر.

سۇلتانلىغ جاھ-جالالى ۋە ئالىجاھلىق شەۋكىتى بەھبۇد ئېرمەس، ئەمما ئىلىم شۇكۇھى ۋە فەزل كامالى ئىكتىسابى خوبلۇقدىن باشقا ئېرمەس، ۋە سود سەرمايەدىن ئۇزگە كورۇنمەس:

(مەسنەۋى)

ساقى ئۇشۇل بادەنى تۇتقىل مادام،
كىم كورۇبان سەجدەگە تۇشكەي ئىمام.

ئۇچە كىشى بولغاي ئاڭا خاك راھ،
ئەتمە خارەزىمكى، خارەزىم شاھ.

## ئون ئىككىنچى ماقالات

## قەلەم شەققىنىڭ گۇناگۇنلىغى ۋە ئەھلى قەلەمنىڭ بۇقەلەمۇنلىغى

قايىسى خۇتۇت كىتابىغە شۇرۇئ قىلماق، ئەئمال نامەسىغە مۇجىب قارالىغ دۇرۇر ۋە كاتىبىغە خەت مۇبتەلالىغى ۋە قايىسى ھۇرۇفغە رۇجۇئ قىلماق سەھىفە رۇخسارىغە مۇجىبى ئاقلىق دۇرۇر، راقىمغە سەفىد ئەۋراقلىغ:

(مەسنەۋى)

ئۇل نە ئەجەب پەيكەرى مەتبۇئدۇر،
كىم ئۇ نى خۇشۋەقت مەسنۇئدۇر.

نەۋكى نۇقتىئى نۇكتە نىگارەندىسى،
تىرناغى مەنزەر رەگى خارەندىسى.

قۇشدەك بولۇب ۋەزئى نەمۇدار ئاڭا،
نۇكتە ساچىب ھەرسارى مەنقار ئاڭا.

بەلكى مۇشكبار قەلەمى كافۇر كىردار سەفھەغە رەقەم قىلغان مەۋزۇن ئادالىغ مەزمۇنى ۋە شىرىن ئەلقالىغ ھەدىسى كۇتۇبىن چەرخ ئەتلەسىدەك فەقەرات ئاداسىدىن رەۋشەن سىۋاد، مۇئجىمە ھەرەكاتى تەزيىندەكىم سەراپا بالاغەت رەشەھاتىدىن مەملۇ ۋە غەير مۇئجەم نىگارىشى تەرتىبدەكىم ئەرش مۇئەللا زىلمۇجەسى يەڭلىغ سادەرۇ ۋە فۇقەھادا فاتىرى ۋە مۇشكۇلات رەسايىلى نوقۇشى ۋە مەنتىق ئۇنۋانى سانايىئىنىڭ دۇررى ۋە نەھۋ ئۇلۇمى بەھرى سەمىن گەۋھەرى كىلكى رۇتبۇللسان ئەنگۇشتەرىن مەنزەر رىشتەسىغە چىكلۇركىم، راستلىق چىمەنىنىڭ جەدۋەل خۇتۇتىدەك سەرۋى قەدلەر قامىتى بەنەفشە تەررەسى يەڭلىغ ئىگرى نازاكەت گۇلشەنىنىڭ سادە يۈز گۇللەرى بابىلار شەڭرەف گۇلگۇنەسىدىن زىنەت ئەفزايدۇر. ۋە "لام" لارى گىسۇيى تەررەسى مەرغۇلەسى كەئبە لىباسى يەڭلىغ ماتەم ئىنشاكىم زەۋق ئەنگىز شۇئەرا ئەبياتى، ۋە شەۋق ئامىز شائىرلار غەزەلياتى، تەھرىرى فۇرقەت تۈنى دۇدەسى ھەركەتىدىن دەردلىغ كۆڭۈل خۇنابەسىن كوز جۇيبارىدىن ئاقىزۇر ۋە غەرايىبراق بۇكى مۇمكىن ئاقالىمى خەتتەسى قەلەم ئەھكام ئىھاتەسىدىن چىقماق:

(مەسنەۋى)

لەۋھدە ھەر نەقشكىم بولمىش رەقەم،
يازغۇچى بىر بىر قەلەم ئولمىش قەلەم.

مۇنچە شەرەفكىم ئاڭا مەۋجۇد ئىررۇر،
كاتىبى مەردۇد ئۇيلە مەقبۇل ئىررۇر.

ئەرئى موفتىسى ئىبھتىياتى ئاندىن ۋە قەززاق شەرائىئ ئەنجام رەۋىشى داغى ئاندىن ئايرۇ ئىرمەس ۋە بەئزىكىم سەراپا ئىبھتىيات جاۋاھىرىدىن لەبرىز هايا ۋە بەئزى سەراسەر رىشۋەت لەۋسىدىن نامەسى قارا:

(مەسنەۋى)

خامە ئۇچۇن دودە ئەسەر ئەيلەبان،
دودەسى ئالەمنى قارا ئەيلەبان.

كىلكى ئۇلۇس ئورتەمەكىگە ئوتۇن،
ئوتكەرىب ئول ئوتنى فەلەكدىن تۇتۇن.

پارە جەھەتىدىن غەمكىن ئولتۇرۇپ، ئۇجب كوڭلى كوزگۇسى ۋە دىلى مىرئاتى، مايەئى رەنج ۋەتەئەب. ئەمما ئول زاتلارىكىم ئاراستەئى زاۋاھىر ئىھتىيات پىراستەئى خۇررەم ۋە ئىنبىساتدۇر، خامەسى زەبانى ۋە زەبانى خامەسى ئەزىمەت تەھرىرىدىن ئۇزگەگە مايىل ۋە فەزىلەت تەقرىرىدىن باشقەغە قايىل ئىرمەس. ئەمما بەئزى نەزاكەت دىسار نازىملارى زەرا- يىفىنىڭ تەبئى بەھرىدىن ساچىلغان مەئانى دۇرلارى ۋە فەساھەت شۇئار شائىرلار زەمىرى بۇرجىدىن تۇلۇئ قىلغان مەزامىن ئەختەرلەرىنىڭ دۇررى تەھەررۇكى ۋە تەھەرۇك كىلكىدىن ۋەرەق يۇزىدە نىگارىش تابقان خەتتى زىبا ئەرۇسى مەھبۇبلار رۇخسارەسى ئۇزرە خالى ھىندۇ يەكلىغ مۇشكتەر ۋە زۇلماتى سىۋادىداكىم سوز ئابى زىندگانى بەلكى مەئانى ھايات جاۋىدانىدىن مۇبتەر خىزرى راھى، كىلكى ئىسكەندەرى ئىلكىدىن كامىياب، ھەر قەترەسى ئالەم - ئالەم سوز دۇررىنىڭ بەھرى ۋە مەئنى بەھرىنىڭ گەۋھەرى:

(مەسنەۋى)

ھىجر قارا شامىدا سۇبھى نىجات،
زۇلمەتى فۇرقەت ئارا ئابى ھايات.

ھەر ئادەمكىم راستلىق جەھەتىدىن قەلەم تارتقاي ۋە خامە يەڭلىغ تۇزلۇك سەھىفە- سىغە ئىلىك تۇتار.

تەگرى نەسىب ئەيلەب ئاڭا شادلىغ،
بەرسۇن ئۇلۇسدىن خەتتى ئازادلىغ.

خامەسىنى سەفھە تاراز ئەيلەسۇن،
سەفھەسىدە سەھۋەنى ئاز ئەيلەسۇن.

ياقۇتنىڭ ھوسنى خەت جەھەتىدىن دەرۋىش پادىشاھ قاشىدا تەئزىمى ئارتقانى ۋە قەلەم رۇ سىۋادىنىڭ ئەھلى ھورمەت رەقەمى ئانىڭ سەھىفەئى ھالىغە تارتقانى:

(مەسنەۋى)

ساقى ئالىب كەل مەيى ياقۇت رەڭ،
قوي! مەن ئاۋارەغىچە بى دەرەڭ.

تۇت ماڭا ئول بادەنىكىم قۇت ئىتەي،
كاردىئى بارىڭنى ياقۇت ئىتەي.

## ئون ئۈچۈنچى ماقالات

### ساھابدەك نەفئى رەسانلار بابىدا

كى ئەرەقى پىشانە بىلە رەياھىن زىبالارى باشىغا گەۋھەر فەشان بولۇرلەر ۋە بولۇت ئارا بەرقدەك خەندانلىق يۈزلەرىدە پەيدا ۋە شەبنەم توكۈلگەن چىماردەك ئابىلەئى كەف دەست بىرلە يەرگە پەست بولغان خەس ۋە خاشاكنى سىراپ قىلۇرلەر ۋە چىناردەك دىل سوزلۇقلارى ئەھۋاللىرىدا ھۆۋەيدا:

(مەسنەۋى)

ئى بولۇبان سۇبھى كەبى سىم فاش،
مىھرىڭ ئولۇب ئام، ئىچۈنكىم قوياش.

سۇبھى كەبى خەلق يۈزىگە كۈلۈب،
چەرخ كەبى ئەھل باشىغە ئويرۇلۇب.

ھەزرەتى سەمەدىيەت تائالا ۋەتەقەددەس جەللە سۇلتانۇھۇ، ئەئتاف ئەزەلى ۋە ئەلتاف لەمىيەزەلىسى خۋانىدىنكىم شەيئى ئەزئەشيا ۋە زەررەئى ئەززەررات ئۈمىد رىشتەسىن فەزلى كەرەمىدىن ئۈزمەس ۋە نەۋمىدلىغ داغى يۈز كەلتۈرۈر. مۇر ۋە مار تونئىمەسى بۇ دەرگاھى ئالىجاھ كەرەمى مەزرەئىدىن ئۆزگە مەزرەئىدە مەۋجۇد ئېرمەس ۋە شىر، پەلەڭ توشەسى بۇ كارگاھى تەقەددۇس ئاباد ۋەلئاساس بەزلى مىرز بوممىدىن باشقا مەۋزەئىدە قولغە كەلمەس. سائىر مەخلۇقات زۇمرەسىدىنكىم "ۋەلەقەد كەررەمنا بەنى ئادەمە" مەزمۇنىدىن ئىنسان باشىغە شەرافەت جەۋھەرى تاجىن تىكتى ۋە تاجى قۇببەسىن ئايالەت گەۋھەر جاھانتابى ئەشئەئەسىدىن مۇزەييەن ئەتتى ۋە داغى بۇ خەيل گۇرۇھى ۋە بۇ گۇرۇھ ئەنبۇھى ئارا بەئىزىكىم كېرىم سۇفەتى ۋە مەزھەرى جەۋۋاد سۇفەتى شەئشەئەسىدىن بەھرىۋەردۇركىم ھەر بىرى ئوز يېرىدە ۋۇجۇد خىلئەتىن كەيدى. بەدەن كىسۋەتىن كەيمەكدىن ئوز مەھەللىدا ئارام تۇتتى: "خەيرۇنناس مەنيەنفە ئۇنناس" مەزمۇنىدىنكىم سەخا تەرەفىدىن ئىلكىن يىغمادى. "شەررۇنناس، مەن يەزۇرۇنناس" كەلىمەسىدىن بوغز ھەسەد جانىبىغە رىغبەت قەدەمىن قويمادى، جاناب ۋاجىبەتتەئزىم كەرەمىدىنكىم غەير سارىغە تەۋقىئ مەركەبىن سۇرمەس ۋە زاتى ۋاجىبەلۋۇجۇد لۇتفى ئەمىدىن ئەغيار دون شۇئار جانىبىغە ئۇمىد رەخشىن چىكمەس، ئىقبالى ئافتابى ئىدبار كىسۋەتى زەللەتىدىن قۇتۇلغاي، ۋە سائادىتى ئەختەرى سەئىد ئەكبەر بۇرجىدىن تولۇئ ئەتكەي، ھەردەم ۋە ھەر نەفەس دەۋلەتى ئىزدىيادى مەلۇم ۋە

شەرافتی زبیادەتی مۇئەییەنکورۇنگەي. مۇرادی باسرەسغە رەۋشنالغ یەتکەي ۋە مەقسۇد گۇلشەندە رەئفەت گۇلـلەری ئاچىلغاي. سەخا شۇەسىنىڭ رەۋنەق ئەفزالـغـداكی قۇياش زەررىن لەۋاسیتورتىنچی تارۇم ئەرسەسدا كىرەم شىققەسی زەیلىدىن سەخاۋەت پەرتەۋىن جاهان گۇلشەندە زاهىر ۋە رۇبئى مەسكۇن فەزاسدا رەۋشەن ۋە مۇتەبادىر قىلغاچ كەمالی دىباچەسی: "ۋەششەمسی ۋەززۇهاها" كەرىمەسی شەرافەتىدىن مۇزەییەندۇركىم نەفەسی تەئـ سىری مەسهادىمی يەكلىغ ئەمۋات ئەهیاسغە سەبەب ۋە ئۇلۇك تەنگە جان ۋە جانسىزىدىن كارۋان یەتكۇرمەكگە بائىس ۋە كەرەم رەسومىنىڭ مەجلىس ئارالىغی تەئرىفىدەكىم سەهابـ دەك گەۋهەر خاشلىغ جەمەتىدىن ئاۋام ۋە خاس باشغە یەكساندۇركی دەشت، تاغ، سەهرا ۋە باغ مىرزبومی ئاندىن خالی ئىرمەس:

(مەسنەۋی)

قەترە ئەگەر بەهرغە ساچسە سەهاب،
بەهر قىلۇر قەترەسىنی دۇرری ناب.

نەخلغە دیهقان چۇ بىرۇر پەرۋەرىش،
بولۇر ئاڭا مىۋە ۋە گۇل بەرمەك ئىش.

چۇنانچە: "قەۋلۇهۇتائالا ـــ مەجائە بىلهەسەنەتی فەلەهۇ ئەشەرەتە ئەمسالۇها" ئەمما ئۇل ئادىملاركىم هەسەد يۇزىدىن زەرەر يەتكۇرمەك فىكرىن ئەتكەي ۋە بوغز جەهەتىدىن یامانـ لىق كوزلەمەك تەۋەهھۇمىن ئەيلەگەي: "مەن هەفەرە بىئرەن لىئە خىهی فەقەد ۋەقەئە ئەلەیهی". مەزمۇنی ئىقتىزاسدىن رەۋنقی شەمئی یارۇماس ۋە زىـیاسی پەرتەۋی رەۋنەی تابماس:

(مەسنەۋی)

ئۇلكی زەرەر شىۋەسىنی تۇر ئىتەر،
ئىلگە دىمەكىم ئۇزىگە جەۋر ئىتەر.

ئۇلكی ئوشاتۇر باسىبان شىشەنی،
قىلماس ئاياغ زەخمىدىن ئەندىشەنی.

ئەهلی سەخاكىم فەقر نەهايتىدىن بەزل تەركىن تۇتماس ۋە فەقر ـ غىنا ئاراسدا تاـ فاۋۇت شىۋەسىن ئاراغە سالماس:

(مەسنەۋی)

كىمگە بىززات سەخاۋەت دۇرۇر،
فەقر ـ غىنادىن نەتافاۋۇت دۇرۇر.

هەر جىنس ۋۇجۇدى بۇ خىلئەت پۇششىغە سەزاۋەر ۋە سەخا كىسۋەتىن كەيمەكدىن كامياب ۋە كامكار ئېرمەس:

ياخشى - ياماندىن بىرى ئېرمەس جاھان،
لىك يامان زاھىر، ياخشى نىھان.

ھاسىدۇن شۇئار، بەلاھەت شۇئار، ئەئمال نامەسى قارالىغى ئاندىن مەئلۇم ۋە شاقاۋەتى لىۋاسى سەر نىگۇنلىغى ھۇۋەيدادۇركىم "نەئۇزۇبىللاھى منھا، لىقەۋ-لىھى ئەلەيھىسسالام ئەلمۇسلىمۇمەن سەلەمەلـمۇسلىمۇنە مىن يەدىھى ۋەلىسانىھى". خىۋاھ ئابىلەئى كەف دەستى جەھەتىدىن نەفئى يەتكۈرگەي ۋە خۋاھى زەبانى بائىسىدىن زەرەرى دەفئىن ئەتكەي:

(مەسنەۋى)

مەئدەنى ئىنسان گەۋھەرى سۈزدۇرۇر،
گۈلشەنى ئادەم سەمەرى سۆزدۇرۇر.

سۆز بىلە نەفئ ئولماسا ئىل پىشەسى،
ياخشى كىرەك كوڭلىدە ئەندىشەسى.

ئەيىۋب خەلەف، ناخەلەف ئوغرىنىڭ ئېگرى‌لىگىن تۈزگەنى، ۋە گۇمراھلىغ زۇلمەتىدە ئاڭا يول كورگۈزگەنى، شەيخ سىلسىلەسىغە كىرىب ئەيىيارلىق كەمەندىن ئۈزگەنى:

(مەسنەۋى)

ساقى ئىلىك تۇت گۇناھىم ئەفۋ ئىتىپ،
كىم چىقادۇر جانىم ئېغىزغا يىتىپ.

پات بول! بىر جام ئىلە يەتكۈر فۇتۇھ،
سەبرە ئەتسە ئەيىۋبچە، يوق ئۆمرى نوھ.

## ئون توتىنچى ماقالات

## ئەفلاك ھەيئەتى شكايەتى

هەر بىرسى دۇرجى كورۇنۇر، ھەر كەۋكىبى بىر گەۋھەرى پاك ئەمما ھىققەدۇر، زەھەر ناك بەلكى زەھەرى ھىلاك ۋە جاھان لەئبەتى كىنايىتىداكىم جابۇكى كورۇنۇر. مەتبۇئ

ۋە مەۋزۇن ئەمما زالدۇر ئىشى مەكر فوسۇن، ھەددىن فۇزۇن ۋە ئۇل ھەلقەئى لوئالى مەزەررەتىدىن قەلەم تىلى لال ۋە بۇ زالنىڭ جەمئى زاۋال:

(مەسنەۋى)

چەرخ ئېرۇر شەئبەدە سەنج ئى كوڭۇل،
تابما فېرىبى بىلە رەنج ئى كوڭۇل.

شەئبەدەسى ۋەھمە گۇماندىن فۇزۇن،
شەئبەدەدىن داغى فۇزۇنراق فوسۇن.

خىرقەسى ئېجىبەسى بالا ئەنجۇمەنىنىڭ يورۇنى ۋە تونى دەرزدۇزى، بەلىيەت كەھكە شانىنىڭ مەكر فوسۇنى:

مەشئەلە خور بىرلەكى دەۋران قىلىپ،
تاس ئىرادەت خەرۋا پىنھان قىلىپ.

دەھر زالى مەكر فەرىبىداكىم چادىرى سىمگۇن ئىتەكى لەئبەتىدىن بالا شوئلەسىن چىقارۇر ۋە سۇبھى دىمىدىن بەلىيەت شوئلەسىغە ھارارەت يەتكۇرۇر:

(مەسنەۋى)

يوقكى چۇ سۇبھى ئاغزىنى كۇلكۇ ئاچىپ،
ھىلە بىرلە ئاغزىدىن ئوتلار ساچىپ.

رەۋ-رەڭ تەزۋىرى ۋە تەزۋىر ھىلەسى داممىدىن خالى ئېرمەس، چەرخ دون شۇئار ۋە دەھر بۇقەلەمۇن نىگاركىم زۇلم تەرەددۇدى ۋە جەۋر مۇشاۋىرىتىدىن ئۇزگەگە ئىختە-يارى ئىنانىن چېكمەس. جاھان گۇلشەنى لالەزارىداكىم، ھىلە-نەيرەڭ گۇللەرى ئارىزىغە فەرىب گۇلگۇنەسى بەرمەكدىن فوسۇن رەڭگىن ئىزھار ئەيلەمەك ۋە ئەيىيارلىق گۇلگۇن قاباسىن لالە قامىتىغە تارتماقدىن ئۇلۇس كوڭلىنى مۇقەييەد قىلماق:

(مەسنەۋى)

مۇنچەكى لەئبەت چىقارىب سىمگۇن،
قەسدى بارى ئېلگە فەرىب-فوسۇن.

خوشا ئازادەلارىكىم دەھر فەرىبىن يەمەس، ۋە چەرخ مەكر-فوسۇن تەزۋىرىدىن دۇنيا ۋە مافىھا شوغۇلىغە ئىلىك ئۇزاتماس، ئەيش ئىتەكىگە مەزەللەت قولى ۋە نىشاتى دا-

مىنىغە تەئەسسۇف ئىلكى يەتمەس. جاھانكىم بى ۋەفالىقدىن باشقا ئېرمەس ۋە فەلەك داغى جافاكارلىقدىن ئۆزگە كورۇنمەس:

فىدا جانىمنى ئەيلەب ئالەم ئەھلىدىن تەمەئ قىلدىم،
ۋافا، ئەستەغفىرۇللاھ قىلغان ئېرمىشمەن خاتا ئەسرۇ.

بىلمەك كېرەككىم جاھاننىڭ ۋە جاھان ئەھلىنىڭ ۋافاسىزلىغى رەۋشەن. ۋە ھاياتنىڭ شوخ ئەفزا مەھبۇبەسى بىۋافالىغى مۇبەرھەن. بەس، بۇلار خەيلىدىن ۋافا تەۋەققۇئىن ۋە بۇ گۇرۇھ ئەھلىدىن غەير - جاپا ئۇمىدىن قىلماقدىن بەھبۇدلۇق يەتمەس. ئى مەنشەئى قەھر، مەنبەئى جەۋر، يەئنى فەلەكى كىبۇد كەج دەۋر، ئى غەم پەيماي ئومر فەرساي، زۇلمۇڭدىن ۋاي، يۈز تۈمەن ۋاي. فەرار كورگۈزمەكدىن قۇتۇلماق ۋە قاچماق يولىن تۇتماقدىن روھالىق تاپماق مۇمكىن ئېرمەس. غەم خۇتۇرى ۋە ئەلەم فوتۇرى، كوڭلى مۇلكى ۋە جان كىشۋەرىدىن چىقـ-ماس. ئەھدى يوقكىم فەلەك زۇلمىدىن قۇتۇلغاي ۋە ئادىمى تابىلماسكىم جاھان كۇلفەتىـ-دىن ئازادلىغ تابقاي:

(مەسنەۋى)

كاننى ئانىڭ زۇلمى قىلىب تىيرە بەخت،
ئۇيلەكى قان باغلاب ئىچى لەخت - لەخت.

داغى جافاسى بولۇبان ئانچە فاش،
كىم بولۇب ئۇز ھالىغە بىر قەترە ياش.

لەئلىغە يىنشى چىكىب ئانچە يامان،
كىم بولۇب ئۇز زەخمىغە بىر قەترە قان.

ئۇيلە بولۇب ھالى غىمىدىن تاباھ،
كىم بولۇب ئۇز دەردىغە بىر تىيرە ئاھ.

قايغۇرماق جەھەتىدىن ئازادلىغ يەتمەس ۋە غەم يىمەكدىن رۇھالىغ يۈز قويماسكىم ئاخىرۇلئۇمر تەھى دەستلىك بىرلە فانا يولى ئەزمىن قىلغاي.

**چۇنانچە ئىسكەندەرنىڭ يەتتە ئىقلىم مەمالىكىن پەنجە تەسەررۇفىغا كىيۇرگەنى ۋە خالى ئىلىك بىرلە ئالەمدىن رىھلەت مەركەبىن سۇرگەنى:**

چۇنكى ئىسكەندەر يەتتە ئىقلىمگىر،
بولدى جاھان مۇلكىدا ساھىب سەرىر.
قالمادى بىر يەركى يۇرۇب ئالمادى،
نە بەررۇ ۋە بەھر گۇزەر سالمادى.
خەتتى ھوكمىغە كىرىب بەھرۇبەر،
قەبزەئى ھوكمىغە كىرىب خەشكۇتەر.

ئاخىرۇلئومر باقا مۇلكىغە رىھلەت مەركىبىن سۇردى ۋە فەنا ئاھەڭگىن تۈزدى، ئەيدى:

(مەسنەۋى)

كىم بۇ نەفەسكىم بارادۇرمەن زەلىل،
نەۋبىتى شاھى ماڭا كۇس رەھىل.

ئەمما ۋەسىيەتىمدۇركى قىلغايمەن ۋە ئەرزىمدۇر ئەيتقايمەن:

(مەسنەۋى)

قەبرىغە چۈن باشلاغۇڭىزدۇر يولۇم،
نەئىش ياندىن چىقارىلىك بىر قولۇم.

تا كىشىكىم قىلسا نەزەر ئول سارى،
ئىبرەت ئىلە باققاي ئۇ شول قول سارى.

بىلگەيكىم يەتتە كىشۋەر شاھى ۋە بەھرۇبەر شاھىنشاھى بۇ نەۋئى خالى ئىلىك بىرلە باقا مۇلكى سارىغە قەدەم قويار ۋە ناچارلىغ يۈزىدىن يول يۇرۇر:

(مەسنەۋى)

ساقى ئىرۇر كام دىلىم مەستلىغ،
مانەئ ئىرۇر لىك تىھى دەستلىغ.

لوتف ئىلە بەر ئىلكىمە مەي جەۋھەرى،
مەي نەكى ئائىنەئى ئىسكەندەرى.

## ئون بەشىنچى ماقالات

## جەھل مەيىنىڭ دۇردكەشلەرى شەئنىدە

سالاھ خىرقەلەرى مەئسىيەت ئىلكىدىن چاكدۇرۇر ۋە جەھل مەيىنىڭ سەرخۇشلارى. بابىداكىم ھەر بىرى مەيخانە ئىشكىدە مەست بى باك يۇرۇر ۋە يىقۇق مەيخانە ئۇلارغە تەخت جەمشت ئاسا ۋە سىنۇق پەيمانە ئۇلارغە جام جاھاننامە ۋە نادامەت ئەشكى ياغىنىدىنكىم گۇناھ شوئلەسىن ئۇچۇرۇر ۋە تەۋبە بەرقى ئوتىكىم مەئسىيەت خىرمەنىن كويدۇرۇر:

ئى تەرەبىلك جامىغە ھەمدەستلىغ،
جەھل مەيى بىرلە ئىشلك مەستلىغ.

ئوكسۇمەيىن ئەيش مادامىلك سىنىلك؛
جام جاھالەت بىلە كامىلك سىنىلك.

لىك ئىچىگگە سالىبان بادە جۇش،
كوڭلۇڭە ئول جۇش ئىلە ھەردىم خۇرۇش.

نە ئولمەك غەمىدىن ۋەھمى پەيدا ۋە نە كەتمەك ئەلەمىدىن غەمى ھۇۋەيدا. ۋەقتى-
كىم ئەجەل مۇھتەسىبى نامايان بولۇر، ۋە مەرگ ئەسەسى نامايىش قىلۇر، جافا تاشىدىن
كوكسۇلك ۋە قەھر شوئلەسىدىن ۋۇجۇدۇلك خىرمەنى خاشاك قىلائالۇركىم:

(مەسنەۋى)

جىسمىلك داغ ئورتەسە ھەر داغ ئۇزە،
توكسە ۋۇجۇدۇڭنى قارا تۇپراغ ئۇزە.

سافالىلك تەرھىن سىندۇرۇر،
گوڭلۇلك شىشەسىن ستەم خارى پارە قىلۇر.

تەلەھھۇف قىلماقدىن سۇد ۋە تەئەسسۇف ئەيلەمەكدىن بەھبۇد يوقتۇر.

(مەسنەۋى)

كوي باشدىن چۇ بولۇر تەلبە فاش،
ياغدۇرۇر ئەتفال ئاڭا ھەر سارى تاش.

مەستلىق ناھايىتىدىنكىم، ھۇشدىن ئەسەرى مەئلۇم ئىرمەس ۋە بىخۇدلۇق غايىتىدىن-
كىم بەھۇشلۇقدىن باشقا ئىرمەس:

(مەسنەۋى)

ماڭلايىكىم تامغا تىگىب قان بولۇب،
باشىدا دەستارى پەرىشان بولۇب.

ئىلگە قىلىب ھەملە يامان ئىت كەبى،
قايسى يامان ئىت قاباغان ئىت كەبى.

كۇچە كەزمەكدىن ئوز مەئىمەنى سارىغە يول ئىزدەمەك ۋە ھەر تەرەپ يۇرمەكدىن
ئوز مەسكەنى جانىبىغە قەدەم قويماق پەركار خىيتى يەڭلىغ سەرگەشتەلىقدىن ئوزگە يول

تابماس ۋە گۇمراھلىقدىن باشقە سارىغە قەدەم قويماس. باتىنى كوزگۇسى جەھل دۇدىدىن تىيرە ۋە زەمىرى ئائىنەسى جۇرم-ئىسيان غۇبارىدىن خىرە، نە تەۋفىق پەرتەۋىدىن ئەسەرى ۋە نە ئىستىغفار ئەشئەئەسىدىن خەبەرى، بادە ئىچمەكدىن زالالەت ئايىنىن تۇتماق ۋە مەيخۇارلىق قىلماقدىن فىسق ئوتىن يارۇتماق:

(مەسنەۋى)

گەھ يىقىلىب، گەھ قوپۇب ئول ھەرنەفەس،
مەست سالىب ھەر سارى يول ھەرنەفەس.

مەي قىلىبان بىھۇدە ھالىن ئانىڭ،
مەي بىلە ئالۇدە ساقالىن ئانىڭ.

بىھۇشلۇق جەھەتىدىن يەرگە پەست ۋە بىخۇدلۇق بائىسىدىن قارا تۇپراقغا ھەمدەست بولماق، نە باشدا دەستار يوقلىغىدىن ئوزگە غەمى يوق ۋە نە ئاياغىدا كىفش يوقلىغىدىن باشقە خارخار ئەلەمى، يۈزى تىيرەلىگى زالالەت شامىنىڭ دۇدى ۋە ساقال ئالۇدەلىگى جاھالەت لەۋسىنىڭ ئالايىشىدۇركىم:

(مەسنەۋى)

ئەيتكى قىران باشىغە يەتكۇردى نىل،
يۈز قارالىغ بىرلە دۇرۇر يۈز قىزىل.

ئولكى كومۇر ساتماقنى ئەتتى شوئار،
يۈز قارا بولماقدىن ئاڭا قايدا ئار.

دۇنيا ئەرسەسىداداغى شەرمسارلىقدىن ئوزگە يوقتۇر، ۋە ئاخىرەت كارگاھىدا ھەم ئولنەۋئىدۇركىم "ئىننەلئەبرارە لەفى نەئىم، ۋە ئىننەلفۇججار لەفى جەھىم" نامەسى يۈزى ئىسيان كۇفرى قاراڭغۇلۇقى يەكلىغ تىيرە ۋە مەئسىيەت شامى تىيرەلىگىدىن خىرە:

(بەيت)

ئى ناۋايى جەھل ئىلە ئولمەك قاتىغ ئىشدۇر ۋەلىك،
چۇن كامالى مەئرىپەت كەسب ئولدى نە نوقسان ئولۇم.

مەي ئوتى ھارارتى ۋە بادە تابى ئىشتىئال ئاتەشىدۇركىم ئىمان بىخىن كويدۇرۇر ۋە ئىسلام شاخسارىن ئورتەر:

(مەسنەۋى)

شوئلەسكم ئورتەگەي ئەفلاكنى،
تۆشسە نە قىلغاي خەسۇ خاشاكنى.

ۋۇجۇدۇڭ ئۈيى ۋە جىسمىڭ مەئۋاسى خاشاكدۇر، ھەقىر غۇبارىدۇر. بىمايە نىچە بۇ خاشاكغە ئوت ئورماغىڭ، نىچە بۇ تۇپراق ساۋۇرماغىڭ. تەۋبە ئاتىن تۇتماقدىن ئىستىغفار ئاغازىن قىلماق ۋە نەۋمىدلىغ ئەشكىن تۆكمەكدىن نەسۇھ تەۋبەسى يەڭلىغ جاناب ۋاجىبەلۋۇجۇد دەرگاھىغا بويۇن سۇنماق:

(مەسنەۋى)

كوڭلى ئارا تۈشسە مالالەت ئوتى،
جاننى كويدۇرسە خىجالەت ئوتى.

يەتسە بۇ ھالەتدە تەفەككۇر ئاڭا،
قىلغاندىن بولسە تەنەففۇر ئاڭا.

سابىقەئى لۇتف ئىلاھى يېتىب،
جازىبەئى ناموتەناھى يېتىب.

ئوزلۇكدىن قىلسا جۇدا ھەق ئەنىە
قويماسا ئوز ھالىغە مۇتلەق ئەنى.

نەسۇھ تەۋبەسدىن پەرتەۋى يەتكەي، تەۋفىق ئىشكى ئېچىلغاي، تەۋبە مەدەدى سائادەتى سەرمەدى كارگاھىغە ئىلتار ۋە دەۋلەتى ئەبەدى سەر مەنزىلىغە يەتكۇرۇر.

ھىكايەت:

بەنى ئىسرائىلنىڭ ئوزلۇكدىن شەۋبەسى شىشەسى سىنغانى ۋە ئول ئەرتىفائى قەسەم قانى تاشلارى بىرلە فەلەكگە چىققانى ۋە مەي سەيلابى ئول بىنانى يىققانى.

(مەسنەۋى)

بار ئىدى رىند بەنى ئىسرائىلى،
بادە ئۈچۈن مەيكەدەلەر سائىلى.

مەي بولۇبان قۇۋۋەت ھاياتى ئەنىڭ،

خەلق ئىچىدە "پەيمىنە" ئاتى ئەنىڭ.

نىچە بارەكىم تەۋبە ئاغازىن قىلدى،
ئىستىغفار ئەنجامىن تىلغا كەلتۈردى.

ھېچ قايسى قوبۇل-لۇق شەرەفىغە يەتمەدى ۋە بادە سارىغە رۇجۇئ قىلدى ۋە تەۋبە قىلماق شىۋەسىدىن داغى تەۋبە قىلدىكىم دائىمۇلئەۋقات بادە ئىچمەكدىن بىخۇد-مەست، بىھۇش ياتار ئېردى. ناگاھ تەۋبە ئىشىگى ئاچىلدى ۋە قوبۇللۇغ ئەسرى مەئلۇم بولدى.

(مەسنەۋى)

ھاتىفى ئۈن چەكتىكى ئى بولفۇزۇل،
تەۋبە قىل ئەمدىكى يىتىشتى قوبۇل.

سەن تىلەدىڭ بىزگە رىزا بولمادى،
غەيرى رىزا ھۆكمى قازا بولمادى.

ھەق چۇ ئانى تەۋبەغە مەھرەم قىلىب،
سەددى ئىسكەندەر كەبى مەھكەم قىلىب.

ساقى ئاياق كەلتۈر ۋە تۇت بىزگە پات،
ئەھد باشىن، تەۋبە ئاياغىن ئۇشات.

ئۆزرە دىسەم بۇغزۇمە قويغىل يىقىب،
قويغالى كوكسۇم ئۆزەلىكىن چىقىب.

## ئون ئالتىنچى ماقالات

### خۇدنەما مۇخەننەسۋەشلەرنىڭ دىنى، زىننەتى ئىكتىسابىدا ھىلە ساز-لىقلارى ۋە جان فىدا مەھنەتكەشلەرنىڭ دىن قۇۋۋىتى ھىسا-بىدا سەرئەندازلىقلارى

ۋە غەزا مەيدانى ساھەتى ۋەسفىداكىم ئەر بىلە نامەرد بىر-بىرىدىن ئايرىلۇر ۋە شاھادەت قانى تەئرىفىداكىم گۇناھ دۇدىدا يۈزى قارارغانلارنى سۇرخ رۇ قىلۇر.

(مەسنەۋى)

ئى سۇرۇبان ئەينى جالادەت ئارا رەخشنى،
مەيدانى شجائەت ئارا بەرقدىن ئول رەخشنى.

پۇيە چاغى رەخشى بولۇب كوھكەن،
ئۇستدە قاپلان كەبى ئول پۇيەزەن.

قانلىغ ئىلكدە جاپا تىغى ۋە جەۋر ئايىنىن ئىگنىدا ستەم شەمشىرى، زۇلم سىنانى پەيكەرىدىن تەزۋىر نىشى ئايان، قەھرىمان ناۋەكى پەيكانى رىۋ-رەڭ نەشتەرىدىن نىشان:

(مەسنەۋى)

ئۆلكى تاپىب قەھر ئوتىدا نەشەست،
چەرخ دەنى تاقىغا سالىب شكەست.

غەزەبى ناھايىتىدىن قاشى گەرەھى رەۋشەن،
ۋە قەھر زىيادىتىدىن خەشمگىن ئولتۇردى مۇبرەھەن.

نە جەۋردىن ئارامى ۋە نە زۇلمدىن ئەنجامى، فەلەك مۇبارىزى جەۋر-ستەم فۇنۇنىدا ھەرىق بۇلا ئالماس ۋە چەرخ جاپاگەرى جاپاكارلىغ ئايىنىدا ھەمدەست بولماغى مۇمكىن ئېرمەس. قەھر ئوتى دۇدىدىن خانۇمانى تىرە ۋە غەزەب شەرارەسى غۇبارىدىن نامەسى كوزگۇسى خىرە:

(مەسنەۋى)

زۇلم خەدەڭگىنى چۇ پەرران قىلىب،
يۇزىنى پەيكانىغە سۇھان قىلىب.

ئىككى بۇرۇتى قىلار ھەريان غۇلۇ،
نەفس-ھەۋا قۇشلارىغە ھەلقە مۇ.

زەررىن كۇلاھى ئەھل دىل كۇلارىگە بائىس ۋە تونى زەربافتى دەرۋىشلەر خەندەسىغە سەبەبكى تەمەسىخوردىن باشقا ئېرمەس. خۇدنەمالىقدىن ئۇزگە كورۇنمەس. جەلىلادلىغ فۇنۇنىدا ماھىر ۋە غەددارلىغ فەننىدە زاھىر ۋە مۇتەبادىردۇرك-م رەھم يولىن كورگۇزمەس ۋە تەرەھھۇم رەسمىن تۇتماس. تىرە بەختلىغ ئالامتى جەبىنى سەفھەسىدە زاھىر ۋە ھۇۋەيدادۇركىم:

(بەيت)

تونى ئىپەك بولماسا كوڭلى ھەزىن،
جىنسى ختاي ئولماسا قاشىدا چىن.

مۇنچە فەزىلەتلىق ئىمەس ئېردى بەسكىم ئۇرائالماي چىغىرئالماي نەفەس، فىسق لەۋسىدىن باتىنى ۋەيران ۋە مەئسىيەت دۇدى-دىن بىسەرۋ سامانىدۇرۇر. ھەر نىمە كىم شەرئى خىلافىدۇر ئۇل توككەيسەن گەر بادەئى سافدۇر. ئۇل ھەرىس ۋە ھاۋا خىلئەتىن ۋە نەفس دەغا كىسۋەتىن غەيرەت ئىلكىدىن چاك، تەن چىركىن ۋە بەدەن لەۋسىن داغى رىزا چەشمەسىدىن پاك ئەتمەك، تەسلىم ئىگنىگە رىزا كىسۋەتىن سالىماق، ۋە غەزا سالاھىدىن مەردانە يول يۈرمەك:

(مەسنەۋى)

كوڭلۈڭ ئارا ھىممەت ئەگەر بارئىسە،
زاتىڭ ئارا جۆرئەت ئەگەر بارئىسە.

رىزا يولدا باش قويماق، غەرا ئاھەڭگىن تۈزمەك ۋە تەۋەككۇل مەيدانىغا ئاياغ تارتماقدىن جەڭ ئاغازىن قىل. ھەر جىنىسكىم بۇ ئىش ئىرتىكابىغە ئىلىك ئۇزاتقاي فەتھى جەۋھەر قىپاچى پەيكەرىغە نۇسرەت ئايىتى بىتىلگەي ۋە نۇسرەت شەققە لىۋاسى فەتھى زەۋاھىرىدىن تۇتقاي.

قويكى بۇ يول ئەزمىنى مەردانە بىل،
جانىڭ ئارا تۈز ئىسە شۈكرانە بىل.

ئەيكى يېتىشتى بۇ سائادەت ساڭا،
تا ئېرۇر ئىمكان شاھادەت ساڭا.

بىلمەك كېرەككى «ئەلئەجەلۇ ۋاھىدۇن» ئىقتىزاسىدىن ئەجەل بىردۇركىم «فەئىزا جائە ئەجەلۇھۇم لا يەستەئخىرۇنە سائەتەن ۋەلا يەستەقدىمۇن» دەلىلىدۇر قاتىئ ۋە بۇرھانىدۇر ساتىئ:

(مەسنەۋى)

يەتسە ئۇل ئوق پۈيەدە جىسمىڭ تۈشى،
بىلگىل ئانى گۈلشەنى دەۋلەت قۇشى.

لىللاھ ئىسە ياخشىراق ئېلدىن فىراق،
ھەق چۇ بىلۇر، بىلمەسە ئېل ياخشىراق.

ھىكايەت:

**ئابدۇللا مۇبارەكنىڭ بۇرقە بىلەن جەڭگە كىرىپ فەتفى جامالىدىن بۇرقە ئالغانى ۋە ھەسەن رەبىئ ئۇل جامالنى كورۇپ ھەيران قالغانى**

(مەسنەۋى)

قىلدى رىۋايەت ھەسەن ئىبنى رەبىئ،
غۇز ۋە مەسافىدا بۇ ئەمرى بەدىئ.

كىم بار ئىدى مەئرىكە پەيكار ئىلە،
زۇمرەئى ئىسلامغا كۇففار ئىلە.

كۇفىر شاھى خەيلى ۋە كۇففار چىرىكى تەرەفىدىنكىم پەھلىۋانى ئاراغە تۇشتى ۋە ئىسلام زۇمرەسىدىن مۇبارىز تىلەدى:

(مەسنەۋى)

كافىرى قاتىل چۇ زەبەردەست ئىدى،
ھەركىشى بىر زەربەسىدە پەست ئىدى.

ناگاھ شىرى ئاراغە كەلدى ۋە ئەدۇ ئاراسىدا ئارام تۇتتى.

(مەسنەۋى)

چەھرەسىنى بۇرقە ئارا ياشۇرۇپ،
ئىشق ئوتى يەڭلىغ ياشۇرۇن كويدۇرۇپ.

قەھرى ئىلە كافىرغە يىتىشكەن ھامان،
ھەملە ھامان ئىردى ۋە يىقماق ھامان.

ئىسلام تەرەفىغە زەفەر نەسىمى ئىستى ۋە نۇسرەت ئەستارى فەتھ ساھابىدىن تۇشە باشلادى، كۇففار ئاراسىغە ئالالا تۇشتى ۋە ۋەيرانلىغ يەتمەكدىن فەراز يولىن كورگۇزدى:

ساقى ئالىب كەل قەدەھ ئىل جانىدەك،
تا سۇمۇرەي دۇشمەنىنىڭ قانىدەك.

خۇسرۇۋى غازى كەفىدىن بىر نەۋىد،
ئىچ.ەك ئىلە ئەيلەي ئوزۇمنى شەھىد.

## ئون يەتتىنچى ماقالات

### يىگىتلىك باھارىنىڭ نەزاھەتىدا

كى رەياھىن ناز پەرۋەرلەرىن مۇلەۋۋەن ھۇللەلەر بىرلە ئاراستە قىلۇر ۋە يىگىتلىكلىگى باھارى لەتافەتىداكىم رەيھانى خەت بىرلە ئارەزى گۇلبۇسىن گۇلى رەيھانغە ئوت سالغۇدەك

پىراستە ئىتەر ۋە قىزىلىغ خازانى تەرەددۇدىدا كىم گۈلۈستان ئەشجارى بىرلە قۇشلار ئاۋ-
دىن بى بەرگ نەۋادۇرۇر، قىزىلىغ خازانى شىددىتىداكىم بەدەن گۈلۈستانىنىڭ تازە گۈللا-
رى ئاندىن بەرباد:

(مەسنەۋى)

هاۋاچۇن ھەمەل ئەيۋانىنى يارۇتتى مىھر،
دەھرغە مىھر ئەيلەدى زاھىر سىپەھر.

بولدى چۇ پەرراش نەسىمى شامال،
سەپتى بولۇب ھەم سۇنى ساقا مىسال.

جاھان گۈلشەنى تۈزۈلدى ۋە دەۋران چەمەنى تەرتىبىن تاپتى. رەياھىن گۈللەرى ۋە
گۈل رەيھانلارى شاخلارى ھەر تەرەف ۋە ھەر جانىب كىم نەمۇ قىلدى:

ھەر بىرلەرى بىر تىفلى سىمەن بويەدەك،
تىفل دىمە شاھىدى گۈلرۇيەدەك.

ھوسن گۈلى ناز ئىشۋەسى ئاغازىن قىلدى. ۋە كەرەشمەسى غۇنچەسى لەئلىگۈن لەبىدەك
رەگى ياقۇت خۇتۇتغا نۇسخى خەتتىن چەكتى، يۈزى ئافتابى ۋە ئارەزى قۇياشى ھوسن
سەھندىن تولۇئ قىلدى ۋە ۋۇجۇد خىلئەتىن كىيدى.

(مەسنەۋى)

كورگۈزۈبان لالە ئويۇن ئىچرە جۇش،
يەل ئۇچۇرۇپ گۈل باشىدىن كۈلەھ پۇش.

تازە گىياھ سۇرەتى تىفللار يەڭىلىغ دىلدۇز، شەۋق ئەفرۇز ۋە نەۋرەس نىھاللار
قامىتى شەباب يىگىتلەر قەددىدەك دىلسۇز، باھار يىگىتلىگى نەزاھەتىداكىم خوبلۇقدىن باشقا
ئىرمەس ۋە ياخشىلىقدىن ئۆزگە كورۇنمەس. گۈلگۈن قەباسى ئالەم ئەھلىغە فەنا شوئلەسىن
ساچماقدىن دىلنەۋاز ۋە ئۇششاقلار ۋۇجۇدى خىرمىنىغە بالا شەرارەسىن تاشلاماقدىن ئىشۋە
پەرداز.

(مەسنەۋى)

باغكى تون ئاق، قىزىل ئەيلەبان،
ئول قىزىل ئاقنى ياشىل ئەيلەبان.

دۇر يېرىگە بارچە زۇمۇررەد كىلىپ،
لەئلىنىڭ ئورنىغا زەبەرجەد كىلىپ.

دەمى يېتەركىم خازان بۇرۇدەتى سەرسەر ئىسارى ۋە قېرلىغ ساۋۇق نەفەسىدىن نەشات كوزگۇسىگە تىيرەلىغ يېتەر.

(بەيت)

ئاھكىم ئوتكەردى كوڭلۇم خوشلۇغىن چەرخى دەنى،
ساۋۇق ئاھىم بىرلە سارغايدى ھاياتىم گۇلشەنى.

سۇستاۋۇغ جەھەتىدىنكىم بىنەفشە تەررەسى يەڭلىغ باشىن قۇيى سالماقدىن غەمگىن ئولتۇردى. مەھزە رەنج تەئەب ۋە ئەسا مەدەدى بىرلە ئىلگىرى قەدەم قويماق نەغىزدىش سەئوبىتى رەنجۇرلۇقغە سەبەب، ئومر سەباھتى سۇبھىنىڭ قۇياشى ئەجەل شامى تىيرەلىگى ۋەھمىدىن مايىل غۇباردۇر ۋە ھايات گۇللەرى مەرگ تۇندىبادى خەۋفىدىن خاكسار، پەرد-شان روزىگار، رىھلەت غەممىدىن مەغمۇم، نەشات ئەسەرى ۋە ئىنبىسات خەبەرى نامەئلۇم فانا ئاھەڭگىن قىلماقدىن ئوزگە سوز مەئمۇل كورۇنمەس.

(بەيت)

بىنەفشە سالخورد ئېلدەككى باش سالدى قۇيى گۇيا،
مەگەر ئاگلاب خازانى ئومر ئاگا دەئىب ئولدى قايغۇرماق.

لاجەرەم قازا ئەمرىغە بويۇن سۇنماقدىن تەسلىم سارىغە يۇز قويماق، ۋە قەدەر ھوك-مىن مۇسەللەم تۇتماقدىن رىزا ماقامىدا يولغا كىرمەك:

(مەسنەۋى)

ئاھكى ئومر ئوتتى جاھالەت بىلە،
قالدىم ئولۇم ۋەقتى خىجالەت بىلە.

ئومر كۇنى ئۇيقىغە قىلدىم خىرام،
ئەمدىكى ئويغاندىم ئولۇب ئېردى شام.

ۋەقت كەمۇ يول ئۇزۇن مەي ئاچچىغ،
ئەسرۇ قاتتىغ ھال يېتىبدۇر قاتتىغ.

باردى تىرىكلىك چاغى بۇد، نەبۇد،

ئۇزنى ھەم ئۇلتۇرسەم ئىمەس ئەمدى سۇد،

تۇتماسە گەر بەخشش رەھمەت فاراي،
ۋاي مىنىڭ ھالىمە يۈز-يۈز قەتلە ۋاي.

ئۇن ياشىدىن كىم يىگىرمەغە تېكرۇ باھار كۆنلەرى يەگىلىغ سەركەش جەھل جامى ۋە غورۇر بادەسى نەشئەسىدىن مەست بىھۇش.

(مەسنەۋى)

قىلىبادى ئەللىكدە تەرەققى كىشى،
ئاتمىش ئېرۇر بارچە تەنەززۇل ئىشى.

ئاخىرۇلئومر جاھان تەركىن تۇتماقدىن ئۆزگە چارە قايسىدۇر، كەتمەكدىن باشقا ئىش داغى تەئيين ئېرمەسكىم رۇھالىغ تاپقاي. نەدامەت كەشاكىشىدىن مەھزۇن ۋە تەلەھھۇف نادامەتىدىن زار مەغبۇندۇركىم، ئەگەر نوھ ئومرىن تاپسۇن ۋە سۇلايمان جاھان فۇرۇز شەۋكەتى رەئيەتىن قۇياش زەررىن لىۋاسى يەگىلىغ تورتىنچى تارۇم ئەۋجىغا چىقارسۇن. تەۋفىق مىنھاجى ۋە ھىدايەت يۇلدۇزى سىراجى پەرتەۋىدىن ئايرۇ:

(مەسنەۋى)

ياخشىراق ئول ئومردىن ئوتمەك يىراق،
ئومر نەكىم ئاندىن ئولۇم ياخشىراق.

ئومر ئېرۇر تەقۋايى تائەت ئۈچۈن،
تەڭرى بويۇرغانغە ئىتائەت ئۈچۈن.

خۇش كورۇنۇر قىلسە يىگىت ئەيش-ناز،
كور، نە كورۇنگەي ئەگەر ئوتسە ناماز.

شەيخۇخىيەت ئەييامىدا كىم سۇستلۇق ناھايىتىدىن تائەت ئەھكامىغە قەدەم قويائالماس ۋە بىچارەلىك مېھنىتىدىن خەم قامېتىن تۈزمەك داغى قولغە كەلمەس:

(مەسنەۋى)

قېرىكى زەئىف ئەيلەدى قەددىن نىگۇن،
تۈز قىلائالماس ئىلىكنى ئەيلەب ستۇن.

لازىمدۇركىم يىگىتلىك ئاۋانى نەزاكەتى ۋە باھار يىگىتلىگى نەزاھەتىدا تائەت سارىغە قەدەم قويغاي ۋە ئىبادەت جانىبىغە شۇرۇئ ئەتكەي:

هكايەت:

**ئىمام مەئسۇم زەينۇلئابىدىن سەغىرە مەئسۇمەسىنىڭ كىبرۇششان كالامى، ئەگەرچە ئول سەغىرەدىن مەئسۇم ئەردى:**

(مەسنەۋى)

ئولكى فەلەككە سۇرۇب ئىردى كۇمەيت،
مەشئەلەئى ئەنجۇمەن ئەهلى بەيت.

چەشمى نەبۇۋۋەتغە بولۇب نۇرى ئەين،
شەمئى ۋىلايەتى ئەلى ئىبنى هۇسەين.

بەسكى ئىبادەتدىن ئەربابدىن،
ئاتىنى ئەيتىب «زەينۇلئابىدىن».

كۇنى ئىردىكىم سائادەت گۇلشەنى گۇلبۇنىدا ئىقبال نەسىمى دەمىدىن پەرۋەرىش تاب-قان، سائادەت غۇنچەسى ۋىلايەت ئەۋجىدا كامال قۇياشى پەرتەۋىدىن يارۇغان، سەئىد ئەكبەر شوئلەسى پەرتەۋى يەئنى هەزرىتى ئىمام زەينۇلئابىدىن جانابىدا تىفلى نامايىش قىلدى ۋەكودكى كورۇندى، تەرەههۇم يۇزىدىن باشىن سىلاماقدىن مىهر ئىزهارىن قىلدى.

(مەسنەۋى)

بار ئىدى بىر نادىرە پەرزەنت ئاڭا،
جان كوكۇل رىشتەسى پەيۋەند ئاڭا.

پەردەئى ئىسمەت ئارا رەخشان قۇياش،
ئومرى زاماندىن ئوتۇب ئالتە ياش.

كوردىكىم مىهر يۇزىدىن سىلە ئاغازىن قىلغاي ۋە رەهم يولىن تۇتماقدىن مىهر كور-گۇزگەي. فىغان تارتماقدىن يىغلادى، قاشى ئوززە گەرە سالماقدىن نالە ئىزهار ئەتتى. شاهى نىكۇ سەرەنجام ۋە هەزرىتى ئىمام تەسەۋۋۇرىدا كەچتىكىم رەشك يۇزىدىن يىغلاغاي ئىدى ئول كودىكگە مىهر شەمئىن يارۇتتۇم ۋە رەهم ئائىنىن تۇتتۇم. شىر خۋارەدۇركىم:

(مەسنەۋى)

چەندرەهى مەهد ئارا ئاجىز تىنى،
رەهم ئىتبان مىهر ئىلە سويدۇم ئانى.

ئەفۋە تەرىقىن تۇتقايسەنكىم مەئزۇردۇر، ئول كىچىكراقدۇر، سەن ئاندىن ئۇلۇغراق:

(مەسنەۋى)

بولدى چۇ زاھىر ساڭا مەئزۇر تۇت،
غەيرەت ئىلە رەشك تەرىقىن ئۇنۇت.

بۇ سوز ئىلە كوبرەك ئولۇب دەردناك،
ئەتتى قاشىدا دۇررى پاك.

يىغلاماقىم بائىسى رەشك جەھەتىدىن ئىرمەس ۋە پىغانىم جەھەتى بۇ تەمەننادىن كورۇنمەس. غەم شىددەتى ۋە ئەلەم كەسرەتى ئانددىندۇركى:

غەير ئىلە چۇن بولدى ئەنىڭ شىركەتى،
جانىمە ئوت سالدى ئەنىڭ غەيرەتى.

سەجدە نىچۇك بولغاي ئەنىڭ باشىغە،
كىم تابىنۇر ھەق بىلە بۇت قاشىغە.

بولسا سەمەد بىرلە سەنەم جىلۋە ساز،
قىبلەدە بولغايمۇ راۋا ئول ناماز.

بۇ نۇكتە تارانەسى زەمىرى پەردەسىدىن ھەيرەت فىغانىن تۇزدى ۋە بىشارەت ئەسەر تۇتقىدىن تەكەللۇم كورگۇزدى. خەيرۇلئەنام ھەزرەتى ئىمام ئاھ تارتماقدىن فىغان چەكتى ۋە قان يىغلاماقدىن بىخۇدانە يىقىلادى. تىفلىغە ھەقدىن چۇن ھىدايەتدۇر، ھەرنە قىلۇر تەقۋا ۋە تائەتدۇرۇر.

(مەسنەۋى)

ساقى ئۇشۇل مەيكى خاراب ئەيلەگەي،
شەيخ كەيفىتىنى شاب ئەيلەگەي.

تۇتكى بولۇبمەن سىرف ناتاۋان،
ئەيلە مىنى تائەت ئۇچۇن نەۋ جاۋان.

## ئون سەككىزىنچى ماقالات

فەلەك غەمخانەسىداكىم مائالى پاراكەندەئى ئەلەمدۇرۇر ۋە تەكەللۇفلار بىرلە مەسرۇر بولماق ۋە جاھان ۋەيرانەسىداكىم ھەم ئول رەقەم دۇرۇر. كوڭۇل ئويىن مەئمۇر تۇتماق ۋە ھەر نەفەسكىم ھايات گۇلشەنىدىن نەسىم دۇرۇر، قەدرىن بىلمەك ۋە ھەردەمكىم ئومر گۇلىدىن شەمىم دۇرۇر، شۇكرىن قىلماق ۋە تاكى بەدەنىدە ھەق ئەمرى تائەتىغە قۇۋۋەت بارمۇغتىنىم كورمەك ۋە تا ئەسباب ۋىسالى مۇمكىن ئاكىدىن بەرمەي ئۇزنى خۇررەم تۇتماق:

(مەسنەۋى)

دەھركى ھۇش ئەھلغە زىندان ئېرۇر،
بولغان ئاڭا شفتە نادان ئېرۇر.

تەبئىنى بەندىغە خۇمۇل ئەيلەمە،
ئەقلنى چاھىدا مولۇل ئەيلەمە.

ئۇلۇمدىن بۇرۇن ماتەم تۇتماق ۋە تەئزىب جەھەتىدىن ھالاك سارىغە يەتمەك:

(مەسنەۋى)

ئۇلمەك ئۇچۇن مۇنچە نىدۇر ماتەمىلىك،
تۇتقۇسى ماتەم ساڭا خال ۋە ئەمىلىك.

ھەرنىچەكىم چەرخ بۇقەلەمۇن ئەۋزائى ئەتىۋارى ۋە دەھر سەرنىگۇن كەجرەفتارى ئەلەمىدىن رەنجى ھادىس بولۇر ۋە مېھنەتى يۈز كەلتۇرۇر. غېمىن ئۇنۇتماقىدىن كوڭۇل ئاۋۇتماق ۋە شادلىق يۈزىدىن ئۈزنى خۇش تۇتماق:

(مەسنەۋى)

نىچە جاپا يەتسە فەلەكدىن ئۇنۇت،
ھەر نىچەكىم كۆللى ئېرۇر جۇزۋى تۇت.

جاھان ستەمى، دەۋران ئەلەمى غەم يېمەكگە ئەرزىمەس ۋە ئەلەم تارتارغە تەلافى كورۇنمەس.

(مەسنەۋى)

شاد ئەنى بىلكىم دەھردە غەم يېمەس،
دەھر ئىشى چۇن غەم يىگەلى ئەرزىمەس.

جاھان لالەزارى ۋە جاھان كىردارىغە باقا مەئلۇم ئېرمەس. نەشاتى جامى غەم زەھرىدىن مەملۇ ۋە ئىنبساتى ساغەرى ئەلەم دەردىدىن لەبرىز. باغدۇركىم سەبات گۈلى ئاچىلماس ۋە گۈلشەندۇركىم داۋام لالەسى زوھۇر قىلماس.

چۇنكى جاھان باغى ۋاپاسىز دۇرۇر،
ئۇمر گۈلى ئاندا باقاسىز دۇرۇر.

ھەر ئادىمىكىم ھۇش - خىرەد ئائىنى ۋە ئەقىل بىنىش جەھەتىدىن‌كىم بۇدار بى‌مادار، ناپايىدار گۇلبۇنىدىن باش تارتار، بۇ نەۋئى بىۋافالىغ چىمەنىغە نە يەكلىغ كوز سالغاي ۋە بۇ يەكلىغ باقاسىز گۇلشەنىنە نە نەۋئى كوكۇل باغلاغاي.

(مەسنەۋى)

تۇتقاي ئارام نەلايىق بۇ باغ،
ئول گۇل ئىلە قايدا مۇئەتتەر دىماغ.

ئومركى خارج دۇرۇر ئوتكەن ئىشى،
ھەرنە كى ئوتتى ئاڭا يەتمەس كىشى.

كەتمەك شىددىتى كىلۇردىن ئىلگىرى زوھور قىلغاي، تەھنىيەت سالامى غەدا خەيرىد- بادى ۋە مۇبارەك بادلىق تەئزىمى تەئزىيەت نەۋھەسى:

(بەيت)

كىرەكمەس غەررە بولماق شاھدى دەۋلەت باش ئىندۇرسە،
كى بىر خەملىغدۇر ئانىڭ سالامى خەيرىبادى ھەم.

ھەم ئول باغىكىم بەقا نەسىمى ئافىيەت دىماغىغە يەتمىگەي ۋە ئىقامەت شەممى ئەمنىد- يەت مەشامىغە ئىسمەگەي. نە نەۋئى ئىقامەت رەختىن باغلاماقدىن گىران چانلىق لەكگىرىن تاشلاغاي. لازىمدۇركىم تەنە ئىئماتى جىسمانى ۋە مۇراداتى نەفسانى ھەيستىدىنكىم تەۋەققۇئىن قىلماغاي ۋە ۋافا تەمەنناسىن ئەيلەمەگەي، كەتمەك ۋەھمىن ۋە رىھلەت ئەت- مەك ئەلەمىن گۇل خۇردەسى مەسەللىك غۇنچەدەك كوكۇلدە ئامانەت تۇتماق:

(مەسنەۋى)

قايسى نەفەس ئەيشىغە تاپساڭ مەھەل،
ئاڭا غەنىمەتكى ئىرۇر بى بەدەل.

مازى ۋە مۇستەقبەلىڭگە بۇيلە ھال،
ھالىڭە ھەم مۇنچە خىيالى مەھال.

ھىكايەت:

**چىن مۇرغىزارىنىڭ مىشكىن غەزالىنىڭ شىرشىكارلىغى ۋە مەجرۇھ سەيدلارىنىڭ ئۇنىڭ دامىغە گرىفتارلىغى ۋە شىر پەنجەسىدىن ئۇلارنىڭ ئەجەل پەنجەسىدە ھەمۋارلىغى**

(مەسنەۋى)

بار ئىدى چىن شەھرىدە بىر نازىنىن،
ئاجىز ئەنىڭ نەقشىدا نەققاش چىن.

جاھان شاھلىرى ئىشقى ئاياغىدا پەست ۋە زامان سالاتىنى زۇلفى زەنجىرىدا پايبەست ئىردى. ناگاھ ئاۋ ھەنگامەسى تاماشاسىغە چىقتى ۋە شكار قىلماق جەھەتىدىن تاشقارى خىررام قىلدى، ۋە دەردمەندى ئەنىڭ سارىغە كوز سالدى ۋە ئاشىقى ئەنىڭ ئىشقى گەرە-ھىغە تۈشتى:

(مەسنەۋى)

بادە چۇ كۆچلۈك ئىدى، ئاشىق زەئىف،
جۇست يىقىلدى بۇلالمادى ھەرىف.

چەكتىلەر ئول خەيلى مۇئەككەل ئانى،
خان قاشىغە نىچە ئىلتىلار ئانى.

خاقان ئانىڭ سارىغە نەزەر قىلدى ۋە سياسەت جەھەتىدىن بۇيۇردى:

كىم بارىسىن يەر بىلە ھەمۋار ئېتىڭ،
لاي ئىلە ئولتۇرتۇڭ دىۋار ئېتىڭ.

تاكىم جاھان خالايىقى كوزى ئىبرەت شەمئىدىن يارۇغاي، ئەھلى جافا ئەمرىنى چۇن بىلدىلەر. ھەرنەكىم ھوكم ئەتتى راۋان قىلدىلەر. ئەلەسسەباھ ئېردىكىم خان خاقان شكار تەرىپىغە تۈشتى ۋە ئاۋ ئەزمىغە تاشقارى چىقتى:

(مەسنەۋى)

كەلدى ھەمول يەرگەكىم ئول لاي ئىدى،
ھەرسارى يۈز نالە بىلە ۋاي ئىدى.

كوردىكىم گۈرۈھى بىچارەۋار ئولۇم شىددىتىدىن فىغان تارتار ۋە مەرگ زورىدىن نالە چىكەر:

(مەسنەۋى)

بارچە نادامەت بىلە ئەفغان چىكىب،
ئەمدىكى ئەفغان تۈگەنىپ جان چىكىب.

غەير هەمۇل ئاشىق ئازادە ۋەش،
كىم بولۇبان ئىشىق بالاسىغە خۋەش.

هەردەم ۋە هەر نەفەس سانا تىلىن ئاچماقدىن هەمد ئەيتماق ۋە شۇكر زەبانىن تەبەرەتمەكدىن قان يىغلاماق. دەرد غايىتى ۋە شەۋق ناهايىتىدىن دەر ئېردى:

(مەسنەۋى)

كىم بۇ نەفەسكىم بارادۇر جان ماڭا،
يار غىمى ئەيلەمىش ئاسان ماڭا.

ئومرغە قالغاندا ئىككى، ئۈچ نەفەس،
زىكر ئىتىبان يار هەددىسى بەس.

تىلدا يار ئېردى ۋە سوزدە يار، ئاغزىدا يار ئېردى، كوزدە يار. شاهىكىم ئىشىق شىددەتىن بىلادى ۋە دەئۋاسى سافلىغىن كوردى. مىهر شەمئىن يارۇتماقدىن ۋافا رەسمىن تۈتتى ۋە مىهربانانە سوز دىمەكدىن قاشىغە كەلدى.

مەهلەكەدىن ئانى خالاس ئەيلەدى،
يار هەرىمى ئارا خاس ئەيلەدى.

ئاسرا ناۋايى بۇ نەفەسنى مۇغتەنەم،
لىك دىگىل هەرنەفەسى شۇكر هەم.

ساقى ئۇلۇبمەن مەى رەڭگىن ئۈچۈن،
مەي دىمەكىم بىر سەنەمى چىن ئۈچۈن.

چىنى ئاياقلار بىلە مەست ئېت مىنى،
چىن ئىلدەك بادە پەرەست ئېت مىنى.

## ئون توققۇزىنچى ماقالات

خۇراساننىڭ ئەدىمۇلمەسەل كىشۋەرى بەيانىكىم "ئىرمە زاتىل ئىمادىالمەتى لەميۇخلەق مىسلۇها فىلبىلادى" كەرىمەسى ئايەتىدۇر، ئەنىڭ شەئىندە.بەتەخسىس ............
............................................................
............................................................
①............................................................
هەمد زاتى ۋاجىبەلۋۇجۇدىغەكىم، ئەقل دانىشمەندى تەسەۋۋۇرى زاتى تەخەييۇلىن

① ئەساى نۇسخىدا كاتىپ بىر ئابزاس سوزنى تاشلاپ كەتكەن.

قىلماقدىن ئاتىل، ۋە خىرەد ھۇشمەندى تەۋەھھۇمى كۈنھى تەسەۋۋۇرىن ئەيلەمەكدىن زايىل دۇرۇر. جەللەت ئالائۇھۇ ۋە ئەممەت نىئمائۇھۇ ۋەلائىلاھە غەيرۇھۇ.

(بەيت)

كىمكى ئەۋھام خىيالى ئارا زاتىڭنى كەيۇردى،
قىلمادى غەير خىيالات ئىلە ئەۋھامى تەمەننا.

پادىشاھىكىم ئۆز زاتى بىرلە قائىم بىمىسالدۇرۇر، ۋە بىشۇبھە بىزاۋالدۇرۇر. ۋە بى شەرىككىم "يامەن تەقەددەسەت ئەنىل ئەشباھى زاتۇھۇ، ۋەنەززەھەت ئەنىمۇشابەھەتىل ئەمسالى سىفاتۇھۇ، ۋاھىدۇن لامىنقىللەتىن ۋە مەۋجۇدۇن لامىن ئىللەتىن."

(رۇبائى)

ئى سەندىن ئولۇب سىررى دىل نۇر نەگاھ،
لۇتفىڭدىن ئولۇب مىزابان ئاگاھ.
زاتىڭغە دىمەكدە ھەمد قاسىردۇر تىل،
لاھەۋلە ۋەلاقۇۋۋەتە ئىللا بىاللاھ.

نەئت ئول سۇلتانى ئەسھاب تەرىقەت، ۋە بۇرھانى ئەربابى ھەقىقەت، مەزھەرى ئەنۋارى ئىلاھى، ۋە مەزھەرى ئەسرارى نامۇتەناھى. مۇبارىزى مەيدانى نوبۇۋۋەت ۋە سەدرى سۇدادى ئەيۋانى فۇتۇۋۋەت، سابىقەئى ئەلتافى ئەزەلى ۋە مەرھەمەتى ئەئتافى لەميەزەلى. سەدر نەشىن سىدرەتۇل مۇنتاھا ھەزرەتى مۇھەممەد رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمغەكىم شەفىئۇل مۇزنەبىن ۋە خاتىمۇننەبىيىن دۇرلەر.

(رۇبائى)

يۈز نەئت ئاڭاكىم سىراج ئەيۋانى ئىلاھ،
مەسرۇرى تەجەللىياتى ئالى دەرگاھ.
ئۈممىد شەفائەت ئېتكەمەن، مەن رۇسىياھ،
مەھشەر كۈنى بىر ئۈممەتىم دىبان باقماساڭ ئاھ.

دەلائىلى رۇسۇلى تەجەللى ۋە زاتى ئەھەدىيەت، ۋە ئىلاھى رەھبەرى ۋۇسۇلى ئەنۋارى ھەزرەتى سەمەدىيەت. مەخزەنى ئەسرارى ھەق ۋە مەتلەئى ئەنۋارى مۇتلەق سەبەبى تەجەللىئى زات ۋە بائىسى ئەنۋارى سىفات ئول بولغايكىم "لەۋلەكە لەما ئەزھەرتۇر رەبۇبىييەتەھ" ئەنىڭ شەئنىدەدۇركىم نازىلدۇر.

AltunOq

(رۇبائى)

ئى ۋۇجۇدۇڭ ئەسەرى خلقەتى ئەشيا سەبەبى،
لەبى ئولۋەقتكى بىافىئل كەرەكمەزدى نەبى.
سەييىدى ئەبتەهىيۇ ئۇممىيۇ مەككى زەكى،
هاشمىيۇ مەدەنىيۇ قۇرەيىشيۇ ئەرەبى.

نەئتىنىڭ مەيداندا تىز گەردلىك ئاهەنگىن تۈزمەك ۋە مەدايىهنىڭ فەزاسىدا مەدداھلىق ئايىنىن تۇتماق زەهى گۇستاخلىق ۋە زەهى بىباكلىقكىم، مۇلكىنات ئەجناسى ۋە مۇكەۋۋىنات ئەسنافى نەئتىنىڭ تەھرىرىن ئەيلەمەكدىن شكەست مەقال ۋە سىفاتىنىڭ تەقرىرىن قىلماقدىن گۇڭگ لال دۇرۇر. "ۋەسەللۇ ئەلەيھى ۋەسەللىمۇ تەسلىما"

داستان ئاغازى ۋە شاهى بەهرامنىڭ سەيرغە پەرۋازى ۋە مانى نەققاش سۇرەتگەردەك غەرىب قۇشنى سەيد قىلغانى. بەلكى ئاڭا سەيد بولغانى ۋە مانى فەلەك نەقشباز ئەجىب سۇرەت يۈز كوزگۈزگەندەك دىل ئارام سۇرىتىن كورگۈزگەنى ۋە بەهرامنىڭ رىشتەئى تاقتىن ئول سۇرەتدىن ئۈزگەنى، دىلئارامنىڭ دىلئارا هوسنى كامالىغە سوز سۇرمەك ۋە ئانى بەهرام بىدىلىغە يەتكۇرمەك ۋە ۋەسل شەمئىن ئىشرەت شەبستانىدا رەۋشەن قىلماقلارى ۋە هىجر خەزانىدىن قۇتۇلۇب ۋىسال باهارىدا غۇنچەدەك كوكۇللەرىنىڭ گۈل ـ گۈل ئاچىلماقلارى، ۋە دىلئارام سۇرىتىن ماهى زەهرە چىن نەغمەسى شاهىنى زار قىلغانى، ۋە كوڭلى قۇشى ئانىڭ چەڭگى رىشتەلەرىغە گىرىفتار بولغانى ۋە چەڭدەك كوڭلىن ئانىڭ غەيرىدىن خالى قىلىب جان رىشتەلەرىدىن فىغان تارتقانى ۋە ئانىڭ زەخمەسى ئىلكىدىن بەلكى ئىلكى زەخمەسىدىن جان رىشتەلەرىنىڭ پىغانى دەمبەدەم ئارتقانى:

(مەسنەۋى)

ساز ئېتەر ئېردى بەزم شاهانە،
رەۋزەئى ئول هوردىن پەرىخانە.

ئەسرۇ گۇلرۇخ جامالىغە شەيدا،
دەمبەدەم هۇشۇ ئەقل ناپەيدا.

ئىشق تۇغيانى توفانىدىن بىخىرەد ۋە مەي ئوتى هارارىتىدىن بىخۇد بولغانى ۋەز غەزال شىر ئەفكەنىگە غەزال ئاتقانىدا تەهسىن قىلماغانىدىن ئاهۇگەرلىك باشلاغانى ۋە دامغا بەركىگەن كىيىكتەك ئانى كەمەندىغە بەركىتىپ كىيىكلەر كانارىدا تاشلاغانى:

(مەسنەۋى)

ئىككى گىسۇسىدىن كەمەند ئەيلەب،
تاشلادىلەر غۇلۇلە بەند ئەيلەب.

گسۇيكىم ئۇلۇسقە قىلدى كەمەند،
ئاقىبەت بولدى ئۆز ھىلاكىگە بەند.

غەزەب مەستلىغىدىن ھۇشيار ۋە غەفلەت ئۇيقۇسىدىن بىدار بولۇب ئول ئاشۇفتە تۈشلەرىدىن پەرىشان، بەلكى ئۇيغاقلىغىدا قىلغانلەرىدىن پۇشايمان بولغانى ۋە مۇشكىبۇي غەزالىن ئىستاي بايابانغە ئۆزى كېتىب ئانى تابماي ئۆزىدىن كەتكەنى.

(مەسنەۋى)

قىلدى بەھرام چۇن بۇ يەكلىغ ئىش،
يىغلاغۇ، يوقكى كۈلگۈ يەكلىغ ئىش.

ئۆزىدە ئىككى كۈنگىچە يوق ئېردى،
كوڭلىدە شوئلە، جانىدا ئوق ئېردى.

ئۆز پەرىۋەشى ھىجرىدىن دىۋانە بولغانى ۋە ھىوكۇما ئەنىڭ ئاشۇفتە دىماغى شەئىشەئەسىغە ئىشتىغال كورگۇزۇپ، مۇتەد زامانلار مائالىجە ئەسبابىن تۇزۇپ كوپ زەخمەتلەر بىرلە ئازغىنە ئۆزىگە كەلگەنى ۋە سەۋدا دەفئىغە تاماشا ئۇچۇن يەتتى ئىقلىم سەلاتىنى يەتتە قەسر بىنا قىلغانلارى:

(مەسنەۋى)

سالدىلەر يەتتى قەسر چەرخ نەھاد،
بولدى ئىش قىلماق ئول سۇفەت بۇنياد.

كىم سەدا تۇشتى چەرخ تاقى ئارا،
ئېل نەزەرى فەلەك راۋاقى ئارا.

چەرخ يەتكۇردى ئاي ۋە كۇندىن خىشت،
ياسالۇر دەپ يەر ئۈزرە يەتتى بىھىشت.

ھەر زامان ئۆزى شەكل ئېتىب پەيدا،
شاھ تاماشاسىغە بولۇب شەيدا.

يەتتە فەلەكدەك يەتتى قەسرىنىڭ تۇگەنگەنى ۋە مانى مۇسەۋۋىر ھەر قەسردىن ئۆزگەرەك بىرلە نەقشبەندلىق قىلغانى ۋە داغى يەتتى ئىقلىم سالاتىنىنىڭ قىزلارىن ئول يەتتى قەسرىدا بەھرامغە ئەقد قىلغانلارى ۋە ھەپتىنىڭ ھەركۇنى بەھرام بىر قەسرىدا سوھبەت تۇتقانى:

ھوكۇما بولدىلەر چۇ ۋەقت شۇناس،
بۇيلە سائەت ئىشىگە بولدى قىياس.

تاڭلا شەنبە كۈنى مۇناسىبدۇركى كەۋاكىب شەرەفتە سەبەبدۇر.

**شەنبە كۈنى بەھرامنىڭ مۇشكىن لىباسلار كىيىب گۈنبەزى مۇشكىنگە خىرام قىلىب غەزال مۇشكىبۇ بىرلە بادەئى مۇشكىن ئىچكەنى**

(غەزەل)

كىتۇر ساقى قەدەھكىم ئافتابى ئالەم ئارادۇر،
زەمىن سەبزۇ هاۋا جانبەخش، گۈلشەن راھەت ئەفزادۇر.
پەرىشان ئولماكىم گۈلبەرگ تىك هالا بۇ گۈلشەندە،
نىشاتى ئەيش ئۈچۈن ئەسبابى جەمئىيەت مۇھەييادۇر.
ئاچىلدى غۇنچە، كۈلدى لالە، كەلدى ئىشرەت ئەييامى،
زەبانى هال سەبزە ئىشرەت ئىماسىغە گويادۇر.
قىلىب بىخۇدلۇغۇم ئىزھارىن ئەيتاي دەردى پىنھانى،
دىلۇ جان سەبئە سەييارە بۇتۇن كار فەرمادۇر.
كەل ئى بەھرام ۋەقىم ۋاقىف ئ ل تەقرىر هالىدىن،
بۇكۈن ئىقلىم ئەۋۋەلدىن مۇسافىر نۆكتە پەيماندۇر.
ئاڭا گەر ئارزۇدۇر سوز دىمەك بەھرامى ئالىندا،
ماڭا ھەم ئۆز شەھى بەھرامىم ئالىدا تەمەننادۇر.

**ئەۋۋەلقى ئىقلىم يولىدىن كەلگەن مۇسافىرنىڭ نۆكتە گۈزارلىغى**

(مەسنەۋى)

هىند مۇلكىدا بار ئىدى شاھى،
شاھلىغ ئىشلارىدىن ئاگاھى.

ۋە بىر فەرزەند دىلبەند قەلەندەر ناۋاز ۋە شاھزاد گۈلخەن پەردازى كىم بولمىش بولغاي، تاجىئەيالەت سارى باش يەتكۈرمەكدىن ئارى، ۋە قەدەمى ئاسالەت فەرجامى تەخت جالالەت ئەۋجىغە ئاياغ تارتماقدىن ئاتىل، دائىمۇ لقەۋقات فەنا ئاھەنگىن تۈزمەكدىن ئۆزگە كارى ۋە فەقىر يولىن تۇتماقدىن باشقە ئىختىيارى يوق ئىردى ۋە دەر ئىردىكىم:

(غەزەل)

سۇلۇكى فەقر ئەتۋارىم، مەزاقى ئىشق ھالىمدۇر،
تەجەررۇد ئالەمى سەيرىندا ئالەم پايمالىمدۇر.
جۇنۇنۇ فەيز ئازاد ئەيلەمىش جۇملە ئالايىقدىن،
كامالۇ فەزل تەركى رۇتبەئى فەزلىكامالىمدۇر.
تەبىبا قىلمىشام تەشخىس دەردى ئىشق ئىمىش دەردىم،
ئالامەت ئاھى سەردى، رۇي زەرد ئەشك ئالىمدۇر.

كىچە ئەردىكىم بى باكلىق يولىن تۇتتى ۋە بىخۇدلۇغ ئايىنىن تۇزدى ۋە ھەزرەتى سەمەدىيەت تەئالا ۋەتەقەددەس مۇناجاتىدا ئېردى.

سۇبھى چۇن سەجدەئى نىياز ئەتتى،
كوزىگە ئۇيقۇ تەركى ناز ئەتتى.

ناگاە كوردىكىم بايابانىدۇر ئەزىم شان ۋە دەشتىدۇر بى ئەندازە، ئولۇس غەۋغاسى ۋە دەھر ئەھلى ئەلالاسىدىن زەمانى خالى ئېرمەس:

(مەسنەۋى)

بارچە كۇچ ئەھلى ۋە سەفەر خەيلى،
بىر تەرەفلىك بارچەنىڭ مەيلى.

ۋە بىر مەھىەلىكىم ئىستىغنا گەۋھەرىدىن مۇزەييەن ۋە مۇرەسسەئ ۋە ناز جەۋاھىرىدىن مۇتەررەھ ۋە مۇكەللەل نامايىش قىلدى ۋە گىرىشمە پەردەسىدىن مەكنۇن ۋە مۇستەتىر.

(مەسنەۋى)

مۇتەھەررىك بولۇب نەسىمى سەبا،
چۇنكى مەھمەلدىن ئولدى پەردە رەبا.

پەرى چەھرەئى كورۇندىكىم ئەقل-ئىدراك رىشتەسىن ئۇزدى، ۋە سەبىر-تاقەت بىنا-سىن بۇزدى.

فەررۇخ ئويغاندى سەكرەب ئۇيقۇدىن،
كوزىدىن ئۇيقۇ ئۇچتى قايغۇدىن.

بىلدىكىم سەبىر ئىمكانى يوقتۇر ۋە ۋەسل ئىھتىمالى داغىـى كورۇنمەس. دەرد ئۇزرە دەرد ۋە ئەلەم ئۇزرە ئەلەم، نە كېچە كوز مەئمەندە ئۇيقۇ ئاسايىشى ۋە نە كۇندۇز ئافىـيەت مەسكەندە ئاسايىش ئۇيقۇسى:

(غەزەل)

ئەگەر تۇتسام غەمىم ئىبادىن نىهان سەبرۇ قارارىم يوق،
ۋە گەر شەرھى غەمى پىنهانىم ئەتسەم غەمگۇسارىم يوق.
ئىشىكىدىن قاۋىساڭ ئىتدەك يانە باش قويغۇم ئاياغىڭغا،
جاهاندا سەندىن ئوزگە دىلىستانىم يوق، نىگارىم يوق.

ئەلهاسىل مۇسافىرەت ئىختىيارىن ئەتتى، شاهكىم بۇ كار ئاقىبەتىدىن مۇتتەلىئ بولمىش بولغاي. مەئنىن قىلدى ۋە ناسايىھ زەنجىرىن ئىختىيارى ئاياغىغە تارتتى. ئىمكان يوقكىم جۇنۇن تەركىن قىلغاي ۋە تەئەللۇق رىشتەسى دامىنىغە ئىلىك ئۇرغاي.

(بەيت)

پايى ئازادان بىرەنجىرى تەئەللۇق بەند نىست،
نالەرا زەنجىر هەم سامان رەفتەن مىشۋەد.

ۋە شاھ خەير بادىن قىلدى ۋە تەلەب مەئۋاسىغە قەدەم قويدى. ماهى شەبگەرد ۋە خۇرشىدى ئاسمان نەۋرەد يەكلىغ مەنازىل قەتئىن قىلدى. شام سەبا بۇ تۈكتە تەرانەسىغە مۇتەرەننۇم ۋە بۇ هەرف كالامىغە مۇتەكەللىم ئىردىكىم:

هايات سەرف ئىتبـان ۋدرىد قىلمىشام هاسىل،
زەمىر گۇسىنە گەرەۋ قىلمىشام هاسىل.
تەبئەت سەگ شەبگەرد ئاڭا قىلمىشام هاسىل،
سەرئەشكى ئالى رۇخى زەرد قىلمىشام هاسىل.
ئىشىم قارا كېچە تا سۇبهى نالەۋۇ پەرياد،
نە بەرسەلەر ئاڭا شاكىر، نە دىسەلەر ئاڭا شاد.

تەيىيى مەراهىل ۋە مەنازىل قىلدى، ناگاھ ئۇيـقۇدا ئىردىكىم ئوز مەقسەدىن هەلەب كىشۋەرىدە تابماق ئىلهامىن ئىشىتتى.

(مەسنەۋى)

ئويغانىب سەبرۇ تاقىتى كەتتى،
قوپتى داغى هەلەبغە ئەزم ئەتتى.

AltunOq

ۋە سىپاھى ئىجازەتىن بەردى ۋە پەدەرۇد رەسىمىن تۇتتى ۋە ھەلەب سەرھەددىدە يېتىپ ئېردى مەھمەلى نامايىش قىلدى.

(مەسنەۋى)

تۇشىدە كورگەن كەبى يافۇغى قارا،
ئىزتىراب ئوتى تۇشتى جانى ئارا.

بۇيلە ھالەتدە تۇند ئىستى شامال،
ئاچتى مەھمەل كانارەسىن فىلھال.

كوردىكىم ئوز مەقسەدى گۇلچەھرەسى جىلۋە قىلدى ۋە تەمەنناسى رۇخسارەسى كورۇندى. ھىجر دەردى ئاشتى ۋە ئىشق شارارەسى جاھانغە تۇتاشتى. فۇرقەت كاشاكشى ۋە مىھنەت ئىزتىرابىدىن ۋىسالى كۇنىن ھىجر شامىغە يەتكۇردى، نەۋە دىلغ ئەۋرەڭگى بەلكى مەئيۇسلۇق گۇلخەنى ئارا ئارام تۇتتى.
ھەنگامى سۇبھىكىم مەھەللى ئىجابەت بولغاي، سەججادە ئۇزرە مەقام تۇتماق بىرلە دۇۋەت كاغەزىن چەكتى، بىتدىكىم:

(غەزەل)

گىرىبان ئولدى رەسۋالىغ ئىلىدىن چاكى دامەن ھەم،
مىنىڭ رەسۋالىغىمدا دوست ھەم تەئنە ئەتتى دۇشمەن ھەم.
رەھى ئىشق ئىچرە جا قىلدىم تۇتۇب تەركى تەئەللۇقكىم،
ئىمەستۇر ئەۋد مۇمكىن كەلسە گەر بەھرام، بەھمەن ھەم.
مېنى ئى تاجىۋەرلەر ئىستەمەڭ مىھنەت چىكىب زىنھار،
ئىشىم فەقرۇ، تەرىقىم ئەجز، مەئىمەن كەلدى گۇلخان ھەم.

ۋە ئول نامە ئىختىتامىغە ئىتمام رەقەمىن سۇردى ۋە ئوز خىۋابگاھى تەكراسىدا بەركىتتى ۋە فانا ئاھانگىن تۇتتى ۋە ھەلەب شەھرىگە يەتتى. كوردىكىم مەھەللاتىغە ئەدەد ۋە كوي بازارىغە ھەد مەئلۇم ئېرمەس. نە مەھبۇبدىن ئەسەرى ۋە نە مەھمەل نەقشىدىن خەبەرى، نە تائام زائىقىن قىلدى ۋە شاراب شۇربىن ئەتتى. ئىبارەت رىيازەت ۋە مۇجاھىداتدىندۇركىم ئېھتىمام ئايىنى ۋە رىيازەت تەرىقىن تۇتماي مەقسۇد ساۋاھىلى نامايىش قىلماس ۋە مۇددىئا ھوسۇلى كورۇنمەس، جىدد جەھەد غايىتى ۋە مۇجاھىدە نەھايىتىدىن ۋەقتى يېتەركىم:

(مەسنەۋى)

رەفئ ئولۇب بارە قەيدى زۇلمانى،
بولغۇسى زاتى ئىلە رۇھانى.

ئىشق شەجەرەسىنىڭ سەمەرەسى ۋە دەرد ساقىسى بادەسىنىڭ نىشانەسى يەئنى ھىجر شۇرى ۋە شەۋق زورىدىندۇركىم خۇرد خۋاب ئىللىتى كۆلفىتىدىن بىلكۈل مۇئەررا قىلغاي:

(مەسنەۋى)

ئىشق چۇن توئمەدىن قىلىب ئىدى فەرد،
قۇت، قۇتى بولدى ئىشق ئىلە دەرد.

ھەركەتدىن قالىب تەنى زارى،
ئۆزنى چەكتى بىر بۇزۇخ سارى.

قويدى باشىنىڭ ئاستىغە بىر تاش،
دىدى باش ئۇلماغاي ئىدى ماڭا كاش.

مىھنىتى ئاشتى ۋە ھىجر ئوتى تۇتاشتى. گىريەئى شام ۋە ئاھى سەھەرگاھدىن ئۆزگە يوقتۇر ۋە ھەلەب كىشۋەرىدە خۋاجەئى بار ئىردىكىم مىھماندارلىغ فەندە ماھىر ۋە مۇسافىر پەرۋەرلىك ئائىندا يىگانە، مۇسافىر ئىستەمەكدىن بىر بۇزۇغ سارى تۇشتى، ۋە بىر ۋەيرانە كۇنجىغە سەمەندىن سۇردى. ئازادەئىكىم ياتىپدۇر ۋە ھەرگاھ نىگاھكىم ئۇل بىچارە جەبھەسىغە تۇشەر ئىردى. گىريەئى بى ئىختىياردىن ئۆزگە كەلمەس ئىردى. ئاشقلىق شىۋەسى ۋە مەجنۇنلۇق رەسۇمىدۇركىم بىچارەلىقتىن ئۆزگەنى دىمەس، بىناۋالىغدىن باشقەنى ئىستەمەس.

(بەيت)

ئىستەمەس غەر، غۇرۇر، ھەشمەتۇ جاھۇ جالال،
گۇلخەنى فەقر ئىچرە ئورتەنگەن گادايى ژەندە پۇش.

(مەسنەۋى)

ھەم يۇزى ئانى بىقارار ئەتتى،
ھەم سوزى ئانى ئەشكبار ئەتتى.

خۋاجە سورىدىكىم:

كىلىب ئالىغا دىدى: ئى مەردۇم،
كىمسەن ئەھۋالىڭ ئەت ماڭا مەلۇم.

فەررۇخى ساھىب كامال ئەيتتىكىم:

(بەيت)

مەنەمكى قافىلە سالارى كارۋانى غەمىم،
مۇسافىر رەھى سەھرايى مىھنەتۇ ئەلەمىم.
ھەقىرى باقمە ماڭا كىمسەدىن ساغىنمەكىم،
فەقىر يادى ئاسا گادايى مۇھتەشەمىم.

بىلدىكىم سەراپا كامالدىن ئۆزگە ئېرمەس ۋە ئىشقدىن باشقا كورۇنمەس. مەرھەمەت رەسۇمىن تۇتتى ۋە رىئايەت شەمئىن يارۇتتى. سۇبھى ئەۋۋەلدىن شام ئاخىرىغە مەيخوارلىغ رەسمىن تۇزدى ۋە مەستلىغ جەھەتىدىن فەررۇخ شاھزادە دەريا دىل ئۆز سەرگۇزەشتىن بايان قىلدى ۋە تۇشلەرى ئىزتىرابىن تەقرىرىغە كەلتۇردى. خۋاجەئى دىلاۋەر فۇتۇۋۋەت يۇزىدىن بۇ ئىش ۋۇسۇلىغە قەدەم قويدى ۋە مەقسەدى ھوسۇلىغە ئىفتىشاش كورگۇزدى. ئەيدىكىم:

(مەسنەۋى)

مەنكى ئانىڭ غەمىدە قالۇرمەن،
دەردىغە چارە ئەيلەيئالۇرمەن.

قىلماسام ئۇلسە ئول مۇرۇۋۋەت ئىمەس،
ئانى ياخشى مۇرۇۋۋەت ئەھلى دىمەس.

مەقسەدىڭ ھوسۇلى ئاساندۇر،
ۋە كامىڭ ۋۇسۇلى دىشۋار ئېرمەس.

(مەسنەۋى)

گەرچە جايىڭدا ھۇسن ئافەتدۇر،
بىزنىڭ ئېلدۇر ماڭا قارابەتدۇر.

سىنى كامىڭغە يەتكۇرۇرمەن بىل،
لىك ھەرنىكى دەرمەن ئانى قىل!

خۋاجە كوردىكىم ئۆز مەھرىمىدىن باشقا ئېرمەس. ھەر ئىكاۋ مەستلىغ غايىتىدىن ئۇيقۇ مۇتتەكاسىن تۇتتى ۋە بىھۇشلۇق ئايىنىن تۇزدى. سۇبھى ئېردىكىم خۋاجەئى ئالى زاد ۋە فەررۇخ گەۋھەر نەژاد مىھمانىن ھامام سارىغە باشلادى ۋە ھىجر چىركىدىن پاك ۋە ۋەسل نەۋىدى ئەتلىسىدىن مۇرەسسە، مۇزەييەن قىلدى، كوڭلى مىرئاتى ۋە دىلى ئائىنەسىدىن ئىرفان قۇياشى ۋە مەئرىفەت خۇرشىدى نامايىش قىلدى. شادلىغ سەمەندىن مىندۇر-

دی ۋە مىهمان خانەسىغە يەتكۈردی خۋاجە هەرەم سارا ئارا كىرجاك **بىرلە** ئۆز مەهرىمىغە ئەيدىكىم:

ئى خۇش ئول كۇنلەركى رۇخسارىڭ ماڭا مەنزۇر ئىدى،
چەشم ئۇمىدىم چىراغى ۋەسلىدىن پۇر نۇر ئىدى.
ئادەم ئىدىم قۇرب دەرگاهىدا بولمىشىدىم قۇبۇل،
مەنزىلىم جەننەت، مەيىم كەۋسەر، ئەنىسىم هور ئىدى.

هالا كارىكىم ۋاقىئدۇر. بۇ كار ۋۇقۇئىدىن باش تارتىماقىغە ئىمكان يوقتۇر. هەر نەرسەكىم جاناب ۋاجىبەلۋۇجۇد تەقدىری كىلكىدىن يازىلىبدۇر، كورمەسكە ئىمكان بولماس. قەلەمی تەقدىر يازغان بەلادىن مۇهتەرىز بولغان زەهی نادان، مۇقەررەر بولماغان روزی تەلەب قىلغان زەهی ئەبلەه، كارىدۇركىم مەن هەم رىزادۇرمەن، خۇداهەم نارازی ئېرمەس. چۇن بۇ يەرگە فەسانەسی يەتتی، سەرۋی گۇلچەهرەنی "تالاق" ئەتتی، دىدىكىم، نىدىن مۇنداغ ئەيلەدىڭ بىداد، چەكتی گۇلرۇخ نەفىر ئىلە فەرياد. دىدىكىم، ئەتۋارىڭ گەردىدىن غۇباری كوڭلۇم ئائىنەسىدە مەلۇم ئېرىمەس ۋە ئەفئالىڭ غۇبارىدىن گەردی زەمىرىم كوزگۇسىدە قارار ئالمامىش بولغايكىم رىزادىن ئۆزگە يوقتۇر. شاهزادەكىم مىهمانلىغ رەسۇمی جەۋاهىرىدىن مۇكەللەل ۋە زىيافەت ئائىنی زەۋاهىرىدىن مۇرەسسەئ ۋە سەنكىم ئاڭا مەقسۇددۇرسەن. ئەقدىڭ قىلۇرمەن:

ئول ئىرۇر ئەۋج سەلتەنەت ماهی،
دەهر ئۇزە تەخت مەكرمەت شاهی.

ئەلهاسىل ئىجاب، قەبۇل رىئايەسىن تۇزدی ۋە شەهزادەغە هەمخۋابلىغ ئەۋرەنگىدە ئارام بەردی ۋە نەچچە كەرۇر لەئل جاۋاهىر نە گەۋهەری ئالی ۋە نە دۇرری لۇئالىكىم توهفە قىلمىش بولغاي. مىڭ ئەدەد بەندە تۇرك، رۇم، فەرەڭ يولىدا قۇللۇققە قىلغالی ئاهەڭ، مىڭ فەرسەخ يول ۋەدائىن قىلماق جەهەتىدىن چىقتی. خەيرباد تەرىقىن تۇتتی يادكار ئىستەدی. بالاسىن ئانىڭ تىلەب ئالدی، قارا لىباسىن ئانىڭ ۋە فەررۇخ ئالی زاد يول قەتئىن قىلدی ۋە تىزگەردلىق ئائىنىن تۇتتی. هەر گاهكىم گۇلچەهرەسی هوزۇرىغە كىرەر ئېردی، ئىلىك ئۇزاتماققا هەد - ئارا يوق ئېردی.

خىيالىڭدىن تەسەللىدۇر كوڭۇل مەيلی ۋىسال ئەتمەس،
كی ئاندىن ئۆزگە بىر هال ئولماغىن ئاشق خىيال ئەتمەس.

فەررۇخ زاد ئەيدی، ئول مۇرۇۋۋەتكی خۋاجە قىلدی، بىزدىن داغی فۇتۇۋۋەت دەركاردۇر. مادامكی خۋاجەنی ۋىسالىغە يەتكۇرمەيىن ئارام تۇتماغىم ئىنساف ئېرمەس ۋە ئۆز

شەھرىگە يەتتى ۋە ئاتاسى ۋافات بولۇب ئېركەنكىم قايىم مەقاملىغ سەرىرى ئۇزرە ئارام تۇتتى ۋە ھوكرانلىغ ئائىنىن تۇزدى. بويۇردىكىم، خۋاجە ھەلەبى ئىمارەتى يەكلىغ قەسىر تەئمىرىن قىلغاي ۋە قەسىر بى قۇسۇر تۇزەتكەي، ئۇل ئىمارىتىكىم خۋاجە كىشۋەرىدە ئېردى، ئۇل نەۋئى ئىمارەت بىناسىن قىلدى:

ئۇيلە مانەندىكىم ساغىنغاي ئەقل،
كى ھەلەب ھىند سارى قىلمىش نەقل.

ھوكم بولدىكىم ماھى زەھر جەبىن تابقاي، ئوز مەسكەنى ئارا تەسكىن:

چۇنكى مەھۋەش ئۇي ئىچرە سالدى كوزىن،
ئويىدىن چىقماغان ساغىندى ئۇزىن.

ھىند ئارا بۇيلە قىلدى شاھى سەخى،
ئەمدى كوركىم نىتەر ھەلەبدە داخى.

ۋە خۋاجەكىم ھەلەب كىشۋەرىدە قالىب ئېردى، بۇ ئىككى ئەختەر فۇرخەندە خەيرىبادىدىن سوڭ كۇندىن كۇن تەنەززۇلدىن ئوزگە كورمەدى ۋە پەرسۇدەلىغدىن باشقا يەتمەدى، ئەيتۇر ئېردىكىم:

دوست بى پەرۋا، فەلەك بى رەھىم، دەۋران بى سۇكۇن،
دەرد كوپ ھەم دەرد يوق، دۇشمەن قەۋى، تالىئ زەبۇن.

سايەئى ئۇمىد زايىل، ئافتابى شەۋق گەرم، رۇتبەئى ئىدبار ئالى، پايەئى تەدبىر دۇن، ئەقل دۇن ھىممەت، سەدايى تەئنە بىر-بىردىن بەلەند، بەخت كەمشەفقەت، بەلايى ئىشق كۇن كۇندىن فۇزۇن يەلدە بەرگى لالەدەك تەمكىن، دانىش بىسەبات، سەۋدا ئەكس سەرۋىدەك تەئسىر، دەۋلەت ۋاژگۇن. ئەلھاسىل سۇخەنچىلار ھەسەدىدىن شاھى ھەلەب قەيدىدا بەند، بەلكى زار نەژەند ياتار ئېردى. سۇبھى سەھايىفى ئەۋراقى سەفھەسىن بۇ نۇكتە جەۋاھىرىدىن مۇكەللەل ۋە شام رەسايىلى ۋەرەقلەرى سەتھىن بۇ كەلام زەۋاھىرىدىن مۇرەسسەئ ۋە مۇتەررەھ قىلۇر ئېردىكىم:

ھوسۇد سورىتى ئەھۋالىمە نەزەر قىلماس،
جافا قىلۇر، مەن بىچارە بىر ھەزەر قىلماس.
سانۇركى نالەئى زارىم ئاڭا ئەسەر قىلماس،
نى مۇرۇر ئىلە ئالەمدە دەر بەدەر قىلماس.
زەمانە ئىچرە مۇجەررەبدۇر ئىنتىقامى زەمان،
ھەمىشە ياخشىغە ياخشى يىتەر، يامانغە يامان.

لېكىن زاتى ۋاجىبەلۋۇجۇد دەرگاھىدىن ئۇزگە يەرگە سىغماس ئېردى. ئاخىرىلئەمر راستلىغ جەھەتىدىن بەند قەيدىدىن ئازادلىغ تاپتى:

مەخۋاھ ئەز خەلق يارى دەر نەۋائىب،
كى ئەز مۇمكىن نەيايەد كارى ۋاجىب.

نە مىخۋا ھەد كېلدى كارى بەستە،
دىلى سافى بەدەست ئاۋەر چۇ بەستە.

ئەمما ئۇز شەھرىدە ئارام تاپماغى مۇمكىن ئىمەس ئېردى. ئۇز كىشۋەرىدىن چىقتى ۋە فەررۇخ دىيارى يولىن تۇتتى ۋە مۇددەتى مەدىدىدىن سوڭ فەررۇخ كىشۋەرى بەلكى كىشۋەرى فۇرخەندە نەۋاسىغە يەتتى ۋە بىر بۇزۇغ كۇنجىدە ياتار ئېردى ۋە شاھى فەررۇخ داغى قارا لىباس ئىختىيارىدىن قىلدى، ھەر ئىكاۋ تەسفىيەئى دىل ھاسىل ئەتتى:

(مەسنەۋى)

چۇنكى شاھ خىلئەتى قارا بولدى،
قارا كەيمەك ئۇلۇس ئارا بولدى.

قارا رەڭ ئېلگە تاج تارىكدۇر،
كىم بۇ رەڭ ئىچرەدۇر مۇبارەكدۇر.

(غەزەل)

دوستلار مەن بەنْد ئەنبەر فاملىغ مۇئتاد ئېتىلىڭ،
تىيرە تۇنلەر دىلرەبالار خەتتى خالىن ياد ئېتىلىڭ.

مەن داغى زىنھار جۇز مىشكىن لىباس ئەتمان ھەۋەس،
مۇنئىم ئەتمەڭ بۇ لىباس كەئبەدۇر ئىمداد ئېتىلىڭ.

مۇئتەرىزلەر تىلىسەلەر تەرجىھى كافورى لىباس،
سورەئى ۋەللەيل تەفسىرىن دىبان بەرباد ئېتىلىڭ.

كوز قاراغىدىن نامايىش ئەيلەمىش ئەسبابى دەھر،
مايەئى سەيرى سۇلۇك ئېرمىش سۇۋەيدا ياد ئېتىلىڭ.

ئى سەبۇرى بۇيلە ئىشدىن روزىگارىڭ تىيرەدۇر،
بىلمان ئايا بۇ كىسەل ئىرسى مۇدۇر يا ئادىتىڭ؟

فەسانە پەردازلىق قۇياشى ئىختىتام مەغرىبىغە رۇجۇئ قىلدى:

(مەسنەۋى)

شاھ ئەنى فاقەدىن خالاس ئەتتى،
ئۆز قاشىدا نەدىم خاس ئەتتى.

بولۇبان شاد ئۇل ھىكايەتدىن،
ئۆيقۇغە باردى خۇش فەراغەتدىن.

يەكشەنبە كۈنى بەھرامنىڭ قۇياشدەك زەربافت كىيىب گۈنبەزى زەررىن نىگارغە ئەزم قىلىب سەرىغ ھۇللەلىغ ھور بىلە ساغەرى ئەيش تۇتۇب جام مۇسەئفەردىن ئەسفەرى مەي ئىچكەنى

ئىككىنچى ئىقلىم يولىدىن كەلگەن مۇسافىرنىڭ نۇكتە تەرەزلىغى:

(مەسنەۋى)

رۇم ئارا زەرگەرى ئىدى ماھىر،
ئىشى ئىلگە قۇياشى كەبى زاھىر.

ئۇستادى ئىردىكىم مىھر زەررىسىدىن ۋە زەرنىخ خۇمىدىن ئافتاب كۈرەسىن چىقارۇر ئىردى، پادشاھى ۋەقت ۋە ئالىجاناب ئەسر خازىنى ئىردىكىم ۋە زارەت پايەسى ئەيىارلىغ ئاياغى تۇپراغىدىن مۇباھات كورگۈزۈر ئىردى، لىكىن سەراپا خىيانەتدىن باشقا ئىرمەس ئىردى:

(بەيت)

ئەقل ھۇش فەھم ئىلە ئىدراك يەكلىغ پاك ئىدى،
لىك بىر ئەيبى كى كوب بى ۋەھشەتۇ بى باك ئىدى.

ئەمۋالى ئەدەدى ۋە زەر دەسمى ئەئدادى تەئەققۇل ئەۋھامىدىن مۇبەررا ۋە تەخەييۇل تەسەۋۋۇرىدىن مۇئەررا:

يەتتە مەخزەن ھەر بىرى ئانداغ ۋەسىئ،
بىر تەھى سەندۇقى بۇ چەرخى رەفىئ.

دۇررى گەۋھەر بىھەد، بىپايان ئىدى،
ئىرۇر ئالىدا قارۇن گەدايى نان ئىدى.

ئېرۇر تۇشسە گەر زەر خىرمنى سارى نىگاھ،
گۇيا خۇرشىدى ئەنۋەر پەرگاھ.

كۇنى ئېردىكىم پادىشاھى ھوكىمران مەھكىمە سەرىرى ئۇزرە ئارام تۇتماق بىرلە ئەدل ئەۋرەڭگى ئابادلىغىغە سەبەب بولۇب ئېردى. خازىن زەھھاب ئەيدىكىم، ئۇزگەلەرىگە ياغاچ-دىن دۇر تەخت لايىق ئۇلدۇركى شاھى فەررۇخ بەخت تۇتقاي سەرىر ئۇزرە مەسكەن، كوزنى ئول مەسكەن ئەيلەگەي رەۋشەن. شاھ خۇشۋەقتلىق كوركۇزدى، ۋە قەبۇل ھوكمىن سۇردى. ھەر نەرسەكىم ھەۋايىجدۇر، تەھقىقىن قىلغاي. ۋە زەر خالىس چەككەي:

(مەسنەۋى)

ئىككى مىلك پاتمان ئالتۇن ئەتتى تەلەب،
پۇتكەلى ئول مەقام ئەيشى تەرەب.

ھوكم قىلدىكىم جىد- جەھەد كورگۇزگەي ۋە ئېھتمام يولىن تۇزگەي، ۋە خەزائىن گەنجىدىن زەر مەتلۇبىن ئالغاي ۋە نەچچە ۋەقت ئىفتىشاش كورگۇزدى ۋە تەختنى ياسادىكىم، ۋەسفى ئول تەختنىڭ مۇسەممەن ئولۇب، رۇبئى مەسكۇن شەھىغە مەسكەن ئولۇب، سەككىز بۇرجكىم تورتى پەست ۋە تورتى بەلەند:

(مەسنەۋى)

پەستدە تورت تۇتى مەئنۇس،
بىيىكى ئۇزرە تورت ئولۇب تاۋۇس.

ۋە پايەسى داغى سەككىزكىم ھەرگاھ، پادىشاھى ئالىجاھ گەردۇن پاناھ، چىقماق تەمەننىاسىن قىلغاي. ھەر پايە بىر- بىرىگە پەست بولماقدىن تەۋازۇ كورگۇزگەي ۋە ئارام تۇتقاندىن سوڭ تۇتى دىلنەۋاز ئەفسۇن پەرداز.

(مەسنەۋى)

ئەيتقايلاركى شەھغە كام ئولسۇن،
ئاڭا بۇ تەخت مۇستەدام ئولسۇن.

تائىر ئالى مەقام ۋەتەنناز خوشخىرام:

(مەسنەۋى)

يەئنى تاۋۇس ھەم ئاچىب پەرۇ بال،
شاھ باشى ئۇزە ھۇماي مىسال.

تاببان ھەر بىرى بۇيۇك پايە،
ئەيلەگەيلەر قانات ئىلە سايە.

ۋە سەككىز سۇتۇن گەردۇن مائاب:

(مەسنەۋى)

كىم قايان شەھ بولۇر نەشات ئەنگىز،
ئاز ئىشارەت بىلە يۇگۇرگەي تىز.

بۇ يەكلىغ سەر-رى ئاسمان تەزىن كارگاھىدا بۇ نەۋئى شاھ-ىن-شاھ كۇرسى نەش-ىن ئارام تۇت-تى ۋە بىر ئۇس-تاد سەنئەت ئاراي چابۇك ئەندش-كىم بۇ سەر-ىر رەش-ك فەلەك ئاقىبەتىدىن مۇتتەلىئ بول-دى، بىا-دىكىم زەيد زەھھاب رەسۋالىغدىندۇرۇر ۋە شەرمسارلىغى مۇئەييەن ۋە لىكىن ئىمكان يوقكىم ئىزھارىن قىلغاي. مەسلىھەت تەرىقىن تۇتتى ۋە ئىككى بۇرج نەشى-ن ئورنىغە ئىككى تۇتى دىلكۇشا تاپقاي، بىرى دىگەي-كى-م "تەخ-ت رۇكەش-دۇر"، بىرى دىگەيكىم "تەخت مىس غەشدۇر".

(مەسنەۋى)

سۇبھى كىم شاھ مەيل قىلدى سەرىر،
ئىككى تۇتى چىكىب فەلەككە نەفىر.

دىدىلەر شەھغە بى شەك، بى قۇسۇر،
سۇزنى كىم بولدى يوقارقى مەزكۇر.

شاھ زەررىن تەخت غايەت تەھەييۇردىن نەدامەت ئەنگۇش-تىن تىش-لەدى ۋە فەلەك
.............................................................................................
.............................................................................................
.............................................................................................
①.............................................................................................

چاھنىڭ ئاغزى تار ئىدى تۇبى كەڭ،
ئاغزى رەۋزەنچە، تۇبى ئوي بىلە تەڭ.

زەيدغە رۇتبەكى بولدى رەفىق.
نان ئىككى قۇرس ئىدى، سۇ بىر ئىبرىق.

خەنجەرى كوكلەك ئىچرە ئېردى نىھان،

① ئەسلى قوليازمىدا 4 قۇر خەت يىرتىلىپ كەتكەن.

خەنجەر ئچرە نهان ئدی سۇهان.

خەنجەری بىرلە قازىبان تۇپراغ،
پالچىق ئەيلەر ئدی سۇ ئالغان چاغ.

چاھ ئاغزی تۇشی تىلەب ۋايە،
پالچىقدىن ياسار ئدی پايە.

ئەغلال بەندىن كەستی ۋە رىيازەت ئايىنىن تۇزدی. ئاخىرۇلئۇمىر رۇھالىغ تابتی ۋە فىراز كورگۇزدی. ئەرتەسی ئەسەسلار خەيلی ۋە مىرشەبلار گۇرۇھی كوردىكىم، نە زەيد ئاياغىدىن غۇباری مەئلۇم ۋە نە جايىدىن، ..................................

..........................................................................................

..........................................................................................

①..........................................................................................

ۋە ھەر جىنسكىم مۇھەييادۇر، ھەممە زەرنىگار دۇرر ۋە زەررىن پەركار:

(مەسنەۋی)

ئككی فۇلاد ئشىك فەلەك پەيۋەند،
رەڭ ئىلە سەيردە مەلەك مانەند.

دىدی بۇ يەردە ئانچە ئالتۇن مۇفت،
مەن قىلۇرمەن شەھ ئالتۇننی نەھۇفت.

كەلدىيۇ ئۇزىنی بۇت پەرەست ئەتتی،
دەير دەرگاھىدا نەشەست ئەتتی.

بۇت پەرەسلىغ رەسۇمىن تۇتتی ۋە بەندەئی خاسلىغ شوھرىتىن كوتەردی ۋە بەرەھ-مەنلىغ مەنسەبىن تابتی. دەير كىبلىكىدىن مۇزتاھىن ئالدی. دەير ئەھلی ۋە بۇت پەرەسلەر خەيلی مۇئتەقىد سادىقۇلئىخلاسلىق كورگۇزدی. غاری تابتىكىم شام-سەبا ئەسنام زەررىن ۋۇجۇدىن مىس، ئاھەنغە تەبدىل بىرۇر ئەردی.

(مەسنەۋی)

ياسار ئەردی بۇتی تىمۇردىن چۇست،
دەيرنىڭ بىر بۇتی شەبھی دۇرۇست.

جۇزۋی ئالتۇن بىلە قىلىب رۇكەش،
كی كورۇنگەي نەزەرغە زەررىن ۋەش.

① كوپ چىكىت ئورنىدىكی 4 قۇر خەت ئەسلی قولىيازمىدا يىرتىلىپ كەتكەن.

..........................................

①..........................................

**ئەلھاسىل نە** بىر بۇت زەررىن قالدى ۋە نە بىر تەشت لىگەن تاكى كۇففار ئالىھەدىن بىر ئىلاھ قالمادى "لائىلاھە ئىللەللاھ". ۋە بىر كۇنى ئېردىكىم دەيىر بۇتى بىششارىتى تەقرىرىن قىلدى، مىنى بۇ نەۋئى ۋاقىب ئەيلەدى "لات" كى تۇگەنگەن ئىمىش، ئانامىغە ھاياتكىم بۇلار ئەمرىدىن بۇ ئەزم ئولمىش، سەفەر ئەتمەك خىيالى جەزم ئولمىش ۋە سەفەر ئىختىيارىن قىلدى، ئاھى سەھەرگاھ ۋە گىريەئى شامدىن باشقا زوھۇرغە كەلتۇرمەس ئېردى ۋە دەر ئېردىكىم:

زائىرى مەيخانە بۇت سەجدەسىدۇر تائەتكىم،
ئىشق پىرىم، نەقد جان نەزرىم، تەۋەككۇل نىيىتىم.

كارىكىم ۋاقىئدۇر بارمايىن ئىمكان بولماس، ھىجر ئارا گەرچە غەم بىلە تولغۇم،
قايدا بارسام ئۇلار بىلە بولغۇم:

كۇفرى ئەھلى مالالەت ئەيلەب فاش،
دىدى بارى قويۇب ئاياغىغا باش.

دىنىگە كۇفرىدىن ۋابال ئولسۇن،
كافىر ئولماق ساڭا ھالال ئولسۇن.

خەيرىباد تەرىقىن تۇتتى ۋە يول ئەزمىن قىلدى ۋە نەچە ئىلتىمەك بىرلە بىر نامە بىتىبدۇر، دەرگاھىدا قويۇپ ئېردى. كوردىكىم:

يىللار ئەتتىم دەيىر دەرگاھىدا خىزمەتكارلىغ،
سەجدە ئورنىدا تەقۋالار ئۇرماغ ۋە مەككارلىغ.
ئەھلى تەۋھىدەم قىلۇر سەجدەئى مىھراب ئىشق،
كورگۇزۇرمەن بۇيلە بۇتلار خەيلىدىن بىزارلىغ.

بارىن ئەتتىم مىس رۇي ئەندۇھ، ئى ئەھلى سەنەم ئەيلەدىم ئەيىيارلىغ، مەككارلىغ، بىزارلىغ. بەرەھمەن كوردىكىم كار ئوزگەدۇر. ھەيرەتدىن باشقا قالمادى ۋە ھەسرەتدىن ئوزگە كورمەدى ۋە دەر ئەردىكىم:

چۇ بىلمەي ئاڭا ۋافا ئەيلەدۇك،
جافا كوردۇك نەسۇد ئەمدى.

① ئىككى مىسرا ئەسلى قولىيازمىدا يىرتىلىپ كەتكەن.

ئەگەر ھەر نىچچە پۇشمانىمىز ۋە رۇم سەر ھەددىغە يەتتى ۋە ئۇز جەبھەمغە كىرمەك بىرلە مەھبۇسلۇق ئايىنىن تۇتتى ۋە پادىشاھى گەردۇن جاناب سارىغە خەت يازدىكىم:

نە خىيانەتكى ئەيلەدىم بىلەيىن،
بىرىگە ئۇن ئۇۋەز ئادا قىلايىن.

يەنە بىر ئەرزىم ئۇشبۇ نۇكتەكى شاھ تارتىبان ھەر يىل ئىككى قاتىلا سىپاھ، رۇم مالىنى ئەيلەبان بەرباد، ئەيلەر ئەردى فەرەڭ بىرلە جىھادتاكىم فەرەڭ بۇتخانەسى بۇتلارىن سىندۇرغاي ۋە دەئۋەتى ئىسلام يولىن كورگۈزگەي. ئەمما بۇ تەمەننا ۋۇقۇئى دەست بەرمەيدۇر ئىردى، ۋە بۇ مۇددىئا ھوسۇلى زوھۇر قىلمايدۇر ئىردى. ھالا فەقىركىم فەرەڭ بۇتلارىن سىندۇردۇم، ۋە تەخت زەررىن ئۇۋەزىن قىلدىم ۋە ئاندىن داغى ئارتۇرمەن. ۋە ئۇل دۇشمەنلەرىكىم ئاداۋەت يولىن كورگۈزدى، سالاسۇل ۋە غىلال بىرلە قەيدىن قىلغايلەر ۋە ئىستىقبالىم كورگۈزگەيلەر. ئاندىن سوڭ شاھى ئالەمگىر ھۇزۇرىغە خىرام قىلغۇرمەن. بۇ نامە ئىختىتامىغە ئىتمام رەقەمىن سۇردى ۋە شاھ جانابىغە ئىبەردى. شاھ كوردىكىم نامەدۇر دىلپىسەند ۋە رۇقئەدۇر ئەرجمەند، شادلىغ يۈزىدىن ئىستىقبال قىلماق ئىختىيارىن قىلدى. بۇ ئەمر ساھىبى ئىقتىدارغە داغى زەخمەتى ئارىز بولۇب ئىركەنكىم زەيد زەھھاب ئەنىڭ تەشفيەسىغە لەبىب ۋە مۇددىئاسىغە بائىس بولمىش بولغاي ئىردى، ئىستىقبال قىلدى ۋە ئەئداسى ئىنتىقامىن داغى ئۇل نەۋئى بەردى:

شاھ چۇ فەھم ئەتتى بۇ تەمەننانى،
تۇدە ماسىدىن ئەيلەدى ئانى.
ئۇيقۇغە سالدى ئانى بۇ سوز،
كى قۇياش چىقماغۇنچە ئاچمادى كوز.
زەھى بىچارە ۋە بىخانۇمان، زار غەمناكەم،
مۇبەررايى سەباتى، ئەقلۇ فەھم ھۇش ئىدراكەم.
ئەنىسىم كەلئەدەمدۇر، مۇنىسىمكىم غەمگۇسارىم يوق.
غەرىبەم، بىدىلەم، بى مۇددىئايەم خار - خاشاكەم.
ئەمىرى كىشۋەرى فەقىرەم، شەھى ئىقلىمى نەۋمىدەم،
ۋەلىكىن خەلق ئالەم ئىچرە بى باك ھەۋەسناكەم.
سەرىرى جاھى ئەۋرەڭگى جالالەت ئىستەمەن ئى شاھ،
غۇبارى فەرىشى جەۋلانگاھى ئىشقىم بەند فەتراكەم.
دىل ئازارۇ، ستەمگارۇ، جاپاجۇ كافىرى خۇنخۋار،
تەرەھھۇم قىل ۋاپا رەسمىنى تۇت، كور سىنەئى چاكەم.
دىسەم ئەفلاك فەرىشى ئاستانى ھىممەتىم تاڭ يوق،
نىدىن سەر ھەلقەئى ئەھلى جۇنۇنىم مەست بى باكەم.

"سەبۇرى" بىخۇدۇ مەيخانە تەھقىق ئىمىش زىنھار،
دىمە سەرگەرم بەڭۇ كوكنارى مەست تىرياكەم.

دۇشەنبە كۈنى بەھرامنىڭ نەۋباھار مانەند ئەخزەر لىباس كىيىپ گۈنبىزى خەزرەغە يۈز قويغانى

سەرۋى ۋە سەبزەرەڭ ھۇللە بىرلە جام زەمۇررەد فام ئىچرە زۇلالى ھايات نۇش ئېتىپ ئول چەشمە زىندەگانىدىن ھاياتى خىزرى كەسىب ئەتكەنى.

ئۈچۈنچى ئىقلىم يولىدىن كەلگەن مۇسافىرنىڭ فەسانەسى

مىسىردا خۋاجەئى بار ئېردى غەنى،
ئىشگى ھاجەت ئەھلىنىڭ ۋەتەنى.

مالدارلىكىم ئەمۋالى ئەئدادى ئىھسا ھۇدۇدىدىن بىرۇن، ۋە جەۋاھىرى تەئىدادى ھىساب قەلەمرۇيىدىن تاشقارى، ۋە بىر فەرزەند ئالى تەبىئ، ھۇشمەندلىغ ئائىنى جەبھەسى سەفھەسىدىن ھۇۋەيدا ۋە دانىشمەندلىغ ئالامىتى رۇخسارەسى ئەلۋاھىدىن رەۋشەن ۋە مۇجەللا كىم:

مىسىر شاھىچە نەقد ھال ئىچرە،
يۇسۇفى مىسىرچە جامال ئىچرە.

گۈلچەھرەئى كىم جان جاھان خەيلىن نىگاھى خەنجىرىدىن بى خانۇمان ۋە ھۇش ئەقىل كىشۋەرىن ئەبرۇيى كەجراي شەمشىرىدىن بى سەرۇ سامان قىلۇر ئېردى:

قەتل ئېتەر ئېانى نىگاھى يائىللاھ،
قاشى گويا سايەئى تىغى نىگاھ.

جەۋانمەردىكى ھىممەت زاۋاھىرىدىن مۇكەللەل، ۋەھەممىيەت جەۋاھىرىدىن مۇرەسسەئ ۋە مۇزەييەن. ئاتى سەئىد ئەردى. فىئلى شاھانە ئەلھاسىل مەتەررزى شۇكۇفەئى بوستانى ساباھەت ۋە مەتەرەھى غۇنچەئى گۈلۈستانى مەلاھەت، فەسانە پەرداز، دىلناۋاز ۋە سەبزە پۇش، ساھىبى راز ئىدىكىم دارىسسەلتەنەت كىش سەرھەددىدە. شەھرىدۇركىم ئاندا بۇت-خانەئى دۇرر ئالى رىفئەت ئىچرە سىپەھر تىمسالى، ئۇچى ئاياغىغە نىگاھ ۋە قۇللەسى پايەسىغە نەزەر يەتمەك مۇمكىن ئېرمەس. ئىچى-تاشى سەربەسەر تەسۋىر، جانىۋەر شەكلى تارتىلىب بىر-بىر. ھەر ئادەمىكىم بۇ كارگاھ ئەرسەسىغە ئاياغ قويغاي، ئۇيقۇ مۇتتەكاسىن تۇتقاي:

تۇش كورەر ھېچ سەك سىزنى ئۇل شام،
كى ئىككى سۇرەت غېرىب ئەندام.

كىلىب ئانىڭ قاشىغە دەرلەر سوز،
تىكىب ئانىڭ كوزىگە ھەر بىرى كوز.

بىرىكىم خوبلۇق سارى يول كورگۈزگەي ۋە بىرى داغى بەلىيەت نەۋاسىن تۈزگەي:

بۇ ئىككى ئىشدىن ئۇلغاچ ئول ئاگاھ،
ئۇيقۇدىن سەسكانىپ قوپار ناگاھ.

ۋە بىرى ئەيدى ئول دەير كەلىسا ئارا پىرىدۇركىم ئەندۇھ شامىن نەشات سۇبھى- غە مۇبەددەل قىلغاي ۋە بۇ تەرىقە بىرلە ئول جىنىسكىم بۇ ۋاقئە ۋۇقۇئىدىن چارە سا- رى ئىلىك ئۇزاتماقدىن ئاجىز ۋە سەبىر ئېھتىمامىغە داغى تاقەت كەلتۈرەلمەس. تۇشى- دەكى كامى سارى تاپماسا يول، يا مۇشەققەتغە چارە تاپماسا ئول. ھالىدىن گەر خەبەر تاپار، ئول پىر ئاگا ئەيلەر ھەمول زامان تەدبىر. ھەر ئادىمىگەكىم بۇ ۋاقئە يۈز كەل- تۈرگەي مەتلەئى ئەنۋارى ئەسرارى ھىلىم ۋە مۇكەممەل ئەتۋارى كارگاھى ئىلىم، كاشفى ئەسرارىن ئول پىرى كاردان جانابىغە يەتمەك بىرلە ئەرز ئىزھارىن قىلغاي:

قايسى بىر ئىشقا قىلسا ئول ئېرشاد،
قىلغاي ئول نەۋئى جۇستىجۇي مۇراد.

سەرۋەرى ئاشقانى ئەھلى دەرد،
بىھتەرى سەئادەت كەشانى غەم نەۋەرد.

سەئىد ھەممىيەت پەرۋەرد بۇ تەرانە تەرەننۇمىدىن ھۇش تەركىن قىلدى ۋە بۇ فە- سانە تەقرىرىدىن مەجنۇنلۇغ يولىن تۇتتى ۋە دەر ئەردىكىم ئى يار مەنازىل نەسىمى جان ئەتر پەرۋەرد، مىلىڭ شەمىمى يەتكەچ چۇ شەمىم بىخۇد ئولدۇم. جانان خەبەرىن دەي يوقسە ئولدۇم. ئى ھىجردە جىسىم ناتاۋانىڭ چۇن مۇژدەئى ۋەسل تاپتى، جانىڭ گەر ۋەسل ئىشى ماھال ۋەشدۇر، فىلھال بۇ مۇژدە بارى خۇشدۇر، ئەلھاسىل ئاتاسى خەيربادىن قىلدى:

تۇشۇبان ئاندا تۇتتىلار ئارام،
ئالدىلەر شەربەتى تائام ئىلە كام.

باغلادى بەرەھمەن ئىشىگىنى جۇست،
ھەمسى خەيبەر ئىشىكى يەكلىغ رۇست.

مىھر سەئدى مەغرىپ دەيرىدا ئارام تۇتتى، سەئىد داغى بۇ دەير ئارا گىرىيەئى بى ئىختىيارىدىن ئۆزگە كورمەس ئىردى. ۋە تەئەسسۇفدىن باشقا خىيال سەفھەسىغە سىزماس ئىردى. ئەمما سۇد قىلمادى. قازايى مامەزا چۇن قۇت ھال ئەيلەر. زەھى ھەسرەت مۇۋەففەق ئولكى ئەۋۋەلدىن بولۇر ئوز ۋەقتىدىن ئاگاھ ۋەھشەت غايەتى ۋە دەھشەت ناھايەتىدىن ئۇيقۇ سارى كوز سالماغى مۇمكىن ئىرمەس ئىردى. ھەنگامى سۇبھىكىم ئۇيقۇ مۇتتەكاسىن تۇتتى، ۋە بۇ ۋاقىئە ئەرۇسى بۇ نەۋئى جىلۋە قىلدىكىم كوردىكىم ئىككى سۇرەتى دىلكەش قۇش كەبى لىك رەڭگى ئەخزەرۋەش پەم غايەتىدىن ئىزتەرار كورگۇزدى. بىرى ئەيدى: "نەسىبەڭ سىنىڭ پەرى ئەرمىشكى يۇزى مىھر خاۋەرى ئىرمىش"، ۋە بىرى داغى بۇ نەۋئى تەكەللۇم سۇردىكىم:

چۇ سىنى دىۋە قىلغۇسىدۇر ئەسىر،
سالىپ ئىككى ئاياغىڭا زەنجىر.

ئۇيقۇ تەركىن تۇتتى ۋە ئىزتەراب ئايىنىن سەرەنجام بەردى، بۇ كالام ۋۇقۇئىغە مايىل بۇ نۇكتە ئىزھارىغە قايىل ئىردىكىم:

ئەمدىكىم ئاچتى جامال خەلق ئارا سالدى سەتىز،
كورگەچ ئەنى خەيلى ئىشق تارتىبان يۇزتىغ تىز،
قىلدىلەر كوڭلۇمنى ھىجران خەنجەرىدىن رىز - رىز،
چۇن جامالى جىلۋەسى ئالەمغە سالدى رۇستەخىز،
قىلماغاي ئىردى كوزۇم ئەنى تاماشا كاشكى.

ۋە دەير ئىشكىن ئاچتى تاشقارى خىرام قىلدى، ئەمما زامانى ئارام ئالماقىغە ئارام يوقكىم ھۇش خىرەد تەركىن قىلدى. گىرىيەئى شام ۋە ئاھى سەھەرگاھىدىن باشقا كورمەس ئىردى ۋە دەر ئىردىكىم:

مەن كىمىم بىر بىدىلۇ بىچارەئى بى خانۇمان،
تالئىم ئاشۇفتە، ئىقبالىم نىگۇن، بەختىم يامان.

ۋە ئىككى خەزرا پۇشكىم راھبەرلىك يولىن تۇتتى، پىر جانابىغە يۇز قويدى. ۋە غار ئارا پىر ھۇزۇرىغە مۇشەررەف بولدى. ئوز سەرگۇزەشتىن بايان قىلدى. پىر ئەيدى: مەن داغى بۇ كارگاھ ئەرسەسىغە يەتمەكگە بائىسلاردۇركىم مەزكۇر بولغاي. ناگاھ دەير ۋاقىئەسى ئىختىيارىم ئىنانىن ئىلتتى ۋە بى ئىختىيارلىغ سارىغە باشلادى. ئەلھاسىل دەير ئۇيقۇسىدا ئەردىكىم تىيرە كورەر مەھبۇسلۇغ خەبەرىن بەردى. بۇ غۇسسە زوھورىدىن جان تەركىن قىلماقغە يېتىپ ئىردىمكىم، ئۇچ قەرىن بۇ غار ئارا ئىستىقامەت ئەتمەك سەرۇشى يەتتى تاكىم ئولۇمى ھىكمەت تەھسىلىن قىلغايمەن ۋە نەجاتلىغ سەبەبى يۇز كەلتۇرگەي. ناگاھ ئىلىم ھىكمەت سەفھەسىدە كوردۇمكىم:

چۇنكى يۇز يىل ئوتەر نىجات تاپار جانىغە،
مۇژدەئى ھايات تاپار تىيرە شامىغە.

AltunOq

قەتىئ ئولۇرمەن بەئد كوزىنى يارۇتۇر بىر ئەختەر سەئد، ئاتى سەئد ۋە جامالى فۇرخەندە، سەئد ئەكبەر جامالىغە بەندە. ۋە تۇشى تەقرىرىن قىلغايسەن ۋە ئۇيقۇسى تەقەززاسىن ئەيغايسەن. ساڭا داغى ئاندىن نىجاتلىغ يىتەر. يەتتە فەلەك مۇشكۇلى ۋە ھەفت زەمىن رەمۇزى ئەنىڭ ئىسمى ئايىنەسىدىن نامايىش قىلغاي. لازىم ۋە لابۇددىدۇركىم، تۇشىنىڭ تەئبىرىن دىگەيمەن ۋە ئۇيقۇڭ ماھىيىتىن تەقرىرغە كەلتۇرگەيمەن. تۇشىدە قۇشكىم چىكىپ غىيرىپ ناۋا ساڭا، ئولكىم دىدى پەرى نىسبى شاھى گەردۇن مىقدار ۋە ئەمىر ساھىپ ئىقتىدار، دۇررى دەريايى جالالەت جۇش سۇلتان سەبزەپۇش قىزىدۇركىم نەقۇش ناتىقەئى سۇخەن پەرداز تىغ زەبانى ھوسىن تەئرىفىن ئەتمەكدىن لالدۇر ۋە جامالى تەۋسىفىن ئەيلەمەكدىن مۇزتەرىب ئەھۋال.

تىشلارى سىپارەئى مۇسھەف، ئاغزى مىم ئۇستىدەدۇر،
قاشى بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم ئۇستىدەدۇر.
مەستلىغىدىن ئەزمى جەۋلان ئەتسە ئول چابۇكسۇۋار،
ئاڭلاغىل ئولنەۋئى گۇلبەرگى نەسىم ئۇستىدەدۇر.

لىكىن قەلئەئىدۇر ئالى ۋەھسىندۇر، بەلەند رەفىئكىم. دەست دارازلىق قىلماق بىرلە فەتھى مۇمكىن ئىرمەس. شاھ قورغان ئارا ياساپ بىر قەسىر ئاندا ساكىن دۇرۇر. بىر ئافەتى ئەسىر ۋە قەسىر دەۋرىدە داغى ئۇچ ھىساردۇركىم، فەلەك قەلئەسى يەڭلىغ مەھكەم ۋە مۇقەففەل دەربەند، ئول ھارسى زەنگى دىۋە ھەيئەت ۋە رىۋ سالابەتكىم ئوزى ئالىدا فىل ئىلە مور. ھەر تۇكى سانى فىل چاغلىق زور، رەزمى ۋەقتى قارا بەلا كىيلىبان تىنىدە ھەرتۇك ئەژدىھا كىيلىبان ۋە مەۋقەفى سانى دەربانى ھەللالى تىلىسىم ئەتمارى مۇددىئا ۋە تەرراھى ئاساسى تەرھى مەقاسىدى ئەئلا، ھىكىم ئالى زات ۋە خۇجەستە سىفاتدۇركىم:

ھەرسۇفەت ئىلىم ئارا كىيلىپ ماھىر،
ئىلىم تەقۋائى جامالىدىن زاھىر.

ۋە ئاندىن سوڭ تىمسال فەلەك نەقشباز ۋە زاۋال فۇسۇن پەردازدۇركىم ئۇچۇنچى بەندەرگاھ مۇھافىزىتىن قىلغاي:

ئومرىدە مەكر - ھىلە ئەيلاب ۋىرد،
ھىلەدە زال چەرخ ئاڭا شاگىرد.

ساھىرىكىم سىھىر ئىھاتەسىدىن ئىمكان خالايىقى باش تارتماقىغە ھەد مەئلۇم ئىرمەس:

ۋەھ نەزالىكىم كەمىن شاگىرد چەرخى نىگۇن،
ساھىرۇ پۇر مۇززەۋىر پىشەئى بەدكار دۇن.

بۇ يەڭىلىغ پىركىم نەگەھبانلىغ قىلاۋۇر ئېردى. ئەسلى فىترىتىدا ماھىي سەڭگىن دىل
جۇفت شۇغلىغە بولمايىن مايىل ئەسلا زەۋج ئىختىيارىن قىلماس ۋە شەۋھەر تەمەننىاسىن
ئەيلەمەس ئېردى، ئىزدىۋاج ئەۋھامىدىن بۇ نەۋئى مۇستەھكەم قىلىپ ئېردى، ھەر ئادد-
مىكىنىم بۇ ھىسار سەھەددىغە يەتمەك بىرلە ئەقد ئەمرىنى ئاشكارە ئەتكەي، كىنە ۋە مەكىر
تەرھىنى سالغاي، ئەۋجى ھىسارىن نە نەۋئى ئېتىپ ئالغاي. لېكىن ھەر نەرسەكىم تەئىلىم
قىلۇرمەن، ھەر ئىلمىكى ئۆرگەتۇرمەن. سەندىن داغى ھىفزىن ئەتمەك دەركاردۇر، دىدى ۋە
نەچچە لەفز قىلدى. سەۋادكى كىرەككى بۇلارنى تۇتساڭ ياد مۇھرەئى داغى جەيبىدە
ئېردى، چىقارىپ ئانى ئىلكىگە بەردى. لازىمكى شەھر سەبز كىشۋەرى سارى سەفەر كىيمد-
تىن سۇرگەي. سەن ئۇلكىم قەتران رەزمىغە روبۇرو بولغۇڭ، موھرنى تىز ئاغىزىڭغە ئالغىل،
سۇيىنى خەسم جانىبى سالغىل، موھردىن داغى ھەرنە ساچساڭ سۇ، خەسم كوزىگە كەلتۇرۇر
ئۇيقۇ. ۋەقتىكىم زەڭگى قەتران رەزمىدىن رەھالىغ تابتىڭ. نۇسرەت ئىشكى ئاچىلۇر، زەفەر
زەۋاھىرى ساچىلۇر. قويساڭ ئىككىنچى ئەقد سارى قەدەم، كىم ئېرۇر كامىل مەسىھادەم.
سەجدەئى تەھىييەتىن قىلغايسەن ۋە سالام رەسۇمىن ئەيغايسەن. بۇرۇن ئاندىنكىم ئۇل ھى-
كايەت دەر، چىقارىب رۇقئەنى ئىلكىگە بەر. رۇقئە سارى نەزەر سالغاي ۋە بۇ نامە ماھىي-
تىدىن خەبەر ئالغاي، مەن يەڭىلىغ چارە سازلىغ ئايىنىن تۇتغاي:

شاد بولغىلكى ئۇل خىرەد پەيۋەند،
ماڭا شاگىرت ئېرۇر داغى فەرزەند.

ھەر سىھرىكى زال فوسۇن پەرداز كورگۇزگەي، ئۇل ھېكىم كارساز دەفئىن ئەتكەي،
بۇ نەۋئى ۋەسىيەت تەلقىنىن قىلماقدىن خەير باد تەرىقىن تۇتتى. مەنزىل مەراھىل تەيىين
قىلدى ۋە خەتتى كىش سەر ھەددىغە يەتتى. ۋە كىچە ئېردىكىم شادلىغ جەھەتىدىن مەي
پەرەستلىغ قىلدى. مەست بىخۇد قەلئە دەۋرىدە يۇرۇر ئېردى. ناگاھ زەنگى قەتران قەيدى-
غە تۇشتى. بىر تۇشى تەئبىرى يۇز كەلتۇردى. رۇقئەكىم بەرمىش ئەردى. دانا ياد ئوقۇ-
ماغلىقنى ئەيلەدى بۇنياد، بەند قەيدىدىن ئازادلىغ تابتى. ۋە يول ئەزمىن قىلدى. ۋە تاڭ-
لاسى مەيدان ئەرسەسىدە جىلۋە قىلدى:

شاھ خۇد جىلۋە قىلدى مەيداندا،
زەڭگى يۇ دىۋ ساز جەۋلاندا.

ماھ رۇخ بۇرجى ئۇستىدە زاھىر،
مىھر ئەنۋار زۇھەل سارى نازىر.

زەنگى قەترانىكىم جەنگاھ ئەرسەسىدە تۇردى ۋە سەئد داغى رۇبەرۇلۇغ سىپىدە ئارام
تۇتتى. ئىككىسى زور كەلتۇرۇپ دائىم كۇچلىشار ئېردى. گۇييا قايىم مىھرەئى سەئادەت
ئەنجام رەتۇبىن خەسم جانىبىغە ئاتتى. كوزى چۇن بولدى ئۇيقۇنىڭ ۋەتەنى. سەئد ئانداغ
قۇنكاردى يەردىن ئانى باشى ئۇستىدىن ئەيلاب بەخش، ئانداغ ئۇردىكىم يەرگە باغلادى

نەقش. نەززارە غەۋغاسى ۋە تاماشا ئەھلى ئالالاسى فەلەك تاقىدىن ئاشتى ۋە ھېكىم دەريا دىل جانابىغە يۈز قويدى. تەھىييەت سالامىن ئەيتتى ۋە مۇلايىمەت رەسۇمىن تۈزدى. ۋە ۋۇقئەئى دىلپەزىرىكىم ئۇستاد ئۇلۇغى زاد، گەۋھەر نەژاد جانابىدىن ئىلتىپات بولۇپ ئېردى سۇپارىش قىلدى.

دىدى ماڭا يوقتۇر ھەددۇ يارا،
تۆكتە دىمەك بولۇپ سۇخەن ئارا.

يازمىش ئېردى ھېكىم دەريا دىل،
ئەيلەمەك زال سىھرىنى باتىل.

ئەيدىكىم زال دەۋرىدە رىشتەلەرىدۇركىم ھىكمەت بىلە سالىبدۇر، ۋەقتىكىم زال دەھەلىزىغە ئاياغ قويغۇڭ، سىنەسى ھەدەفىغە ھىممەت ئاياغىن قويغايسەنكىم باتىل بولغاي، ئۇلنەۋئى قىلدى:

سىھرلارنى چۇ باتىل ئەتتى تامام،
ياندىيۇ شاھ سارى قىلدى خىرام.

شاھ ئانى قۇچتى داغى ئۇپتى يۈزىن،
ئانى فەرزەند ئاتا ئۇقۇدى ئۆزىن.

ئى ئىشق ئەھلىنىڭ سەلەھ شورى،
كەلدى ماڭا غەم سىپاھى زورى.

تۇتتى مەيكى دەمى فەرەھ تاپايىن،
ئۇل خەيالغە باش يالاڭ چاپايىن.

سوز ئامادەسىن تۈزدى ۋە توي ئەسبابىن مۇھەييا قىلدى.

ۋەسل تاپتى پەرىشتە بىرلە پەرى،

مىھر بىرلە سىتارەئى سەھەرى.

شاھكىم فانا يولىن تۇتتى ۋە رىھلەت تەرىقىن تۈزدى، سەئد دەريا دىل قايىم ماقاملىغ سەرىرى ئۈزرە ئارام تۇتتى:

چۇنكى راۋى تۆكەتتى قىسسە دۇرۇست،
دىدى بەھرام كى مۇسافىر چۇست.

ئەسلى بودۇكنى ئەيلەگىل تەقرىر،

دىدى راۋىكى ئى بەلەند سەرىر.

شەھرى سەبز ئەسلزادەسىدىن،
مەن سەئدىنىڭ خانۋادەسىدىن.

شاھغە رەۋشەن ئولدى چۇن ھالى،
قىلدى ئول شەھەر ئوزرە ئانى ۋالى.

ئانى ئاسۇدە قىلدى قايغۇدىن،
ئوزى ئاسۇدە بولدى ئۇيقۇدىن.

**سىپھشەنبە كۈنى بەھرامنىڭ گۈلگۈن لىباس بىلە قەسر گۈلنارىغە تەۋۋەججۇھ قىلىپ شەفەقگۇن ھۇللەلىغ خۇرشىد بىرلە ساغەرى ياقۇت فام ئىچرە لەئل رەڭ مەي ئىچكەنى**

**توتىنچى ئىقلىم يولىدىن كەلگەن مۇسافىرنىڭ نۇكتە تەرازلىغى:**

چۇن دۇئا بىرلە بولدى نىزكتە سەرا،
دىدىكىم ئىبرتە چاغدا دىھلى ئارا.

خوسرۇۋى ئىبردىكىم مەردانىيەت بىرلە مەۋسۇف ۋە سەخاۋەت بىرلە مەئرۇفكىم، ئەدل ئىنسافى تەقرىرى ۋە بەزل ئاتاسى تەفسىلى فەلەك ساھايىغى ئەۋراقىغە سىغماس ۋە زەمىن رەسائىلى سەفھەسىغە گۇنجايىش تاپماس:

بەزلەگەر دىبان سۇخەن سەنجى،
سىلەسىغە ئاتا قىلىپ گەنجى.

ئەدل ئىنساف ئولۇب سۇفاتى ئانىڭ،
شاھلار ئىچرە "جۇنە" ئاتى ئانىڭ.

ناگاھ كىشۋەرى فەقر ناۋاھىسى ھادايىقى ۋە ئىقلىم ئەجىز ماۋازىسى چار باغىدىن جاھان گەردىكىم:

ئەيلەگەن قەتئى دەشت تاغ ئىلە رۇد،
ئاڭا كەلتۈردى بىرسىدا مەرۇد.

مەزەد تەۋقىئى ھەددىن ئاشتى ۋە مەئاۋىزە ئومىدىدىن نەۋمىدلىغ يۈز كەلتۈردى. ساغىنىپ شەھ دىدى تابتىڭ ئانى، سوزلەگەي ھاجىتىنى پىنھانى، دىدى سورغان دەم ئول گادا پىشە ھاجىتىمدۇر بىر ئەررە، بىرتىشە. شەھ ئانىڭ ھىكمىتىنى قىلدى سۇئال، دىدى

ھكمەت يانىپ بۇ كىم فىلھال، قايدا بۇ مىۋەدىن ياغاچ مەۋجۇد بولسا بارىن كىسىپ قىلاي نابۇد. شەھ چۇ مەقسۇدىنى ئانىڭ بىلدى، سىلە بىر مۇلك مالىن قىلدى.

ناگاھ جاھان گەردىكىم سەيياھلىغ ئايىنى جەبىنى سەفھەسىدىن ھۇۋەيدا ۋە سەييارلىغ ئالامىتى ئارىزى گۇشەسىدىن مۇجەل`. بۇ نەۋئى شاھىنشاھ تەنەززۇھ ئىنتىباھ مەئانى بارىگاھى ھوزۇرىغە ئائىنە كەلتۇردىكىم مەھكەبە سەرسىرى ئارا چىن ۋە يالىغان ئازمايىشىن بۇ مىرئات جاھاننامە چەھرەسىغە باقماقدىن مەئلۇم قىلىنۇر ئەردى:

چىن دىسە ئەكسىدە سەفا ئىبردى،
دىسە يالغان يۈزى قارا ئىبردى.

ئەلھاسىل شاھى سىپەھر ئىقتىدار سوردىكىم:

بىر مىنىڭدەك سەخى ئىشتتىكمۇ؟
يا مەگەر خىزمىتىغە يەتتىكمۇ؟

ھە دىسە شەھىغە نەقس راجىئ ئىدى،
يوق دىمەك خۇد خىلافى ۋاقىئ ئىدى.

ئاقىبەتۇلئەمر ئەيدىكىم:

يوقتۇرۇر ئالەم ئارا سەن كەبى بىر ئەھلى كىرەم،
ھاتەم ئۇلغاي ئىشىكىڭ ئالىدا مەقھور دەژەم.

سۇلتان مۇئەززەم بويۇردىكىم ئائىنە مەزكۇر روبەروسىغە يۇر قويىغاي تاكىم "زىددانى لايەجتەمەئان" ماھىيىتى بىلىنگەي.

چۇنكى نەززارە قىلدى كوزگۇ ئارا،
ئەكسى كوزگۇ ئارا كورۇندى قارا.

شاھ ئالىدا خىجالەت غايىتى ۋە ئىنفىئال ناھايىتىدىن خىجالەت باشىن بىچارەلىك گەرىبانىغە تاشلادى. ئاخىرۇلئەمر ئەيدى دىلاۋىردۇركىم تەقرىر قىلمايىن ئىمكان بولماس ۋە ساھىب دىلىكىم تەھقىقىن ئەتمەيىن چارە تاپىلماس. شاھى جاھان بەخش ئەيدىكىم ئۇل سەخى تەئرىفىن دىگەيسەن ۋە تەۋسىپىن ئايىغايسەن — دىدىكىم:

ھىند ئىچىدە شەھرىدۇركىم رەۋزەدىن ئالەم ئىچرە بەھرىدۇر. جاۋانمەردىكىم بۇ مۇلك ئارا ۋەتەن تۇتمىش بولغاي كىبىرىملىغ سۇپىتى بىرلە مەۋسۇف ۋە سەخا شىۋەسى بىرلە مەئرۇف، ھۇسن ئارا مىھر ئاسمانى ئۇل لۇتپ ئارا ئابى زىندگانى. ئۇل كامال ئەۋسافىدىن

سوز دىمەك ۋە هۇش خىرەدى مادايىهىدىن فەسانە پەردازلىغ شۋەسىن تۈزمەك تەئرىفى خۈتۈتىن جاهان سەفهەسىغە سىزماق مۈمكىن ئىرمەس:

ئۈرا ئالمان ۋەلى سەخاسىدا دەم،
مەن نىكىم تىرىلسە گەر يۈزهاتەم.

ئەيلەدى چۈن بۈيەردە نزكتەنى بەس،
"جۈنە" سەبرۇ قارارىن ئالدى هەۋەس.

سەفەر ئەسبابىن مۈهەييا قىلدى، مۇسافىرەت كىشۋەرىغە خىرام ئەتتى:

بار ئىدى بىر زەمىن نەۋەردى ئانىڭ،
بولمايىن بەرق نە بەردى ئانىڭ.

بىرسان تۆر ۋەزئىغە تەغيىر،
سەكرىدى مەركەب ئۈزرە شاهى دەلىر.

مەنزىل ۋە ماراهىل قەتئىن قىلدى ۋە كىشۋەرى هىند سەرهەددىغە يەتتى. نۈزۇل كورگۈزمەكدىن مەبئۇد مەئمەنىغە يۈز كەلتۈردى. كوردىكىم بارگاهىدۇر ئەرزم ۋە دىلپەسەند ۋە كارگاهىدۇر رەۋنىق ۋە بەلەند.

چۈ نەغە ئاندا بەردىلەر ئارام،
تارتىپ ئالىغە گۈنە-گۈنە تەئام.

ئەتئەمە زائىقىدىن سوڭ بەزم ئائىنىن تۈزدى ۋە مىزابانلىغ رەسۇمىن كورگۈزدى. ۋە مەسرۇرلۇغ سەرىرى ئۈزرە بادە چەكمەك تەرىقىن تۇتتى ۋە مەسئۇد دەر ئىبردىكىم:

شەبىستانىمدا جام ئىچرە يۈزۈڭ ئەكسى چىراغ ئولمىش،
چىراغىمغا ۋە لىكىن جام زەرفۇ بادە ياغ ئولمىش.
مەي ئىچكىل دەردۇغەم بىرلەهزە ساغ ئولماقىقا قويمايدۇر،
ئانىكىم بۇ كۈهۈن مەيخانەدە بىرلەهزە ساغ ئولمىش.

زەهى مىهمان ۋە زەهى مىزاباندۇركىم ئىختىلات ۋۇقۇئىن تۇتىش بولغاي، مىهماندارلىغ فۇنزنى ۋە زىيافەت ئائىنى رەسومىن چىنسان بەجا كەلتۈرۈپكىم ئەقل - ئىدراك رىشتەسى تەۋسفىن ئەتمەكدىن لال ۋە فەهم ئىدراك تەسەۋۋۇرى تەئرىفىن ئەيلەمەكدىن شكەستە ماقالدۇر، ھەممام تەكلىفىن قىلدى، تاكىم يول گەردى ۋە مۇسافىرەت غۇبارىدىن ئارىغاي، ھەممام ئىشتىغالىدىن فارىغباللىغ مەجلىسىغە قەدەم قويدى. ساغەرى لەئلى فام ئارا بادەئى گۈلرەڭ نىزش قىلدى. بادە كەيفىيىتىدىن سوڭ ئۆز سەرگۈزەشتىن بايان قىلۇر ئىبردى. ماجاراسىن تۈزدى. نە سۇبهى ئارام تاپقاي ۋە نە شام، ئاخىرۇلئەمر شاه ئالى جاه سوردىكىم بۇ يەكلىغ جاه جالال سەرىرى ئۈزرە مەسنەد نەشىن ۋە بۇ نەۋئى

ئىززەت ۋە كامال كارگاھىدا ئىشرەت گۆزىن بولماغىڭغە بائىس نە بولغاي؟ ۋە سەبەب نەدۇر؟ دىدى مەسئۇد: كى يۈزۈڭ فەرروخ، چۈنكى سوردۇڭ زەرۇر ئېرۇر پاسخ:

بىزگە شاھىدۇرۇر نە يەكلىغ شاھ،
ئالەم ئەھلى باشىغە زىللى ئىلاھ.

شاھىكىم ئەدل ئەۋرەڭىگى ئابادلىغىغە سەبەب ۋە ئادالەت سەرىرى بەھەبۇدلىغىغە بائىس بولغاي ۋە رائايا گۇرۇھى ۋە سائىر ناس ئەنبۇھى ئەدل بەرەكاتىدىن مۇستەغنى ۋە فارىغ بال ۋە زۇلۇم نابۇدلىغى جەھەتىدىن شاد ۋە مىزفەتۇلھال بولغاي. لىللاھىلھەمد ۋەلمىننەكىم:

..............................................
شاھ ئەدلىدىن جاھان ۋەيرانەسى ئاباد ئېرۇر.
كاشغەر مەئمۇرەئى ئىقلىم رۇم ۋە مۇلكى رەي،
نە ئۈچۈنكىم شاھ دەئبۇ رەسمى ئەدل داد ئېرۇر.
مۇرتىشى ئەنبۇھى مەقھۇرۇ زەئىفۇ خار - زار،
جەۋر - زۇلۇم ئەھلىغە بىداد ئۈستىغە بىدار ئېرۇر.
ساقىيا بىر جامىڭە نەقدى جاھان جانىمنى ئىلت،
مەست مەن كوڭلۇم تەئەللۇق قەيدىدىن ئازاد ئېرۇر.
بادە تۇتكىم تەركى ئادەت قىلماغىم ئېرمىش ماھال،
دىلرەبالار بىرلە مەي ئىچمەك ماڭا مەئتاد ئېرۇر.
گەر سەبۇرى تەبئىنا مەۋزۇنى تاپسا ئىتىدال،
ئەيب ئىمەسكىم سەرۋى قەدلەردىن ئاڭا ئىمداد ئېرۇر.

"جۇنە" كوڭلىگە خۇشۋەقتلىغ ئالامىتى بىتىلدى ۋە مەسرۇرلۇغ ئايىتى يازىلدى. ۋە بادە چەكمەك تەرىقىن تۇتتى. ۋە شوخلۇق ئائىنى شەمئىن يارۇتتى. سۇبھى ئەۋۋەلدىن شام ئاخىرىغە مەيخۋارلىغ قىلدى:

قىلدى مەسئۇد بىر تەرەف ئىما،
بولدى بىر گۇلئۇزار جىلۋە نەما.

جامى كەلتۇردىكىم كەئىس جاھان نەما كوزگۇسىدەك مۇزەييەن ۋە ئائىنە ئىسكەندەر يەكلىغ مۇرەسسە، مىھمان گەردۇن سەرىر جانابىغە باش تۇتتى ۋە مىزابان داغى مەي نۇشلۇغ رەسمىن تۇزدى:

دىدى ئولدۇر بۇ جامىنىڭ ھالى،
كىم چۇ بىر تولدى بولماغاي خالى.

ئوڭ سارى زور تابسه پەيدەر پەي،
بولماغاي كەم كشى ئچەردىن مەي.

سول سارى يانسا نچەكىم تولغاي،
ئاز ئچىپ كوپ ۋە لىك كەم بولغاي.

فەيلەسوف ئەرەستو پەرۋەر هكىمەت تەەقىقدىن بۇ نەۋئى تىلسىم بەندىن قىلمىش بولغاي ۋە بۇ نەۋئى فۇنۇن هكىمەت سەرشىت ئالامەتىن تۇزمش، ئازمايىش فكرىن ئەتتى ۋە ئىمتىهان تەسەۋۋۇرىن قىلدى:

ئازمايىش چۇ ئىختىيار ئولدى،
بۇ سۇفەت ئاندىن ئاشكار ئولدى.

ۋە داغى جاۋنىمەرد دەريا ناۋال ۋە مەسئۇد ساهىب كامال ئىشارىتى قىلدىكىم مەهۋەشى نامايان بولدى ۋە چەك رىشتەسىنە ئىلىك ئۇردى.

چەك تارىغە چۇن پىغان بەردى،
كىمكى ئولتۇرمىشى ئىردى جان بەردى.

ۋە داغى بىر بۇراق بەرق كام ۋە ئارغىماق زەررىن لىجامكىم:

ئۇن كىلىب ئوزگە ئاتچە كامى ئانىڭ،
تۇن - كۇن يۇز ياغاچ خىرامى ئانىڭ.

ئانى پىشكەش قىلدى، ئاجايىبلارىكىم زىكر قىلىندى. ۋە غارايىبلارىكىم تەقرىر سەف - هەسىگە بىتىلدى، شاه جانابىغە توهپە قىلدى، ئاخىرۇلئەمر شاه فەرروخ بەخت ئۇزرە ئاغازىن قىلدى ۋە ئەيدىكىم:

مىهمانلىغ هەم ئولغاي ئۇشبۇچە،
كى ئونىت بولماغاي بۇ ئولگۇنچە.

سەئب ئىرۇر گەرچە ۋەردى هىجرانىڭ،
ئەزم ئىتەرمىز ئولسا فەرمانىڭ.

ۋە مەسئۇد داغى ئىنتىزار تەهىيەسىن بىجا كەلتۇردى ۋە خەيرباد تەرىقىسىن تۇتماق جەهەتىدىن يول ئاهەنگىن قىلدى ۋە پەدەرۇد رەسمىن تۇزدى، دىدىكىم:

ئاشىقكىم بولغاي ئول بىر سەرۋ گۇلرۇخسارسىز،
ئۇيىلە بۇلبۇلدۇركى قالمىشدۇر گۇلۇ گۇلزارسىز،

ۋاي ئول بىلدىلغەكىم قالدى تىرىك دىلدارسىز،
بىر ئىگەسىز ئىت كەبى قالدى ناۋايى يارسىز،
بولماسۇن يارەب كى هەرگىز بەندە سۇلتاندىن جۇدا.

خۋاجە ئۇز كىشۋەرىغە قەدەم قويدى ۋە شاه هەم هىند ناۋاهىسىغە فۇلكى خىرا - مىن سۇردى ۋە جاهان ئاباد سەرمەنزىلىدە ئارام تۇتتى. تەراز مەملىكەتى شەهرىستانى ۋە مەسئۇد شەهرىستانى مەملىكتى ئارا ئارام تۇتتى:

بىرەۋ ئىردى تەراز ئۇزە ۋالى،
هىممەتى پەست مەنسەبى ئالى.

زۇلم ئائىنى ۋە جەۋر - سىتەم رەسمىدە مەشهوركىم مۇسەممە "بىچپۇر" دۇر. زۇلمى شوهرەتى ۋە جەۋر - ستەمى ئىشتىهارى سۇلتانى ئەۋرەڭگى جالالەت ۋە پادىشاهى سەرىر ئەيالەت سايەئى هەزرەتى شاهى بىچگۇنە پادىشاهى جۇنە سەمئى شەرىفىغە مەسمۇئ بولدى، بويۇردى:

كى ۋىلايەتكە شاه ئولۇب مەسئۇد،
ئول يىتىشسۇن ئىشىككە زۇدا - زۇد.

ۋەلىكىن بۇ خەۋەر ۋۇقۇئىدىن بۇرۇن بىچۇر ئاڭلامىش بولغاي، بىلدىكىم مەئزۇللۇق قەيدىدا بەند ۋە ئەزل بىئابرۇيىلۇق بەندىدە قەيد بولماغى يېقىندۇر. چارە سازلىق سارى ئىلىك ئۇزاتماق مۇشاۋەرىتىن قىلدى ۋە بەھبۇدلۇغ جانىبىغە يەتمەك فىكرىن ئەتتى. مۇزدىر كاسالەت شۇئار مۇهەببەت ئەسەر ۋە مۇخىللى شاقاۋەت ۋىسار، مۇۋەددەت پەرۋەر ۋەزىرى كەج ئەندىش، مۇلەۋۋى كىنەكەش بۇ كالام سىلسىلەسى تەهرىكىن قىلدى ۋە لەبى خۇمىدىن بۇ نۇكتە بادەسى تەرەششۇه بىلگۇردى. ئەيدىكىم: مەسئۇد بىرلە مۇسادىقەت تەرىقىن تۇتقايسىز ۋە مۇهەببەت ئەتۋارىن زۇهۇرغە كەلتۇرگەيسىز، تاكىم مەكر تەزۋىر رىشتەسىغە بەند، بەلكى رىۋ زەنجىرىغە پاي بەست قىلغايمىز. مەسلىهەت مۇندىن ئۆزگە يوقتۇر. ئولنەۋئى قىلدى ۋە نامەربانلىغ چاهىغە تاشلادى، دىدىكىم:

چەكتى ئانى ئىككى كىشى،
ياغاچ ئۇرماق يەنە ئىككىنىڭ ئىشى.

ۋە مەسئۇد دەر ئىردىكىم:

يوق دەهر ئارا بىر بى سەرۋ سامان،
مەندەك هەم بى سەرۇپا ئۇز هالىغە هەيران.
مەندەك بوقتۇر ئانداغكى سابا غەم كويىدا خانىمانى ۋەيران.
مەندەك يوقتۇر ئەسلا يەنى كى ئالاخان ۋە ئالامان.

مەندەك غۇربەتدە ئادا، نەچچە بۇ نەۋئى زاھىر ئەتتى ناۋا قىلمادى. دۇن سەگ‍ـ
گىندىل پەرۋا چـاھ قەئرىدا غەم يـەمەكدىن قان يۇتـماق ۋە ئاھ دەرد ئالۇد چـەكمەكدىن
پىغان تارتماق، زوئف غايىتى ۋە سـەئۇبەت نـاھايىتدىن جان بـۇلبۇلى بـەدەن گـۇلبەنىن
تاشلاماق يىبرىگە ياۋۇشتى ۋە سور ئىـسرافىل كارگـاھىدا ئارام تۇتماق تەمەنناسىن قىلدى.
جىپۇر بى ھەمىيەت ۋە جابىر بەدكىتنىڭ:

بىر قىزى بار ئىدى ئانىڭ گۇلرۇخ،
مىاھ گۇفتار بەل، شكەر پاسىخ.

ئىشق ھۇسنى سالىپ دىماغىغە دۇد،
ئوتىنىڭ بائىسى ئىدى مەسئۇد.

بۇ ۋاقىئە ۋۇقۇئىدىن دۇد باشىغە ئاشتى ۋە ئوت دىماغىغە تۇتاشتى. كىچە ئىبردىكىم
چاھ باشىغە ئاياغ قويدى. تاكىم ئوز يۇسۇفى كەيفىتىن سورغاي ۋە مەسئۇد چارە سازلىغىغە
ئىلىك ئۇزاتقاي، چاھ سەر پۇشىن ئالدى ئەيدىكىم:

قايىسى مەزلۇم سەن نە ئاھىڭ بار؟
يۈز تۇمەن مەۋت ئىلە ھاياتىڭ بار.

نىشانەئى فۇتۇۋۋەت، جەۋھەرى مۇرۇۋۋەت مەسئۇد ساھىب شەجائەت ئەيتتىكىم:

نۇتقۇڭ ماڭا ھايات بىرۇر فۇرقەتىڭ مامات،
سۇبھانە خالىقۇلخەلق، خەلەقەلمەۋتە ۋەلھەيات.

بىچارەمەنكىم غەم زىندانىدا مەقھۇر ۋە ئاۋارەمەنكىم ئەلەم چـاھىدا مەجـبۇر، ۋە
ئات ماڭا مەسئۇددۇركىم نەھىس ئەكبەر ئانىڭ سارىغە يەتمەكدىن خىجىلدۇر. فۇرقەت چاھىغە
زۇلفى تانابىن تاشـلادى ۋە ھىجر زىندانى ئارا ۋىسال گىسۇسىن سالـدى. ئاياغ، ئىـلكىنى
يەشتىلەر، قىلھال، رۇھ سەر چەشمىدىن ئىدى تەمىسال. مەھبۇب دىـلناۋاز ۋە نىـگار ئىـشۋە
پەرداز بۇ نۇكتە تارانەسىغە مۇتەرەننۇم ۋە بۇ ھەرف كالامىغا مۇتەكەللۇم ئىبردىكىم:

تاكى كوردۇم يول ئازىپ چاھ ئىچرە سەن دىلخۋاھنى،
قايىسى ئوتكىم سالمادىڭ ھەردەم مىنى گۇمـراھنى،
ئەتمەدىڭمۇ جانىمە قاتىل غـەمى جانگاھنى،
كويمەكىمگە بەرق ئافەت قىلمادىڭمۇ ئاھنى،
ئولمەكىمگە ئەشكىنى سىلى بالامۇ قىلمادىڭ.

ئوز ۋاقىـئاتى دۇرلارىن تەقرىر رىشتەسىغە ئىـنتىزام بەردى ۋە ھاۋادىسات دۇررىن

تەلەففۇز تارىغە تارتتى، بۇ كالام ۋۇقۇئىغە مايىل ۋە بۇ نۇكتە ئىزھارىغە قايىل بولىدىكىم:

يەك نىسىف رۇخەت ئىننە ئەزابەن لەشەدىد،
بەنەمۇد بىمانىسىف دىگەرەش ئەلەستۇمىنكۇم بەبىئىد،
زان قىست جۇدابەگىردى لەبەت بەددىمىد،
«يۇھيى ۋە يۇمىت» خۋاندىم خەتەش مەن ماتەمنەلئىشق،
فەقەد ماتە شەھد......................................

مىسلى غۇرۇبا فىرار مۇشاۋىرىتىغە قەدەم قويدى، قاچماق مەسلەھەتىغە قارار بەردى. ۋە سەڭگى فەلەك فەرسالارىن زەررىن لىجام قىلماق ئەمرىن ئەتتى، ھەر ئىكاۋ ۋىسال كىشۋەرىغە فەرار كورگۇزدى. ھىند ناۋاھىسىغە سەرمەنزىلىدە ئارام تۇتتى.

يولدا بىر ئەسكى قەلئە تامى ئىدى،
پەھىندا بىر نەچە ھارامى ئىدى.

ئالىبان ئات، تونلارىنى تامام قىلدىلەر، جىلۋە گاھلارىغە خىرام شەھەر سارىغە يۈز قويدى. ھەيرەت چار سۇسىدا مۇتەھەييۇر ۋە فىكرەت بازارى سەھنىدا مۇتەفەككۇر ئېردىكىم نە نەۋئى تونئمە ىوقۇدىن ئىلىكلەگەي ۋە نە يەڭلىغ ئەتئەمە سەرمايەسىن قولغا كەلتۇرگەي:

قويدى بازار ئىچىگە چۇنكى قەدەم،
شاھ بەزمى ئۇچۇن بىرەۋ ئولدەم.

تاسلار ساز ئېتىپ ئىدى مەقبۇل،
نىچەدە ئەمنە، نىچەدە تەنبۇل.

ھەر ئادىمىكىم ھەمالىلىغ رەسمىن تۇتقاي شاھ جانابىغە يەتكۇزگەي، مۇزدى نەقدى بىر دەرەدۇركىم ئالغاي. بۇ ھال ۋە بۇ مەنۋالدا شەجائى سەف-دەرى دەريايى ھەممىيەت گوھەر مەسئۇد، دىلاۋەر تاسلار ھەملىغە يۈز قويدى ۋە شاھ چارباغى دەرۋازەسىغە يەتىپ ئېردىكىم ئوز تۇسىن ئاسمان گەردىن ئاشنا كوردى، بىلدىكىم مىھمان مۇۋەددەت پەرۋەر شاھ جانابىغە توھپە قىلمىش بولغاي. ۋە ئىك-كىنچى دەربەند ئەقەبەسىدىن ئەبۇر يولىن كورگۇزدى. ئوز نۇدەماسى قۇللۇغىن نەززارە قىلدى، مۇنى داغى ئولنەۋئى گۇمان قىلدى. ئاندىن سوڭ ئۇز جام بى قۇسۇرى ماھىيىتىن بىلدى.

ئەلھاسىل سەزاۋەر ئەۋرەك ئىززۇ جاھ ھەزرىتى شاھ كوردىكىم مەسئۇددۇر، بەرقۋار سەكرىدى ۋە مەسئۇد ئاياغىغە باشىن قويدى. ۋە گىريەئى بى ئىختىيارى باشلىدى. مەسئۇد داغى ئەجز غايىتى ۋە دەرد ناھايىتىدىن دەر ئېردىكىم:

فەلەك ئاشۇبىدىنكىم مەن كەبى زارۇ زار ئولغاي،
جاهان زۇلمى ئۇلۇس بىدادىدىن بى ئىتبار ئولغاي.
زەهى ئازادەمەن ئىشق ئارا مەجنۇن ئىمەس هەمراھ،
نە مەندە خانۇمان نە ماڭا يارۇ دىيار ئولغاي.
جاهان ئەهلىدىن ئىبتىمەك مۇددىئا مىهر ۋافا رەسمىن،
دىمەكدۇر مەرگ زەهرىدىن هاياتىم ئۇستىۋار ئولغاي.
فانا دەشتى سارى تۇشمىش سەبۇرى دوستلار زىنهار،
دىمەڭكىم ئىختىيار ئەتمىش ئاڭا نە ئىختىيار ئولغاي.

سوردى چۇن راۋى ئول دەقىق مىسال.

چاهار شەنبە كۇنى بەهرامنىڭ ماۋى كىسۋەت بىرلە گۇنبەزى نىلۇفەرىغە مەيل قىلىپ، خۇرشىد ئاسمانى لىباس بىرلە جام فىرۇزەگۇن ئارا كىپىۇدان مەيدەك بادە سالىپ نۇش قىلغانى ۋە نوشا نۇش ئوتىن تاقى نىلۇفەرىدىن ئاشۇرغانى

بەشىنچى ئىقلىم يولىدىن كىتۇرگەن مۇسافىرنىڭ
داستان ئارالىغى

بار ئىكەندۇر ئەدەندە جەۋرفەنى،
جەۋر قىلماق فەندە سەف شىكەنى.

زالىمىكىم جەۋر تىغىدىن مەزلۇملار قانىن تۆكمەك ۋە ستەم سىنانىدىن مەجبۇرلار جىسمىن مەجرۇھ ئىتمەكدىن ئۆزگە كارى، باشقا ئىختىيارى يوق ئىردى:

يوق ساۋاهىل ئىچىدە رەهزەن ئول،
بەهر ئارا هەم كىلىپ ئاڭا فەن ئول.

قايداكىم زەۋرەقى تاپىب تەسكىن،
ئاندا دىدەبان قىلىپ تەئيىن.

بەهر كىشۋەرى ۋە دەريا ئىقلىمى ئەرسەسىدە ماكان تۇتماقدىن راهزەنلىك تەرىقىن تۇتار ئىردى ۋە بۇ جازائىر ئارا شەهرى ئىردىكىم ئىرەم رەۋزەسى ۋە رەۋزەئى ئىرەم هەدىقەسى بۇ شەهر ناۋاهىسىدىن بەهرەۋەر بولۇر ئىردى ۋە ئەنهارى گۇفتىگۇسى "ئەينەن تۇسەمما سەلسەبىلا" تەكەلكۇلۇمىغا مۇتەكەللىم ۋە ئەشجارى ئەسمارى تەكەللۇمى "ۋەيۇسقەۋنە فىها كەئسەن كانە مىزاجۇهازەنجەبىلا" تەرەننۇمىغا مۇتەرەننۇمكىم جەننەت

سەرا دېيلىۇر ئېردى ۋە ئاغا شاھى ئېردىكىم ئادالەت بىرلە مەشھۇر ۋە نۇسرەت بىرلە مەغرۇر:

گۇئيا بار ئېرمىش ئاغا بىر قىز،
ئاددمى ئاله پەرى كورمىگەن ھەرگىز.

گۇلرۇخكىم جان ئارادۇر خار ئۇزا،
خارى ئانىڭ خارخارىدىن ئازار ئۇزا.

ناگاھ بەھر تەفەررۇجى ھەۋەسى ئىختىيارى ئىنانىن ئالىتتى، دەريا تەمەۋۋۇجى تاماشاسى دەغدەسى ناچارلىغ سارىغە باشلادى، قەۋلۇھۇ تەئالا: "خۇلىقەلئىنسانۇ ئەجۇلا" مەزمۇنى بىرلە زەۋق ئۇمىمانىغە ۋەسۋەسە زەۋرەقىن سۇردى، ۋە سەبيارلىغ ئايىنىن تۇتتى، جاھانكىم ھاۋادىس توندىبادىدىن زامانى خالى ئېرمەس ۋە زامان داغى سائەتى ناۋايىب باد مۇخالىفەتىدىن بەرى كورۇنمەسكىم ھادىسە يەلى ئىستى، كىشتىبانلار ئەھلى فىغان بادبانىن تارتتى ۋە مەللاھلار خەيلى ئەشك لەڭگىرىن تاشلادى، ئەمما سۇد قىلمادى ھاۋادىس دەفئىغە شاھ كوك ھىسارى ئۇزرە گەھ چىقسۇن، گەھ فەقر ئەھلى ئۇچۇن دەير-خانا دارۇلئامانى. بەس، ئەلھاسىل مۇئەببىرىكىم جابىر خۇنخۇار خەيلى بار ئېردى نامايىش قىلدى:

كىردى زەۋرەققە جابىرى خۇنرىز،
يەل كەبى قويدى يۇز ئۇلار سارى تىز.

ئالىغا سالىبان بارىن سۇردى،
بارىسىن مەئمەنىغە يەتكۇردى.

جابىركىم مىھر مۇنىر سۇپەھر ئىززۇ جالال ۋە بەدرى ئالى مىقدار ئاسمان كامال. گۇلچەھرەئى ساھىب جامال ھوزۇرىغە يۇز قويدى. كوردىكىم ئەختەرىدۇر سەئد، تالىئىدۇر مەسئۇد. ھۇش تەركىن قىلدى ۋە بىخۇدلۇغ سارىغە يۇز قويدى. ئەمما دەست رەسلىك قىلماغىغا ھەد ئارا يوق ئېردى. نىدىنكىم ساھىب نەفەسلەر قەدەمى بۇ كار ئۇزما ھۇسۇلىدىن مۇئەتتەل ۋە مۇئەررادۇركىم ۋەجھىن دېيلۇر:

قاشىغە قويدى بىر ئىككى گۇلخەد،
سەرۋ گۇلرۇخغە ھەمدەمۇ ھەمقەد.

ماساقالارىن ئۇز كىشۋەرىغە رۇجۇئ كورگۇزدى ۋە داغى بۇ جەزىرە فازاسىدا كىشۋەرى بار ئېردىكىم ئىرەم مانەند، ۋە رەۋزە پەيۋەند ۋە ساھىب سەرىركىم:

ئاتى نىشمان ۋە مۇلكى ئاتى يەمەن،
ئەدلىدىن مۇلكى گۇلۇستانى چەمەن.

ۋە بىر فەرزەند ئەرجىمەند تازە ۋەردى گۇلۇستانى كامال ۋە مەتەزەئى شىگۇفەئى بوستانى ئىززۇ جالالكىم بولمىش بولغاي. مىھر ئوتىدا بى خانۇمان بەلكى بى سەرۋى سامان يۇرۇر ئىردى.

مىھر زۇلفىغە كوڭلى باغلىق ئىدى،
گۇئىيا بۇ ئاڭا ئاتاغلىق ئىدى.

ئاڭا كىم مىھرنىڭ خارابى سەھل مىھرغە ھەم سۇھەيل سارى مەيلى مىھرىكىم ئول باغ گۇشەسىدە سۇھەيل ئىشقىدىن قان يۇتار ئىردى. شاھى گەردۇن پاناھ نىشمان ئالىجاھ ئەقد ۋەئدەسىن قىلىپ ئىردىكىم بۇ ھال ۋە بۇ مەنۋالدا مەھەللى مىئاد بولغاي.

يۇكلەبان نەچچە چەك ئارا ئەمۋال،
ئاندا مەۋجۇد ھەرنە قىلسا خىيال.

بەھر مەئبەرىدىن ئەبۇ كورگۇزۇر ئىردى ۋە دەريا مەھەللەسىدىن كىزەر ئىردى. ناگاھ كافىر سىپەھر كىردار ۋە زالىم فەلەك مىقدار جابىر خۇنخۋار مۇلاقاتىغە روبەرو بولدى. جەڭ رەسمىن تۇزدى، ۋە فەرخاش ئايىنىن كورگۇزدى:

جابىر ئەززەب ئۇرار ئىدى بىھەد،
بارچە زەربىن سەھل ئىتەر ئىدى بىھەد.

ئاخىرۇلئەمر سۇھەيل مەقھۇرلۇغى بىلىندى ۋە مەجبۇرلۇغى كورۇندى، سۇھەيل شاھزاد ۋە گەۋھەر نەژاد:

كوردى ئۇزىنى غېرىب بەند ئىچرە،
ھەلقە - ھەلقە خۇمى كەمەند ئىچرە.

بى خانۇمانلىغ چاھىغە تاشلادى ۋە بى مىھربانلىغ مەھبۇسلۇغىغە يۇز قويدى:

يوقارى بىدىل، قويى بىدىل،
بىر - بىرىدىن ئىكاۋ ۋەلى غافىل.

بۇ ئىكاۋغە بۇ يەردە مۇنداغ ھال،
قەۋم خەيلىغە ئەمدى كور ئەھۋال.

مىھر خەيلى ۋە دىلرەبا ئەھلى ئەنبۇھى ئۆز كىشۋەرى ناۋاھىسىغە قەدەم قويماقدىن سۇلتان دەريا نەۋال جانىبىغە يۈز كەلتۈردىكىم:

ئاھ دەھر ئاشۇبىدىن سۇلتانى ئىقلىم كامال،
يەئنى مىھرى ئاسمان ئىففەتى ھورى مىسال.
ئىستى ناگەھ توندىبادى بەھرى ئۆممان ئىچرەكىم،
سەرۋى گۈلرۇخ غايىب، يەغما ۋە تاراج ئولدى مال.

بولغان ئېرمىش بىدىل مەست، پەرىشان زەرراب جابىر گەردۇن، نىلەر كەلتۈردى، نىدۇر ئاڭا ھال:

ساقىيا ئەسبابى جەمئىيەت مۇھەييا قىل تامام،
مۇتربىا قانۇنى غەم پەرۋەرنى ئىلكىڭگە ئال.
ئومر يەڭلىغ شاھ زەربافتى ۋافاسىزدۇر ۋەلىك،
ئېخوش ئول ئازادەكىم ئېگنىگە سالمىش ئەسكى شال.
فەقر يولىدا سەبۇرى شاھلىغىدىن سوز دىمەس،
ئى شەھىنشاھى سەرىرى جاھ ئەۋرەڭگى جالال.

شاھى ئالىجاناپ بۇ كار ۋۇقۇئىدىن مۇتتەلىئ بولمىش بولغاي، دۇد باشىغە ئاشتى ۋە ئوت دىماغىغە تۇتاشتى. مۇسىبەت تەرىقىن تۈزمەكدىن ماتەمىلەر ئەھلىدەك فىغان، دەرد ئالۇد چىكەر ئېردى.

دىدى ئۆزىگە يىغلاپ ئاچچىغ - ئاچچىغ،
كى ئاچچىغ يىغلاماق ماڭا ئەسىغ.

تىغ ئىلە باغرىم ئەيلەسەم پارە،
چۈن جىگەر گۈشەم ئەتتى نەچارە.

دەردى ئاشتى ۋە ئەلەمى شەرارەسى جاھان سەفھەسىغە تۇتاشتى، شاھ نىئمان ھوزۇرىغە نامە بىتىدىكىم مازى ۋە مۇستەقبەل ھاۋادىسىن سەبت ئەتمىش بولغاي، جەڭ رەسومىن تۇتمايىن ئىمكان بولماس ۋە رەزم ئايىنىن تۈزمەيىن چارە تابىلماس، سۇھەيل شىر شۇكۇھ سىپاھلار خەيلى بىرلە جابىر مەنازىلىغە يەتكەي ۋە مەن داغى بەھر تەرىقى بىرلە يەتكۈمدۇر تاكىم ھىلاكىن قىلغايمىز ۋە ئىنتىقام تىغىن ئۇرغايمىز. شاھ نىئمان بۇ نامە نەھايىتىدىن ئىتتىلائ تاپتى. بىلدىكىم كار ئۆزگەدۇر، سۇھەيل داغى ئەدۇ ئىلكىگە تۇشمىش بولغاي.

يىغلابان بولدى ئەسرۇ كوب غەمناك،
بۇ ستەملەركى ئەيلەدى ئەفلاك.

ئاقىبەت نامە يازدىكىم:

چۇن سۇھەيل ئەتكەلى سىزنىڭ سارى ئەزم،
ئالتە ئايدۇر ھساب ئىتەرمىز جەزم.

بۇ داغى ھاۋادىس جابىر بەندىدا مەقھوردۇر، كەچ قالۇر، سەبەبىدىن گۇمان بۇ ئېر-دىكىم شاھ ئالىدا مىھماندارلىغ فەنىدىن مەغرۇر ۋە زىيافەت ئايىنىدىن مەسرۇر بولمىش بولغاي:

دوستلار مەن تەلبە ھالىنە يىغلاڭ زار - زار،
كىم سالۇر گاھ - گاھ ئوت كوڭلۇمگە تۇشكەن خار - خار.

سوز ئۇزۇندۇر ۋەقت بى ھەنگامكىم قالىن سىپاھلار خەيلىن ساۋاھىل تەرىپىدىن چەك-كەيسىز تاكىم جابىر ھىلاكىن قىلغايمىز، ئەلھاسىل:

بولدىلەر ئىككى شاھ مۇستەئجىل،
بىرى دەريا بىلە بىرى ساھىل.

ناگاھ شاھى نەبەرد ئالىغا نەخجىرى ئۇچرادى، ئوۋ ئەزمىغە خىرام قىلدى ۋە سىپاھلار خەيلى يىراق تۇشتى. جابىر خۇنخۋار زالىم بەدكىردار كەمەندە ئېردى، بەند قەيدىغە تارتتى ۋە بى رەھمىلىغ ئىلكىن ئۇزاتتى.

بولدى نۇدەر ئىشىگە سۇرەت بۇ،
لىك نىئمانىغە جىلۋەگەھ ئىدى سۇ.

ئۇلار داغى نۇدەر يەڭلىغ مەكر جابىرىغە يولۇقتى ۋە خاكسارلىغ چاھىغە ئاياغ قويدى. ۋە جان تەركىن ئەتمەك يىبرگە ياۋۇشتى. نەبىر ھەمدەمىكىم ھەمدەردلىغ رەسمىن تۇزگەي ۋە ھەمدەردىكىم غەمگۇسارلىغ فەنىن كورگۇزگەي، بۇ كالام تەرەننۇمىغە مۇتەرەننۇم ۋە بۇ ھەرف كالامىغە مۇتەكەللۇم ئېردىكىم:

لەبلەرىڭدىن جان ئالۇردا بارچە ئېل قۇلدۇر ساڭا،
جان بىرۇردە بىر قۇلۇڭ يوق بەندەدىن چالاكراق.

كۇنى ئېردىكىم بەدرى مۇنىر سىپەھر ئەيالەت ۋە بەدر ئالى قەدر ئاسمان جەلالەت مىھر، ساھىبى ئەيالەت چاھ باشىغە ئاياغ قويدى. تاكىم مەھبۇسلار خەيلىدىن بىچارە جىسمىغا

ئازادلىغ رۇھى نەۋىدىن بەرمەكدىن سۇھەيل جانىبىنغە نامە بىتكەي ۋە چاھ لىبىدىن تەبەسسۇم يەكلىغ مىھر ئىزھارىن قىلغاي.

كەلدى چاھ باشىغە غەم پەرۋەرد،
چەكتى ئۇن كى ئەسرى مىھنەتۇ دەرد.

مەن داغى بىر فەقىرمەن، سەندەك ناتاۋان ۋە ئەسىرمەن، سەندەك چاھ قەئرىدىن مەخلەسلىك تىلەرمەن ۋە خالاسلىغ كىشۋەرىغە باشلارمەن. تەمەننا يىكىمدۇر قىلغايسەن ۋە مۇددىئايىمدۇركىم زوھۇرغە كەلتۈرگەيسەن. ئۇل مەھبۇسى زىندان ئەجز نىياز، سۇھەيل دەردمەند ساھىبى رازكىم:

بار ئىدى ئانچە مىھنەتى بىريان،
مىھر گۇلچەھرە فۇرقەتى بىر يان.

تۇتقى زەمىرمەسىدىن سىپەھر جىبىرئىل ئاھەنگى يىتىشتى ۋە كالامى دەغدەغەسىدىن مەسىھ ئەئجازى يىتە كىرىشتى، ئەيدى: ھەر ئىشكىم بويى-رۇرسەن ۋە ھەركارىكىم ھوكمىن سورارسەن سەئيى ئېيتاي، تاتىنىمدەدۇر جانىم قىلايىن تاكى بولغاي ئىمكانىم.

مىھر ئىشىتكەچ بۇ سوزنى سالدى تاناب،
نە تاناب ئىككى گىسۇيى پۇر تاب.

كوردىكىم سۇھەيلدۇر، مىھر ئاياغىغە يىقىلدى ۋە ھۇش تەركىن تۇتتى.

سەبۇرى چاھى غەم قەئرىدە مەكس ئېتەر ناگاھ،
تانابى زۇلفى ئىلە گەردىلبەرى ئاندىن خالاس ئەتكەي.

ۋەسل مىئراجىغە ئاياغ قويدى ۋە ئەبەدىلئاباد ۋەسل جامىدىن ئىختىلات بادەسىن چەكتى. نەچچە كۇن قەسر ئارانىھان ئېردى بادە تابىدىن سۇھەيل، مىھر گۇلزار ئەتتى مەيل رەشكىدىن ئى دوستلار. كوكلۇم ئاساسىن يىقىتتى سۇھەيل مىھر بولغاچ جىلۋەگەر تاپتى سۇھەيل، ئاندىن فۇرۇغى رەڭ ئالمىش ئەقىق مىھر تۇتقاچ سۇھەيل.

فاش ئېتىب سىررىمنى غەملەر چەكتى زەنجىرى جۇنۇن،
چەكمىگەي مەنسۇردەك دارۇلقازا سارى بۇ خەيل.
زۇلفى ئەنبەر فامى پۇتراشقاچ يايىلمىش ئارىزى،
گەرسەبۇرى ئەيب چەكسە ئەفغان يەۋم ۋەلەيل.

ناگاھ خەسىس گەردۇن كىردار ۋە خەزىر سىپەھر ئىقتىدار جابىر خۇنخۋار باغ سارىغە ئاياغ قويدى. شىر زور جەڭ دەلىر بى دەرەڭ سۇھەيل شوخ شەڭ كۇشتىنگەرلىك فەنىن

زاهىر قىلدى ۋە مەيدان ئەرسەسىغە ئانداغ ئۇردىكىم يەر ئوزرە جىسىم تەسۋىرى نەقش باغلادى:

ھەركىشىكىم بىراۋگە قازغاي چاھ،
تۇشكەي چاھ ئارا ئوزى ناگاھ.

سالدى فىلھال ئانى ھەم ئول چاھ ئارا،
بۇ دۇرۇر تەبئى فەھمى ئاگاھ ئارا.

سۇھەيل ئەيدىكىم جابىر تۇتقۇنىن قويغايلار تاكى:

مەن بىلىب بارىن ئەيلەدىم ئازاد.
كەلتۇرۇڭكىم قىلاي قەدەھ بىلە شاد.

سەرۋەرى ساھىب ئىقتىدارانى ئەسىر ۋە مىھتەرى ئۇلۋى نىگاھانى دەھر.

بىرى نۇدەر ئىدى، بىر نىئمان،
كىمگە بولغاچ بۇ نەۋئى قىسسە ئايان.

مىھرۇ سۇھەيلۇ نۇدەر، نىئمانغە بولدى ۋەسل،
بىل ئۇيلە جىسىم غەمزەدەلەر جانغە بولدى ۋەسل.

فىغان چەكمەك بىرلە قان يۇتماق، ۋە ئاھ تارتماق بىرلە ياش توكمەكدىن بىخۇدلۇغ باياباندە يۇز قويدى ۋە سۇھەيل ئاتىغە ئىككى كىشۋەر فۇرخەندە ھىركمىن تاپشۇردى ۋە مەھر گۇلچەھرە ئەقدىن باغلادى. ئەمر ساھىب ئىقتىدار جاھانشاھ نۇدەر ۋەئەمىر نىئمان بى خانۇ نىلىغ يولىن تۇتتى ۋە بى سەرۋ سامانلىغ فىرارىغە كام ئۇردى. خۇشا ئازادلىغ ھۇزۇرىدىنكىم غەم گەردى ۋە ئەلەم غۇبارى مەسرۇرلۇغى دامىغە ئىلىك ئۇزاتماقدىن خالى ۋە ئاتىلدۇر. ئەبەدەن شاد ۋە خۇشنۇدلۇغدىن باشقا زوھۇرغە كەلمەس. زامانى شادلىق يەتمەس تەئەللۇق كىرداردىن، خۇشا ئازادەكىم دەير ئارا ئەيىش داۋام ئەتمىش. بۇ نەۋئى سۇد سەرمايەئىكىم ئازادلىغ گۇلخەندە جىلۋەگەر ۋە بۇ يەگىلىغ نەقد تۇتماقدىن غەم يىمەككە بائىس نە بولغاي؟ ۋە ئەۋايىق تارىغە بەند ئەتمەكدىن ئەلەم تارتماققە سەبەب نەدۇر؟
"بەند بۇگسەل باش ئەزئەدايى پىسەر چەند باشى بەند سىمبەند ۋەژەر"
دەرىخا زىندە كارلىغ خۇسۇسىيتىدىنكىم سائەتى مەرگ زەھەرىدىن ئىمىن بولماق بىرلە نەشات تەرانەسىن تۇزمەك مۇمكىن ئىرمەس. ۋە ئۇمر ئىنىسباتىكىم نەشاتلىغداكىم زامانى ئەيش جامىن چەكمەكدىن مەسرۇرلۇغ نەشئەسىن كورمەك، ئىمكان قەلەمرۇيىدىن تاشقارى:

خۇشائولكىم مۇنىگدەك چاغ ۋافاسىز ئۇمرنى ئاڭلاپ،
سەبۇرى جامنى ئەھباب بىرلە دەمبەدەم چەكتى.

ۋە داغى ئەۋھام ئۇخرىۋى تەخەييۇلىكىم نـەفەسى كوكۇل مۇتەخەييەلەسـىدىن مـۇرتەفـىـئ بولـماس ۋە كور بـىـمـۇرۇۋۋەتـلـىـغ تەسەۋۋۇرى خـىـيـال مۇتەسەۋۋەرەسـىدىن زامانى مۇنـدەفـىـئ كورۇنـمەس. مەلۇم ئـىـرمەسكىم نە نەۋئى كار زوھـۇر قىلـغاي ۋە نە يەكلىغ ئىش ۋۇقۇئغە كەلگەي. ۋە ئەجەل سەيياھلارى بى مىھرلىغ تەئرىفىداكىم ۋافا يولىن تۇتماس ۋە قەھر يولىن ئونۇتماس. ئەۋلا بۇدۇركىم جاھان غىمى تەركىن ئەتمەكدىن ئەيشى نەشات يولىن تۇزمەك ۋە شەرئى ئەھكامىن ئىھتىياتىن ئەيلەمەكدىن بىچارەلىغ گىرىبانىغە بويۇن سۇنماق ۋە ئۇخرىۋى ئەۋھامىنكىم "ئىننەللاھە يەغـفىرۇززۇنۇبە جەمىئا" جانابىغە تاشـلاماقدىن، "لاتەقنە تۇمىن رەھمەتۇللاھى" كارگاھىغە ئاياغ قويماق ۋە "شەفئى مۇزنەبىن" شافائەتى شەربەتىن تارتماق تەمەنناسىدىن "مەن قالە لائىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەـسۇلۇللاھ، دەخەلەلجەننەتە" ھەدىسىغە كوكۇل قويماق بىرلە ئوزنى خۇش تۇتماق.

چۇن تۇگەتتى فاسانەنى راۋى،
پەردار ئاچتى پەردەئى ماۋى.

شاھى بەھرام ئەبر ئىھسانى، لۇتفى بىرلە كوكەرتتى ئانى، قەدرىغە بەرگەچ ئانىڭ ئەفراـيەش، كوزىگە ئۇيقۇ سالدى ئاسايىش.

**پەنج شەنبە كۇنى بەھرامنىڭ سەندەل ئاسا خىلئەت بىرلە گۇلشەنى سەندەل بويىدا ئارام تۇتۇب سەرۋى سەندەل شەممم بىرلە بادەئى سەندەل ئىچمەكى، ئالتىنچى ئىقلىم يولىدىن كەلگەن مۇسافىرنىڭ نۇكتە تەرازلىغى**

قىلدىلەر ئەزم خاۋەر ئىككى كىشى،
تۈن ـ كۈن سەير ئولۇب ئۇلارنىڭ ئىشى.

بىرىكىم كارۋانى رەھنەۋەرد مۇقبىل بايابان گەرد ۋە بىرى داغى مۇزىرر كاسالەت شۇـئار بەلاھەت ئەسەر مۇدبىر جەھل پەرۋەر بولغاي. دەشت ھەيرەت سارىغە يۇز قويدى. مەنزىل ۋە مەراھىل قەتئىن ئەتتى. دەشتىكىم مەسىھ ئەنفاسى سەمۇم ھاۋاسى يەكلىغ زەھەر ئالۇد ۋە نەسىمى ئىسماكى دەۋزەخ تۇتۇندىن تىيرە، بۇ دەشت قەتئىن قىلۇر ئىردى، مۇدبىر بى دەرد گاھى دەر ئىردى "مەست ـ بىھۇشۋار، سۇ ياراتماق مەگەر ئىرۇر دىشۋار" ئەلھاسىل ھەرلەفزىكىم سادىردۇر ۋە ھەركالامىكىم ۋاقىئدۇر. تەڭرى تائالا ئىئتىرازىدىن ئوزگە يوق ئىردى ۋە مۇقبىل ئەسالەت ئىنتىباھ ئۇلۇۋى نىگاھ نەسىھەتدىن باشقا دىمەس ئىردى ۋە ھەيرەتدىن ئوزگە زوھورغە كەلتۇرمەس ئىردى:

سوزى مۇدبىرغە غەير ـ پەند ئولماي،
لىك مۇدبىرغە سۇد مەند ئولماي.

چەكتى مۇقبىل بەسى ئەزاب - ئەلەم،
تا ئاڭا قەتئى بولدى دەشت ھەمەم.

ۋەقتىكىم بۇ دەشت بى پايان ئىختىتامى يۈز كەلتۈردى. ئاندىن سوڭ دەريائى نامايىش قىلدى. ھەر گاھ نىگاھىكىم بۇ بەھرى پايان ئۆزەقىغە تۈشەر ئېردى، ھەيرەت جەھەتىدىن بەخۇدلۇغ سارى يۈز قويار ئېردى. ھەيرەت چوڭقۇرلىغىدىن كوز ياشلەرى ھۇجۇمىدىن كىرپىكلەرى ياش دېڭىزىدە غەرق بولۇر ئېردى. بۇ بەھر زەۋرەقىغە ئاياغ قويدى. ناگاھ مۇدبىر بى ھەممىيەت ئېتىراز زابانىن ئاچتى ۋە ئېتىراز قىلۇر يولىن تۇتتى. ئەيدىكىم:

ئاندا تەفرىت، مۇندا بۇ ئىفرات،
ئەھلى ھىمەس ئەقالىنى قىلۇر ئىسقات.

ئۈنىڭ شۇم ئەنفاسى شەماتەتىدىن بەھر چايقالدى، مەۋج ئافەتىدىن دەريا ئەھلى قىغان تارتماق ۋە ئاھ چەكمەك بىلە قان يۇتماقىدىن ئارام تۇتماس ئېردى، تەمەۋۋۇج غەلۇسى ئاشتى ۋە ئەمۋاج كۆلەكى سۇپەھر يۈزىگە ئۇلاشتى، زەۋرەقچە مىھارىن ئۈزدى ۋە جان تەركىن قىلماق فەسانەسىن تۈزدى:

ئۇل ئىكاۋ زەۋرەقىدا سەير شىتاب،
مۇدبىر ئەھۋالى زەۋرەق ئېچرە خەراب.

مۇقبىلكىم ئىستىدئا ئىلكىن ئاچتى ۋە ئىستىمداد دۇئاسىن قىلدى:

چۇن دۇئاسى ئانىڭ قىلىب تەئسىر،
تاپتى تەسكىن تىڭىزدا ئۇل تەشۋىر.

بەھر كولەكى توختادى ۋە مەۋج تەسكىن يېرىدا ئارام تۇتتى. ناگاھ شەھرى نامايىش قىلدى:

رەڭگى ئانىڭ سۇپەھر خەزرادەك،
ھەيئەتى دۇر چەرخى مىنادەك.

ھەر ئىكاۋ بۇ خەت فازاسىغا نۇزۇل كورگۈزدى، تەڭرى سەجدەئى تەھىيەسى ئايىنىن تۈزدى ۋە شۇكرانەئى دۇگانەسىن ئادا قىلدى، چەشمەئى نامايىش ئەيلەدى:

جۇيبارىكىم راۋاندۇر ئاندا كەۋسەرۋار سۇ،
جەننەت ئاسا، باغ تەجرى تەھتەھەلئەنھار سۇ.

تىزلىغىدىن سوزدىبان ئەھيايى ئەمۋات ئەيلەمىش،
ئەيب ئىمەستۇر گەردىسەم باردۇر مەسىھ گۇفتار سۇ.

جۇۋ ئىفراتىدىن ئۇلمىش ئىردى سۇ قىلدى نەمۇرۇزەدار،
ئانداغىكى تابىمىش قاغالى رۇزدار ئىفتار سۇ.

تەختەئى سەڭگ كىم نامايىش قىلمىش بولغاي. بۇ نۇكتە خۇتۇتى جاۋاھىرىدىن مۇكەللەل ۋە بۇ كالام زاۋاھىرىدىن مۇرەسسە ۋە مۇزەييەلكىم بۇ مەنزىلغە ئۇلكىشىكىم يەتەر، بۇ غەرايىبىنىكىم تەفەررۇج ئىتەر. ئۇل ئادىمىكىم سىدق دامەنى، كىزب غوبارى ۋە لەھۋ گەردىدىن مۇبەررا ۋە مۇئەررادۇر:

سۇدىن ئۇلغان زاماندا ساغەركەش.
ئەيلەگەي دەفئى جۇۋ مەنئى ئەتەش.

ۋەئىللا ئۇل جىنسىكىم كىزب پايىمالى ۋە لەھۋ ئىسيان ئىنفە ئالىدۇر، ناگاھ كىزب يولىن تۇتقاي. قارنى ئۇل نەۋئى چاك بولغۇسىدۇركى ھەم ئۇلدەم ھىلاك بولغۇسىدۇر:

كىرسە يالغانچى كويگەي ئەندامى،
يىشقاي ئۇل سۇدا پەيكىرى خامى.

ئەمما سادىق ۋەئىدىكىم كەررات - مەررات غۇت ئىيرتىكابىن قىلغاي، ۋە جۇۋ ئەتىش مەنئىن كورگۇزگەي:

لىك سادىق بىلگە باغلاب لەۋك،
سۇغە كىردى نىچۇنكى بەھرغە جەۋك.

ناگاھ كوردىكىم مەھبۇب دىلناۋازغە ۋە نىگار ئىشۋە پەردازلار خەيلى:

تەن قۇرۇتىماققە تۇتتى نەچچە ھەرىر،
بارچەسى دىلناۋاز تەبئى پەزىر.

لىباس مۇرەسسە ۋە ئەتلەسى مۇتەررەھ ۋە مۇلەممە كەيۇردى، ۋە قەسر سەندەل شەممم سارىغە باشلادى:

كىردى چۇن قەسر ئىچىگە بىھۇشۋار،
ھەيرەت ئىچرە نەمەست، نەھۇشيار.

تەخت گەردۇن مىقدار مەنزىرىدا پەرى چەھرەئى نامايىش قىلدى، ئەقىل - ھۇش تەركىن ئەتتى ۋە بىھۇشۋار ياتتى ۋە بىخۇدانە ئەيتۇر ئېردىكىم:

ماڭا ھەر نىچەكىم يوق زەھرە دەم ئۇرماق ۋىسالىڭدىن،
ۋە لىكىن كام ئالۇرمەن ئولچە مۇمكىندۇر خىيالىڭدىن.

مۇقبىلىكىم "ئەننەجاتۇ فىسسىدقى" ئىشارىتى بىرلە ۋىسال سەرھەددىغە ئاياغ قويدى ۋە مۇدبىر بى ھەممىيەتكىم: "ئەلكەززەبۇ لائۇممەتى" بىشارىتىدىن فۇرقەت باياباندىغە تۈشتى. ۋە ئېرتەسى داغى مۇقبىل بايان نەۋەرد ئول چەشم سارىغە يۈز قويدى، ۋە نىچە مەرتىبە غۇت ئۇردى. نە مەھبۇبدىن ئەسەرى ۋە نە قۇسۇر جەننەت سىرىشت ئەمكەنەسىدىن خەبەرى، نادامەت ئەشكىن تۆكتى، ئەمما فائىدە قىلمادى ۋە داغى تەختەئى سەنگىكىم نامايىش قىلدى، كوردىكىم پىتىلىبدۇر:
ھەر ئادىمىكىم بۇ نەۋئى سىمىيا سىھرىغە مۇپتالا بولغاي، بىر مەرتىبەدۇركىم كورۇنگەي ۋە ئاندىن سوڭ مۇمكىن ئېرمەسكىم زوھۇر خىيىن تارتقاي، لازىمدۇركىم:

چىققاچ ئوق تۇتماماق كېرەك ئارام،
ئەيلەمەكلىك كېرەك سۇ ئىچرە خىرام.

ئىلاج مەئدۇماۋغى جەھەتىدىن سەفەر ئاھەڭگىن تۈزدى ۋە دەريا فازاسىغە مالالەت چەڭگىن سۇردى ۋە دەريا ئارا بارۇر ئېردىكىم، كىمەئى ئالى مىقدار سۋادى كورۇندى، ئانىڭ سارىغە شىتاب قىلدى، كوردىكىم:

كىمە ئىچرە يوق ئېردى غەير ئۇلۇك،
ئاندا سەندەل ياغاچىدىن تولا يۈك.

بىر قىز بار ئېردىكىم پەرى يەڭلىغ، نە پەرى مىھر خاۋەرى يەڭلىغ، شاھىنشاھى بەھەرۇبەر، سۇلتانى شەھرى خاۋەر دائىمۇلئەۋقات "سۇدائ" ئىللەتىغە گىرىفتار ۋە دەردىسەر زەخمىدىن بىچارەۋار ياتار ئېردىكىم ھوكۇمايى ئەسىر ۋە ئەتىببايى دەھر ئانىڭ دىماغى تەشفىيەسىغە سەندەل شەممى بىرلە مۇداۋا قىلۇر ئېردى. ھەر شەھەر ۋە ھەر كىشۋەر ناۋاھىيدىنكىم سەرۋ سەندەل نەسىم ئىلتەكدىن بۇ شەھرى خاۋەر ئارا كىرگۈزۈر ئېردى ۋە ھەر مۇخالىفەتى تۇندبادىدىن بۇ نەۋئى ئاۋارەلىغ سارىغە تۈشمىش بولغاي:

مۇدبىر ئول ئولگەن ئېلنى سۇغە سالىب،
كىمە مالىنىڭ ئىختىيارىن ئالىب.

كىمە ئەمۋالىنى قىلىب ئوزىنىڭ،
كىمەنى بەلكى ھەم قىلىب ئوزىنىڭ،

ئەلهاسىل، شەھرى خاۋار ناۋاھىسىغە يەتتى ۋە پادىشاھ جانابىغە يۈز قويدى. مۇدبىر ناھەمۋار ئەيدىكىم: تۇججار ىمەنكىم ئەمۋالىم ئەئدادى ۋە ئەملاكىم تەئدادىغە ھەد - ئەھسا مەئلۇم ئېرمەس ۋە نەچچە نەۋكەر ۋە چاكەر، غۇلاملارىم خىزمىتىمدە ئېردى. "تائۇن" جەھەتىدىن ھەلاك يېتىرگە ياۋۇشتى بەلكى جان تەرك ئەتتى. بۇ ھال ۋە بۇ مەنىۋالدا ئېردىكىم مۇدبىر سىنەسى يارىلدى ۋە روھى چۇغزى جىسىم ۋەيرانەسىدىن پەرۋاز قىلدى. شاھى گەردۇن سەرىر بۇ كار ۋۇقۇئىدىن ھەيرەت سارىغە يۈز قويدى، مۇقبىل ھۇشيار ساھىبى دىل بۇ كار ماھىيىتىدىن خەبەر بەردى:

قىلدى قۇلاۋغى ئۇزرە تەبئى پەزىر،
كى شاھ ئەتتى ئانى ئۆزىگە ۋەزىر.

ۋە ئۆز ماھرۇيى ئەقدىن قىلدى:

رەفىئ ئولۇب مۇقبىل ئالىدىن مۇشكىل،
بولدى گۈلرۇخ خىيالىدىن خۇشدىل.

قەسر سەندەلۇ كامران بولدىلار باھەم،
سەندەلى نىشان بولدى بولارگە ئى ھەمدەم.

چۇن بۇ ئەفسانە سۇردى نۇكتە سارا،
ئۇيۇدى شەھ سەرىرى سەندەل ئارا.

**ئازىنە كۈنى بەھرامنىڭ كافۇرى ئەسۋاب بىرلە قەسر كافۇرى ئىچىدە مۇشكىن زۇلف كافۇرى لىباس بىرلە تەخت ئاج - ئۇزرا جام بەللۇرىندىن بادەئى كافۇر مىزاج ئاشام قىلغانى ۋە ئول كافۇرلىقدىن ھىجران ھارارىتى تەسكىن تاپىب ئۆز غەزالەئى مىشكبۇيىدىن خەبەر تاپقانى**

**يەتتىنچى ئىقلىم يولىدىن كەلتۈرگەن مۇسافىرنىڭ فاسانە سەگالىقى**

مەنكى تۇشمىش بۇيان گۈزار ماگا،
مۇلكى خۋارەزم ئېرۇر دىيار ماگا.

سەنئەتىم ئاندا ساز چالماق ئىشى،
بىلمەيىن مەن كەبى ئىشمىنى كىشى.

ئېلگە تەئامىم ئەيلەمەك ۋەردىم،
كىمكى ئۇستاد قەۋم، شاگىردىم.

ناگاھ بۇ نەۋئى ئاۋاز يەتتى ۋە بۇ يەگانىغ غەۋغا يېتىشتىكى كىلۇر تاجىرى خىتاي زاد بالەسى بىر كىنىز ھور نەژاد، لىك تاجىرغە ئانىچەكىم ئەمۋال، مەھۋەشىغە يۈز ئانىچە ھۇسنى جامال، مۇسىقى ئىلمىدا ماھىر ۋە ئىلىم غىنا فۇنۇنىدا زاھىر ۋە مۇتەبادىر ھەرگاھ-

كىم چەك رىشتەسىغە ئىلىك ئۇرار ۋە پەردە تارىغە پىغان بىرۇر، جان تەركىن ئەتـمەكدىن ئۇزگە كارى ۋە ھىلاكەت يىپىرگە يەتمەكدىن باشقا ئىختىيارى مەلۇم ئىرمەس:

پەردەدە ھالى ئاشكارە يوق،
كىشى كورمەك تىلەرگە يارا يوق.

سۇبھى ئىلە شامكىم تارانە تۈزۈپ،
خەلق پەرياد بىخۇدانە تۈزۈپ.

تەگرىگە تۈن - كۈن مۇناجاتى،
بىرەۋ ئومىدى بىرلە ئەۋقاتى.

ئەمما ئادىمى ئانىڭ سارىغە قەدەم قويالماس ۋە راز نىھانىدىن داغى شەيئى ئەزئەشيا ئىتتىلائ تاپالماس. كوزى جۇيبارىدىن دەردلىغ كوڭلى خۇنابەسـى راۋان ۋە كوڭلى ئاتەش كەدەسىسىدىن ئوتلۇغ پىغان ئىشتىغالى رەۋشەن ۋە ھۇۋەيدا.
شاھ بەھرام بۇ سوز تەقرىرىدىن ھوش تەركىن تۈتتى:

نەغمە سازىكىم رۇدى ئاۋازى،
ۋە سۇرۇدى نالەسى زەھرەئى سازى.

رىشتەسىغە فەزىھەت ئىلىگىن ئۇردى، مەنكى ئول شەھەر نەغمە سارى ئىدىم، بەزدەلەر-دە داستان ناۋازى ئىدىم.

چۈنكى ئول زاھىرئەتتى رۇد سۇرۇد،
ئاقىبەت مەندىن ئەيلەدى پەدەرۇد.

ۋە ماڭاش تەڭلىگىدىن ھاياتىم رىشتەسى ئۈزۈلۈرگە يەتتى ۋە تەھى دەسـتىلىك جەـ ھەتىدىن ئومرۇم قۇياشى كۇسۇف يىپىرگە ياۋۇشتى، ئاخىرۇلئەمر ئەيلەدىم رىغبەت ئول قەدەر كاغۇركىم ھارارەتىدىن ئەيلەگەي مەھـجۇر، رەجـۇلـيەت چۇ سـەلب بولـدى تامام، خـۋاجە دەرگاھى سارى ئۇردۇم كام، ئەرز ئىزھارىن قىلدىم ۋە پەرياد رەسمىن تۇتتۇم:

سۇگرە ھالىم دىدىم شتاب ئەتمەي،
سوز ئاداسىدا ئىزتىراب ئەتمەي.

كۆلۈبان تۇتتىلەر مۇسەللەم ئانى،
خۋاجە ھەم سەرۋى لالەرۇخ ھەم ئانى.

ئۇلار خىزمىتىدە تۇردۇم، ئۇلار سۇپرەسىدە ئەۋقاتىم كەچـتى. ھەر گاھـكىم نەغـمەئى زاھىر قىلۇر ۋە سۇرۇدى ساز ئىتەر ئەشك گەۋھەرىن ساچماقدىن يۈزى ئالتۇنىغە نىگارىش بەرمەك ۋە ئاھ جانـسوز چەكمەكدىن، ئاشىقانە پىغان تارتماق:

قايداكىم بولسا ئېردى شەرھى فىراق،
يىغلار ئېردى يىگانەئى ئافاق.

دەردى شىددىتىن بىلدىم ۋە ئەلەمى زىيادەتىن مەلۇم قىلدىم، ئەيدىمكىم:

مۇشكىلدۇر ماڭا قىلايمۇ سۇئال،
قىل، دىگەچ سوزنى باشلىدىم فىلھال.

كىم سىنىڭ بىر غەمى نىھانىڭ بار،
خەللەسىدىن خاراش جانىڭ بار.

ئايىغايسەنكىم مەقسەدىڭ سارىغە قەدەم قويغايمەن ۋە مۇرادىڭ جانىبىغە پۇيە ئۇر-غايمەن. بۇ نۇكتە تەرانەسىدىن يىغلاماق ۋە نالە چەكمەكدىن پىغان تارتتى چۇن ئىشىتتى سوزۇم.

لۇغەت

| | |
|---|---|
| سۇنئى — | ماھارىتى، قۇدرىتى |
| ئەۋراقى — | ۋەرەقلىرى |
| مەسنۇئات — | مەخلۇقات - مەۋجۇدات |
| مەزاھىرى — | نامايەندىلىرى |
| خۇتۇت — | خەتلەر - نەقىش - بەلگىلەر |
| مۇكەللەل — | كوركەملەنگەن، زىننەتلەنگەن |
| رەسائىل — | رىسالىلەر، بىرۇشۇرالەر |
| سەتھى — | يۈزى - بېتى، تۈزۈلمىسى |
| بەدايىئى — | گۈزەللىكلىرى، بىزەكلىرى |
| سانايىئ — | سەنئەتلىرى، ھۈنەرلىرى |
| زەۋاھىرى — | كورۈنۈشلىرى |
| مۇتەررەر — | ئۇسلۇب، نۇسخا |
| رەقائىم — | يېزىقلىرى - رەقەملەر |
| ئەۋھام — | ۋەھىمەلەر، خىياللار |
| مەئدۇم — | يوقتىلغۇچى (يوق شەيئىلار) |
| مۇز مەھىل — | توزۇپ - يوقىلىپ كەتكۈچى |
| سۇبھانەكە — | سېنى پاكلىق - ئەيىپسىزلىك بىلەن تونۇيمەن |
| نەئت — | مۇھەممەت پەيغەمبەرنى ياخشى سۇپەتلەر بىلەن مەدھىيىلىمەك |
| خاتىمىننەبىيىن — | پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنى ئاخىرلاشتۇرغۇچى |

لەم يەكۇن — بولمايدۇ
**ئىنايەت** بەعرى — لۇتف - مەرھەممەت دېڭىزى
**كاف - نۇن** — تەڭرى كائىناتنى يارىتىشتا "بولغىل" دەپ ئەمىر قىلىشى، بولۇشى
مەئەررا — ئۇچۇق، يالىڭاچ، يالغۇز
فترەت — ئىنسانلارنىڭ يارىتىلىشى
خەمدە — تەبرىدگۇچى، ئىگىلگۇچى
مەستۇر — يېپىق، ئوراپ قويۇلغۇچى، ياپقۇچى
تەزرۇ — قىرغول
مەھجۇر — ئايرىلغۇچى، جۇدا بولغۇچى
ھەيۇلا — مەۋجۇدىيەتنىڭ جەۋھىرى، ئەسلى ماددىسى
ماكان ئەقسا — يىراقتىكى ماكان
مۇستەتىر — يوشۇرۇن
ۋەھدەت پەردەسى — بىرلىك - يېگانىلىق پەردىسى
مەسنەد نەشىن — مەخسۇس ئورۇندا ئولتۇرغۇچى
بىنىش — كورگۇچى، كورمەك
نامۇرەخخەس — رۇخسەتسىز
جۇرۋى — بىر قىسمى، بولۇگى
ئۇمۇرى — ئىشلىرى
كۇل — ھەممىسى، پۇتۇن
نامۇشەخخەس — نامەلۇم، تونۇقسىز
مەلا جەۋاھىرى — كائىناتنىڭ تاشقى ماددى كورۇنۇش ماددىلىرى
حەلا گىردابى — كائىناتنىڭ يوشۇرۇن، سىرلىق دولقۇنلىرى
مۇزمەر — يوشۇرۇن مەزمۇنى
"كاف" نەھرى — مەزجۇدىيەتنى يارىتىشتا "كۇن" ("بولغىل") دىگەن فەرماندىكى "ك" ("كاف") ھەرپى دەرياسى
يەكتالىغ تەختى — يېگانە - تەڭداشسىزلىق تەختى
"نۇن" مەنبەسى — مەۋجۇدىيەتنى يارىتىشتا "كۇن" ("بولغىل") دىگەن پەرماندىكى "ن" ("ن") ھەرپىنىڭ مەنبەسى
ھەفت ئەيۋان مىمارى — يەتتە تەبەقە ئاسماننى بىنا قىلغۇچى بىناكارى
سال، مەھ نىشانى — يىل، ئاي نىشانى
ئىمكان قەلەمرۇيى — ئىمكا نىيەت دائىرىسى
زاتى ۋاجىبەلۋۇجۇد - بارلىقى ئوز - ئوزىگە زەرورى
زاتى قايىم — بارلىقى بەرپا، ھەممىشە، مەڭگۇ
**تەفەززۇل** — ئۇلۇغلىماق

جامال لايەزال — ئۆزگەرمەس، يوقالماس ھوسنى

دىدار بىزەۋال — يوقالماس ھوسنى

مەرھەر — ئۆزىنى ئاشكارا قىلىشقا نامايەندە

ئائىنەئى باسەفا — يورۇق - نۇرلۇق ئەينەك

خىلقەئى — يارىتىشى

فەخەلەقتۇلخەلقە — مەخلۇقات - كائىناتنى ياراتتىم

مەئنى ئەرۇسى — ئىلىم - ئىرفان كىلىنى

رۇستەئى — كەڭلىگى

مەۋھۇم — ئېنىقسىز، نامەلۇم

ئارايىشى مەششاتەلىگى — بىزەكلەش - زىننەتلەش تارغىقى

مۇكەۋۋىنات — مەۋجۇدات، مەخلۇقات، ئالەم

چىراغانى — چىراغلارنى

قەنادىلىن — ئاباژۇر (ئاسما چىراقلار)

ئەرسە — مەيدان

تەئەددۇم — يوقلۇق

مەلەك خەيلى — پەرىشتە گۇرۇھى

نەييەرى ئەزەم — ئۇلۇغ تەقدىر سىياستى

ئەشئەشە — شۇئىلە، يالقۇن

سۇھا — "نەباتۇننەئىش" يۇلتۇزىدىن كىچىك كورۇنۇشلۇك بىر يۇلتۇز

مۇھەييىر — ھەيران بولغۇچى

ئالاۋ — يالقۇنلاپ يېنىپ تۇرغان ئوت

شەمئى ئەئلا — ئالى چىراغ

ئىقتىباس — پايدىلىنىش، بىرەر كىتاپتىن مەزمۇن تاللاپ نەقىل قىلىش

رىسالەت — پەيغەمبەرلىك، ئەلچىلىك

مەسنەد — مەنسەپ، دەرىجە ئورنى، بىر ھوكىمدارنىڭ ئورنىدا ئولتۇرۇش

شەمائىل — خۇسۇسىيەت، خىسلەت

ۋەما ئەرسەلناكە، ئىللا - رەھمەتىن لىلئالەمىن — ئى مۇھەممەت پەيغەمبەر، سېنى پۈتۈن ئالەمگە رەھمەت قىلىپ پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتىم

ۋە ئىننەكە، لەئەلا خۇلۇقىن ئەزىم — ئى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام، سەن ئەلۋەتتە بۈيۈك - يۈكسەك ئەخلاقلىقدۇرسەن

قۇم فەئەنزىر — ئورنىڭدىن تۇرغىل، غاپىل ۋە يولسىزلارنى قىيامەت كۈنىنىڭ ھساۋى، دەۋزەخ ئازاۋىدىن ئاگاھلاندۇرغىل

ئەندەلىب خۇش ئەلھان — خوش ئاۋازلىق بۇلبۇل

ماھى مۇنىر — نۇرلۇق ئاي

ئافرىنىش — يارىتىلغۇچى، مەخلۇقات - مەۋجۇدىيەت

مىفتاھ — ئاچقۇچ

خەزائىن — غەزىنەلەر

ئەنقاي قاف لاماكان — بىرەر ماكانغا مەنسۇپ بولمىغان (پۈتۈن ئالەمگە مەنسۇپ) سۇمرۇغ

مىسباھ — ئاسما چىراق

جان جاھانى سەفا — ساپلىق ئالەمنىڭ جىنى - روھى

ھەللالى رەمۇز — مەخپى سىرلارنى ھەل قىلغۇچى

كىشۋەرى بۇد، نەبۇد — بارلىق، يوقلۇق مەملىكىتى

رەھمەتى رىزۋان — جەننەتنىڭ رەھمىتى

لەتائىف — ساپلىقلار، نازاكەت

رىفئەتى غۇفران — مەغفىرەتنىڭ مەرتىۋىسى

شەرائىف ئەرۋاھى مۇقەددەس — پاك روھلارنىڭ ئۇلۇغلىرى

ئەھلى بەيت — مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ تاۋابىئاتى

ھەقايىق شۇناس — ھەقىقەتنى بىلگۈچى، تونۇغۇچى

مەمالىك مەلۇكەت — پەرىشتەلەر دۇنياسى

مەسالىك جەبەرۇت — ئۇلۇغلۇق يوللىرى

مەتھەر — ئاپتاۋا، تاھارەت چوگۈنى، ئىۋرىق

گۈلۈستانى ئىجاد — ئىجات گۈلزارى

بەھر ئىتتىھاد — بىرلىك - بىرلىشىشنىڭ دېڭىزى

ھۇما — بەخت قۇشى

تەيران — ئۇچۇش

سانىيە سىنەينى — ئىككى كىشىنىڭ ئىككىنچىسى

فىلغارى — ئۆڭكۈردە

گەۋھەرى گەرانمايە — قىممەت باھالىق گوھەر

سەدارەت مەئاب — يۇقۇرى مەرتىۋىلىك

ساھابەئى مۇھاجىر — مەككىدىن مەدىنىگە كوچۇپ بارغان ساھابە

ئۇممانى ئادالەت — ئادالەتنىڭ دېڭىزى

جەلالەت — ئۇلۇغلۇق

ئەۋۋەلىن جۇشى زۇلال — تاتلىق، سۈزۈك سۇلۇق بۇلاقنىڭ دەسلەپكى سۈيى

خۇمىستانى بى مىسال — ئوخشىشى يوق شەرۋەتنىڭ كۆپى

قۇلزۇمى مەئدەلەت — ئادالەت ئوكيانى

مۇسھەفى ئايەتى زەفەر — غالىبىيەتنىڭ قۇرئانى

فەرزانەگى — يېگانە، بىردىن - بىرى

پەلەك — يولۋاس

مۇھتى ئىستىقامەت — سەبات ئۇكيانى

فۇتۇۋۋەت — مەرھەمەت، شەپقەت

شجائ — غەيرەت - جاسارەت

سەفدەر — سەفلەرنى بوسۇپ - يېرىپ ئۆتكۈچى

ھەمىيەت — جۇرئەت، غەيرەت

ئەسەدۇللاھى غالىب — تەڭرىنىڭ غالىپ ئارىسلانى

كەررەماللاھۇ ۋەجھەھۇ — تەڭرى ئۇنىڭ ھورمىتىنى ئۇلۇغلىغاي

مەزامىن — مەزمۇنلار

مائانى — مەئىنىلار

رەمائىر سەنجان — قەلبلەرنى، كوڭۇل، مەزمۇن، سىرلارنى ئۇلچىگۈچىلەر

دەقايىق بۇنياد — ئىچكە سىرلارنى بەرپا قىلغۇچى

گۇلھايى باھارىستان — باھار مەۋسىمى گۇللىرى

مۇدەررىس — ئۇستاز، مۇئەللىم

مەدرەسەئى ئۇلۇمى ھال — ئىچكى ئىلىملارنىڭ ئالى مەكتىۋى

سۇنۇرى ئەلۋاھى كامال — كامالەت يېزىقلىرى لەۋھەسى

ساكىنى خانىقەھى ئۇنس — ئۇلپەت خوش سوھبەت خانىقاسىدا ئولتۇرغۇچى

مۇئەللىمى قۇدس — پاكلىق ئىلىملىرىنىڭ ئۇستازى

نەررە شىر — ئەركەك ئارىسلان

غەۋۋاسى جەۋاھىرى زات — ئىنسان ۋە مەخلۇقاتنىڭ يارىتىلىشى جەۋھەرلىرىنىڭ دېڭىزنىڭ چۈمگۈچىسى

سەررافى دۇررى سفات — ئۇلۇغ سۈپەت گوھەرلىرىنى تونۇغۇچى

رەۋشەن زەمىر — كوڭلى - قەلبى يورۇق، روشەن

كىميا تەسىر — خىميىۋى تەسىرلىك

مەخدۇمى — مەن ئۇنىڭ خادىمى

نىزامىددىن — ئىسلام دىنىنىڭ ئىنتىزامچىسى

قۇدسە سىررۇھۇ — ئۇنىڭ ئىچكى سىرلىرى پاك بولغاي

نەۋۋەرە مەرقەدەھۇ — قەۋرىسى نۇرلۇق بولغاي

ئۇلۇمى ھەقايىق — ھەقىقەت ئىلىملىرى

دەفاتىر — كىتاپلار

غەرەنفەر — يېرتقۇچ ئارىسلان

بارىقە — ھاۋادىن چۈشكەن ئوتلۇق چاقماق

سەمەندەر — يانار تاغلاردا ياشايدىغان جانۋار (ئوت چاشقىنى)

ئۇلۇلئەلباب دەھر — زامانىنىڭ داناسى

ئالى جاناب ئەسر — ئەسرنىڭ يۇقۇرى مەرتىۋىلىگى
كاشىف ئەسرارى ھەقىقەت — ھەقىقەت سىرلىرىنى ئاچقۇچى
قۇتبى سالىكانى تەرىقەت — تەرىقەت سالىكلىرىنىڭ پېشۋاسى
ھەفت زەمىن رەمۇزى — يەتتە قات يەرنىڭ ئىچكى سىرى
كائىنە — كائىنات، ئالەم
كەلامى قەسرى — سۆزنىڭ قىسقارتىلمىسى
ئەشئارى مىئمارى — شېئىرلىرىنىڭ بىناكارى
گەردۇن كەمەندى — ئاسماننىڭ سالغۇسى
چەرخى بۇقەلەمۇن — رەڭمۇ-رەڭ، خىلمۇ-خىل ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ئالەم
مەسنەۋىيات — ئىككىلىك ئۇسلۇبىدىكى شېئىرلىرى
خۇراسان نازىمى — خۇراسان شائىرى
نۇكتە پەردازلىق — ھېكمەتلىك سۆزلەش ماھىرى
فەرەسى قېدىم — قەدىمقى فارسلار
سەھل — ئاسان، يېنىك
ئەتراك — تۈركلەر
تۈرك ئەلفازى — تۈرك تىلى
دىۋان تەدۋىنى — ئەدەبىي-شېئىر دىۋان تۈزمەك
ھەددىن فۇزۇن — چەكتىن ئارتۇق
ئەدەددىن بىرۇن — سان-ساناقتىن تاشقىرى
دۇرەرى — يىنچۇ، مەرۋايىت-گۆھەرلىرى
ساھىب ئىقتىدار — قابىلىيەت ئىگىسى
دەريا زەمىر — دېڭىز كۆڭۈللۈك (كۆڭلىدىكى ئىلمى دېڭىزدەك)
تۇنقى بەھرى — سۆزلەش دېڭىزى
كەلئەدەم — يوققا ئوخشاش
رەقائىمى — خەتلىرى
جاھان سەفھەسى — جاھان يۈزى
فەلەك ئەۋراقى — فەلەك ۋەرەقلىرى (ئاسمان قاتلاملىرى)
گۇنجايىش — سىغىش
قۇتبۇلئەقتابى دەھر — زاماننىڭ پېشۋالىرىنىڭ پېشۋاسى
غەۋسۇلئەكنافى ئەسر — ئەسرنىڭ ھال-دەردىگە يەتكۈچى
مەھرىمى ئەھەدىيەت — تەڭرى سىرىغە ۋاقىپ بولغۇچى
ساھىبى يېقىن — قەتئىيلىك، جەزمىيەت ئىگىسى
خىلۋەت نىشىن بى نىشان — بەلگىسىز خىلۋەتتە ئولتۇرغۇچى
جەۋاھىرى دەريايى مەئنىۋى — مەئنى دېڭىزىنىڭ گۆھەرلىرى
سەفا جامى — ساپ-پاك پىيالە-قەدەھى

خۇجەستە سۇفات — گۈزەل، ئۇلۇغ سۈپەتلىك
ھەمرازى ئەسرارى نەبىۋى — پەيغەمبەرنىڭ سىرلىرى بىلەن سىرداش بولغۇچى
نەفەھاتۇلئۇنس — ئۇنس (مۇھەببەت) نىڭ خۇش پۇرىقى
مەدائىھى — مەدھىيەلىرى
سىفاتى ئەئيانى — ئوچۇق - رۇشەن سۈپەتلىرى
سائىر — باشقا - باشقىلار
كۇتۇب — كىتابلار
تەسنىفات — ئەسەرلىرى
خەزا ئىنۇلمائانى — ئىلىم - مەرىپەت غەزىنەلىرى
مەھبۇبۇلقۇلۇب — كۆڭۈللەرنىڭ سۆيگىنى
دىباچەئى دەۋاۋىن — دىۋانلەرگە كىرىش سۆز
مانشۇر — نەسرىي ئەسەرلەر
مەنزۇم — شېئرىي ئەسەرلەر
زوھۇر سەفھەسى — ئاشكارا ئىيلان قىلىنغانلىرى
ئەرائىس — يېڭى توي قىلغان كېلىنلەر
مەزامىن ئەبكارى — مەزمۇن قىزلىرى
زەمىرى — قەلبى، كۆڭلى
مۇزمەر — قەلبى - كۆڭلىدە ساقلانغان
سائىرۇنناس — باشقا ئادەملەر
جانگۇدازلىق — جاننى كۆيدۈرگۈچىلىك
تۇيۇر — قۇشلار
مەزامىنى — مەزمۇنلىرى
ئەزھەرۇن مىنەششەمس — قۇياشتىنمۇ ئاشكارراق
كارئۇزما — ئۇلۇغ ئىش
مۇتتەلىئ — خەۋەردار بولغۇچى
سەرۋەرى خەۋاقىن — پادىشاھلارنىڭ سەردارى
سۇپەھر ئىقتىدار — ئاسمان ئىقتىدارلىق
ئالى مىقدار — يۇقۇرى مەرتىۋىلىك
ئەدالەت گۇستەر — ئادالەتنى كېڭەيتكۈچى، يايغۇچى
ئەسالەت پەرۋەر — ئېسىللىقنى سۆيگۈچى
زىللى شەۋكەتى ئىقبال — بەخت، شەۋكەتنىڭ سايىسى
سەئادەت ئىجلال — بەختنى ئۇلۇغلىغۇچى
قافى جەلالەت — ئۇلۇغلۇقنىڭ تېغى
گۇلى سەدبەرگ — يۈز ياپراقلىق گۈل
گۇلۇستانى كەرۇ فەر — تەنتەنە - ھەشەمەتنىڭ گۈلزارى

تەرادۇت بەخىش — خوشاللىق بەخش ئەتكۇچى
دارۇلفەيز كاشغەر — پەيزى - خوشاللىقنىڭ ئوردىسى قەشقەر
سانىھەللاھۇ — تەڭرى ئۇكاشغەرنى مۇھاپىزەت قىلغاي
ئەنلئافات — ئاپەت - بالايى - قازادىن
ۋەررەرەر — زىيان - زەخمەتتىن
زادەللاھۇ ئىقبالەھۇ — تەڭرى ئۇ كاشغەرنىڭ بەختىنى، كېلەچەگىنى ئارتۇق قىلغاي
يەۋمەن فەيەۋمەن — كۇندىن - كۇنگە
رەفەئەرۇتبەتەھۇ — مەرتىۋە - دەرىجىسىنى يۇقۇرى قىلغاي
سائاتەن فەسائەتەن — سائەتتىن - سائەتكە
رەفاھىيەت — پاراۋانلىق، خاتىرجەملىك
ئافىيەت — خاتىرجەملىك، ئامان - ئېسەنلىك
مەئمەن — ئورۇن - جاي، ئامانلىق ئورنى
فارىغۇلئەھۋال — ئەھۋالدىن خاتىرجەملىك
تەئەددى — ئاداۋەت
كۇبكى — كەكلىك
ئەجز — ئاجىزلىق
قاز — غاز (غاز قۇش)
ئەدەم قافى — يوقلۇق تېغى
فتەن سەرسەرى — پىتنە - پاسات شىۋىرغانلىرى
مەئدۇملىغى — يوقىتىلىشى، يوقۇتۇلغانلىغى
مەھبۇب دىلناۋاز — كوڭۇلنى ئالغۇچى سۆيۈملۈك
نىگاھى — مەھبۇبنىڭ كىز ئۇچى بىلەن قاراپ قويىشى
نەرگەسى جادۇيى — كىشىنى مەپتۇن قىلىۋالىدىغان قارا كوزلىرى
كۇتاھ — قىسقا، كەم
مۇر تېشى — پارا بەرگۇچى
ئەنبۇھ — گۇرۇھ
پايى مۇزد — تاپان ھەققى، قەدەم ھەققى
تەمەننا — ئۇمىد، ئارزۇ
لەڭ — ئاقساق، توكۇر
ئەلمىننەتۇ لىللاھ — تەڭرىگە تەشەككۇر
ئەمۋات ئىھياسى — بوز، ىىنام يەرلەرنى ئېچىش
جەرىب — ... گەز، ... مىقدار
مىرزبۇم — يەر، يۇرت
بىنام — تېخى ئات قويۇلمىغان يەر (ئېچىلمىغان بوز يەر)

مۇسەببب — سەۋەپچى
خولد گۇلشەنى — جەننەت باغچىسى
ئىرەم رەۋزەسى — باغى ئىرەم گۇلزارى
بى ئەنجام — ئىستىقبالسىز
دەشت ناھەمۋار — تۇزلەنمىگەن دەشت-باياۋان
ئاھۇ بەچچە — كىيىك بالىسى، كىيىك ئوغلىقى
مەكىس — تۇرماق
مۇتەسەۋۋىر — تەسەۋۋۇر قىلغۇچى
خۇتۇرى — خاتىرىلىرى، ئوي-خىياللىرى
ئەرباب دىن دىن ئەربابلىرى
مەتلەب — تەلەپ ئورنى
ئەسھاب يىقىن — جەزم ئەھلى، قەتئى كىشىلەر
خەمسەتۇننەۋايى — ناۋايىنىڭ بەش داستانلىق ئەسىرى
مۇقتەدايى ئەرباب قۇلۇب — ئەھلى دىللارنىڭ پىشۋاسى
خىلۋەتخانەئى غۇيۇب — غايىپ ئىشلارنىڭ مەخسۇس ئويى
زەكى تەبئى — ھوشيار تەبىئەتلىك
شىرىن گۇفتار — تاتلىق سوزلۇك
پەردەئى خەفا — مەخپى پەردە
تەرز — ئۇسلۇب، يول
ئەۋام ئەرزالى — ئەۋام ئارىسىدىكى تۆۋەن تەبەقىلىرى
خەۋاس ئەفازىلى — خاس-ئالاھىدە كىشىلەرنىڭ پەزىلەتلىرى
ئىستىفادە — پايدىلىنىش
كارنىھايتى — ئىشنىڭ ئاقىۋىتى، ئاخىرى
فەقىرۇلھەقىر — كەم-تۆۋەن كىشىلەرنىڭ فەقىرى، يوقسۇلى
كەسىرۇلئىسيان — كوپ گۇناھلىق
مەئمۇر — بۇيرۇق قىلىنغۇچى
ئىمتىسالۇلئەمر — بۇيرۇق بوىچە
ئىقتىزاسى — تەلىۋى، تەقەزاسى
ئىنكسارلىق — ئاجىزلىق، بىچارىلىق
دۇررى ناسۇفتە — تېشىلمىگەن مەرۋايىت
ئەرباب بەسارەت — ئاقىل، دانالار
ھەقايىق دىسار — ھەقىقەت پەردەدارلىرى
مۇھەققىق — تەھقىق، تەدقىق قىلغۇچى
دەقايىق — ئىنچىكە-سىرلىق ئىشلار
مۇدەققىق — تەتقىق قىلغۇچىلار

ئەفقەرى — يۇقسۇللراقى
ھەقھور — قەھر - غەزەپكە ئۇچرىغۇچى
مىن كۈللىلۇدجۇھ — ھەممە جەھەتتىن
شەرھى ئاغازىن — شەرھى قىلىشنى باشلاش
تەبئى ئەممارەسى — تەبىئەت يۈكى، مەجبۇرىيىتى
تەزەييۇل — يوق قىلىش
ئەرۇس — يېڭى كەلگەن كېلىن
بى سەرۋە سامانلىغ — باشباشتاغلىق، ئىگىسىزلىك
شەب فەراز — كېچىنى يورۇتقۇچى
جۇلۇس تۈزماك — ئولتۇرۇش تۈزمەك
ئەشراف — بۈيۈك كىشىلەر
خەسىس — بېخىل، پەس تەبىئەت
باتىنى ئارىزى — ئىچكى ھۆسنى - جامالى
ئەسما — ئىسىملىرى
سورادەقى — مۇھاپىزەت پەردىسى
لەم يەزەلى — ئۆزگەرمەس، مەڭگۈ
فەردانىيەت — يېگانىلىق
ۋاھىدۇن — بىردۇر، يەككانە يالغۇزدۇر
لامىن قىللەتىن — بىرلىگى، يالغۇزلۇقى ئازلىقتىن ئەمەس
مەۋجۇدۇن لامىن ئىللەتىن — باردۇر، بىرەر سەۋەپتىن ئەمەس
جاھان مۇسەۋۋىرى — جاھان رەسساملىرى
دەھر مانىسى — زامانىنىڭ مانى نەققاشى
پەرى چىن شەھرى — چىنىڭ پەرىسى
نەقش بەندلىغ — نەققاشلىق
سەرھەددى — چېگراسى
دىدەئى گىريان — يىغلىغۇچى كوز
مۇسائىد — ۋاقت، پۇرسەت
تاب - تەۋان — چىدامىلىق كۈچى
ھىممتى پايەسى — غەيرىتى دەرىجىسى
شەدائىدى — قاتتىقچىلىقلىرى، ئېغىرچىلىغى
رۇئۇنەت — نادانلىق، بوشاڭلىق، ياسانچۇقلۇق
ئالايشى — ئارىلىشىش، بۇلغۇنۇشى
مەھىز — پەقەتلا، شۇلا ...
مەششات — چاچ تارىغۇچى، بېزەكلىگۈچى (گىرىمچى)
ۋۇسمە — ئوسما، سۈرمە

نىل — ھاۋارەڭ

تەلەۋۋۇن — رەڭمۇ-رەڭ، ئوزگۇرۇشچان

ئارايىش زاھىرى — تاشقى بىزەك-زىننەتى

ھەيف — ئەفسۇس، ئىسىت

سەد ھەيف — يۈز قېتىم ئەفسۇس

گىزاف — بىھۇدە، قۇرۇق گەپ

رەبىئ — باھار مەۋسىمى

مەنۋال — ۋاقىت، چاغ

كۇسۇف — كۈننىڭ تۇتۇلىشى (كويۇشى)

تەلەف — يوقۇلۇش، ھالەك بولۇش

تەئەسسۇف — پۇشايمان قىلىش، ھەسرەتلىنىش

شاھىن — لاچىن

چەڭ — چاڭگال، تىرناق

تۇند — قەھر-غەزەپ

تائىر — ئۇچار قانات جانىۋار

فارىغبال — خاتىرجەم

نىمەتى ئۇزما — ئۇلۇغ نىمەت

ئەممارە — يامان ئىشلارغا ئەمر قىلغۇچى

شەست — تۇزاق، قىسماق

ئۆزلەت گۇزىن — يالغۇزلۇقنى تاللىۋالغۇچى

مائال — مەقسەت

تەھى مايە — سەرمايىسىز، نادان

سەراب — تومۇز پەسلىدە تاشلىق سايلاردا، سۇيۇق يەردە قۇياش تەسىرىدىن سۇدەك كورۇنگەن شۇئىلە

ھۇباب — سۇ ئۇستىدىكى كوپۇك

قەرىسىئ — تۇزۇلىشى

تەرانە — ئاستا، لەرزان ئاۋاز بىلەن ناخشا ئېيتماق

ھۇمقەت — ئەخمەقلىق، نادانلىق

قەراغ — كوز قارىچۇغى

دەي — قىش مەۋسىمى

ئەسنافى — گۇرۇھى، تەبەقىسى

قەۋى — كۇچلۇك

رەھرەۋ — يول كورگۇچى، يولباشچى

شىراك — ئاياغ بوغۇنچىسى

قۇلزۇم — ئوكيان

Altunoq

ۋاژ — مەنىسىز سوز، قۇرۇق گەپ
مۇنەززە — پاك، ساپ
تەۋ ئەمان — قوش كىزەك
كۇزەن — ياۋا ئىشەك
ئەتئەمە — يىمەكلىكلەر
شۇبۇھات — گۇمانلىق نەرسىلەر
يەيۋەند — ئۇلىماق، ياماماق، ئۇلاشماق
قۇرسى توقاچ — يۇمۇلاق توقاچ
ئەۋقات — ۋاقىتلار
ئەتۋار — ئەخلاق، قىلىق
توسان — ئات ۋە هايۋانلارنىڭ كوندۇرۇلمىگىنى
مەهمىز — ئاتنى چاپسان يۈرگۈزۈش ئۇچۇن ئۇتۇككە بىكىتىلگەن
غىدىقلىغۇچ
تۇرفەتۇلئەين — كوز يۇمۇپ ئاچقۇچە
تۇلى ئەمەل — ئۇزۇن ئارزۇ
مۇكەددەر — كوڭۇل تۇتۇقلىغى، قارىلىغى
لەهن — ئاۋاز، ئاهەڭ
مۇسافىرەت — مۇساپىرلىق
ئاتىل — بوش، بىكار، ئىشى يوق
تەهاشا — تارتىنىش
بەرراق — پارىلداق، يالتىراق
سەۋاب — ئەجرى
كاملان — مۇكەممەل ئىشلار
رەئا — يايلاق، ئوتلاق
كەلىسا — خىرىستىيانلار ئىبادەتخانىسى
ناقۇس — خىرىستىيان ئىبادەتخانىلىرىدىكى كارناي
سىمائى — ئىشتىلىشى
بۇت سۇجۇدى — بۇتقا چوقۇنۇپ باش ئۇرۇش
مۇسهەف ئەۋراقى — قۇرئان ۋەرەقلىرى
دەير ئوتى — ئوتپەرەسلەر بۇتخانىسىدىكى ئوت
كۇفر دۇدى — كافىرلىق تۇتۇنى
تەفرىقە — بولۇنۇش
مۇغ — بۇت، بۇتخانە
شەرارە — ئوت ئۇچقۇنى
قەبرىسەرمەنزىلىن — گور بېشى ئورنى

گېلە — پادا (چارۋا پادىسى)
ساھىب سەرىر — تەخت ئىگىسى، تەختتە ئولتۇرغۇچى
ئەنقا — سۇمۇرۇغ
مەئسىيەت بەھرى — گۇناھ دېڭىزى
لەۋسى جۇرم — گۇناغا بۇلغۇنۇش
مەزرەئ — زىرائەت ئېتىزى
خۇشە — بۇغداي ۋە باشقا زىرائەت باشقى
داس — ئوغاق (ئوراق)
رەھا — قۇتۇلۇش، ئازات بولۇش
تائىب — گۇناھدىن توۋە قىلغۇچى
كەتان — كەندىر، زىغىر قوۋزىغىدىن ئىشلەنگەن رەخت
لەھۋ — بىھۇدە، ئويۇن كۇلكىلىك ھەركەت
سەرھەڭ — ئوفىتسىر
ئەخلاقى زەمىمە — پەس، يامان ئەخلاق (يامان قىلىق)
بى ئىنتىباھ — ئاگاھلانمىغان، غەپلەتلىك ئادەم
تەۋقىئ — پادىشاھ، ھۆكۈمەت باشلىغىنىڭ ئىمزاسى
غايىتى — ئاخىرى، ئىنتىھاسى
ئازنەھايىتى — ئارزۇ، ئۈمىتنىڭ ئاخىرى
زال — قېرى ئادەم، ئىرانلىق مەشھۇر رۇستەمنىڭ دادىسىنىڭ
ئىسمى
مۇستەۋلى — ئۈستۈنلۈك قىلىش، ئىستىلا قىلىش، ئىشغال قىلىش
ۋەرتە — قايىنام، ئوركەش
ھاياتى جاۋىدانى — مەڭگۈ ھايات
ئىرانلار — ئەركەك، مەردانە كىشىلەر
راھى مۇنىف — خەۋپلىك يول
ئۇقبا — ئاخىرەت، قىيامەت كۈنلىرى
سەۋاھىل — دېڭىز، دەريا قىرغاقلىرى (ساھىللىرى)
سىۋاد — يۇرت، مەملىكەت
قۇربەتى — يېقىنلىغى
بەلاھەت — ئەخمەقلىق، نادانلىق
مۇنئېكىس — ئەكس ئەتتۈرگۈچى، ئەتۈر
نامەرئى — كورۇنمەيدىغان يەر، نەرسە
مەقسەدى ئەقسا — يىراقتىكى مەقسەت
مۇمكىنات — كائىنات، مەۋجۇدات (ئالەم)
مۇئاۋىزە — تېگىشىش، ئالماشتۇرۇش

سۇر — توي، سورۇن
مەدەر — چالما، يەر
كا-لا — ئۆي جاھازىلىرى، بىسات
لابۇددى — زورۇر
پىش — ئالدى، ئالدىنقى
پۇرئاسەب — قورقۇنچلۇق
نائازمۇن — سىنالمىغان، تەجرىبە قىلىنمىغان
مۇجەللا — رۇشەن، نۇرلۇق، ئاشكارا
مۇرلەك — توكۇر چومۇلە
سەگبان — ئىت باققۇچى خىزمەتكار
گىتى فەرۇز — جاھاننى يورۇتقۇچى چىراغ
شىناۋەر — سۇ ئۈزگۈچى، سۇچى
زەۋاھىر — روشەنلىكلەر، ئۇستۇنلۈكلەر
زەيلى — ئېتەكى، داۋامى
رەيب — گۇمان، شۇبھە
خارىج — تاشقىرى، تېشى
مىنھاج — يول
سۇننەت — يول، ئاداۋەت، ياخشى ئىش
زات شىمال — سول تەرەپ
زات يەمىن — ئوڭ تەرەپ
مەنەسسە — ئاشكارالىنىش ئورنى، كېلىننى يەڭتەكەشتە ئولتۇرغۇزۇپ تەنە-تەنە قىلىدىغان تەخت
مەبل مېتىن — مۇستەھكەم تاناپ، ئارغامچى
رۇكن — تۈۋرۈك، ئاساس
خىزر چەشمەسى — ئابىھايات بۇلىقى
سەرشار — قاچىنىڭ لىپپىدە تولىشى، تولۇپ تېشىشى
ستۇن — تۈۋرۈك
ئەمنىيەت — ئامانلىق، تېچلىق
مەھفەل — خەلقلەرنىڭ يىغىلىشى، يىغىن
ھەيۇلا — چارپاي، ھايۋان
ئەۋرەك — تەخت
بىۋەزەن — تول خوتۇن
زەررىن لىگام — ئالتۇن يۈگەن
جىلاۋ — ئات-ئۇلاغنىڭ چۇلۋۇرى
سۇتۇر — توگە

ئاۋان — هوكۇمەت، ئەمەلدارنىڭ دورغىسى
ئەتئەمە — يىمەكلىكلەر
ئەشرەبە — ئىچىملىكلەر (تاماق، شاراپ)
باردار — يۇك كوتەرگۇچى، هامىلەدار
ساتىن — ئۇستۇن، يۇقورى
بۇرهانى قاتىن — قەتئى، كەسكىن هوججەت
هاۋادىس — هادىسەلەر، ۋەقەلەر
هەققۇناس — خەلقنىڭ هەققى
مەزلۇم — زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى، ئاجىز
كۇ - يىكۇ — يولمۇ - يول، كوچىمۇ - كوچا
سۇ - يىسۇ — تەرەپمۇ - تەرەپ
ئەنجامى — ئاقىۋىتى، ئاخىرى
ئەدل ئاياغى — ئادالەت ئايىغى
ئەييار — جاسۇس، هىلىگەر
سىهىر — جادۇ، گىپنۇسلۇق
سامىرى — ئىسرائىلىيە قەۋمىدە بىر جادىگەر
شەب — پالەچ
ئەمامە — سەللە
تەزۋىر — هىلە - مىكىر
پىچى — ئوراۋ، خوتۇنلارنىڭ باش - بەدىنىنى ئورىغان پىچىسى
سەيهە تارى — تەسۋىسىنىڭ يىپى
لۇئاب — ئېغىزدىن ئاققان شال
زەرق — نەيرەڭ، ئالدامچىلىق
رىۋ — ئالدامچىلىق، هىلىگەرلىك، كوز بوياش
ئۇزلەت نىشىن — كىشىلەردىن ئايرىلىپ بىر جايدا يالغۇز ئولتۇرۇش
خىلۋەت گۇزىن — ئادەم يوق يەردە ئولتۇرۇشنى خالاش
مۇراقىبە — بېشىنى مۇرىسىگە يۇلەپ ئولتۇرۇش
ئۇجب — كىبىر قىلىش، ئوزىنى چوڭ - ئۇلۇغ هىساپلاش
مەهاسىن — ساقال - بۇرۇت
نەيسان — باهار يامغۇرى
بۇخل — بېخىللىق، خەسىسلىق
ئىتلاف — هالاك قىلماق، يوقاتماق
مۇهمىق — هەقلىق
ئىفرات — بىر ئىشتا چېكىدىن چىقىرىۋېتىش
بەزل — ساخاۋەت
هەككاك — تاش قىرغۇچى، تاشچى

رەۋغەن — ياغ
فەتىلە — پىلىك
مەغىلان — تىكەن
خارخارى — تىكەننىڭ ئەندىشىسى
چەشنى ئام — ئاممۋى زىياپەت
مەتبەخ — ئاشخانا
نەكبەت — جەۋر — جاپا
مىھەن — مىھنەت، جاپا
مۇنئىم — نىمەتدار، باي، سېخى
ئاياغ — قاچا، ئاياق، پىيالە-جام، قەدەھ
فەرق — پىشانە
ئايرۇ — ئايرىلىپ، ئايرىپ
تەۋازۇئ — كەمتەرلىك
قانىئ — قانائەت قىلغۇچى، قانائەتچان
تامىئ — تاماخور، ئاچكوز
كەددى يەمىن — ئەمگەك قىلىش
ئەرەقى جەبىن — پىشانە تېرى
ۋارىد — كوشكۈچى، رىۋايەت قىلىنغان...
مەرغۇب — رىغبەتلىك، يارامىلىق
مەخزەن — خەزىنە، ئامبار
بوغۇ شاخى — بۇغا مۈڭگۈزى
مەزەللەت رىھى — خارلىق شامىلى
مەھمەل — نەفە (مەفە)
مۇئەببەد — ئەبەدى، مەڭگۈ
جەلال — ئۇلۇغلۇق
گۇلبەن — گۈل قاچىسى
مەھابەتى — ھەيۋىتى
ئىكسىر ئەھمەر — قىزىل خىمىيە
باسىرە — كوز، كۈرگۈچى
جان سپارلىغ — جاننى تاپشۇرۇش، جاندىن كېچىش
خۇددامىلىغ — خادىملىق، خىزمەتكارلىق
فەتھى ئاقالىم — ئالەمنى ئىشغال قىلىش، ئازات قىلىش
رەزم — جەڭ
پاداش — مۇكاپات، جازا
مۇھتەرىق — كويدۇرگۈچى

AltunOq

ۋەراسەت — مىراسخورلۇق
مەيكەدە — مەيخانە، ئىچكۈلۈك ئۆي
ساكى — قاتارى، يولى
تارىم ئەخزەر — كوك گۈمبەز (ئاسمان)
دۇرراج — كەكلىك
ئەسەد — ئارسلان
جەهل — بىلىمسىزلىك، نادانلىق
سەرى — يەر - زىمىن
ئىنبسات — خوشاللىق
ئۇريان — يالىڭاچ
رۇتبۇللىسان — تاتلىق سوزلىمەك
لەۋس — چىركىن، پاسكىنا، بۇلغانغان
نازىم — شائىر
مائانى دۇرلىرى — ئىلىم گوهەرلىرى
بىدەرەڭ — توختاۋسىز، ئىككىلەنمەي
مەي ياقۇت رەڭ — قىزىل هاراق
سەهاب — بۇلۇت
نەفئى رەسان — مەنپەئەت يەتكۈزگۈچىلەر
ئەرەقى پىشانە — پىشانە تېرى
ئىدبار — بەختسىزلىك، ئىستىقبالسىز
دۇررى ناب — تولغان گوهەر
بەرى — بىزار، پاك
شەئبەدە — ئويۇن، هىلە - نەيرەڭ، سېرىكچىلىك
خۇر — قۇياش
تاس — داس، تەشتەك
ئىنان — ئات - ئۇلاغنىڭ تىزگىنى
مۇقەييەد — بەنت قىلىنغان، بېكىتىلگەن ئىش، نەرسە
شۇخ ئەفزا — شوخلۇق ئارتتۇرغۇچى
تەهى دەست — قولى قۇرۇق، كەمبەغەل
بەر — قۇرۇغلۇق، يەر شارى
تەر — هول، كوكۇرۇپ تۇرغان ئوسۇملۇك
كۇس رەهىل — كوچۇش ئۇچۇن، چېلىنغان ناغرا - دۇمباق، ئۇلۇم خەۋەرلىرى، هەربى يۇرۇش بەلگىسى
تەلەهھۇف — ئەفسۇس، پۇشايمان، قايغۇ قىلماق
ئەتفال — باللار

ھەملە — ھۇجۇم
زەمىرى — كوڭلى، قەلبى
رىند — مەيخۇر، ھاياسىز، لۇكچەك
ئىشتىھال — ئوت ياقماق
سائىل — سوئال سورىغۇچى، تىلەمچى
سوھان — ئىگەك
چېغىر — هاراق - شاراپ
دەغا — هىلىگەر، هارامزادە
غەزا — غازات، كۇرەش، جەڭ
سەلاھ — جەڭ قۇرالى
مۇبارىز — تاقابىل تۇرغۇچى، جەڭگىۋار جەڭچى
ئەمتارى — يامغۇرلىرى، سۇ تامچىلىرى
نەزاھەت — پاكلىق، يامان ئىشلاردىن يىراقلىق
كۇلەھ پۇش — كۇلاھ كەيگۇچى، دەرەخلەرنىڭ چېچەكلەش ئالدىدىكى غۇنچە پومزەكلىرى
بەرۇدەت — سوغاقلىق، سوغاق ھاۋا
تەنەززۇل — پەسكە چۇشمەك، پەسەيمەك
سەيخۇخىيەت — قېرىلىق
مەغبۇن — سودا - تىجارەتتە زىيان تارتقۇچى
نوھ ئۇمرى — ئېيتىلىشلەرچە نوھ پەيغەمبەر 950 يىل ئۇمۇر كورگەن. بۇ، ئۇزۇن ئۇمۇر سىمۇلى بولۇپ قالغان
سەئىد ئەكبەر — «مۇشتەرى يۇلتۇزى» — بەخت يۇلتۇزى
خال — ئانىنىڭ بىر تۇققانلىرى
ئەم — ئاتا (دادا) نىڭ بىر تۇققانلىرى
كۇللى — ھەممىسى، بارلىقى
خەملىق — ئىگىلىش
غەرەر بولماق — مەغرۇرلانماق
باش ئىندۇرسە — باش ئەگسە
ئىقامەت — تىك تۇرغۇزماق، تۇرماق
شەمم — پۇرىماق، خۇشپۇراق ئېلىپ كەلمەك
گەران — ئېغىر، ئېغىرلىق
لەڭگەر — كېمىنى دېڭىز، دەريادا جىم تۇرغۇزۇش ئۇچۇن تاشلانغان تاش، تومۇردىن ياسالغان ئېغىرلىق ئاسما
تەنەئئەمات — تۇرلۇك ناز - نېمەتلەر
ھەيسىيەت — جەھەت، سەۋەپ

تەۋەققۇ — ئۇمىت، ئارزۇ
غەزال — كىيىك، جەرەن
مۇتەدرى زامان — زامانىنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلىشى
راھەت ئەفزا — راھەتنى ئاشۇرغۇچى، كۆپەيتكۈچى
گۈل بەرگى تەك — گۈل يوپۇرمىغىغا ئوخشاش
نەشاتى ئىش — راھەت - پاراغەت خوشاللىغى
ئىشرەت ئەييامى — ئىشرەت كۈنلىرى
زابانى ھال — ئىچكى، روھى ھالىدىكى تىلى
گۆيا — سوزلىگۈچى
سەبئە سەييارە — يەتتە پىلانىت
كارفەرما — ئىش بۇيرۇغۇچى
مۇرەسسە — ياسالغۇچى، تەييارلانغۇچى
مۇتەررەھ — تۈزەلگۈچى
شاكىر — شۈكىر قىلغۇچى
پەدەرۇد — خوشلاشقۇچى، ۋىدالاشقۇچى
ئىختىتام — تۈگۈتۈش، ئاخىرلاشتۇرۇش
ئىتمام — تاماملىماق، تۈگەتمەك
رەقەم سۈردى — يازدى، بۇيرۇق قىلدى
خۋابگاھى — ئۇخلايدىغان ئورنى
تەكرار اسىدا — باراۋىردە
مەھەللات — مەھەللىلەر
كوي — كوچا، يول
ھەد — چەك، دائىرە
زائىق — تىتقۇچى
مۇجاھىدات — جىددى جەھەت
ئىھتىمام — ئەھمىيەت، ئىتىۋار بەرمەك
خۇرد — لايىق، سازاۋەر
قۇت — ئوزۇق، يىمەكلىك
چەكتى — ئىچتى، جاپا چەكتى، قىلدى، ماڭدى
بۇزۇغ سارى — ۋەيرانە، خارابى تەرەپ
كاش — كاشكى، ئۈمىتكى
سالار — باشلىق، سەركەردە
مۇھتەشەمەم — ئابرۇيلۇق، ھەشەمەتلىك
ئىفتىشاش — ئاختۇرۇش، تەپتىش قىلىش، ئىزدەش
مۇتتەكا — تايانچى، يۆلەنچى

هەممام — مۇنچا
ئوز مەھرىمى — ئوز رەپىقسى، خوتۇنى
تەلاق — ماڭماق، ئەرخوتۇننى نىكاھ ئەمرىدىن چىقىرىپ قويۇپ بەرمەك
نەفر — ۋاقىرىماق، كارناي چالماق
مەكرەمەت — ئۇلۇغلۇق
ئەلهاسىل — سوزنىڭ خۇلاسىسى، قىسقىسى
مۇهتەرىز — ئوزىنى ساقلىغۇچى، ئېھتىيات قىلغۇچى
بەندە — قۇل
فەرسەخ — بىر فەرسەخ 7 كىلومېتىرلىق مۇساپە
دەۋران بىسۇكۇن — زامان تۇراقسىز
دۇشمەن قەۋى — دۇشمەن كۈچلۈك
تالئ زەبۇن — بەخت تەلەي ئاجىز
سايەئى ئۇمىد زائىل — ئۇمىت سايىسى يوقالغان
ئافتابى شەۋق گەرم — ئىشتىياق، ئارزۇ قۇياشى قىزىق
رۇتبەئى ئىدبار ئالى — بەختسىزلىك، ئىستىقبالسىزلىق مەرتىۋىسى ئالى
پايەئى تەدبىر دۇن — تەدبىر - چارە دەرىجىسى پەس
ئەقل دۇن — ئەقل پەس
سەدائى تەئنە — تاپا - تەنە ھاقارەت ئاۋازى
بەلاي ئىشق — ئىشقنىڭ بالاسى
دانىش بىسەبات — بىلىم تۇراقسىز، مۇقىم ئەمەس
دەۋلەت ۋاژگۇن — بەخت - ئىقبال تەتۇر
سۇخەنچىنلار — چېقىمچى، سوز توشۇغۇچىلار
قەيددە بەند — تۇرمىسدا بەنت
زار نەژەندە — بىچارە، زارلانغۇچى
سۇبھى سەھايىفى — تاڭ — نۇر سەھىپىلىرى
ئەۋراقى — ۋەرەقلىرى
مۇكەللەل — كوركەم، بېزەكلىك
شام رەسائىلى — كېچە - قاراڭغۇ بىرۇشورىلىرى
سەتھى — يۈزى، تۈزلىگى، مەيدانى
مىشكىن — ئىپارلىق، ئىپار پۇراقلىق
ئەتمان — قىلمايمەن، ئەتمەيمەن
ئىمداد — مەدەت - ياردەم بەرمەك
مۇئتەرىز — نارازلىق، قارشىلىق قىلغۇچى
تەرجىھ — قوللىغۇچى، قۇۋەتلىگۈچى
كافۇرى لىباس — ئاق كىيىم

سۇرەئى ۋەللەيلى — قۇرئاندىكى ۋەللەيلى سۇرىسى
سەيرى سۇلۇك — "تەرىقەت ئەھلى" نىڭ مەشغۇلىيەت يولى
مايە — ئەسلى، ماددىسى
سۇۋەيدا — قاراڭغۇلۇق
بىلمان — بىلمەيمەن
ئىرسى — مىراسى، مىراس قالغان
رۇجۇئ — قايتىش
فاقە — يوقسۇللۇق، كەمبىغەلچىلىك
نەدىم — شاھ، ھوكمرانلارنىڭ يېقىن ھەمسوھبەت
ئادىمى، مەسلىھەتچىسى
زەربەفەت — ئالتۇن زىپلىق توقۇلما رەخت
گۇنبىزى زەررىن — ئالتۇن گۇمبەز
ھۇللە — تون چاپان، كىيىم
ساغەرى ئىيش — راھەت - خوشاللىق شارابى
جامى مۇسەئفەر — سېرىق رەڭلىك شاراب
تۇكتە تەرازلىق — ناتىقلىق، سوزمەنلىك
ئافتاب كۇررەسى — قۇياش شارى
خازىن — خەزىنىچى
ۋەزارەت — ۋەزىرلىك
ئەييارلىغ — جاسۇسلۇق، مەككارلىق
مۇباھات — ئىپتىخار، پەخىرلىنىش
بى ۋەھشەت — خەۋپسىز، قورقۇنچسىز
سىم — كۇمۇش
تەئدادى — سانى، ھىساۋى
تەئەققۇل — ئەقلىگە ئىلىش، پىكىر قىلىش
ئەۋھامى — خىيالى، تەسەۋۋۇرى
مۇبەررا — يىراق، پاك، تاشقىرى
تەھى — قۇرۇق، بوش
چەرخى رەفىئ — ئىگىز ئاسمان
جىددى جەھەد — تىرىشىش، ھەركەتلىنىش
مەتلۇب — تەلەپ قىلىنغان، ئۈمىت قىلىنغان نەرسە
مۇسەممەن — سەككىز بۇرجەكلىك
رۇبئى مەسكۇن — يەر شارىنىڭ قۇرۇغلۇق قىسمى
قەلب رۇي ئەندۇد — يۈزىگە بىرىلگەن يالغان سىر، پەرداز
زەر خالىس — ساپ، راس ئالتۇن

AltunOq

مۇفت — بىكار، بەدەلسىز، پۇلسىز

نەشەست — ئولتۇرماق

شەبىھى — ئوخشىشى، تەڭدىشى

ئەندۇد — سۇۋاش، سىرلاش

ئەھلى سەنەم — بۇتپەرەسلەر

ئىۋەز — بەدەل، ئالماشتۇرۇش، تېگىشىش

ئىستىقبال قىلدى — ئالدىغا چىقتى، كورۇشتى

تۇدەما — پادىشا ۋە بۇيۇك كىشىلەرنىڭ ھەمسوھبەت مەسلىھەتچىلىرى

ئەتراك — غانجۇغا

تىرياك — ئەپىيۇن

دارىسسەلتەنەت — ھوكۇمەت پايتەختى، ئوردىسى

سەرھەد — چېگرا

سۇپەھر تەمسال — ئاسمانغا ئوخشاش

ئەرسە — مەيدان

كاشفى ئەسرار — ئىچكى سىرلارنى ئاچقۇچى

پىرى كاردان — ئىش بىلىدىغان قېرى ئۇستاز

ھەمۇل — ھەم ئول

مەتلەئى ئەنۋار — نۇر مەنبەئى

قەرن — زامان (بىرقەرنى 30 يىل)

چابۇكسۋار — چاپسان، تېز يۇرۇشلۇك

دەست دارازلىق — قول ئۇزۇتۇش

قەسر دەۋرىدە — ساراي، ئوردا چورىسىدە

مەقفەل — قۇلۇپ سېلىنغان (قۇلۇپلانغان)

چەرخى نىلگۇن — كوك ئاسمان

بەدكار — يامان قىلمىشلىق

زەۋج — ئەر، جۇپتى

شەۋھەر — ئەر

خەسم — دۇشمەن

رەزم — جەڭ، ئۇرۇش

قەتران — قاراماي، تېرەك يېلىمى

زەڭگى قەتران — قارا زەڭگى (نېگىر)

مائانى — مەئنىلار

مىرئاتى جاھاننامە — ئالەمنى كورسەتكۈچى ئەينەك

ئاقىبەتۇلئەمر — ئىشنىڭ ئاقىۋىتى

راجىئ — قايتقۇچى

زىددانى لايەجتەمەئان — بىرلەشمەس ئىككى زىددىيەت، قارشىلىق

خىلاف ۋاقىئ — ئەمەلىيەتكە قارشى
گۇنە - گۇنە — خىلمۇ - خىل، رەڭمۇ - رەڭ
مىزەبان — ئۆي ئىگىسى، ساھىبخانە
لەئلى فام — ياقۇت رەڭلىك
زىللى ئىلاھ — تەڭرى سايىسى
مۇرتىبشى — بەرگۈچى
كەئس — پىيالە، قاچا
لىجام — يۈگەن
ئىتىزار — ئۆزرە ئېيتىش، ناماقۇل بولۇش
فۇلك — كېمە
زۇدا - زۇد — تېز - تېز
مىلھ — تۇز
سەرپۇش — ئېغىزى، قاپقىسى
خىنگگى — ئات
ھارامى — قاراقچى، ھارامدىن تۇغۇلغان بالا
نەقىد — نەقدىنە پۇللار
ھەمل — كوتەرمەك
ئۇستۇۋار — تىكلەش، تۇرغۇزۇش، قۇرۇش
سەف شىكەن — سەپنى يارغۇچى، پالۋان، قەھرىمان
رەھزەن — قاراقچى
زەۋرەق — قېيىق، يەلكەن
دىدەبان — كۆزەتكۈچى، ماراقچى
ئەشجار — تۈرلۈك دەرەخلەر
ئەسمار — مېۋىلەر
ھەدىقە — باغ، باغچا
خار - خار — غەم - قايغۇ، ئەندىشە
باد مۇخالىف — تەتۈر شامال، بوران
ئەشك لەگگىرى — كوز يېشى ئېغىرلىغى (كوپلىگى)
مۇئەببىر — چۈشكە تەبىر بەرگۈچى
جابىر — زالىم
ھۇش تەركىن قىلدى — ھۇشىدىن كەتتى
گۇلخەد — گۈل يۈزلۈك
ھەمقەد — بوي تۇرقى تەڭ
مەھەللى مىئاد — ۋەدىلەشكەن ئورۇن
مەئبەر — ئوتەر يول

ئەبۇر — ئۆتمەك
مۇلاقات — ئۇچراشماق
مازى مۇستەقبەل — ئۆتمۇش، كەلەچەك
نەخچىر — ياۋا ئىشەك، ئوۋ
كەمىن — بىر تەرەپ، يوشۇرۇنتوپ تۇرۇش
لەيل — كېچە
ئەۋھام ئۇخرىۋى — ئاخىرەتنىڭ غەم — قايغۇسى
مۇقبىل — بەختىيار، سائادەتلىك ئادەم
مۇزىر — زىيانكەش، يامان ئادەم
كەسالەت — ھورۇنلۇق، تەييارتاپلىق
بەلاھەت ئەسەر — ئەخمەقلىق ئەسرى بار ئادەم
سەمۇم — زەھەر
زەھەر ئالۇد — زەھەرلەنگەن نەرسە
ئەزابى ئەلىم — قاتتىق، ئېغىر ئازاپ
دەشتى ھەمىم — ئوتلۇق باياۋان
ئەمۋاج كولدكى — دەريا دولقۇنى
ئىستدئا — دۇئا تىلەش
ئىستىمداد — مەدەت، ياردەم تىلەش
ئىفرات — بىر ئىشنى چېكىدىن چىقىرىۋېتىش
تەفرىت — بىر ئىشنى چېكىدىن چىقىرىپ ئىسراپ قىلىش
جۇد — ئاچلىق، ئاچ قېلىش
ئەندامى — تېنى، بەدىنى
ھەرىر — ئىپەك، ئەۋرىشىم
غۇت — سۇغا چومۇش
سۇداﺋ — باش ئاغرىقى
مۇداۋا — داۋالىماق، شىپالىماق
ئەملاك — مۈلكلەر
ئەھسا — ھېساپلاش، چىكىنى بىلىش
تائۇن — ۋابا، يۇقۇملۇق ئاغرىق
مەنۋال — ۋاقىت، چاغ
چۇغىز — ھۇقۇش

# "نەسرى مىرزا مۇھەممەد ھۇسەين بەگ" دىن

## سەددى ئىسكەندەر

مولla سىدىق يەركەندى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇقېيىم خوجا

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن:

«نەسرى مىرزا موھەممەد ھۇسەين بەگ» — يەركەنلىك ئەدىپ موللا سىدىق يەركەندىنىڭ يىرىك ئەسىرى، ئەدىپ بۇ ئەسىرىدە شائىر ئەلىشىر ناۋايىنىڭ داستانلار سىكىلى «خەمسە»نى ھېكايىلەشتۈرۈپ، ئۇنى نەسرى شەكىلدە تۈزۈپ چىققان. بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا ئەينى زامانىدىكى يەركەن ھوكۇمدارى مىرزا مۇھەممەت ھۇسەين بەگ بۇيرىغاچقا، ئۇ ئەسەرگە «نەسرى مىرزا مۇھەممەد ھۇسەين بەگ» دەپ نام بەرگەن. كىتاپنىڭ يېزىلغان ۋاقتىنى ئەسەرنىڭ ئۆزىدىن ئېنىقلىغىلى بولىدۇ. موللا سىدىق يەركەندى ئۆز ئەسىرىدە «نەسرى مىرزا مۇھەممەد ھۇسەين بەگ» دىگەن نامنىڭ ئۆزىدىن ئەبجەد ھېساۋى چىقىدىغانلىغىنى، بۇ سانىنىڭ ئەسەرنىڭ يېزىلغان يىلى ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە ئەسكەرتكەن. يۇقۇرقى نامنى تەشكىل قىلغان ھەرپلەرنى سانغا ئايلاندۇرساق: ن — 50، ث — 500، ر — 200، م — 40، ى — 10، ر — 200، ز — 7، ا — 1، م — 40، ح — 8، م — 40، د — 4، ح — 8، س — 60، ى — 10، ن — 50 بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى قوشساق 1228 بولىدۇ. دىمەك ئەسەر ھىجرى 1228 - يىلى (مىلادى 1813 - يىلى) يېزىلغان.

ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر ئەلىشىر ناۋايى دەسلەپ ئۇيغۇر چاغاتاي ئەدەبى تىلىدا «خەمسە»نى يارىتىپ، تارىخىي خاراكتېرلىق بوسۇش ئېلىپ بارغان ئىدى. ئۇنىدىن كېيىن، نۇرغۇنلىغان ئەدىپلەر ناۋايىنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇنىڭ يولى بىلەن مېڭىپ، كوپلىگەن نادىر ئەسەرلەرنى يارىتىشتى. لېكىن، بۇ ئەسەرلەرنىڭ مۇتلەق كوپچىلىگى يەنىلا شېئرىي ئۇسۇل بىلەن يېزىلغان ئەسەرلەر بولىدى. ئەدىپ موللا سىدىق يەركەندى باشقىچە يول تۇتۇپ، زامانىسىدىكى ئەدىپلەر ۋە كەڭ خەلق كوپچىلىگىگە چۈشىنىشلىك بولسۇن ئۇچۇن، ئەلىشىر ناۋايىنىڭ «خەمسە» سىنى چۈشىنىشلىك ۋە راۋان تىل بىلەن ھېكايىلەشتۈرۈپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى گۈلزارلىغىدا يەنە بىر پۇراقلىق گۈل ئېچىلدۇردى.

موللا سىدىق يەركەندى بۇ نەسرى ئەسرى ئۈچۈن، «خەمسە» دىن «بەھرام»، «پەر-هات-شىرىن»، «لەيلى-مەجنۇن»، «سەددى ئىسكەندەر» داستانلىرىنى تالللىۋالغان، «خەمسە» دىكى «سەبئى سەييارە» داستانى ئورنىغا بولسا، ئەلشىر ناۋايىنىڭ «مەنتىقۇتتەيىر» (قۇشلار تىلى) ناملىق ئەسىرىنى نەسرىلەشتۈرگەن.

«نەسرى مىرزا مۇھەممەد ھۆسۈيىن بەگ»نى ئەدىپ ئۈستۈن ماھارەت بىلەن ئىجادىي رەۋىشتە تۈزۈپ چىققان. ئەسەردە ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر جانلىق تىلىنىڭ لېكسىكىلىق ئالا-ھىدىلىكلىرى تولۇق ئەكىس ئەتتۈرۈلگەن. ئەسەردە يەنە قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىغا مەنسۇپ بولغان سۆزلەرمۇ ئۇچرايدۇ، شۇڭا ئەسەر ئۇيغۇر پىروزىسىنىڭ شەكىللىنىش تارىخىدىن تاشقىرى، تىلشۇناسلىق تەتقىقاتىدىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. جانلىق ۋە چۇچۇك رومان تىلى، ئوتكۇر كىنايە ۋە گۈزەل تەسۋىرلەر، شۇنىڭدەك چوڭقۇر مەنالىق جۈملىلەر بىلەن يېزىلغان بۇ ئەسەر ئۆز دەۋرىدىكى ۋە ئۇنىدىن كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئۇيغۇر پىروزىسىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىغا چوڭقۇر تەسىر كورسەتكەن. ئەسەرنىڭ ئاخىرىغا يەنە ئەدىپنىڭ بىر مۇنچە ساقىنامىلىرى ۋە غەزەللىرى قوشۇمچە قىلىنغان.

ئەسەرنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلىنىۋاتقان قولىيازما نۇسخىسى 1861-يىلى يەركەن شەھىرىدە كوچۈرۈلگەن بولۇپ، قولىيازما 1930-يىلىدىن تارتىپ يەركەندىكى «ئالتۇن دەرۋازا» مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسى ئابدۇۋەلى خەلپىتىم دىگەن كىشىنىڭ قولىدا ساقلىنىپ كەلگەن. بۇ قولىيازما ئۇ كىشىگە ئاتىسىدىن قالغان ئىكەن. قولىيازما 1957-يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي ئىختىيارىغا ئېلىنغان.

قولىيازمىنىڭ بويى 34.5 سانتىمېتىر، ئېنى 25 سانتىمېتىر، قېلىنلىغى 8 سانتىمېتىر بولۇپ، قاتتىق كون بىلەن مۇقاۋىلانغان. قولىيازما 431 ۋاراق (861 بەت) باش-ئايىغى تولۇق، خېتى ئېنىق ۋە ئوبدان ساقلانغان.

مەن بۇ قېتىم «نەسرى مىرزا مۇھەممەد ھۆسۈيىن بەگ» كىتاۋىدىن «سەددى ئىسكەندەر» داستانىنى نەشرگە تەييارلىدىم. داستانىنىڭ ۋەقەلىك قۇرۇلمىسى ماھىرانە ئويۇشتۇرۇلغان، ئىپادىلەش ۋاستىلىرى خىلمۇ-خىل، مەزمۇنى قىزىقارلىق، تىلى ناھايىتى گۈزەل، داستاندا، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن (ئالېكساندىر ماكېدونىسكى) نىڭ تۇغۇلۇشى، ئوسۇپ-يېتىلىشى، ئاتىسىنىڭ شاھلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئەلنى باشقۇرۇشى ۋە ئۇنىڭ دۇنيا-نىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا قىلغان ھەيۋەتلىك يۈرۈشلىرى ھېكايە قىلىنىدۇ. ئەسەردە ئىسكەندەرنىڭ شاھلىق سالتەنەتى، ئەسەرنىڭ ۋەقەلىگە قاتناشقان شاھزادىلەر، مەلىكىلەر، سەركەردىلەر، ۋەزىرلەر، دانىشمەنلەر ۋە چەۋەندازلارنىڭ ئوزلىرىگە خاس خۇلقى-مىجەزلىرى، كەسكىن ۋە شىددەتلىك جەڭلەر، ھەربى قائىدىلەر، ھەرقايسى ئەل قوشۇنلىرىنىڭ قورال-ياراقلىرى ۋە ۋە جابدۇنۇشلىرى تەپسىلى تەسۋىرلىنىدۇ. ئەسەرنىڭ ئاخىرىدا، ئىسكەندەرنىڭ ئۆز يۇرتى — رۇمغا قايتىش سەپىرىدە يول ئۈستىدە ۋاپات بولغانلىغى بايان قىلىنىپ، ئەسەر تاماملىنىدۇ.

مەن داستانىنى نەشرگە تەييارلاشتا، ئۇنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا ئاغدۇرماي، بەلكى ئەينى ئوقۇلۇشى بويىچە ترانسكرىپسىيە قىلدىم، ئەسەرنىڭ ئاخىرىدا لۇغەت بەردىم. مەن

بۇنىڭدا، ئەسەرنىڭ ئەسلى نۇسخىسىنى كەڭ كىتاپخانلارغا ۋە تەتقىقات خادىملىرىغا
يەتكۈزۈشنى نەزەردە تۇتتۇم.

**بۇ گەۋھەر ئەفشانلىقدىن چۈن ئۇلۇغ مەقسۇد تارىخ ئىلمى مەخزەنىغە ۋۇقۇف تاپ-
ماقلىق ۋە بۇ جەۋاھىر ئەفشانلىقدىن كۆڭلى مۇراد سەلاتىن مازىيە ھالاتى مەكشۇف بولماق
ئېرۇرلەر. ئول جەھەتىدىن مولۇككىم، تورت تەبەقە ۋاقىئەدۇرۇرلار. ئۇلار ئەھۋالىدىن
ئەجمال تەرىقە بىرلە ئىختىسا ئىتىلدى ۋە ئەۋۋەلقى تەبەقە پىشدادلەر دۇرۇرلەر، پىش نىھاد-
لەر ئىشلارىنىڭ شەرھىن قىلماق.**

ئەمما تارىخ ئەھلىنىڭ مۇھەققىق نىگارەندەسى ئەنداغ رەقەم چېكەتىكىم، ھەز-
رەتى ئادەم ئەلەيھىسسەلام خەلافەت سەرىرىدە مەقام تۇتقاندىن تا شاھ مەككى لەقەب ۋە رەسۇ-
لى ئەجەم، ئەرەپ ئەنبىيالار شاھى لەدۇنى ئىلمىنىڭ ئاگاھى رەسۇلى ئىمىن سەييىدۇل
مۇرسەلىن ۋە ھەزرەتى مۇھەممەد مۇستافا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانلارىغىچە
پادىشاھلارنىڭ ئاراسىدا بولغان ۋاقىئەنى تەھقىق قىلماق ئۇچۇن تەۋارىخلارنى ئوقۇماققە
بىسىيار مايىل بولۇپ، ئانداغ تەھقىق بولدىكىم، ئەجەم پادىشاھلارىدىن تورت تەبەقە
زوھۇر تاپىپدۇرلەركىم تارىخ تەھرىرىنى رەقەم چەككەن مۇھەققىقلار ئۇلارنى مۇلۇكى ئەجەم
دەپ بىتىدىلەر. ئەگەرچە ئول تەۋەرىخلاردا ئىختىلاف باردۇر. ئانى مەئاف تۇتتىلەر، ئانىڭ
ئۇچۇنكىم ھەۋادىسات مۇختەلىفە بۇ دەۋراندىن يۈزلەنگەن سەبەبدىن تەۋارىخلەرغە فۇتۇر
ۋاقىئ بولۇپ، نۇقسان تاپىپدۇر ۋە لېكىن تەۋارىخ ئەھلىنىڭ كىتابەت ئەخبارلەرىدىن ھەز-
رەتى شەيخ نىزامىنىڭ تەۋارىخى مۇئتەبەردۇر. مەن ئۆزگەلەرنىڭ تارىخى بىلەن شەيخ
نىزامىنىڭ تارىخىنى رۇبەرۇ قىلىپ، بۇ تارىخنىڭ فەھرەستىنى رەقەم چېكىپ، ئەجەم پادى-
شاھلارىنىڭ تورت تەبەقەسىنى سابىت قىلىپ تارىخقە ئالدىم. ئەمما ئەۋۋەلقى تەبەقە ئەجەم
پادىشاھلارىنىڭ لەقەبى پىشداد دۇرلەر، ئىككىنچى تەبەقەنىڭ لەقەبى كىيانى دەرلەر،
ئۇچۇنچى تەبەقەنىڭ لەقەبى ئەشكانى دۇرۇر، تورتۇنچى تەبەقەنىڭ لەقەبى ساسانى بولۇپ-
دۇر. ۋە لېكىن پىشدادلار ئۇن بىر كىشى ئىلگەرى سەلتەنەت سۈرۈپ، تەخت ئۈزرە ئەدل-
ئېھسانىنى پىشە قىلىپ، ئاجىز ۋە بىچارەلەرغە دادىنى بەردىلەر. ئۇلارنىڭ پىشۋاسى كىيو-
مەرس ئېردىكىم، بۇ جاھاننى ئانىڭ دەبدەبەسى تۇتۇپ ئالەمنى ئاباد قىلدى. لېكىن ئانىڭ
كىيەدۇرغان لىباسى ۋەھشى ھايۋاناتلارنىڭ تېرەسى ئېردى. ئاندىن كېيىن ھوشەڭ جاھاز-
دار بولۇپ، تاج بىرلە تەخت ئانىڭدىن زىننەت تاپىپ، ئالەمنى ئاباد قىلدىكىم، دانالىقدا
ئانىڭ بارابەرىدە كىشى يوق ئېردى. ئول ھەم بۇ بىۋافا ئالەمدىن كېتىپ، تەھمۇرەس
پەيدا بولۇپ، ئانداغ يەخشىلىق قىلدىكىم، ئالەم ئەھلى ئۇمىد بىلەن ئاڭا كوڭلىنى باغ-
لەدىلەر. يەنە نىشاپۇر شەھرى ۋە مەرۋى شەھرى، سىفاھان شەھرىلەرىدەك كوپ شەھەر-
لەرنى بۇ ئالەمدە بەنا قىلىپ، ئابادلىقغە يەتكۈرۈپ، يولغە كىردى. ئانىڭ ئارقاسىدىن
جەمشىد ئالەمغە رەخش سۈرۈپ، تەختگىرلىق قىلىپ، تاج بەخشلىكىنى ھەم نە ھايەتىغە
يەتكۈزۈپ، خەلايىققە بىسىيار مەنفەئەتلەر بېرىپ، غەرىب ئەمرلەرنى يوق قىلىپ،
بۇ دەھرنى ئاباد قىلىپ يانغاندىن كېيىن، زوھاك شاھلىقنى ئىزھار قىلىپ، خەلايىقلارنىڭ
قاننى توكمەكدە ئاۋا قىلمادى. نەچە كۈن ئانىڭ جاھاندارلىقى نەمۇدار بولۇپ، پات پۇر-

سەتدە ئانىڭ يانار چاغى بولۇپ كەتتى. ئاندىن كيىن ئەفرىدۇن ئانداغ ئافاق گىر بولدى-كىم، ھەممە ئافاق ئاڭا پەزىر بولۇپ، باشىغە تاج كىيانى كىيىپ، زەرفۇش كاۋىيانى ئاڭا لۇتف ئىلاھى بىلەن مۇيەسسەر بولدى. ئاندىن كيىن مەنۇچىھرە ئانىڭ مەقامىدا ۋەلى ئەھد بولۇپ، ئانداغ سەلتەنەت سۇردىكىم، بۇ چەرىخ كۇھەننىڭ تاقى ئاڭا مەسەندگاھ بولۇپ، دەريايى فراتنى ئول پەيدا قىلىپ، ئاقىتىپ باغ-بوستانلارنى سەبزە ۋە خۇررەم قىلدى، ئانىڭدىن كيىن نەۋدەر بۇجاھاندىن نەۋا تۇتۇپ، جاھان مۇلكىگە فەرمان رەۋاندلىقىنى قىلىپ، بى نەۋالارغە ئامان بەردى ۋە لىكىن بۇ ئالەمى غەددار ئانىڭ مۇرادىنى رەۋا قىلماي ۋەفا قىلمادى. كەتكەندىن كيىن ئەفراسياپ شاھلىق قىلىپ، ئالەمنى زۇلۇم بىرلە ۋەيران قىلىپ، ئانىڭ زاماندا ئاباتلىق ئاز ئىردى. ئانى ھەم بۇ چەرخ ئاباد قويماي يوق قىلدى. ئانىڭدىن كيىن توھماستىنىڭ نوبىتى زاھىر بولۇپ، فەلەكدىن ئانىڭ چەتىرىنىڭ بەلەندلىگى ئۇتۇپ، تەخت تاجىنىڭ رەۋاجى ئاڭا مۇسەللىم بولۇپ، يەتتە يىللىق خىراجىنى ئالەم ئەھلىغە باغىشلاپ، بۇ ئالەمدىن كەتتى. ئاندىن كيىن بۇ دەۋرانگىر شۇستىدىن زىبۇ-زىنەت تاپىپ، فەلەك تەۋسەننى ئۇزىگە رام ئەيلەپ، لىكىن ۋەقت يەتكەندە ئول ھەم بۇ سارايىدىن خىرام ئەيلەپ كەتتى. بۇ بارچە پادىشاھلەر بۇ جاھانىنىڭ سەرەفرازى ئىردىلەر. نەچە كون سەرەفرازلىق قىلىپ ئاخىرىلىشۇمۇر بۇ ئالەمدىن بارچەسى فەند يەپ كەتتىلەر.

ساقىنامە:

كەتۇر ساقى ئول جامى — جەمشىدى ساز،
كى قىلغاي جاھاندىن مەنى بى نىياز.
چۇ يوق شاھلىق رەسمى ئاگاھلىق،
ئىرۇر مەيدىن ئاگاھلىق-شاھلىق.

مۇغەننى ئەجەم ئىچرە تۇتغىل نەغەم،
سىغۇر ئاندا زىكرە مولۇكى ئەجەم.
ئۇلار پىشداد ئىركەنىن ياد قىل،
ماڭا سەن داغى تەركى بىداد قىل.

ناۋايى ئەجەپ يەرگە يەتمىش سوزۇڭ،
نە ئەلدۇد بۇلار خود بىلۇرسەن ئۇزۇڭ.
ئەدەب بىرلە شاھانە ساغەر سۇمۇر،
دىماغىڭ چۇ گەرم ئولدى ئەفسانە سۇر.

ئىككىنچى تەبەقە كىيانىلار دۇرۇرلار. ئۇلارنىڭ ئالى تەختىلەرىن ۋە كىيانى تاج-لارىن باشدىن ئاياغىچە دىمەك.

ئول مۇھەققىق تارىخدان بۇ سوزنى ئىپتىدا ئەيلەپ، فارس پادىشاھلارنىڭ تارىخىنى بۇ نەۋئ ئادا قىلدىكىم، ئىككىنچى تەبەقە كىيانى ئىردىلەر، ئالەمدە ئۇلاردىن خۇبلۇق

زاهىر بولدى. بۇلارنىڭ بۇرۇنقىسى كەيقۇباد ئېردىكىم، خىرەدمەندلىكدە ئالى مەرتەبە ئېردى. رۇستەم ئانىڭ ۋەقتىدا نەۋجۇۋان يىگىت ئەردىكىم، كەيقۇبادنىڭ ئالدىدا فەهلىۋان يۈرۈر ئېردى، ئىككىنچىسى كەيكاۋۇس هەممە ئافاقنى مۇسەخخەر قىلىپ، توقۇز فەلەكنىڭ تەسخىرىغه هەم تەمەئ تۇتار ئېردى. ۋە ئانىڭ سپەهدارى توس كودەز ئېردىلەركىم، سياۋۇشغه ئاتەشپەرەستلىك ئوتىنى يورۇتتىلەر. ئۇچۇنچى كەيخسرۇ نىيەتىنىڭ پاكلىقىدىن جاهان ئەهلىغە كەدخۇدا بولۇپ، ئالەم خەلقىنى ئاباد قىلدى ۋە ئانىڭ سپەهدارى توس ۋە كودەز ۋە كيۇ، فەرامرز، زال، رۇستەم ئېردىلەر. تورتۇنچى لەهراسب جاهان ئۈزرە شاه بولۇپ، تەخت گاهى بەلخ شەهرى ئېردى. پات پۇرسەتدە ئانىڭ كوزلەرى تيرە بولدى. لەشكەرىنىڭ سەردارى بەختنەسر ئېردى. بەشىنچى كشتاسب مۇلكى ئۈزرە هوكمەنى جارى قىلدى ۋە لىكىن زەرەشتنىڭ دىنىغە كىرىپ، ئاتەشپەرەست بولدى. ئالتىنچىسى بەهمەن مۇلك ئۈزرە قارار تۇتۇپ، زالالەت ئوتىدىن شەرارەنى ئوچۇرۇپ، زابىلىستانغه فۇتۇر سالىپ بەيتۇلمۇقەددەسغه فۇتۇر بەردى. ئول هەم بۇ ئالەمدىن ئىنتىقال قىلىپ كەتتى. خودايى تائالا ئانىڭ مەملەكەتنى قىزىغە بەردىكىم، ئانىڭ ئاتى هوماي ئېردى، بۇ يەتتىچسدۇر. تەۋفىق ئىلاهى ئاڭا مەدەتكار بولۇپ، نەچچە يىلغىچە سەلتەنەت ئاڭا توختادى. ئاڭا هەم بۇ ئالەم ۋەفا قىلماي كەتتى. سەككىزىنچى داراغە بۇ ئالەم ئىنتىقال قىلىپ، ئانداغ شاهىنشاهى بولۇپ ئېردىكىم، ئانىڭ شىۋەسى ئەدلى ئىهساندىن ئۆزگە يوق ئېردى. جاهان ئەهلىنى قەيدىغە ئالىپ هوكۇمەت سۇردى. توقۇزۇنچى ئانىڭ ئوغلى دارايى دارا ئىدىكىم، ئانىڭ ئارقەسىدىن ئالەمغە ئارايىش بېرىپ ئاباد قىلدى. ۋەزىرى ئول شاهغە خەشمناك بولۇپ، قەسد بىلەن شاه دارانى هالاك قىلدى. ئىسكەندەر هەم ئانىڭ ئەسرىدە فەرمان راۋا بولۇپ، گەردۇنغە ئەلەمنى چەكتى. لىكىن، بۇ شاهلارنىڭ زىكرىدە ئىسكەندەرنىڭ قىسسەسىغە شەرۇئ قىلماغۇمدۇر. ئىنشائ ئاللا ئۆز ئورنىدا بايان قىلىنۇر ۋە لىكىن بۇ توقۇز پادشاه كيانىلاردىن كىم، ئۇلارنىڭ هوكۇمتى فەلەك گەردىشغە يېتىپ، ئاخىر هالدا قارا يەرگە كىرىپ قارار تاپتىلەر.

ساقىنامە:

ئاياقچى مەيى دوستگانى كەتۇر،
تولا ئەيلە جامى كيانى كەتۇر.
كى دەۋرانگە ئەينى ئولمىش جەفا،
نى كەيكا نى داراغە ئەيلەر ۋەفا.
مۇغەننى تۇزۇپ نەغمەئى پەهلەۋى،
سەرۇدى ئانىڭ بىرلە چەك مەئنەۋى.
بۇ شەهلەركى نەزم ئىچرە قىلدىم ساۋاد،
سۇرۇدۇڭ ئاراسىن داغى ئەيلە ياد.
ناۋايى مەي ئىچ، بول داغى رەهشۇناس،
بۇ شەهلەردىن ئەت ئۆز ئىشىڭنى قياس.

جاھاندارلەرنى جاھان قىلسە پەست،
تاپا ئالماغايمۇ گەدالارغە دەست.

ئۈچۈنچى تەبەقە ئەشكانى لاردۇرۇركىم، ئۇلارنى مۇلۇكى تەۋايەف ھەم دەپ تۇرۇرلار، ئۇلار ھالاتىن داستان سۇرمەك.

ئەجەم پادىشاھلارىنىڭ داستانىنى ئول مۇئەررىخ ئانداغ رەقەم چەكتىكىم، ئۈچۈنچى تەبەقە ئەشكانى پادىشاھلار ئون توقۇز كىشى بار ئېردىكىم، بارچەسى ئالەم ئىچرە سەلتە-نەت سۈردىلەركىم، تەۋارىخلەردە مەستۇردۇركىم، بۇلارنى مۇلۇكى تەۋايىف ھەم دەرلەر. ئۇلارنىڭ بىرى ئەشك دارا ئېردىكىم، شەۋكەتىنىڭ تولاسىنى ئاشكارا ئېتىپ، نەچچە كۈن زۇلۇم قىلىپ، ئەدلى قىلماقغە ھەم كوڭۇل بېرىپ، جاھان مۇلكى بىرلەن خەيربادلاشىپ كەتتى، يەنە بىرى ئەشكان داراغە جاھان قالغاندا، خەلايىقنىڭ كوزىدىن زۇلۇمنى پىنھان قىلدى. يەنە بىرى ئەشك ئەشكاغە بۇ جاھان مۇسەخخەر بولغاندا، ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھىسسالام ئول ئەسرىدە زۇھور قىلىپ ئېردىلەر. يەنە بىرى بەھرام شاپۇرغە بۇ ئالەم فەرمان تۇتقاندا، جاھاننىڭ ھەممەسى ئانىڭ ئەدلىدىن بەھرەمەند بولۇپ ئېردى. يەنە بىرى يەلاش ئىبنى بەھرام سەلتەنەت سەمەندىنى سۇرگەچ فەلەك بۇرجىغە كەمەند سالىپ، مەھكەم قىلۇر ئېردى. يەنە بىرى ھورمۇز ئىبنى يەلاش بۇ جاھانى تەسخىر قىلغاچ ئادالەت قىلماقنى دەھر ئىچرە ئاشكارە قىلدى. يەنە بىرى نەرس ئىبنى يەلاش جاھان تەختىنى ئالىپ، نەچچە كۈن كامىران بولۇپ ئۆتتى. يەنە بىرى فىرۇز ھورمۇزغە تاج-شەۋكەت قالغاچ ھەممە تاجۇەرلەردىن خىراج ئالىپ ياندى. يەنە بىرى يەلاش ئىبنى فىرۇز جاھان مۇلكىنى بىلگەندە، شاھلارنىڭ بارچەسى ئانىڭ مەملىكەتىدىن فەخرى قىلدىلەر. يەنە بىرى خىسرۇ ئىبنى يەلاش شاھ بولغاندا، يەر يۈزىنى ئانىڭ لەشكەرى تۇتتى. يەنە بىرى يەلاش، يەلاش شالىق قىلغاندا، ھېچ كىشىنىڭ ھەددى بولمادىكىم، ئانىڭ بىرلە يۈرتنى تالاشقاي. يەنە بىرى ئەردۇۋان يەلاش جاھاندار بولۇپ، بۇ ئالەمنى ئالغاندىن كېيىن، بۇ فەلەك غەددار ئانىڭ قىلىچىنىڭ بىسىنى ھەم ياندۇردى. يەنە بىرى ئەردۇۋان ئىبنى ئەشقان ۋەلى ئەھد بولۇپ، زامانە ئانىڭ ئۇززىنى قىلۇر ئېردى. يەنە بىرى گودەرز ئەشقان جاھاننى ئوز تەسەررۇفىغە كەلتۇرۇپ، تابىئ قىلغاندا، بۇ دەۋران ۋەفا قىلماي جەفا قىلدى. يەنە بىرى تەيزى گودەرز شاھ بولۇپ بۇ چەرخى كۆھەن ئاڭا مەنزىلگاھ بولۇپ ئۆتتى. يەنە بىرى گودەرز تىرى بۇ جاھاننىڭ ئۇلۇغى بولۇپ، قابىغۇلۇق ئالەمدە زاۋال تاپىپ ياندى. يەنە بىرى شاھ ئەردۇۋان ئالەم يۈزىنى تۇتقاچ بۇ چەرخ كەج رەفتار ئانى چىقاردى.

ئەلقىسسە، بۇ شاھلارغە ھاياتلىق باقى بولماي جاھان سەلتەنەتىنى بېرىپ، بۇ فەلەكى غەددار پات-پۇرسەتدە ياندۇرۇپ ئالدى.

ساقىنامە:

كەتۇر ساقى ئول ساغەرى لەئلى رەڭ،
ئاڭا دەۋرىدە زاھىر ئەتمەي دەرەڭ.

چۇ يۇقتۇر دەرەڭكى فەلەك جامىغە،
كوڭۇل قويمە ئاۋاز ئەنجامىغە.
مۇغەننى بۇ شەھلەرگە چەكتىم تەراز،
ئۇلەر يادىغە نەغمە چەك دىلنەۋاز.
كى نەغمەڭ بىلە بىر قەدەھ نۇش ئېتەي،
دەمى نۇكتەدىن تىلنى خامۇش ئېتەي.
ناۋايى بۇ شەھلەركى كوردى جاھان،
بۇكۈن بارچە تۇفراغ ئارادۇر نىھان.
چۇ بارىغە قول يان ئەزىمەتدۇرۇر،
زامانى خۇش ئۇلماق غەنىمەتدۇرۇر.

تورتۇنچى تەبەقە ساسانىلار ئېردىكىم، جاھان مۇلكىدە جاھانلىق قىلدىلەر رەبئى مەسكۇن مەمالىكىنى بىلدىلەر.

سوز خىرمەنىنىڭ دېھقانى نەۋا ساز بولۇپ، بۇ تارىخنىڭ سوز رىشتەسىنى بۇ نەۋئ باغلادىكىم. تورتۇنچى تەبەقە ساسانىدۇرلاركىم، بۇ شاھلارنىڭ بارچەسىنىڭ قەدرى فەلەك مانەند سىپاھلارنىڭ ئەدەدى يۇلدۇزلاردىن زىيادە ئېردى. ئەلھال بۇلارنىڭ قارارگاھى ئەدەم بولۇپدۇر. بۇ تەبەقە شاھلارنىڭ ئەدەدى يىگىرمە توققۇزدۇر. ئەردەشىر ئىبنى بابەك ئېردىكىم، بەئزى خەلايىق ئانى ئەۋلىيالاردىن دىدىلەر. يەنە بىرى شاھپۇر ئىبنى ئەردەشىر ئېردىكىم، شاھلار ئىچرە كارۋان ۋە دىلاۋەر ئېردى. ئول ھەم بەقا مۇلكىگە خىرام قىلدى. يەنە بىرى ھورمۇز ئىبنى شاھپۇر ئاتاسىنىڭ يېرىدە قايىم مەقام بولۇپ ئوتتى. يەنە بىرى بەھرام ئىبنى ھورمۇزغە تاج شاھى كىيىپ، جاھان ئىچرە ئەدلىدىن رەۋاج تاپتى. يەنە بىرى بەھرام ئىبنى بەھرام جەددى جەھد بىرلە بۇ دەھرنى مۇسەخخەر قىلىپ، فەرمانىغە كەلتۇردى. يەنە بىرى بەھرام ئىبنى بەھرام شاھ ئالەم بولۇپ، بۇ دەھر ئىچرە كام تاپىپ، ئاخىرى ھالدا ناكام بولۇپ ئوتتى. يەنە بىرى نەرسىنى بۇ چەرخ گەردۇن ئەزىز قىلىپ، ئاخىرى ھالدا ئەدەم تەرەفىگە سەمەندىنى سۇردى. يەنە بىرى ھورمۇز ئىبنى نەرس بۇ ئالەمغە ئەلالە سالىپ، قەدرىنى فەلەكدىن ئاشۇرۇپ ياندى. يەنە بىرى شاھپۇر ئىبنى ھورمۇز كۇچ تاپىپ، سىپاھلار بىلەن بۇ ئالەمغە شور سالىپ كەچتى. يەنە بىرى ئەردەشىر ئىبنى ھورمۇزغە تەگرى تەئالادىن ئىئانەت يېتىپ، شاھلىق مەرتەبەسىغە يەتتى. يەنە بىرى شاھپۇر ئىبنى شاھپۇرغە بۇ ئافاق فەرمانىغە كىردى. يەنە بىرى شاھپۇر ئىبنى بەھرام لەشكەر تۇزۇپ، جاھاننى ئالىپ، ئەيشى جامىنى قولىغە كەلتۇرۇپ نۇش ئەيلەدى. يەنە بىرى فىرۇز ئىبنى يەزدجەرد ئەيىش جامىنى قولىغە ئالىپ، بۇ جاھاندىن ئەدل ئىنساف بىلەن ئوتتى. يەنە بىرى يەلاش ئىبنى فىرۇز ئانداغ شاھ بولدىكىم، ئادالەت بىرلە ئالەمنى ئاباد قىلىپ كەتتى. يەنە بىرى قۇباد ئىبنى فىرۇز ھەم بەزمىنى تۇزۇپ، بۇ چەرخ ئىچرە تەخت سەلتەنەت مۇزەييەن ئەيلەپ، ئاخىرەت سارايىغە ئەزم قىلدى. يەنە بىرى جاماست ئالەمگىر بولۇپ، جاھانغە ئەدل ئىنساف قىلىپ، باغۇ-بوستان

قىلدى. يەنە بىرى نۇشىرۋان ئىبنى قۇباد تەخت سەلتەنەتنى قولىغە ئالىپ، بۇ دەھىر ئىچرە داد ئەدلىنى زاھىر قىلىپ ياندى. يەنە بىرى ھورمۇز ئىبنى نۇشىرۋان جاھاننى قولىغە ئالىپ، جاھان جىسمىنىڭ روھىنى تازە قىلىپ يولغە كىردى. يەنە بىرى پەرۋىز ئىبنى ھورمۇزغە بۇ چەرخ ياۋەرلىك قىلىپ، ئانىڭ زامانىدا دىيارلار، يۇرتلار شاد بولۇپ ئۆتتى. يەنە بىرى شەرۋىيە سەلتەنەت تاپىپ، ئاداۋەت تىغىنى سۇرۇپ، ئەزىز خەلقلەرنى خارۇ زەبۇن ئەيلەپ كەتتى. يەنە بىرى ئەرداشىر شاھ بولۇپ، ئانىڭ خونرىزلىقى ۋە قەھرىمانلىقىدىن جاھان ئەھلى زەبۇن بولۇپ، قەھرىغە مۇپتىلا بولۇپ ئېردى. يەنە بىرى كەسرى ئىبنى ئارسلان جاھان تەختىگە زەفەر تاپىپ، ئەدەم مۇلكىغە ئەزم قىلدى. يەنە بىرى كەسرى جاھاندار بولۇپ، ئانىڭ دەفسرى گەردۇندىن ئۆتۇپ، ئاخىرى ھالىدا قارا يەرگە كىردى. يەنە بىرى پەرۋىزنىڭ قىزى بۇ ئالەمدە تەخت نىشىن بولۇپ، ئالەم ئەھلىغە غالىپ بولۇپ ئۆتتى. يەنە بىرى پەرۋىز ئىبنى بەھرام جاھاندار بولۇپ، سەلتەنەت بەزمىدە بىر قولىغە تىغىنى ئالىپ، يەنە بىر قولىغە ئىشرەت جامىنى تۇتۇپ، گۇزەر قىلدى. يەنە بىرى ئازەرم گەرد ئافاقنى مۇسەخخەر قىلىپ، تۇراننىڭ مەسەندىدە تەخت نىشىن بولۇپ ئۆتتى. يەنە بىرى فەررۇخ كىشۋەر ئىچرە تەخت نىشىن بولۇپ، ئانىڭ تەبئى دانالىقىدىن ئەدل قىلماق خۇاھىش قىلدى. يەنە بىرى يەزىد جەرد جاھان مۇلكىنى ئالىپ، ھوكم ئالىنى سۈرۈپ، لەقەبىنى شەھرىيار دىدىلەر.

ئەلقىسسە، ھەر بىر پادىشاھىكى جاھان مۇلكىنى تەسەررۇپىغە كەلتۇرۇپ، خۇرسەند بولۇپ مۇتەغەييىر بولادۇرغان خۇرسەندلىغىدىن غۇرۇر ھاسىل قىلىپ، جاھان مۇلكىنى ئۆز مۇلكۇم دەپ گۇمان قىلىپ شاد بولماق ھامان، كەتمەك ھامان ئېردى.

نەزم:

قايۇ بىركى مۇلك ئالدى تاپتى سۇرۇر،
مۇبەددىل سۇرۇرىغە بولدى غۇرۇر.
جاھان مۇلكىن ئۆز مۇلكى قىلدى گۇمان،
گۇمانى ھامان ئېردى كەتمەك ھامان.

بۇ بىۋاپا جاھان ناپايداردىن قۇتۇلۇپ، دەھىر بۇقەلەمۇننىڭ ئازارىدىن نىجاد تاپىپ كەتتىلەر. جاھان مۇلكى ھەم بارچەلەردىن قالدى.

ساقىنامە:

ئاياقچى ماڭا جام شاھانە تۇت،
تۇگەلگەن سارى تولدۇرۇپ يەنە تۇت.
چۇ كەتكۇم دۇرۇر دەھىر بەزمى قالىپ،

كېتەر بارى كاممنى مەيدىن ئالىپ.
مۇغەننى سۇرۇد ئەيتىبان ئۇد تۈز،
ۋەفاسىز جاھان بىرلە پەدرۇد تۈز.
چۇ كەتمەكلىك ئاندىن ئېرۇر ناگەزىر،
دە ىن خۇش دىل ئولماق ئېرۇر دىلپەزىر.
ناۋايى بۇ يەتكۈلۈغ ئىمىش دەھىر ئىش،
كىشى ھەرگىز ئاندىن ۋافا كورمەمىش.
كىشىلىك بۇدۇركىم، ئۇنۇتساڭ ئانى،
چۇ تەركىڭ قىلۇر تەرك تۇتساڭ ئانى.

**ئىسكەندەر داستانىنىڭ ئاغازىكىم ھەق ئەنجامىغە يەتكۇرگەي ۋە تارىخىنىڭ ئىنتىاھى كىم تەگرى ئىختىتامى رەقىمىن سۇرگەي ۋە ئانىڭ نەسەبىدە ئىختىلاپكىم تائرىخ ئەھلى قىلمىشلار ۋە ئول ئىختىلاپنى رەفئى يەتمىپ، ئەھلى تەھقىق ئىش ھەقىقەتىن بىلمىشلەر ۋە مەلىك فىلقۇسنىڭ دارىلبەقاغە كەتكەنى ۋە ئىسكەندەرنىڭ مۇلكى فانى تەختىن مەقام ئەتكەنى**

ئول رۇمى تىراز نەقشىنىڭ نىگارەندەسى تارىخ پەردەسىنى ئاچىپ بۇ نەۋئ راز كورسەتكىم، بۇ پادىشاھلارنىڭ تورت تەبەقەسىكىم مەزكور بولۇپدۇر. بۇلارنىڭ دەۋرلەرى تورت مىڭ ئۈچ يۈز ئوتتۇز ئالتە يىل ئۇن ئايغىچە جاھاندارلىق ۋە كىشۋەر كوشالىق بىلەن ئوتتى. بۇ مۇددەتنىڭ ئىچىدە مىڭ بەش يۈز يىل زامانە ئەھلى ئامانلىق تاپىپ فەرمان تۇتتىلەر. بۇ پادىشاھلارغە ئانداغ بىر ئىش نەسىب بولمادىكىم، كوڭلى خۇاھىش قىلغان ئىشلارنى ھاسىل قىلىپ ئەنجام تاپقايلار. لېكىن، ئول شاھى يەزدان پەرەست ئىسكەندەرغە بۇ جاھاندا ئاز ۋاقىت ئىچرە ئانداغ ئىشلار مۇيەسسەر بولدىكىم دېيىلگەندە مەفھۇم بولغاي. تەگرى تەئالا ئانىڭدەك كىمەرسەنى خەلق ئەتمەپدۇر. لېكىن، ئانىڭ زاتىنىڭ ۋەسفىنى مۇجمەلەن بايان ئەيلەپدۇرمەن ئەمدى مۇپەسسەلەن ئىسباتىغە ئالۇرمەن. ئول پادىشاھلار مەكتۇب بولغان تورت تەبەقەنىڭ ئىككىسىدىن كېيىن ئىسكەندەر زۇھۇر تاپىپدۇر. چىنانچە كىيانىلەر بىر-بىرىنىڭ ئارقاسىدىن كەتكەندىن كېيىن، داراغە بۇ جاھان قالىپ، تەخت بىرلە تاج ئاڭا مۇباھات قىلىپ، شاھلار ئاڭا باج بېرۇر ئېردىلەر. ئوشۇلزاماندە رۇمنىڭ پادىشاھى فىلقۇس ئېردىكىم، ئانىڭ پاك زاتى سۇفاتلارى بىلەن مالائىك يەتكۈلۈغ ئېردى. ئەلقىسسە، ئول نەزم ئەھلىنىڭ شاھى شەيخ نىزامى فىلقۇسنىڭ سەرگۈزەشتىدىن ئاگاھ ئېردى. تەسنىف قىلغان كىتابىدا بۇ يەتكۈلۈغ داستان مەرقۇم قىلدىكىم، فىلقۇسنىڭ نەسلى فەرزەندى يوقلۇقىدىن بۇ ئالەم ئىچرە ئانىڭ مۇرادى بىر فەرزەند ئېردى. بۇ سەۋدا ئانىڭ جىسمىغە پېچ سالىپ، ھەرگىز ئول تەمەنناسى كوڭلىدىن چىقماس ئېردى. بىر كۈن شىكاردىن كوڭلى خۇش بولۇپ، تەرەپ بىرلە شەھەر تەرەپىگە ئەزم قىلىپ، ياناشىدا يول ئۇزرە بىر ۋەيرانەنى كوردىكىم، فەلەكنىڭ زۇلمىدىن ئول ۋەيرانەنىڭ تاشى خەستەلەر كوڭلىدەك سۇنۇق، ئىچى ماتەمزادەلەرنىڭ خاتىرىدەك بۇزۇق ئېردى. ئول مەلىك فىلقۇس بۇ ۋەيرانە ئىچرە

بى‌ئىختىيار ئاتىنى سۇرۇپ كوردىكىم، ئاندا بىر ھامىلە خاتۇن تۇغۇپىدۇركىم، جىسمىدا
رۇھىنىڭ ئەسىرى يوق ئىردى. تۇغۇلغان ئوغۇل بالاسى ئالدىدا زارلىق بىلەن ياتىپ، گاھ-
گاھ يىغلاغان ئۇنىنى چىكىپ ياتۇر ئىردى. ئاناسىنىڭ رەھلەت بولغان كۇنى كەچ بولغۇنچە
ئوغۇلنىڭ يىغلاغان ئۇنى كەلگەندە، مەئلۇم بولۇر ئىردىكىم، ئاناسىنىڭ ماتەمىنى تۇتۇپ يىغ-
لايدۇر. فىلقۇس ئۇلارغە نەزەر سالغاندا، كوڭلىگە ئوت تۇشۇپ بويۇردىكىم، نەچە زەئىفەلەر
كېلىپ ئول ۋافات بولغان زەئىفەنى غوسىل - تاھارەت قىلدۇرۇپ، ئوشۇل يەردە ئانى دەفن
قىلدىلەر. ئوزى ئول تىفلنى ئىئزاز بىرلە ئالىپ ئويىگە كەلدى. يۇز ناز نىئمەتلەر بىلەن
پەرۋەرىش قىلىپ، ئوغلۇم دەپ ئىسكەندەر ئات قويدى. ئالەمى بەقاغە يۇزلەنگەندە ئانى قايىم
مەقام قىلىپ كەتتى. يەنە ئەھلى تائرىخلارنىڭ مۇھەققىقلارى مۇنداغ تەقرىر قىلۇرلاركىم
ئىسكەندەرنىڭ نەسەبىنى داراغە يەتكۇرۇرلەر. ئانىڭ ئۇچۇنكىم شاھ رۇم قىزىنى داراغە
بەرگەندە، زىبۇ - زىننەت بىلەن تويلاپ دارا ئانى ئەقدىغە ئالىپ، نەيسان بۇلۇتى ئانىڭ
سەدەفىغە دۇررە خوشابنى توككەندىن كېيىن، بىر ئىشنىكىم كورۇپ سىمادارا ئاتاسىغە
ياندۇردى. بىر ۋەقت بولدىكىم، ئول سەدەف دۇررنى زاھىر قىلدىكىم. ئانىڭ سەبەبىدىن
جاھان شەراپەتلىك بولدى. يەنە سوز ئەھلىنىڭ دانالارى زىكىر قىلۇرلاركىم، ئەھلى فە-
رسنىڭ تارىخىدا بىتىپدۇركىم، ئالەمدە ئىككى ئىسكەندەر كېلىپ، بۇ جاھاندا جاھانىدارلىق
قىلدىلار. بىرى ئولكىم دارا بىرلە جەڭ قىلغان، يەنە بىرى سەددى باغلاغان ۋە لېكىن بۇ
زامانەنىڭ دانالارى بۇ قىسسەدىن ئەلگە بەھرە بىرۇرلەر. چىنانچە ئول سافا جامىنىڭ ساقى-
سى ھەزرەت جامى ئەلەيھىررەھمە ئىسكەندەرنىڭ ئەھۋالاتلىرىنى مەئلۇم قىلىپ، نەزمىغە كەل-
تۇرۇپ، تەسنىف قىلىپدۇر. مېنىڭ ھەم مەشغۇللۇقۇم بۇ بارەدىن دىققەتغە كېلىپ، تارىخلار
ئالدىمدا ئىردى. ئىسكەندەرنىڭ ئىختىلاپلارى مېنى لال ئىتىپ، ئاجىز بولغاندا يەر ئۇپۇپ،
ھەزرىتى جامىدىن سوۋال ئەيتىمكىم، ئىسكەندەر ئىككى ئىكەنىنى يا بىر ئىكەنىنى بايان قىل-
غىل، ئول ئىككى ئىسكەندەر دىگەننى رەد قىلىپ دىدىكىم: ئىسكەندەر بىردۇر، بۇ ئىشلار
ئول بىرگە ۋاقىئ بولۇپدۇر. مەشھۇر چىنانچە ئانىڭ بارەسىدىن نەس قاتىئ گۇۋاھىدۇر. ھەز-
رەت نىزامى ھەم بۇ يەڭلىغ ئانىڭ ئاتىنى بايان قىلىپ، ھەزرەت جامى ھەم ئانداغ تەس-
نىف قىلدىكىم، ئىسكەندەر فىلقۇسنىڭ ئوغلىدۇر. بۇ سوز ئەھلى تائرىخنىڭ ئالدىدا راست
ئەمەسدۇر. ۋەقتىكى دىققەت بىلەن ئانىڭ ۋاقىئەسىنى تەھقىق قىلىندى. ئەمدى ئانىڭ ۋاق-
ئەلەرىنى تائرىخ گۇي ئانداغ بايان قىلۇرلاركىم، تا ئالەم ئەھلى ئانىڭدىن بەھرى
ئالغاي.

ئەلقىسسە، ۋەقتىكى، مەلىك فىلقۇس ئىسكەندەرنى تاپىپ، يۇرتنى ئانداغ زىبا ئايىنە
بەند قىلىپ ياساپ، مۇزەييەن قىلىپ بەخشايىش ئىشىكلەرىنى ئاچىپ، توي ئەسبابلارنى
تۇزۇپ شەھانە قائىدەسى بىلەن تەرتىپ بېرىپ، ئىسكەندەرنىڭ جامالىدىن كوزلەرىنى يارۇت-
تى. ئانى ماھافىزەت قىلماقغە كېچە - كۇندۇز ئاگاھ بولۇپ، ھەر سائەت زىيادەراق ئىھتىمام
قىلىپ، پەرۋەرىش قىلماق ئۇچۇن مۇناسىپ غىزالارنى بېرىپ، جان ئىچرە ئاڭا جاي بېرىپ
ئاسرار ئىردى. تا ئانىڭ تىلى تەلەففۇز قىلماقغە دورۇست بولدى. ئول ئىلىم تەھسىل
قىلماقنى ۋاجىپ بىلىپ، يەقۇماس ھاكىمنىڭ ئالدىغە كەلتۇردىلاركى، ئول ئالىم ئىلىم ھىك-

مەتدە مەشھۇر ئىدىكىم، فەلەكىيات سىرىدىن ئاگاھ ئىدى. ۋەقتىكى ئىسكەندەرنىڭ يۈزىگە نەزەر سالسا، ئەينىلىيەقىن ئىلىمدىن خەبەر ئالدى. لېكىن، ئۇل ئالىمنىڭ ئىلمىغە ھېچكىم بارابەر بولماس ئىدى. ئارىستۇ ھەم ئاڭا فەرزەند بولۇر ئىدى. ۋەقتىكى ئۇل ھېكىم دانا ئىسكەندەرنىڭ بەخت-تالىئىغە تەفەككۇر قىلىپ، تەدبىر بىلە ئافەتلەرنى دەفئ قىلىپ، مۇباھات بىلەن ئانداغ تاپتىكىم، ئىسكەندەرنىڭ نەسەبىنى داراغە يەتكۈزۈپ قويدىكىم، ئىلىم دانىش كىتاپلارىدىن ئانداغ تاپتى. ئانىڭ ئۈچۈنكىم بارچە ئىلىملەردە ساھىپ كامال ئىردىكىم، ئانىڭدەك ئالىم كامىل يوق ئىردى. ئانىڭ تەۋەللۇد قىلغان كۈنىنى بىلگەن جەھەتىدىن ئۇزىگە شارافەت بىلۇر ئىردى. لېكىن، فەلەكنىڭ بارچە ھالاتىغە نەزەر سالىپ، يۇلدۇزلارنىڭ سەئد، نەھسىنى بىلىپ، ئىسكەندەرنىڭ تەۋەللۇد قىلادۇرغان تالىئىنى پىتىپ، ئانىڭ ئەئكامىغە ئانداغ رەقەم چەكتىكىم، بۇ تىفلى پاك تىنەت شاھلارنىڭ شاھى بولغۇسىدۇركىم، شەۋكەتى يەتتە فەلەككە يېتىپ، رەفئ مەسكۈننى كېزىپ فەتھى قىلىپ، شاھلار قۇللارنىڭ سانىغە كىرىپ، بويۇنلارىغە فەرمان تەۋقىنى قويغۇسىدۇرلەر. ئانىڭ ھىممەتى سىپەھر ئۈچىغە يېتىپ، فەلەك تاقىدا نەۋبەتىنى چالغۇسىدۇر. ۋەقتىكى ئۇل ھېكىم دانا جەددى-جەھد بىرلە فەلەك مۇشكۇلاتىنى ھەل قىلىپ، بارچە ئەھۋالىنى ھۆكۈم قىلىپ، ئانىڭ ئىقبالىدىن شاد خۇررەم بولۇپ، ئىرشاد لەۋھىنى مۇرەتتەپ قىلىپ، ئىسكەندەرغە تەئلىم بەرمەكنى بۇنياد قىلدى. ھەرقايىسى ئىلمىغە تەئلىم قىلغان زامان، ئىشىتمەك ھامان، بىلمەك ھامان ئابرۇي تەۋەققۇپ قىلماي، تۈرلۈك ئىلىملارنى ئۈگەتىپ، ئانىڭ ئىستىئدادى ئانداغ ئىردىكىم، ئۈگەتكەن ئىلىمدىن ئون بەرابەر ئىلىمنى كەسىپ قىلىپ ئىمكانىنىڭ بارىچە ئىلىمدە بىنەزىر بولدى. مەلىك فىلقۇس باشلىغىن ئىلىملەردە ئۆزگە خەلايىقلار ئانىڭ كامالاتىنى مۇسەللەم تۇتۇپ، دىلاۋەرلىق ئەمرىغە لىياقىنى كوردىلەر. ھەرنىچۈك ئىش سىپاھگەرچىلىككە لازىم بولۇپ، مەنپەئەت يەتكۈزۈپ، دۈشمەنلەر ئۇل ئىشدىن يوق بولغاي، ھۈنەرلەرنى بىلدى. گاھى ئاتلىغ بولۇپ ئالەمغە شورىش سالىپ، پىيادەلىق ھالدا ھەم زور كۈچ ۋەرزىشنى ھاسىل قىلدى. تىرئەندازلىقدا ئوقى ساۋۇتلارنى تارىنى ئۈچۈرۈپ، تەخەييۇل تارىدىن كەرۋەلەرنى ئاچار ئىردى. نەيزەسى يۇلدۇز كوزىنى تىكىپ، بەلكى چەرخى ئەخزەرنىڭ كوزىنى تىكەر ئىردى ۋە ئانىڭ قىلىچى سەنگ خارانى شىكاف قىلغاندە ئىززەتدىن ئۇل قىلىچغە غىلاف بولۇر ئىردى. كەمەندىنى قولىغە ئالغاندە، فەلەك قورغانىنىڭ بۇرچىغە تاشلار ئىردى. ھەرقاچان گۈرزىنى سەنگ خاراغە سالسە، ئۇل قاتتىغ خارالەردىن گەردىنى گوككە يەتكۈرۈر ئىردى. ۋە ئەگەر مەيدان ئىچرە كۈچ رەسمىنى تۈزسە، ئۇلۇغ ئەژدىھالارنى چۈرۈك ئىنىدەك ئۈزەر ئىردى. سىپاھگەرچىلىكنىڭ بارچە ئىشلارىنى بىر يەرگە يەتكۈردىكىم، ئۆزگە خەلايىقنىڭ مۇنداغ بولماقى مۇمكىن ئېمەس ئىردىكىم، ۋەقتىكى ئاتاسىنىڭ ئۆمرى ئاخىرىغە يەتكەندە، قەددىنىڭ ئىگىلگەنىدىن خەلايىق بىلۇر ئىردىكىم، جىسمى تۇپراغ تەرەپىگە مايىل بولۇپدۇر. جىسمىنىڭ زەئىپلىق چاغىدا ئىسكەندەر شاھلىق قىلماقىغە لايىق بولۇپ ئىردى، ئاتاسى تەگرى تائالاغە يۈزلەنىپ تاج-تەختىنى ئىسكەندەرغە تاپشۇرۇپ، ئۆزى ئولتۇرادۇرغان تەختىنى ئاڭا مەقام قىلىپ، ئۆزى تەختەئى تابۇت تەرەفىغە خىرام قىلدى.

ئىسكەندەر ئاتاسىنىڭ ۋاپات بولغانىنى كورۇپ، يىقىن بولىدىكىم جاھاننى تەرك قىلغاي. بۇ نىيەت ئاڭا غالىپ بولغاندە ئاتاسىنىڭ قىلغان ۋەسىيىتى خاتىرىغە كېلىپ ئېيردىكىم، مەملىكەتىمدە بىر بىگانە قويماي شەبىستانىمغە غەيرىدىن كىرمەگەي، ھەرەمەلەرىمغە ھىچ يات غەيرىدىن دەخلى بەرمەسۇنكىم، ئاندا ھايا ۋە شەرم پەردەلەرىمىزنى يىرتمىغاي. مېنىڭ مۇرادىم سېنى ئىستەپ تاپقانىمدىن بۇدۇركىم، ھەرقاچان بۇ ئالەمدىن خەيىر بادلاشىپ كەتسەم، مېنىڭ مەقامىمدا قايىم مەقام بولۇپ ئولتۇرساڭ، تا مېنىڭ نامىم بەرباد بولۇپ بۇزۇلمىغاي. ۋەسىيەتلەر يادىغە كەلگەچ زورۇرەتدىن ئاتاسىنىڭ ھەرەم خانەسىغە پەردەپۇش بولۇپ شادلىق يەتكۇردى. ئانىڭ تەركى دۇنيا بولماقىغە ھىممەتىنىڭ مانىئ بولغانى ئابى زىلالىغە يەلدىن خەس تۇشكەندەك بولۇپدۇر. ئاتاسىنىڭ ماتەمىنى بىر تەرەپ قىلغاندىن كېيىن، تاج بىرلە تەختى ئانىڭ شاراپەت ئاتا تەختىنى مەقام ئەيلەپ، بەزمنى تۈزۈپ، جام نۇش ئەتكەلى ئاھەڭ قىلدى.

ساقىنامە:

ئاياقچى بىرلە ئول جەۋھەر غەمىم زەداي،
دىماغىم زەدا جامى ماتەم زەداي.
كى ئاندىن سۇمۇرسەم غەمىم قالماسۇن،
ئاتا سۇكىدىن ماتەمىم قالماسۇن.
مۇغەننى قىلىپ ساز رۇدى-نىشات،
ئانىڭ بىرلە تۈزگىل سۇرۇدى-نىشات.
كى سۇر تەختدە بولدۇم ئارامى گىر،
بولاي تەھنىيەت بەزمدە جامى گىر.
ناۋايى جاھاننىڭ پەرىبىن يىمە،
خرەد ئالدىدا نەقش زىبىن يىمە.
چۇ دەۋران ئىشى بىھۇ فالىقدۇرۇر.
فوزۇن شاھلىقدىن گادالىقدۇرۇر.

ھۇمايى ھىممەتىنىڭ بەلەند پەرۋازلىغى تەئرىپىدەكىم، جاناھىنىڭ سايەسى قوياشىنىڭ ئەنقاي زەررىن جاناھىغە زولمەت قاپىدا نەشىمىندۇر ئەزم جۇستەلىغى ۋەسفىدەكىم، بىزەنىڭ سىمىن بىزەسىن جاناھى ئاستىغە ياشۇرۇر. ھەر گاداغە ئول سايە تۈشسە، سەلاتىن ئانىڭ گادايى دۇرۇر ۋە شاھدىن سايەسىن ئالسە، گادا ئانىڭ قاشىدا كورۇنۇر.

ھەركىمەرسەكىم، ئانىڭ ھىممىتى بەلەند بولسە، ئالەم ئەھلىنىڭ ئاراسىدا ئەزىز ۋە ئەرجۇمەند بولغاي. ئەگەر بىر قارا مىس پۇلى بولماسا، ھىممەتلىك بولسە، ئانى مۇفلىس دىمەسلەر. مۇفلىس ئولدۇركىم، ساھىپ ھىممەت بولماي، دون ھىممەت بولسا، ھورمەتدىن مەھرۇم قالغۇسدۇر. بۇ ئالەم خەلقىنىڭ رەسىم-قائىدەسى ئانداغ بولۇبدۇركىم

ئەھلى ئىستىغنالەر تەمەئىنىڭ يوقاۋقىدىن ھورمەتلىك بولغۇسىدۇر. ئەرنىڭ ھىممەتلىك بولماقى كىميايىدۇركىم، ئەھلى ساخاۋەتلەر ئاندىن ئىستىبار تاپارلەر. كىمەرسەئىنىڭ ھىممەتى بولماسا، غەنى بولسا ھەم ھورمتى يوقدۇر. كىمەرسەئىى ساھىب خەزىنە بولۇپ دون ھىممەت كەلسە، ئول گەنجنى ساقلاماقدا رەنجدىن ئوزگە ھاسىل قىلالماس، ھەركىم ھىممەت كىمياسىدىن ھۇنەر تاپسە، ئانى ئەل ئىچرە غەنى دىسە بولغاي. ھىممەت ئىستىغناسى ھورمەتغە سەبەبدۇركىم، ئانىڭ ساھىبغە ئىھتىرام قىلسە بولغاي. ۋەگەر بىخىلكىم بىر يارماق توۇگۇپ قويسە، ئاچماقىدىن كوڭلى ۋەھىم قىلىپ بۇگۇن يا تاڭلا ئاچاي دەپ، تۇگۇن ئوزرە توۇگۇن توۇگۇپ ئول تۇگۇننى ئاچماقىدىن ئانىڭ مۇرادى ئوزگە بىر يىراقنى قاتغاي. بەلكى ئاچماقنى خوپ كورمەي، دەرەملەرى ھەرنەچە كوپ بولسە، تۇگۇنلەرى ئاندىن كوپرەك بولغاي، ئەگەر ئاندىن بىر تۇگۇن ئاچاي دىسە، كوڭلىگە يۇز تۇگۇن تۇشكۇسىدۇر. ئانداغكىم ئويۇنچى ئايىغ ئويناپ قولىغە نان كەلسە، ئىمكان ئىمەسكىم ئىتغە سالغاي. قارغا ھەم ياڭاقلاردىن بىر قانچەنى ئوغۇرلاپ ئالسا، يەرگە كومۇپ، ئانىڭدىن بەھرە ئالماغاي. ساچقاننىڭ يەر ئاستىداكى مەخپى ئويلەرىنى ئوغۇرلاپ ئالغان نىمەرسەلەر بىلەن توشقارىپ، ئوزىدىن ھەم ياشۇرۇپ، ئول توئمەدىن مەھرۇم قالغاي. جەئلدىن بىر قۇرتىدۇركىم، تىزەك تاشماقدىن سەرنىگۇن بولۇپ، ئولمەكلىكنى بىلىپ، تىزەكنى تاشلاماي ئات ئاياغىدا يانچىلىپ ھالاك بولغۇسىدۇر، بەس.

دون ھىممەت دەرەمنى سەرف قىلماقنى ئانداغ ئەيىپ كورەركىم، ئەھلى كەرەملەر يىغماقنى ئەيىپ كورگەندەك. ئەھلى كەرەملەر كەرەم قىلماقدىن كىسەلەرنى خالى قىلماق دون ھىممەتلەر ئانى ئەيىپ بىلىپ ئەفسۇس يىمەك، ھىممەت ئەھلىنىڭ ئىشى. كىسەسىدىن دەرەم ئالىپ، ئەلگە بەھرە بەرمەك، ھىممەتسىزلەرنىڭ ئىشى. ئويىدە مەئزەنلەر تۇرۇپ فالاكەت بىلەن ئاچ قالماق، ئۇلار بىلەن موفلىسلارنىڭ فەرقى يوقدۇر. بىخىل لەئىمنىڭ دۇنياسى بولماسا ھىچكىمەرسەدىن ئاڭا ئاسىپ تەگمەس. دۇنياسى بولسا، خالايىق ئاڭا جان دۇشمەنىدۇر. ئانداغكىم، قىزىل تۇلكى يا قارا كىشىنىڭ توۇكى قەتلىنىڭ سەبەبىدۇر.

سەدەق ھەم دۇرلەرنى يىقىقان ئۇچۇن دۇرلارنى ئالۇر چاغىدا، كوكسىنى چاك قىلۇرلار. ھىممەت ئەھلىنىڭ كوڭلىنىڭ كەڭلىقىدىن غەنى بولماق ۋە فەقر بولماق ئانىڭ ئالدىدا تەڭدۇر. ئەگەر بىر گەنج كىشىگە بەرسە پەخرى قىلماس، يوقلۇقدىن بىر يارماق بەرگەلى نۇمۇس قىلماس. لەززەتلىك غىزا يەپ مۇباھات قىلماس. يوغان ئۇماچ تاپسە، غەم يىمەس. ئەمما ئەھلى خىرەدلەر تەئەممۇل بىلەن ئەھلى كەرەملەرنى ئىككى قىسىم تافاۋۇت قىلدىلەر. بىرى ئولدۇركىم، ئەگەر ساخاۋەتلىك قىلىپ، نەقدىنەسىنى كەرەم قىلىپ، خالايىقدىن جاپا يىتىپ، ھەر زامان مالالەت يىتىپ، ئەھۋالىغە خەلەل يۇزلەنسە، كەرەم ۋە ساخاۋەت قىلماقغە قودرتى يەتمەسە، ئانىڭ زاتىدا كەرەملىك ھىممەتى بولسە كوپايەت قىلغۇسىدۇر. يەنە بىرى ئولدۇركىم، كەرەملىكنىڭ ھىممىتى بىسيار ئالىلىقدىنكىم، جاھان ئەھلىنىڭ جەۋرى-جاپاسى ئاڭا كەم بولغاي ئانداغكىم بەلەند پەرۋاز قۇشغە ناۋەك ئەندازلارنىڭ قەسد ئوقى يەتمەس. ئەگەرچە بىخىللار ھەسەد ئوقىنى ئاتماقىدىن ساخاۋەتلىكنىڭ بولۇت ماۋقىنى كويدۇرەلمەسلەر. تىغلى بالا ھەر قانچە پۈۋدىگەن بىلەن

ئەنجوم شەمئىنى ئۇچۇرەلمەس. ۋەگەر يولبارس ئىگىز تاقغە چىقىپ سەكرەپ تولۇنئايغا قول سالىپ ئالالماس. خۇدايى تائالا ھىممەتلىكلەرنىڭ ھىممەتىنى قانچە بەلەند قىلسە، ميهنەتى شۇنچە ئاز بولغاي. كىمەرسەغە ھىممەتى ياۋەرلىك قىلسا، جاھاندارلىقنى تەرك قىلىپ، گادالىقنى ئىختيار ئەيلەپ، فەقىرچىلىقنى فەخرى بىلىپ، جاھاندارلىقدىن نامۇس قىلىپ كەچگەي. فەقر گۇينىڭ گادايىنى گادا دىمەگىل كىم، ئانى خۇداۋەندە ئالەم شاھلارنىڭ شاھى قىلىپدۇر، گادالار پادشاھلىقنى ھەۋەس قىلغاندەك، پادشاھلار گادالىقنى ئىختيار قىلۇرلار. مۇنداغ ئاگاھلىق ھەقتائالادىن ئاتا بولغايكىم، خەلايىق شاھلىقنى قويۇپ، فەقىرلىقنى ئىختيار قىلغايلار. سىدقىنى ھەم مۇنداغ ئەزم ئىنئامىڭدىن مەھرۇم قىلماغايسەن، ئامىن يارەببىل ئالەمىن.

ئىسكەندەر بىلە ئول گادالىق ئىختيار ئەتكەن پادشاھ بەلكى فىلھەقىقە پادشاھلىقغە يەتكەن گادا ھىكايەتكىم، ئىسكەندەر ئانى مۇزەللەت چاھىدىن چىقارىپ، سەلتەنەت تەختىگاھىغە ئولتۇرماقىن ئىستەدى. ۋە ئول تاج تەركىن قىلىپ، باشىدىن تەرك تاجى خىيالىن چىقارمادى. ئەمما ھەزرەتى مىرزا ئەلىشىر ئانداغ رەۋايەت قىلۇركىم، ئول ئىسكەندەر جاھان ئەھلىغە پادشاھ بولۇپ، كىشۋەرلەرنى مۇسەخخەر قىلىپ، پادشاھلارنى ئۆزىگە مۇتىئ ئەيلەپ، ھەر پادشاھنى ئۆز كىشۋەرىگە جاھان پاناھ قىلىپ، پادشاھ قىلۇر ئىردى. ئول پادشاھ بىلە شەھرىدىن كوڭلى تىنغاندا، يەنە بىر شەھەرغە ئەزم قىلىپ، پادشاھى بىلەن فەرمان بەردار قىلۇر ئىردى. مەغرىب زىمىنىنى تەسخىر قىلغاندا، ئانىڭ پادشاھى ھىلاك بولۇپ، جەڭ ئىشلارى توختاغاندىن كىيىن، ئىسكەندەر ئول پادشاھنىڭ ۋافات بولغانىنى فەھىم قىلىپ، بۇ مەملىكەتغە بىر پادشاھنى قايىم مەقام قىلغايمىز دەپ فەرمان قىلدىكىم، بۇ مەملەكەتنىڭ شاھزادەلەردىن جاھانبانلىق تەرىقەسىدىن ئاگاھ بولغايكىم، بۇ مەملەكەتنىڭ ئىشلارىنى ئاڭا تاپشۇرغاي ئىردىم، ئانى بۇ خەلقغە جاھانبانلىق قىلىپ، يۇرت يەنە بىر غەيرىغە ئىنتىقال تاپماغاي، دىگەندە جەمئى خەلايىق ئانىڭ دۇررى بار-بار كالامىغە جانلارىنى پىدا قىلىپ، دۇئالار ئادا قىلىپ دىدىلەركىم، ئافاق ئىچرە سەرەفراز بولۇپ، ھەمىشە رەئىيەت نەۋاز بولغايسەن. بۇ يەڭلىغ كىشىكىم رەئىيەتلەرغە ئانىڭدىن فەراغەت يەتكەي ۋە ھەمە خەلايىق قوبۇل تۇتغاي دەپ، تەلەپ قىلۇرسەن. ئانداغ كىمەرسە مۇندا تاپىلماس. مەگەر بىر كىمەرسە باردۇركىم بۇ ئەسىردە خەلايىقدىن نەفرەت قىلىپ قاچىتىكىم، ئەجەپ بىر ئىشنى ئىختيار قىلىپ، تىرىكلەر ئاراسىغە كىرمەي ئەسكى گورلەر ئىچرە ماكان تۇتۇپدۇر. تىرىكلەردىن ۋافا كورمەگەنىنى بىلىپ، قەبۇر ئەھلى بىلەن ئۇلفەت تاج بىلە تەختىنىڭ تەركىنى ئىختيار ئەيلەپ، سەرەفراز بولۇپدۇر. مەئلۇم ئىمەسكىم كىچەلىكدە ئانىڭ بىرلە بىر بوم ھەمراھ بولۇپ، كۈندۈزلۈكى يىمەك ۋە ئىچمەكنىڭ ۋەجى ئانىڭدا بولغاي، مۇتلەقا كىشى بىلە ئۇلپەت ئولماي، خەلايىقدىن كولپەتمەند بولادۇر. ھەر قاچان شىكەستەلەر ئەھلى ئانىڭ بىلە ئىختىلات ئەيلەپ ئۇلفەت قىلسالار، گاھى ئۇلار بىلەن نەسايىھدىن سوزلەرنى بايان قىلىپ، بىغايەت مۇفىد پەندلەرنى تەقرىر قىلىپ، ئالەم ئەھلىنى ئالەمدىن نائۇمىد قىلىپ، ھەق تەرەپىغە ئىندەپ، تەقرىر بىلەن ئانداغ بىر تەقرىبى قىلۇركىم، ئالەم

ئەهلى فەنا فىللاھ تەرەفىغە راغىپ بولۇرلار. ئىسكەندەر بۇ ۋاقئەنى ئىشتكەچ دىدىكىم،
بارىپ ئانى ھەرقايدا بولسە تاپىپ ئالىپ كېلىڭلار. دەرھال ھوكۇم بىلەن ئانى تاپىپ،
شاھ بەزمىغە يەتكۇزدىلەر. لىكىن باشدىن-ئاياغىچە بەرەھنە ئېردىكىم، ياقاسىنىڭ چاكىدىن
كوكسىنىڭ چاكى ھەم نامايان ئېردى. جاھان شۇغلىنىڭ گەردىنى ئېتەكىدىن سىلكىپ،
ئۇلۇكلەرنىڭ ئىككى سوڭەكىنى ئىككى قولىدا تۇتۇپ، ئىسكەندەرنىڭ قاشىغە كەلدى.
ئىسكەندەر ھەم ئىززاز ئىكرام بىلەن پىش كېلىپ، ئۇزىنىڭ ئالدىدا مەقام ئالى بېرىپ
دىدىكىم، بۇ سوڭەكلەردىن ۋاقئەنى بايان قىلغىل. ھەر نىچۇك سورسام ئانىڭ جاۋابىنى
بەرگىل. ئۇل ھەم ئانداغ بايان قىلدىكىم، بىر كۇن مەقبەرە زاردىن ئۇتكەندە، سوڭەك-
لەرگە نەزەر سالغانىمدا، كوڭلۇمگە كەلدىكىم، بۇ سوڭەكلەر شاھنىڭ ۋە يا گادانىڭ،
قايسىدۇر، ئۇلدىن كىيىن بۇ ئىككى زاتنى فەرق قىلماي بىر دەپ بىلىپ، تىرىكلىكدە
نىچۇك نىزا' قىلۇرلەر؟ ئىسكەندەرغە بۇكالام خۇش كېلىپ دىدى، ئەي دانا، بۇكالامىڭدىن سېنى
بىسيار بەلەند بەختلىك ۋە نۇكتەلەرنىڭ بىسيار ئالى مەرتەبەلىك كىلىپدۇر. ئۆزۈڭ ھەم
بەلەند ھىممەتلىكدۇرسەن. ئەمدى كىشۆرىڭدە سېنى ھەشەمەتلىك قىلىپ، مەرتەبەڭنى بەلەند
ئەيلەپ، شاھلىقغە سەزاۋەر قىلۇرمەن. ئۇل دانا دىدىكىم، ھىممەتىم ئانداغ تۇغيان قىلۇر-
كىم فەقىر سەرمايەسىنى تەرك ئەيلەپ، شاھلىق دەرەجەسىنى مۇناسىپ كورۇپ، سەن دى-
گەندەك ئىختيار قىلماسمەن. ئەگەر رەبئى مەسكۇنىنىڭ ھوكۇمەتى مۇيەسسەر بولسا ھەم
رىغبەت قىلماسمەن. ھىممەتىم تورت نىمەرسەنىڭ سەرمايەسىنى تەلەپ قىلادۇر. بىرى — ھا-
ياتى ئەبەد تاپماقدۇركىم، ئانىڭ نەھايەتى يوقدۇر. يەنە بىرى — يىگىتلىك مۇيەسسەر بولماق-
دۇركىم، ھەرگىز قەرىلىقغە بەدەل بولماغاي، يەنە بىرى — غەنىلىقدۇركىم، ھەرگىز
مۇفلىس بولماغاي، يەنە بىرى — شادلىق تاپماقكىم، ئاندا غەم بولماغاي. بۇ نۇكتەدىن ئىس-
كەندەرنى ھەيرەت لال ئەيلەپ، سەرنىگۇن بولۇپ، خىجالەتدىن دىدىكىم، ئەي دانا فۇر-
خەندەراي، مۇنداغ ھىممەتىڭدىن بۇ دەھردە ئاگاھلىق تاپىپ، مۇشكۇلۇڭ ھەل بولۇپ-
دۇركىم، ساڭا دەرگاھى ئىلاھىدىن فەقىر ئاتا بولۇپ، ماڭا شاھلىق مۇيەسسەر بولۇپدۇركىم،
ئەگەرچە مەنى ئەوجۇمەند ۋە ئەزىمى شەئىنلىقدا ھورمەتلىك قىلىپدۇر. لىكىن سىنى ھىممەت
بابىدا مەندىن زىيادە بەلەند ۋە سەرەفرازلىق قىلىپدۇر. ھەر گادايىكى بەلەند ھىممەت
بولسا، شاھلىق رەفئەتى ئانىڭ ئالدىدا پەستدۇر. ھەر فەقرىكى تەرك جاھان بولسا، ھىم-
مەتىنىڭ بەلەندلىكىدىن كوزىگە ئەسىر شاھلارى ھەقىر كورۇنۇر.

**ئىسكەندەرنىڭ ئارستۇدىن سوئالى باپداكىم، مەقسۇدىغە قايسى مەقام يىقىنراق ۋە ئۇل مەقام سارى نى نەۋئ خىرام مۇناسىپراق ۋە ئارستۇ يوقلۇق مەقامىغە يول كورگۇزمەكى ۋە سۇبۇكبارلىق خىرامى ئاھەڭى تۇزمەكى**

ھەزرىتى مىرزا ئەلىشىر ئەلەيھىر رەھمە مۇھەققىقلەردىن ئانداغ رەۋايەت قىلۇرلاركىم،
بىر كۇنى ئىسكەندەر ئارستۇدىن سوئال ئەتتىكىم، مەنزىل مەقسۇدغە بارادۇرغان يول، يەخ-
شىلىق ھاسىل بولادۇرغان ئىش قايسىدۇر؟ ئۇل ئاقىل دانا دىدىكىم، خەلايىقدىن ئۇزىنى

يىگانه ئەيلەپ، فەنا كوينىنىڭ يولىدا ئۆز ۋۇجۇدىنى يوق ئەيلـەمەك، يەنە ھەم دىدىكىم، ھەر كىمەرسە تەۋانگىرلىقدا سالاھ ئىچرە بولسە، ئانداغ كىشىدىن يەخشى ئىشلار كوپرەك مۇيەسسەر بولغۇسىدۇر. ھەر يەخشى ئەمەلنىڭ مەنزىل مەقسەدىغە يەتمەكلىكىنىڭ دەخلى باردۇر. ئەمما ساخاۋەتلىك تەۋەنگىرنىڭ ئىئتىبارى كوپراقدۇرۇر. ھەركىم كوپ سوۋاپلىق ئىشلارنى ھاسىل قىلسە، ۋىسال ئۇمىدى ئاڭا كوپرەك بولغاي. تەۋەنگىر ئەھلىنىڭ خەيرى-ساخاۋەت ئىشلارنى ئىككى ھالدىن خالى ئېمەس. بىرى ئۇلكى، قىلغان خەيرى ئىشلارى ھەممەسى مەردۇد بولۇر. ئەگەر قىلغانى ئۆز يېرىدە بولسە، ھەقتـائالا نەزرىدە مەقبۇل بولغۇسىدۇر. يەنە كىمەرسەئى ئەسلى ئىشلاردىن ئۆزىنى يىراق تۇتۇپ، فەرز ئىشلارغە مەشغۇل بولسە، ئاگاھ ئەھلى ئانى راھزەن دەرلەركىم، تەرىقەت يولىدا ھەقدىن ئۆزگەنى ماسەۋەللاھ دەرلەر. كىمەرسەئى شاھ ۋەسلىنىڭ يولىدا راھزەنلىك قىلىپ قاراقچىلار بىلەن مۇۋافەقەت قىلسە، شاھ بەزمىغە قاچان لايىق بولغاي. ھەركىم ئۆزىنىڭ بار-يوقىنى رەفئ ئەيتىپ، ھەقدىن ئۆزگە گۇمان قىلماي، ئۆزىنى مەقسۇد ئىچرە فانى قىلىپ، ئۆزى قالـماغاندا، مەقسۇدى قالغۇسىدۇر. گۇمان قىلماغىل كىم مۇندىن بەلەندراق مەقام بولغالى، بۇ مەقامنى تاپقان كىشى ئەتامىغە يېتەر، دەپ جاۋاپ بەردى. ئول گوھەر پۇرۇش بۇ دۇرلارنى ساچقاندە، سوئال ئەتكۇچىنىڭ ئاغزى سەدەف ئاغزىدەك ئاچىلىپ خامۇش بولدى.

**ئىسكەندەرنىڭ سەلتەنەت تاجىدىن سەركەشلىك ۋە خىلاپەت تەختىدىن ئاياق تارتقانى ۋە رۇم ئەھلى باشلارىن ئاياغىغە قويۇپ، ئانىڭ مەقدەمىدىن تەخت پايەسىن بەلەند قىلىپ، تاج قەدرىن ئەرجۇمەند قىلغانلار ۋە ئانىڭ ئەدلى ئەيىنىنىڭ قۇياشى بىلە زۇلۇم شامى خەففاشىن كورئىتىپ، جاھاننى يارۇتغانى، زۇلۇم ئەھلىنىڭ ئالەم يۇزىدىن يىراق تۇتغانى**

ئول رەقەمكەش بۇ سەفھەنى يازماقىغە قەلەمنى ياساپ، بۇ يەڭلىغ نۇكتەرىز بولدىكىم، ۋەقتىكى فىلقۇس ئاخىرەت سەفەرىغە رەھلەت رەختىنى چەكـكەن ھالـدا تاج-تەختىنى ئىسكەندەرغە تەسلىم ئەيلەدى. ئاڭا قەبۇل تۇشـمەي، ئەندىشە قىلىپ، ھەددىن فۇزۇن مەلۇل بولدىكىم، شاھلىقدا ھەددىن زىيادە ئاپەتلەر باردۇر. ھەر نىچۇك ئىش قىلسا، پەلەكدىن ئول ئىش ئۇچۇن مۇكافات يېتىپ، مۇپتىلا بولۇر دەپ، تاج-تەختنى تەرك قىلماقىغە كوڭلىنى شاد ئېتەر ئېردى. لىكىن ئاتاسىنىڭ ۋەسىيەتلەرىنى ياد قىلىپ، ئەمەلىغە كەلتۇرمەكدىن ئۆزگە چارە تاپماي، پەرىشان بولۇپ، ئۇلۇسنى يىغىپ، بۇ مەئرەكە تۇزدى. ئۇلۇغ ۋە ئۇششاقلار ھەممەسى يىغىلـدى. بەھەد لاتاپەتلىك سوزلەرنى ئاغاز قىلىپ دىدىكىم، ئەي ئەھلى رۇم، ھەممىڭلار ئالـمدا جەمئ بولۇپسىزلەر، ئۇلۇغ-ئۇششاقلارىڭىزنىڭ بارچەسى تەڭرى تائالاغە مەندەك بەندە بولۇرسىزلەر. مەندەك دىل ئازاردە ئاتاسىز بىكەس يوقدۇركىم، سىزلەردىن بىسياركەمىدۇرمەن. ئاتامنى تەڭرى تائالا لۇتفى ئەيلەپ بۇ كىشـۋەر ئۇزرە كىشۋەر پاناھ ئەيلەپ، بۇ ئىشلارغە سازاۋەر قىلىپ ئېردى. بۇ يۇكنى كوتەرگەلى ئانىڭ قوۋۋەتى بار ئېردى. ھەقتائالا ئابا ۋە ئەجدادىمنى يۇرت ئەھلىغە ھوكۇمران قىلىپ ناسىق ئەيلەپ، تەختى-تاجىغە ئۇلاردىن زىننەت بېرىپ نىكبەخت ئافەرىدە قىلىپ ئېردى. ۋە

لىكىن مەن بىغايەت ھەقىردۇرمەن. سەلتەنەت ئەمردە ھەددىن فۇزۇن خەتەرناك ئىرۇرمەن. بۇ ئىشىكە تاۋاناكىشى كىرەكىكىم مەندەك ناتەۋانانىڭ ئىشى ئىمەسىدۇر. ئاڭا ئوخشەكىم، شىرنىڭ چانگالىنى چۇمۇلە تارتىماق، پىلىنىڭ يۇكىنى پەشە كوتەرمەكىدۇر. يەنە شاھلىق قىلماقىغە نىيەت قىلسام، قابىلىيەتلىگىم مەندە يوقدۇر. بو تەكلىپدىن بىسيار رەنجۇر بولۇپ، شاھلىق تەركىنى ئىختىيار قىلغۇمدۇر. مەئزۇر تۇتۇڭلار، ئەرزىمنىڭ ئىزھارىنى ئەيلەدىمكىم، كوڭلۇمنى بۇ ئەندىشەدىن خۇش قىلىڭلار. ئەمدى سىزلەر ئۇزىڭىزلەرغە بىر شاھى تاپىڭلار كىم بۇ كىشۇەرغە كىشۇەر پاناھ بولۇپ، ھەر ئىشدا زامانە ئەھلىنىڭ مەجسەنى كېلىپ تا شاھلىققە لايىق بولغاي، ئانىڭدەك پادىشاھىنىڭ ئولتۇرادۇرغان ئورنىنى تەخت - دولەتدىن ئارەستە قىلىپ، تاجىنى ھەم مۇزەييەن قىلىڭلاركىم، ئول ھەم ئىھسان بولۇتىدىن ياغدۇرۇپ، يۇرتۇڭلار بوستانىنى ئەرەم باغىدەك قىلىپ، دۇشمەنلەر خەيلىنى ئاشفتە ھال قىلىپ، پايمال ئەيلەگەي. پىتنە ئوتىنى ياقۇقانلارنى قىلىچ سىلابىدىن سۇ سىپىپ ئوچۇرگەي. رەئىييەتلەرغە ستەم قىلغان بىتكچىلارنىڭ ئىلكىنى قەلەم قىلىپ، مۇساپىرلارنىڭ رىشتەسىنى ئۇزمەي، قاراقچىلار قاراسىنى كورگۇزمەي ۋە ئوغرىلار يولىنى مەھكەم ئەيلەپ، ئۇلۇسلار مالىدىن قولىنى قىسقە قىلىپ، زالىملار زۇلمىنى يوق قىلغاي. ئادالەت قىلماقىنىڭ ھالىنى تاپىپ، دۇشمەنلەرنى يوق قىلادۇرغان ئەسبابنى ئەلگە زىيادە قىلىپ، ئۇلۇس ئامىكنى قەۋى قىلغاي. زالىملارغە جازا بىرىپ، رەئىيەتلەرغە ئاسۇدەلىق يەتكۇرگەي، دەپ، ئىسكەندەر بۇ سوزنى توگەتكەچ خەلايىقلەر ھەر تەرەپدىن فەرياد چەكتىلەركىم، ئەي شاھى رۇشەن زەمىر، ئەي ئادىل دادپەرىر، نە ئۇچۇن بىزنى غەمگە قويارسەن؟ ئەدلىڭدىن خەلايىققە فەيزى يېتەر چاغدە، بۇ يەڭلىغ زۇلۇم كورگۇزمەكىنىڭ سەبەبى نەدۇر؟ بايان قىلغان سوزلەر بىرلەن خەلقىنىڭ باغرىنى قان ئەيلەپ، مۇنداغ سوزلەرنى دىگۇنچە قانىمىزنى ئاقىزغىلىكىم، يولۇڭدا جانىمىز پىدا بولغاي. سىنىڭ سايەڭ بۇ ئەلنىڭ باشىدىن يىراق بولغاندىن بۇ ئەلنىڭ جانى تېنىدىن يىراق بولغانى ياخشىراقدۇر، بۇ كالامىڭ ئەگەرچە جان بەخش كېلىپدۇر، يىقىندۇركىم، ئەل ئانىڭدىن ھالاك بولغاي. سەلتەنەت تەركىنى قىلادۇرمەن، دىگەنىڭ نەچۇك سوزدۇركىم، سىنىڭ بەدەلىڭنى كورەدۇرغان نەچۇك كوزدۇر. بۇ زامانەدە ئالەم ئىچرە ئانداغ شاھدۇر سەنكىم، ئەفلاك سەيرىدىن ئاگاھ كېلىپ، جاھان ئىچرە سەن بىلمەگەن ئۇلۇم يوقدۇر. رۇم ئەھلى بىلگەندەك ھەممە ئالەم ئەھلى ئانى بىلۇرلەر. سەندەك قۇياش تەلئەت ۋە موشتەرى پەرتەۋ ھىچ شاھىنى بۇ جاھان كورمەگەندۇركىم رۇشەن زەمىرىڭدىن ئەدل - ئىھسان زوھۇر قىلىپ تۇرادۇر. ئانداغكىم گۇلدىن ئەتىر، خورشىددىن نۇر ھۇۋەيدادۇر. يەنە ئانداغ بىلۇرمىزكىم، بۇ مەملەكەت ساڭا خاس. ئومىد ئولكى، ھەممە جاھان قولۇڭغە تۇشۇپ، ھوكۇمران بولۇرسەن، ئوزۇڭنىڭ غەيرىنى جاھان قىلىپ، جاھان ئەھلىنى بىنەۋا قىلماغايسەن، ئەگەر سەن بۇ ئىشنى قوبۇل قىلماي، مولكى ئەھلىنىڭ فەريادىغە يەتمەي، بىر بىگانەنى ئوي ئىچرە قويماغلىقنى ۋە ئىگە قىلماقنى رەۋا كورسەڭ، بۇ بالانى ئىختىيار قىلماي، بارچەمىز جىلايى ۋەتەن بولۇپ، پاراكەندە بولماغلىقنى ئىختىيار قىلۇرمىز، ھەر يۇرتلاردە گادالىققە مۇپتىلا بولساق، تەگرى تائالا سەندىن بۇ ماجرانى سورغۇسىدۇر، دەپ ھەممەسى زار - زار يىغلاپ، يالاڭ باش بولۇپ، پىغانلارنى چەكتىلەر. ئىسكەندەر گوياكى قىيامەتنىڭ ئالامىتىنى كورۇپ، دىگەن

سوزلەردىن پۇشمان بولۇپ، ئەلنىڭ ئەھۋالىدىن ھەددىن ئارتۇق كوڭلى بۇزۇلدى. سىدقى ۋە سافالىقدىن خىجالەت بولۇپ، يۇرتنىڭ ياخشى نىيەتلىقىنى بىلىپ، ئاتاسىنىڭ ۋەسىيەتلەرىنى ھەم خاتىرىغە كەلتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئىلتىماسىنى تەغيىر بەرمەكىنى مۇناسىپ كورمەي، قوبۇل قىلدى. ئەگەرچە بۇ بارەدىن خاتىرىغە ھەددىن ئارتۇق مالالىيەت يەتىپ، زاھىرەن قىلغان ئىلتىماسىغە رىزا بەردى. دەرھال ئارستۇ قوپۇپ، تاج شاھىنى ئالىپ، ئىسكەندەرنىڭ باشىدىن ئەرجۇمەند قىلىپ، ئول تاجىنى سەربەلەند ئەيلەدى. فىلھال ئارستۇ سەنالارنى ئەيتىپ، بىر قولىنى پەلەناس دانا ھەم بىر قولىنى تۇتتىلاركىم، بۇ ئىككى ھەكىما ئانى يۆلەپ، تەخت ئەۋرەڭ ئۈزرە قولداپ چىقاردىلەر. ئانىڭ ھۇمايۇن مەقدەمىنىڭ بەرەكاتىدىن تەختىنىڭ مەرتەبەسى بەلەند بولۇپ، قۇياش ئۈزرە ئول تەخت سايە سالىپ، يۇرتىنىڭ ئۇلۇغ-ئۇششاقى دەرەم دىنارلارنى ئانىڭ باشىدىن ئول مىقدار ساچتىلاركىم، گوياكى يولدۇزلاردىن يەرنى ئاسمان قىلدىلاركىم، ھەددىن ئەفزۇن جاھان خەلقى خۇرسەندلىق قىلىپ، شاد بولدىلەر. كەچ بولغاندا، ئافتاپ جاھان تاپ پەردەپۇش بولۇپ، شەپەق بادەسىنى بەزم ئارەستە قىلماق ئۈچۈن تاپىپ. خۇرسەندلىقدىن فەلەك گەردىشى ھىلالدىن جام قىلىپ، دەمبەدەم قەدەھلەرنى تۇتۇپ، خۇرشىددەك شەبىستاننى يارۇتۇپ، جەشن قىلدىلەر، ئول شاھى گەردۇن جانابى ئىسكەندەر ھەر نەچۇك تەكەللۇم قىلسە، ئانىڭ جاۋابىنى ئول ھىكمەت مەئاب ئارستۇ جاۋاپ بىرۇر ئېردى. ھەر تەرەپدىن نۇكتەلەرنى بايان قىلىپ، قەدەھ گەردىشىنىڭ ھىكمەتىنى ئىزھار ئەيلەپ، ئىلمۇ-ھىكمەتدىن ئۆزگە تەكەللۇم ئول شاھى كامىيابغە قىلماس ئېردى. ئەگەرچە ئەيش تەرەپدىن ئىپادەلەرنى زۇھور قىلسە ۋە لېكىن ھەممەسى مەھزى ئىلىم ئەدەبدىن ئېردى. ھەر گۇفتى كەلامىكى، ئول بەزىمدىن تەكەللۇمغە كەلدى. ئىلمى دانىشدىن ئېردى. شاھى ئىسكەندەرنىڭ دىماغى مەيدىن قىززىپ، ئۇيقۇغە كوزلەرى مايىل بولغاندا، بەزم ئەھلىنىڭ ھەممەسى قوپۇپ چىققالى ئەزم قىلدىلەر. ئىسكەندەر ئۆز غەرزىنىڭ مىقدارىچە ئۇيقۇلاپ، تۈن نىسپى بولغاندە، تەڭرى تائالانىڭ ئىبادەتى ئۈچۈن قوپۇپ، سەجدەغە مەرغۇپ بولۇپ، ئۆزنى خەسدەك بىلىپ، توپراققە پەست بولدى. ئىشى تاڭ ئاتقۇنچە يىغلاپ، ئۈزرە ئىپتىماقدىن ئۆزگە بولمادى. قۇياش تۇلۇئ قىلماقنىڭ ئاھەڭىنى قىلىپ، جاھاننى يارۇتۇپ، يۇلدۇزلارنىڭ يارۇغى ئۈچۈن ئافتاپ تۇلۇئ قىلغاندىن كېيىن، ئىسكەندەر تەختنى مۇزەييەن قىلىپ ئولتۇرۇپ، خالايىققە بار بېرىپ، ھەممەسى ھوكۇم بىلە كېلىپ، خىزمەتىغە سازاۋەر بولۇپ، ئاخشامغىچە ھەممەسى قول باغلاپ تۇردىلەر. شاھى ئىسكەندەر خەلايىققە سوزىنى ئىپتىدا قىلىپ، بۇ تەرىقە بىلەن ئادا قىلدىكىم، ئول پەرۋەر دىگار ئالەمنى مېنى سوراغچى قىلىپدۇر. خەلايىق ئىچرە بىر دادىخاھ كىمەرسەئى بولسە، كېلىپ ئەرز-ھالىنى بايان ئەيلەپ، ھەر نەچۇك ئۆز ئەھۋالىنى بى ئابا ئېيتسۇن. قاشىمدا ئەرزىنى بايان قىلغان زامانىدە مېنى ھەم ئۆزىدەك بىلگەي. تەختىمدىن يا تاجىمدىن ئول كىشىگە ۋەھشەت بولماغاي. مېنى پادىشاھ دەپ مەقسەد ئادا قىلغاندا، ئىزتىراپ قىلىپ، ئالدىراپ قالماغاي، ھەر دەرد-ئەلەمنى ئايان قىلسۇن، دادىنى بەرمەكلىك بىلەن ھەر نەچۇك دەردىغە مەرھەمنى قويغۇمدۇر، دېگەندە، خەلايىق ئەرز-ئەھۋالىنى باشلاپ، ئىسكەندەر بىلەن قىلۇ قال ئەيلەپ، سەھەردىن-تۈشغىچە سۇراغ سوراپ، خەلايىقنىڭ دەر-

دىغە ئانداغ داۋا قىلدىكىم، كىشىنىڭ قانىنى تۆككەن كىشىنىڭ بوينىنى كېسىپ، قولىنى كەسكەننىڭ قولىنى كېسىپ، بىچارەلەرغە رەھىم قىلىپ، مەزلۇم غەمخارىلەرغە داد بېرىپ، زۇلۇم ئەھلىنى قارا يەرگە پەست قىلدى. جاپاكەشلەرنىڭ ئالدىدا جاپا قىلغۇچىلارنى زەبۇن كورگۈزۈپ، سەرنىگۈن ئەيلەپ، ئەدل بۇنيادىنى تۈزۈپ، يېرىم كۈنغىچە ئەلنىڭ دادىنى بەردى. ئاتاسىنىڭ زامانىدا خالايىقغە ئازار يەتەدۇرغان ھەر نەۋئ ئىشلارنى جەمئى خالايىقنىڭ باشىدىن دەفئ قىلىپ، ئامانلىق بەردى. ئۆزگە پادىشاھلارنىڭ ئەلئۇمۇم ئەل ئىچرە پەيدا قىلغان رەسم - قائىدەلەرنىڭ تەرھىنى بۇزۇپ، خالايىقلارنى ئول بىدادلىقدىن قۇتقارىپ، ئادالەت تەرىقىنى ئىزھار ئەيلەپ، رەئىيەتلەرغە ئېھتىياجىنى مەئلۇم قىلىپ، ئىككى يىللىق خىراجىنى ئۇلاردىن كوتەردى. ھۇنەر ئەھلىلەرىنى ھۇنەرغە مەشغۇل قىلىپ، يامانلارنى ھەر تەرەپكە قوغلاپ، ياخشىلارغە قۇۋۋەت بېرىپ، تەربىيەت قىلدى. يەنە نەرخ - نەۋاغە كوڭۈل قويۇپ، يىنىك ساتغۇچىلارغە ئەدەپ بېرىپ، تارازۇنىڭ ئىككى باشىنى تۈزۈپ، تومۇردىن تاشلارنى ياساپ، موھۇر باسىپ بەردى. گەزلەرنى ھەم تومۇردىن تەخسىس تاپىپ، ئۇزۇن ۋە قىسقەلىقدىن ئەل قۇتۇلۇپ، گەزنى راست قىلدى. ھەرنىمەرسەئى ئالماق ۋە ساتماقنىڭ ئەيانىنى تەئيىن قىلىپ، قائىدە بىلە ئەلنىڭ نزائىنى دەفئ قىلىپ، راستلىق بىلەن پەيمانەلەرنى تۈزدىكىم، تا كىمەرسەئى ئەگرىلىك تەرەپگە مەيىل قىلماغاي. يەنە ھەم ئالتۇن تارتادۇرغان تارازۇلارنى ئەدل بىلە تۈزدىكىم، تا بىر - بىرىگە پەند بەرمەگەي، يەنە ھەم مۇسافىرلار ۋە مۇجاۋىرلەرنى يول خەتەرىدىن ساقلاماقغە نىگاھبانلارنى يوللاردا قويۇپ، ئادالەت قولىنى ئانداغ بەلەند تۇتتىكىم. يولبارىسلاردىن كىيىكلەر ئامان تاپتى. يېرىم كۈنغىچە ئادالەت بىرلە ئەلنىڭ دادىنى سوراپ، ھەر بىرىنى ئۆز مۇرادىغە يەتكۈزۈپ، سوڭغى كۈنى ئاندىن زىيادەرەك شاد ئەيلەپ، بۇ تەرىقە بىلەن ئۆز ۋەقت ئىچرە رۇم ئەھلىنىڭ ئەدلىدىن پات پۇرسەتدە غەنى بولدىلەر.

## ساقىنامە

كەتۇر ساقىيا تولدۇرۇپ جامى ئەدل،
كى كورگۈزدى ئىسكەندەر ئەييامى ئەدل.
تا ئادىل بىلە تۇت ئانى بى‌ھەمال،
ئىچەرگە ماڭا گەرچە يوق ئىشتىدال.
مۇغەننى ناۋايى تۈزۈپ مۇئتەدىل،
نەۋاسازلىق قىل ماڭا مۇتتەسىل.
قولاقىمغە دىلكەش سادايى يىتۇر،
مەنى بىنەۋاغە ناۋايى يىتۇر.
ناۋايى تا ئادىلدىن ئەتمە ئەدۇل،
قوبۇل ئەھلىدىن گەر تىلەرسەن قەبۇل.
چۇ ئادىل شەھ ئىلكىدىن ئىچكۈك ئاياق،
نەچە ئىشتىدال ئاسراساڭ ياخشىراق.

ئادالەت ئەينى تەئرىفدەكىم، سەلاتىننىڭ زۇلمات زۇلمى ئاراسىدىن ئەين ئابىھايات جاۋىدانى دورۇر ۋە ئىچكەنلەرگە زۇلالى زەندەگانى يەتكۇرۇر.

ئادىل پادىشاھلارنىڭ زىننىتى ئەدلىدىن ھاسىل بولغانىدەك، گادالارنىڭ زىننىتى ھەم ئول ئەدل بىلە ھاسىل بولغۇسىدۇر. ئادا'ەت پىشەلىك پادىشاھغە ئۆزگە پادىشاھلاردىن ھىچ كەمەرسە تەڭ بولماس. ئانىڭ ئۈچۈنكىم تەڭرى تائالانىڭ سۈپەتلەرىنىڭ ئىسمىغە ئىسىم فائىل باردۇركىم، ئول ئىسىم ئەسما ئۇللاھلەردىن بولۇركىم، ئول سۈپەت ئەمرىغە ئول ئىسمىنىڭ دەخلى باردۇر. چىنانچە كەرەم قىلماقلىغ بىر سۈپەت باردۇركىم، ئول سۈپەتنىڭ فائىلى كەرىمدۇركىم ئەسما ئۇللاھلەردىن بولغاي. ئاڭا ئوخشە رەھىم قىلماقدىن رەھىم بولۇپدۇر. لېكىن، تەڭرى تائالا ئەسمائ سۈپەتدە ئۆز ئېتىنى ئەلئەدل دەپ ئادا قىلىپدۇر، ئادىل دېمەپدۇر بەس. مەئلۇم بولدىكىم، ھەر پادىشاھىكى ئەدل قىلماق سۈپەتى بىلە مۇتتەسىپ بولسە، تەڭرى تائالاغە ياۋەرراق بولغۇسىدۇر. بۇ مەئنىدىن ھەر پادىشاھ ئاگاھ بولسە، ئانى خەلىل ئىلاھى دەرلەر. بۇ ئالەمنىڭ ئىنتىزامى ھەم ئوشبۇ ئىسمىنىڭ ئەسرىنىڭ بەرەكاتىدۇر بەس. ئادىل پادىشاھلارنىڭ ئەفئالى مەقبۇل ئىلاھىدۇر-كىم، قىيامەت كۈنى ئەدل قىلماقدىن ئۆزگە ئىشلاردىن سوۋال قىلماسلار. ئانىڭ ئۈچۈنكىم، تەڭرى تائالا ئۆزى ئەدل بولسە، ئەدل قىلغۇچىلارغە مەغپىرەت قىلغاي. ھەر پادىشاھكى ئادىل بولماسا، يەقىن بىلگىلكىم، ئىككى ئالەم ئاڭا زىرۇ-زەبەر بولغاي. نۇشىرۋان ئەگەرچە كۇفىر بىلەن بولسامۇ، ئانىڭدىن ئەدل قىلماق زوھۇر تاپىپدۇركىم، ئول سەبەبدىن ئورنى بەرزەخ بولۇپدۇر. ئەگەرچە كافىرلىقىدىن بىھىشتغە سەزاۋەر بولماپدۇر ۋە لېكىن ئەدل قىلماقىنىڭ سەبەبىدىن ھەم دوزەخغە سەزاۋەر بولماپدۇر. ئولگەلى مىڭ يىل بولۇپدۇر، ئادالەت قىلماقدىن ئاۋازەسى تەخى تازەدۇر. پادىشاھلەر ئىچرە ھەركىم ئۆز كىشىۋەرىغە ئەدل قىلماق سۈپەتىنى پىشە قىلسە، ئانى پادىشاھ دېمەكلىك مۇناسىپ كورمەي، نۇشىرۋان زامان دىدىلەر. چىنانچە ئەنبىيالار خەيلىنىڭ شاھى، رىسالەت ئەفلاكىنىڭ ماھى، ئول رەسۇل ئەرەب ۋە ئەجەم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم تەڭرى تائالانىڭ شۇكرى سانا-سىنى ئانداغ ئىزھار قىلۇر ئېردىكىم، سۇلتانى ئادىلنىڭ زاماندا ۋەلادەت تاپىپ، مەۋجۇد بولۇپ-دۇرمەن دەپ، بايان قىلۇر ئېردىلەر. يەنە ھەدىسدە ئەھلى ئادالەتلەرغە ئانداغ بىشارەت بولۇپدۇركىم، ئادالەت ئىچرە ئوتكەن بىر سائەت، بىر يىللىق تائەتىدىن ياخشىراقدۇر. يەنە ھەم ھەدىس سەھىھ ۋارىد بولۇپدۇركىم، ئەگەر كۇفار ئىچرە پادىشاھ ئەدلىنى جارى قىلسە، مەملىكى ئابادىغە يېتەركىم ئانى نۇشىرۋان دىسە بولۇر. ۋەگەر دىن ئىچرە زۇلۇمنى ئىختىيار قىلسە، ئاز پۇرسەتدە مەملىكى ۋەيران بولۇر. ھەر پادىشاھىكىم خۇدايى تائالانىڭ بەندە-لەرىغە ھوكمىنى جارى قىلسە ئەدل-ئېھسان قىلماقغە ئاڭا پەرمان ئىلاھى بولۇپدۇر. ئەگەر زۇلۇم قىلماقنى ئىختىيار قىلسە، نەچە ئەھۋال ئانىڭ جانىغە ۋەبال بولغۇسىدۇر. بىرى ئولكىم، ھەق ئەمرىغە ئاسى بولۇپ، ھەر ئىشى ئاڭا جەرم گۇناھىدىن ئۆزگە بولماس. يەنە بىرى ئولكىم، تۇخەللىقۇبى ئەخلاقىللاھى① پەرمانىغە سەركەشلىك قىلغان بولۇر. يەنە بىرى، زۇلۇم بىلەن ئەلگە ئىزتىراپ سالىپ ئاباد يەرلەرنى خاراپ قىلغۇسىدۇر. يەنە بىرى ئولكى، بارچە خالايىقنىڭ كوڭلىگە ئانداغ مەردۇد بولۇركىم، كىچە ۋە كۇندۇز ئانىڭ جانىغە

---

① تۇخەللىقۇبى ئەخلاقىللاھى — "خۇدانىڭ ئەخلاق خۇلقى بىلەن خۇلقلىنىڭلار" دىگەن مەنىدە.

قارغىشى بولۇر. قانچە زۇلۇم ئەلگە قىلسە، شەك ئىمەسكىم، ئۇزىگە ئاندىن زىيادە قىلغۇسىدۇركىم دوزەخ ئۇتىغە سەزاۋەر بولغۇسىدۇر. ئانداغ شاھ خالايىق دۇشمەن ئىمەسكىم، ھەقىقەتدە ئۇز دۇشمىنىدۇر. ۋەگەر زالىم كىمەرسەغە زۇلۇم قىلسە، ئۇل كىمەرسەگە ئىككى پايدە ھاسىل بولۇر. بىرى قىيامەت كۇنى ئانىڭ ئەجرى باردۇركىم، زۇلۇم قىلغان كىشىگە ئانىڭ ۋابالى بولۇر. يەنە بىرى زۇلۇمكەشلىقىدىن مەزلۇم ئات قويۇپ، ھىچكىم ئاڭا زۇلۇم قىلماقنى مۇراد بولسە، بۇ ئالەمدە مەردۇد ۋە بەدنامدۇركىم، سەپەرى ئاخىرەت قىلغاندا، بالا تۇتۇپ، جەھەننەم تەرەپىغە راۋان بولۇپ، ئۇز جانىغە دەرد-ئەلەملەر تاپغۇسىدۇر. كىمەرسە ئۇزىنى ئادىللەرنىڭ سانىغە كەلتۇرسە، كىشىگە ھەم ئۇزىگە ھەم زۇلۇم قىلماقنى راۋا كورمەس. ئەدل-ئىھسان قىلماقنىڭ ھۇنەرىنى بىلسە، ئۇز ئىلكىدىن ئۇل ھۇنەرنى بەرمەس. پادىشاھلارغە لازىمدۇركىم، ھەر ھۇنەردىن ئۇزىنى يىراق تۇتۇپ، ئەدل-ئىھسان قىلماغلىقنىڭ ھۇنەرىنى خوپراق كورگەي. ھەر پادىشاھنىڭ قىلىقى ئەدل قىلماق بولسە، ئۇزگە ھۇنەرلەر ئەيىپدۇر.

مەھمۇدنىڭ ھىكايىتىكىم ئەجەل ئاغىر ئۇيقۇسىغە بارغاندىن سوڭرە، مەسئۇدنىڭ تۇشىگە كىردى ۋە ئادالەت ئەينىن پەيدا قىلۇر ئۇچۇن ئاڭا پەندلەر بەردى ۋە نەسىھەت زۇلالىدىن ئانىڭ يۇزىگە بىر سۇ ئۇردىكىم، ئانى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغاندۇردى.

ئاڭلاندىكىم سۇلتان مەھمۇد غازىنىنىڭ ھايات جامىغە ئەجەل شەربىتىنى قۇيۇپ ئىرجەئى نەغمەسىنى ئىستىماﺋ ئەيلەپ، ئالەمغە ۋەداﺋ قىلىپ، ھەق تەرپىغە رۇجۇﺋ قىلدى. جاھاندىن كەتكەن چاغدا، مەسئۇد ئاتلىغ ئۇز پەرزەندىنى ئۇز سەلتەنەتىدە قايىم مەقام قىلىپ، دارۇلبەقا تەرىپىغە رەھلەت قىلدى. بىر كېچە مەسئۇدنىڭ تۇشىگە كىرىپ كوردىكىم، ئاتاسى تۇشىدە باشىدىن-ئاياغىغىچە نۇرانى بولۇپ، بەھىشت ئەنبەر سىرشتىنىڭ گۇلشەنىدە ماكان تۇتۇپ، ھەر نەپەس ۋە ھەر سائەت راھەتى زىيادە بولۇپ تۇرادۇر. ئالىدا بىر ھەۋزى زۇمرەددىن باردۇركىم، ئانىڭ ئەۋسافىنى نەقل قىلۇردا، ئاقىللار ئاجىز كېلىپ، چەرخ ئەخزەردەك مۇدەۋۋەر كېلىپ، بۇيى، رەنگى، تەمى كەۋسەر سۇيىدەك تۇرادۇر. ئۇل ھەۋزىنىڭ قىراغىدا بىر دەرەخت مەھمۇدنىڭ باشىغە چەتىر يەڭلىغ سايە سالىپ، ئۇل گۇلشەنىنىڭ سەھنىغە ھەم سايە بولۇپدۇر. يەنە ئۇل گۇلشەنىنىڭ سەبزەسى زەئىپراندىن بولۇپ، بۇيىدىن خەستەلەر ھەسىمى زەئىپلىقى زايىل بولۇپدۇر. بۇ تاماشادىن مەسئۇدنىڭ كوزى رۇشەن بولۇپ، ئۇل بۇيىدىن دىماغىنى مۇئەتتەر قىلدى. ئۇل شاھ مەسئۇد بۇ تۇرفە ئەھۋالنى كورۇپ، يەر ئۇپۇپ ئاتاسىدىن سوئال ئەيتتىكىم، ئەي ئاتا سۇلتانلىغىڭدا قايسى ئەمەل قىلىپ مۇنداغ مەنزىلغە سەزاۋەر بولۇپدۇرسەن؟ جوۋاپ بەردىكىم، جاھاندارلىق قىلغان چاغدا، ئادالەت قىلماقنى ھەمىشە ئىختىيار قىلۇر ئىردىم. چۇنانچە ھىندۇستان تەرەپىغە لەشكەر چەككەندە دىددىمكىم، بۇ يۇرت چېرىكدىن ئىمىن بولسۇن دەپ مۇنادىسى قىلدۇردۇم. بۇ ھوكۇمنى لەشكەرىم ئاڭلاپ، سەيىر تاماشاھ قىلغاندە، ماڭا مەيىل پەيدا بولۇپ، ھەر تەرەپ نەزەر سالىپ، بىر جەزىرە ئىچرە كوردۇمكىم، نەچە ئۇيلۇك كىشىلەر باردۇركىم، ئۇلارنىڭ ئىشى زەئىپلىق ۋە ئاجىزلىقىدىن ئۇزگە ئۇلاردىن مەئلۇم بولماي، ئوي-بارقلارنى ① ياغاچدىن، قومۇشدىن

① ئوي-بارق — ئوي-ئىمارەت، قەدىمقى تۇرك تىلىدا "ئەۋ-بارق" دېيىلىدۇ.

ياساپ، گىلەم ئورنىدا بورىيا سالىپ، بۇزۇق قورشامنى باغۇ-بوستان بىلەر ئېردىلەر. ئۇشبۇ-لارغە نەزارە قىلغان چاغىمدا، بىر مەزلۇمنىڭ ئۇنى قولاقىمغە يېتىپ، شول تەرەپكە ئاتىمـ-نى سوروۇپ، يېتىپ كوردۇمكىم، بىر ناتىۋان ئاجىز مەزلۇمە نالە قىلىپ تۇرادۇر. ئانىڭ ئۇ-چۇنكىم چەرىكچى ئانىڭ قورشامىغە كىرىپ، بۇزۇپ نەچە شاخ ئوتۇننى ئالىپ، توبراسىغە سامانىنى ئالىپ سالىپدۇر. يەنە هەم ياشىل بىر هىجىر ئاياق ئالىپ، زۇلۇم بىرلە تەئدى قىـ-لىپ ئالغاندىن كېيىن چىقار هالدا ماڭا روبرو يولۇقتىكىم، دادخىۋاهى بىلە جىدەل قىلىپ، ئىككى گۇۋاهلەر بىلەن چىقىپ كىلەدۇر. ئانىڭ زۇلۇم تەئدىسىنى بىلىپ، ئەشيارىنى ئىگىسـ-گە ياندۇردۇم. يەنە قورشامنى ياساپ، ئايرىلغانلارنى مەهكەم ئېتىپ، ئول زالىمنىڭ قوللارىـ-نى باغلاتىپ، بوغزىدىن ئول ئۆينىڭ ئالدىدا ئاستۇردۇم. ئول پىرزال مەزلۇمە ئەشيالارىنى ئالغاندىن كېيىن، شول سائەت لەشكەر تەرەپىغە ياندىم. جاهان نافايداردىن يۈز ئوروۇپ، دا-رۇلبەقا تەرەپىغە رەهلەت قىلدىنكىم، بۇ باغ رىزۋان مەقايىم بولدى. بىلگىلكىم نىهايەتسىز گۇناهلار بىلەن بۇ ئىشىم تەڭرى تائالاغە مۇقبۇل ئاخىر هالدا مەغپىرەت قىلىپ، خىتاپ كەلدىكىم، ئەي ئاسى بارگاه گۇناهلاردىن ئوزگە ئەمەل قىلماپدۇرسەن. هەددىن ئارتۇق گۇناهلارنىڭ تاشغان جەهەننەمدىن تاموغ ئوتىغە سازاۋەر بولۇپ ئېردىڭ، ئۇشۇل ئەدلىكىم سەندىن ۋۇجۇد تاپىپ ئېردى. ئانىڭ بائىسىدىن هەمە گۇناهلارنىڭ باغىشلاندى. بى غەرەز قىلغان ئىشىڭدىن بۇ ئالەمدە ئانىڭ ئىۋەزىنى تاپىپدۇرسەن. ئانداغكىم ئول پىرزالنىڭ قورشامىـ-نى بىرىسيا تۇزىتىپ ئېردىڭ، ئانىڭ مۇزدىغە بۇ بىهىشت ئەنبەرسەرىشت ئىككى شاه ئوتۇنـ-نىڭ مۇزدىغە بۇ دەرەخت تۇبى، ياشىل هىجىر ئاياقنىڭ ئىۋەزىغە بۇ زۇمرەد هەۋزى بىر ئىنەك سامانىنىڭ ئىۋەزىغە بۇ زەئفىران زار ئول زالىمنى قەتل قىلغانىنىڭ ئىۋەزىغە هايات ئاباد تاپىپدۇرسەنكىم، مۇنداغ مەقسەدلەرنىڭ خوبلۇقىغە هەد يوقتۇر دەپ، ئوغلىغە بىشا-رەت بەردىكىم، بۇ سەۋادىن ۋاقىپ بولغان كىشىنىڭ ئەدل-ئىهساندىن ئوزگە ئىشى بولماس. ئەگەر ئالەمى فانىدا ئەدل قىلماغلىق ۋۇجۇد تاپماسە، بۇ ئالىمى باقىدا پۇشايمانلىق سۇد بەرمەس. ساڭا ئىشارەت بۇكىم تا مەقدۇر ئەدل-ئىهسان كەسپىدىن غاپىل بولماغايسەن. ئە-گەر پادىشاه ئوز ئەدلىدىن غاپىل بولسە، داۋاسىز رەنجىغە مۇپتىلا بولغۇسىدۇر. ۋەقتىكى، شاه مەسئۇد ئۇيقۇدىن ئويغانىپ، قايغۇدىن خاتىرى پاراغەت تاپىپ، ئادالەت تەرىقىنى پە-سەند قىلىپ، ئاتا بۇيرۇغىنى ئىختىيار ئەيلەدى. هەر شاهكىم، شاه مەسئۇددەك ئەدل-ئىه-سان قىلماقنى كەسپ قىلسە، ئومىددۇركىم تەڭرى تائالا سۇلتان مەهمۇددەك ئاڭا بىهىشت ئەنبەر سەرىشت ئاتا قىلدى.

هىكمەت ئىسكەندەرنىڭ ئارستۇدىن سوئالى ئول باپداكىم، ئول نەتىنجەئى ئادالەت نەتىنجەسىنى نى نەۋئ ئىشلار بولا ئالغاي. ئول نەتىنجە ئۇمىدىگە كىشى ئول يولغە قەدەم سالغاي ۋە ئارستۇغە جاهان كىشايلىق تىلى ئاچىلماق ۋە ئەدل نەتىنجەسى جاهانگىرلىك ئەركەنىن سابىت قىلماق ۋە ئادىلغە ئول جاهان سائادەتى هەم تاپىلغاي.

ئىسكەندەر ئارستۇغە خىتاپ قىلىپ، ئەي هەكىم دانىش ۋە ئەدل ئىختىيار قىلادۇرغان پادىشاهنىڭ ئەدل قىلماقلارى نىدۇر؟ جوۋاپ بەردىكىم، هەر پادىشاه ئەدل قىلماقنى پىشە تۇتسە، دۇنيا ئاڭا مۇسەخخەر بولۇپ، بۇ ئالەمدە ئافافگىرلىق قىلىپ، تەختى نىشىن بولغۇسىـ-دۇر. ئانىڭ نەتىنجەسى بۇدۇركىم، يۇرتى ئاباد ۋە غەنى بولغاي. يىقىندۇركىم، خەزىنەلەرى

تولۇپ، بىشىك بىگۇمان لەشكەرىغە سەرەنجام پەيدا بولۇپ، پادىشاھغە كوڭۈللۈك بولغاندىن كېيىن، شەك يوقكىم، دۇشمىنىغە غالىپ كىلۇر. قاچانكىم، بىر دۇشمەننى زىردەست قىلىپ، يۇرتنى ئالسە، قۇۋۋەت زىيادە پەيدا بولۇپ، يەنە بىر دۇشمەننىڭ شەۋكىتىغە شكەست بەرگەي. لەشكەرى بۇ تەرىقەلىق قىلىچنى چاپسا، دۇئا بىرلە مەدەت بەرگەي، ئەگەر بۇ تەرتىپ بىرلە تەرھىنى سالسا، ئەجەپ ئەمەسكىم دەھىر مۇلكىنى ئالغاي. رەئىيەتلەرى تۈنلەردە دۇئا قىلىپ، ئۆزگە لەشكەرلەر ھەم ئانىڭ قاشىغە كەلگۈسىدۇر. ھەركىم بۇ ئىشقە مۇنچە تەۋپىق تاپسا، ئانىڭ جاھانگىر بولماقى ئاساندۇر. يەنە بىر مۇددىئا بۇدۇركىم، كىمەرسە تەڭرى تائالاغە ئىلتىجا كەلتۈرۈپ، ئەدل ۋە ئىھسان قىلماقنى ئىختىيار قىلىپ، يۇرتدىن مۇشەققەت ئىشلارىنى دەفئ ئەيلەپ، خالايىقغە راھەت يەتكۈرۈپ، ئەدل قىلماقنى لازىم تۇتسە، ئالەم خەلقى ئانىڭ جانىغە دۇئايى خەير قىلغاندا، مەغپىرەتدىن ئۆزگە جازايى ئەمەل بولماس، بەس. ئىككى ئالەم ئاڭا مۇسەللەم بولغۇسىدۇر دەپ، ئول ھكىم دانا ئىسكەندەرغە جوۋابىنى بېرىپ، كالامىنى تۈگەتتى. ئىسكەندەر ئول كالامدىن مەنپەئەت تاپىپ، كوڭلىدىن بارچە شۇبھەلەر كوتەرىلدى.

**ئىسكەندەر ئىشلارىنىڭ تەپسىلىنى ئەجەل بىلە دېمەك ۋە ئول ئەجەلنىڭ مۇجەلاتىن تەپسىل قىلماق ۋە دارانىڭ رەسۇلى ئاڭا ئالتۇن بەيزە تالەي كېلىپ، پولاد نەيزەدەك ئانىڭ جاۋاپ تاپىپ بارماقى ۋە ئول سەنان لەمئەنىڭ بەرقى ئانىڭ خەرمەن سەبرىغە ئوت سالماقى ۋە كۈنجۈد بىلە كوي ۋە چەۋگان يىبەرەكى ۋە ئىسكەندەر ئول چەۋگان بىلە كوينى ئۇرۇپ كۈنجۈدنى قۇشلار تەرمەكى**

ئول نۇكتە سەنج تارىخ قەلەمىغە بىسيار رەنجلەرنى چېكىپ دىدىكىم، ۋەقتىكى ئىسكەندەر ئادالەت بىرلە يۇرتنى ئاباد قىلىپ، ئارستۇنىڭ تەئلىمى بىلەن ئادالەت قىلماقنىڭ خاسىيەتلەرىنى بىلىپ، ئالەم مۇسەخخەر قىلۇرغە ئىشتىھا پەيدا بولۇپ كوڭلىنى ئاڭا تۇتۇپ، ئۆزىنىڭ خىيالىدا ھەددىن فۇزۇن تەئەممۇل قىلىپ، ئەندىشە تارىنى ئۇزۇن چېكەر ئېردى. ئانىڭ ئۇچۇنكىم ئەدل بىلە شىجائەت ئەقىل بەركامال ئەھلى ھكمەت ئېردى. قۇياش يەڭلىغ سىپەھر ئۆزرە ئىلمىنى تارتىپ، ئانداغ يۇرۇش قىلدىكىم، ئالەم يۈزىنى يەك قەدەم ئالدى ئافاق ئىچرە ئىشلارنى قىلدىكىم، كىشى قىلماغان بولغاي، ئاجايىپ ئىشلار ئاڭا مۇيەسسەر بولدىكىم، تامام جاھاندارلارنىڭ قەدرى شكەست تاپتى. قىلغان ئىشلارىنى ھىچ كىمەرسە قىلالماس. ئەگەر قەرنلەردە تەقرىر قىلسە تۈگۈمەس. بارچەسىنى دېمەك ئاسان ئېمەس، بايان قىلغانلارنىڭ تۈگەتمەكلىگى ئىمكان ئېمەسدۇر. ئەمدى مۇناسىپ بۇدۇركىم، ئول ئەھۋالنى مۇختەسىر بايان قىلغايمەن. ئانىڭ قىلغان ئىشلارىنىڭ ۋاقىئەسىنى ئادا ئەيلەپ، مەقسەدىمنى بايان قىلغايمەن. ئانىڭ تارىخىدە بىسيار تەئەممۇل قىلىپ، قىسسەسىغە تەپەككۇر بىلەن نەچە غارايىپ ئىشلارىنى تاپتىم كىم، ئول ئىشلاردا ئاجايىپ بىسيار باردۇر. ئانىڭدىن يالغان ۋاقىئەلەرنى تاشلاپ، راستلىق بىرلەن تەقرىرغە كەلتۈرگەيمەن. ئەلقىسسە، ئول شاھ دەۋلەت پاناھ يەئنى ئول ئىسكەندەر ئول ھالدا، رۇم شەھرىغە پادىشاھ بولۇپ، مۇخالىپەت قىلغانلارنى ھالاك ئەيلەپ، ئول شەھەرنى دۇشمەنلەردىن ئىمىن قىلدى. ئاڭا ئاندىن كېيىن چەرىك تارتىپ، جاھان ئىچرە يۇرتلارنى ئالماقغە ئىختىيار ئەيلەپ، ئەۋۋەل جەڭ قىلىچنى تارتىپ، مەغرىپ زېمىنىغە ئەزم ئەيلەپ يۇردىكىم، زەنگىبار ئەھلىغە خەيرەلىك قىلىپ،

قىلىچ سۇيىدىن ئۇلارنىڭ تىيرەلىقنى يۇدى. يەنە دارا بىلەن سوقۇشۇپ، ئۇلارنىڭ گەردـ
نى كوككە يەتكۇردى. يەنە يۇرت ئاچماقىغە توختاماي يۇرۇپ، فەرەڭ مەملىكىتىنى ئالدى.
ئۇلارنى ئىتائەت قىلدۇرۇپ، قىرىم شەھرى بىلەن ئۇرۇس شەھرىنى ئالدى. ئاندىن كىيىن
مىسىر شەھرىغە بارىپ، ئاندا ھەم ئەزىز بولۇپ، ئۇلارنى ئۇزىغە ئاشنا بىلىپ، ئىسكەندەردـ
يەنى ئاندا بىنا قىلدى. زەردەشتىنىڭ دىنىغە كىرگەنلەرنى يوق ئېتىپ، ئۇلارنىڭ ئاتەشپەـ
رەستلىك ئوتىنى تىغ سۇيى بىلەن ئوچۇردى. ئىراق-ئەجەم تەرەپىگە ئاتىنى سۇرۇپ، خىـ
رام قىلغاچ قەدەمىنىڭ بەرەكاتىدىن ئول شەھەرلەر ئاباد بولۇپ، خالايىق بەھرە تاپتىلەر.
يەنە شام بىلە ھەلەب تەرەپىگە ئەزم ئەيلەپ، ئۇلارنى ھەم ئابادلىققە يەتكۇردى. ئاندىن
يەمەن تەرەپىگە بارىپ، ئۇلارنى سەرەفراز قىلىپ، ئانىڭ بەرەكاتىدىن تاشلارى ھەقىق بولـ
دى. ئاندىن كىيىن مەككە مۇئەززەمگە يەر ئۇپۇپ، زىيارەت قىلماقىنە بارىپ، قەبۇل بولغاچ
ئول ئىشىك ئاچىلدى. ئاندىن رۇخسەت ئالىپ، سەۋاھىل تەرەپىگە ئەزم ئەيلەپ، يۇزمىڭ ئاجايىپـ
لارغە يۇز قويدى. يانىپ فارس شەھەرلەرىنى مۇسەخخەر قىلىپ، سائادەت بىلەن شىمال تەـ
رەپىگە بارىپ، نۇسرەت تاپىپ، يانغاچ خۋارەزمى شەھرىنى مۇتىئ ئەيلەپ، ئافتاپدەك ئىلىمـ
نى چىكىپ، قىپچاق دەشتىنى يارۇتتى. ئاس شەھرى بىلەن رۇس شەھرىغە ئاتلانغاچ ئول
خالايىقنىڭ يۇزى قورقۇپ، كەھرىبادەك سارغاردى. ئاندىن كىيىن فەرخار شەھرىدە مەنزىل
تۇتغاچ ئول شەھەرنى باغ ئەرەمدەك قىلدى. يەنە ماۋەرەئۇننەھىر شەھەرلىرىنى ئالىپ،
سەمەرقەند شەھرىنى بىنا قىلدى. ئاندىن بادسابادەك ئوتۇپ، چىن شەھرىدە مەسنەد نىشىن
بولۇپ، خاقانى چىن بىلىنى باغلاپ، ئالدىدا تۇردى. ئاندىن ھىندۇستان تەرەپىگە ئاتىنى
سۇرۇپ، ئانىڭ پادىشاھى كەيداۋۇر دىگەننى قۇل قىلىپ، ھىندۇ بىلەن خىتاينىڭ بۇتخانەلەـ
رىنى سىندۇرۇپ، تائەت ئەھلىغە تائەتخانەلەرنى ياسادى. ئاندىن جەنۇب تەرەپىگە مايىل
بولۇپ، سىند شەھەرلەرىگە ئوتۇپ، كەچ ۋەمەگرانىنى تابىئ قىلىپ، گىرمان شەھرى تەرەپىگە
بارىپ، خۇراسان شەھەرلىرىنى ئالىپ، ئاندا ئارام ئالغاچ، ھىرات شەھرىنى بۇنياد ئەيلەدى.
ئاندىن ئوتۇپ سىفاھان شەھەرلىرىنى ئالغاچ ئاندا رەي شەھرىنى بىنا قىلدى.

ئەلقىسسە، تامام ئالەمنى مۇسەخخەر قىلىپ، كوڭلىنى تىنچ قىلىپ رۇمغە بارىپ، نەچچە
ۋەقت ئەيشى قىلماقىغە مايىل بولۇپ، جامى مەينى نۇش ئەيلەپ تۇرغاندا، كوڭلى ئارام
ئالمادىكىم، يەنە بىر قاتلا ئالەمدە سەير ۋە ساياھەت قىلىپ، يۇرتلاردا ياخشى ئىشلارنى
بۇنياد قىلىپ، ھەددىسىز ئىشلارنى غەرايىپ ئىشلارنى ۋۇقۇئىغە كەلتۇرۇپ، زاھىر قىلدى.
ئانىڭ بىرى، يەئجۇجنىڭ ئالدىدا سەد باغلادى، يەنە بىرى، بارچە ئالەمنى ساياھەت قىلـ
غاندا، يوللاردا ياغاچلارنى قويۇپ، يولنى تەئيىن قىلدى. چىنانچە ئون ئىككى مىڭ گەز
يولدا بىر ياغاچ قويۇپ، ئانداغكىم ئاغرامچىلارنى غۇلاچلاپ، ئون ئىككى مىڭ گەز يولنى
بىر مىل دىدىلەر. بۇ تەرىقەدە تەئيىن تاپىپ، يول يۇرگۇچىلەرگە ئاسان بولدى. يەنە بىرى،
ھەر مەنزىللەردە راباتلارنى بۇنياد قىلدىكىم، مۇساپىرلار ئاندا ئارام ئالدىلار. ۋەقتىكى بۇ
تەرىقە بىرلەن ئالەمنى تۇزگەندىن كىيىن نەھەڭدەك دەريا تەرەپىگە مەيل قىلىپ، يۇزلەندى.
سۇ يۇزىدە ھەدسىز كېمەلەرنى سۇرۇپ، بارچە كېرەكلىك نەرسەنى ئالىپ، نەچە يىل موھىتدا
يۇرۇپ، گاھى جەزىرەلەردە مەقام تۇتۇپ ھەق سۇبھانە تائالانىڭ فەزلى بىلەن بارچە
جەزىرەلەرنىڭ ئىچىدەكى شەھەرلەرنى ئالىپ، فەتىھ نۇسرەت تاپتى. دەريانىڭ ئىچىدەكى

يۇرتلەرنى ئالماي قالمدى. مۇنچە ئشلار بىلەن ھەم ئارام ئالماي، مەۋج دەريادەك ئىزتىـ
راپ بىلەن دەريانىڭ ئوتراسىدا كىرىپ، يۇقارى ئاسمان، تۈبەن سۇدىن ئۆزگە ھىچ نەرـ
سەنى كورمەي، دەريانىڭ تۈبىنى كورمەككە خىيال قىلىپ، ئەھلى ھىكمەتنىڭ مەسلەھەتى
بىلەن بۇ شىشەنى ياساپ، تەۋەككۇل قىلىپ ئول شىشەنىڭ ئچىگە، نەچچە ئەھلى ھىكمەت
بىلەن كىرىپ، ئانىڭ ئاغزىنى گىلى ھىكمەت بىلەن بەركىتتىلەر. نەچچە مىڭ قەرى تاناپنى
شىشەنىڭ بىر باشىغە باغلاپ، ئول تاناپنىڭ يەنە بىر ئۇچىنى ئەلگە تۇتتۇرۇپ، يانار چاغدا
ئول تاناپنى ئىشىپ تارتىپ ئالغاي، بۇ يەگلىغ دەريانىڭ تۈبىغە كەتتى. دەريانىڭ ئچىدەكى
غارايىپلار ئاڭا جاھان دەر جاھان بىشۇمار زاھىر بولدى. دەريانىڭ ئچىدەكى مەخلۇقاتىنى
كورۇپ، ئۇلاردىن ھەم ئوز مۇرادىنى ھاسىل قىلدى. قۇرۇقلۇقدا ئاڭا ھەزرەتى خىزىر رەھـ
بەر بولۇپ، دەريادا ھەم ھەزرىتى ئىلياس ياۋەر بولدى. بۇ قىلغان ئىشلارنى ھىچكىم قىلـ
ماس. ھىچكىشىدىن مۇنداغ ئىشلارنى بىلمەس. قۇربى ئىلاھى ھاسىل بولۇپ، پەيغەمبەرلىققە
ھەم لايىق بولۇپ دەرجە تاپتى. مۇنچە دولەتغە سازاۋەر بولۇپ، يەنە قانچە كىشىۋەرلەرنى
ھەم مۇسەخخەر قىلدى. ئەگەر كىمەرسە ئانىڭ ۋاقئەلەرنى كتابەت قىلماقغە قەلەمنى يۈـ
نۈپ، رەقەم چەكسە كىرەكدۇركىم، بىر شەھنامە مەكتۇب بولغاي. ۋە لېكىن بۇ دەپتەردە
گۈنجايىش تاپمادىكىم ئانى سىغدۇرغايمەن. زەررەدىن ئەجمال بىلەن ئانىڭ قىسسەسىغە
رەقەم سۇردۇم. بۇ تەرىقە بىلەن بىر دەفتەرنى بىر بىيت ئچىرە ئادا قىلدىم. گويا بىر
شەھەرنى بىر ئوي ئچرە نىھان ئەيلەدىم. ئەمدى تەڭرى تائالا تەۋفىق بەرسە، ئانىڭ كۆلـ
لى ئىشلارىغە قولۇمنى سۇنۇپ، راستلىق بىرلەن ۋاقئەلەرىنى رەقەم قىلۇرمەن. ئەلقىسسە،
دارا بىلەن بولغان ئىشلارنى بايان قىلۇرمەنكىم، ئول نەۋئ ئىشنى ھىچكىم ياد بەرمەس.
فىلقۇس رۇم شەھرىنىڭ پادشاھى ئېردى. شول زاماندا شاھ دارانىڭ پادشاھلىقى جاھان
ئچرە ئاشكارە ئېردىكىم، گىتىنى پادشاھلارنىڭ ئورنىدا پۇشتى بەرپۇشت ساھىپ تەخت
كېلىپ، ئافاقگىر ئېردى. لېكىن، ئانىڭ سوراغى لەھراسپنىڭ رەسمى ۋە تەسپالارنىڭ قانۇـ
نى كۇشتاسپنىڭ قانۇنىدەك ئېردى. تەمام ئەمەللەرى گىيانىلەرنىڭ ئەمەللەرىدەك ئىزھار
بولۇر ئېردى. جاھانبانلىق ياراتتى، بەھمەن پادشاھدىن تېگىپ ئېردى. جاھان مۈلكىدە
ئانىڭدىن ئۆزگە ئوكچە پادشاھ يوق ئېردىكىم، ئۆزگە پادشاھلار ئوزىنىڭ تەخت تاجىنى
ئاڭا تاپشۇرۇپ، ئىتائەت قىلىپ، پىشكەشلەر بىلەن باجۇ-خىراجىنى بېرۇر ئېردى. ئۇلارـ
نىڭ بىرى فىلقۇس ئېردىكىم، بى ماجىرا باج-خىراجىنى بېرۇر ئېردى. چىنانچە ھەرىيلدا
تۇخۇم ئالتۇندىن بىرۇر ئېردى. ۋەقتىكى بۇ فەنا دەيرىدىن فىلقۇس كەتكەندىن كىيىن،
ئىسكەندەر ئانىڭ جايىدا قايىم مەقام بولۇپ، يۇرت ئاڭا تەئيىن تاپىپ، ئەۋۋەلقى يىلدا
خۇرۇج قىلىپ، زەنگى پادشاھىغە تىغ تارتىپ مەشغۇل بولغاندا، تىغىنىڭ شۇئلەسىدىن زەنـ
گىلار كويۇپ كومۇردەك بولدى. ئۇلاردىن ئانداغ قان توكتىكىم، قاراباغلاردەك ئاشكارا بولدىلەر.
ئىككى-ئۇچ يىلنىڭ ئچىدە ئىسكەندەر ئانداغ جەڭ قىلدىكىم، بارچە دۇشمەنلەرنى سەرنگۇن
قىلىپ ئىلكىگە ئالىپ، نۇسرەت تاپىپ، ئىككى-ئۇچ يىلنىڭ ئچىدە رۇمنى ئاباد قىلىپ،
لەشكەرنى دۇشمەنلەرغە ئانداغ دەلىر قىلدىكىم، گوياكى نەررەشىرلار قۇلانلارنىڭ قەسدىغە
دەلىر بولغاندەك بولدىلەر. ئانىڭ شەۋكەتى دەريايى مۇھىتدىن ئالەمى فەلەكدىن ئېشىپ،
قىلىچىنىڭ شۇئلەسى جاھان سوز بولۇپ ھەم ئالەمى ئەفرۇز بولدى. جاھانگىرلىق فىكرىدىن

ئۇزگه هىچ خىيال خاتىرىغه كه‌لمه‌س ئىردى. بۇ ئافاقنىڭ سه‌هنىسنى ئۇزىگه تار كورۇپ،
جاهان شه‌هله‌رىنى ئۇزىگه ته‌ڭ كورمه‌س ئىردى. ئاتاسى فىلقۇسنىڭ ۋاپاتىدىن ئۇچ يىل
ئۇتۇپ، ئۇزىنىڭ ئىشىنى ئون ده‌ره‌جه زىياده به‌له‌ند تۇتۇپ، كوڭلىگه هه‌رگىز خۇتۇر
يه‌تمه‌دىكىم، داراغه خراجىنى به‌رگه‌ي، ئانىڭ ئۇچۇنكىم ئه‌زه‌لده ئانى به‌له‌ند مه‌رتبه‌لىك
ئافرىده قىلىپ، هىممه‌ت بابىدا ئانىڭ بىله كىشى ته‌ڭ بولماس ئىردى. لىكىن ئانىڭ تاقابىلىدا
شاه دارا بار ئىردىكىم، ئاڭا مادارا قىلماقدىن ئۇزگه ئىزهار قىلماس ئىردى. ئانىڭ سه‌لته‌نه‌تىغه
نه‌زه‌ر سالماي، كوڭلىگه هه‌رگىز كه‌لتۇرمه‌س ئىردى. مۇبادا ئىككى يولبارس ده‌ره‌فتار بول-
سه‌له‌ر يىقىندۇركىم، ياشراقى غالىپ بولغۇسىدۇر.

ئه‌لقىسسه، بىر كۇنى ئىسكه‌نده‌ر ته‌ره‌پ بىساتىدا فه‌له‌ك ياۋه‌ر بولغان هالدا دارا قاشى-
دىن بىر ئه‌لچى كېلىپ، ئىسكه‌نده‌رنىڭ ئاستانىغه تۇشۇپ، ئانىڭ قۇللارىدىن كىرمه‌ككه
رۇخسه‌ت ئالىپ تۇرغاندا، ئىسكه‌نده‌ر ئاڭلاپ ته‌له‌پ قىلدى. ئىچكىرى كىرگه‌چ شاه ئىسكه‌نده‌ر-
نى كورۇپ، يۇزى بىرله‌ن ده‌رگاهىنى سۇپۇردى. قۇللار ره‌سمىنى به‌جا كه‌لتۇرۇپ، سوزنىڭ
ئه‌ۋۋه‌لىده دۇئا قىلىپ، ئانىڭ لايىقىدا ئادا قىلغاندىن كېيىن، ئولتۇرماقغه ئورۇن بېرىپ،
سه‌ره‌فراز قىلدىله‌ر. ئول ئه‌لچى يه‌رگه كوز تىكىپ ئولتۇرۇپ، سور بايان قىلغالى ئۇزىگه
مه‌جال تاپمادىكىم، ئىسكه‌نده‌رنىڭ شه‌ۋكه‌تى ئانى لال ئېتىپ بى هال قىلدى. ئىسكه‌نده‌ر بۇ
مه‌ئنه‌نى فه‌هم قىلدىكىم، شه‌ۋكه‌تىمدىن ئاڭا ۋه‌هم په‌يدا بولۇپدۇر. لېكىن ئاڭا كوز سال-
ماي سوزله‌رنى سورار ئىردى. تاكى ئول ئه‌لچى ئۇزىنى تاپىپ هالغا كه‌لدى. ئىسكه‌نده‌ر
ئانى بىلىپ، شاهانه قارالاپ سوئال ئېيتتىكىم، شاهى كامىران دارا شاه خۇش ۋه خۇرره‌م-
لىق بىله‌ن يۇرتلارىنىڭ قائىده‌سى كوڭلىگه مۇۋاپىقمۇدۇر. ئه‌لچى ده‌رهال قوپۇپ. يه‌ر ئۇپۇپ
تۇردى. ئىسكه‌نده‌ر يه‌نه خىتاپ دىدىكىم، مۇنداغ كه‌لمه‌كىده مۇرادىڭنى بايان ئه‌يله‌پ، دا-
رانىڭ پىيامىسى ئه‌يغىل، ئه‌لچى يه‌نه يه‌ر ئۇپۇپ دىدىكىم، ئه‌ي شاهىنشاهى ئالى مه‌قام،
ئىتماسلىقىمغه چاره‌م يوقدۇر. ئىلگىرى مه‌لىك فىلقۇس هه‌ر يىلدا رۇم مه‌مله‌كه‌تىدىن مىڭ
تۇخۇم ئالتۇندىن بىرۇر ئىردى. ئۇچ يىل بولۇپدۇركىم، جانابىڭ شاه بولۇپ، رۇم مه‌مله-
كه‌تىده ئارام ئالىپ، كام تاپىپدۇرلار. بۇ ئۇچ يىلقى خىراجىنى ته‌قسىم تاپىپ، شاه دارا-
نىڭ مه‌خزه‌نىغه ۋاسىل بولماپدۇر، مىنىڭ كه‌لگه‌نىمدىن مۇراد بۇ ئىردى. ئه‌گه‌ر لۇتىف
ئه‌يله‌ب هىساپلاشىپ به‌رسه‌له‌ر، ئانى ئالىپ بېرىپ، ۋاسىل قىلۇرمه‌ن. ئه‌گه‌ر بولماسه، جو-
ۋابىنى ئالىپ بارۇرمه‌ن. دىگه‌نده ئىسكه‌نده‌رگه بۇ سوز قاتتىغ كېلىپ، غه‌زه‌پ زه‌هرىدىن
ئاغزى ته‌لخ بولۇپ، يۇزىنىڭ ره‌ڭگى ئوتده‌ك بولۇپ، جاهان ئىچره ئاته‌ش ئه‌فشان بولدى.
يه‌نه بىر سائه‌ت باشىنى تۇۋه‌ن سالىپ، غه‌زه‌پ ئوتىغه هىكمه‌ت سۇيىنى ساچىپ، غه‌زه‌پ
خه‌يلىنى ره‌د قىلدى. يه‌نه باشىنى كوته‌رىپ، سوزگه ئاغزىنى ئاچىپ، جوۋابىغه جه‌ۋاهىرلارنى
ساچىپ دىدىكىم، شاه داراغه مه‌ندىن سالام دىگه‌چ پىيامىنى يه‌تكۇرگىلكىم، ئانىڭ شه‌ه-
لىقىنىڭ به‌قاسى يوقدۇركىم، فه‌نا بولماقدىن ئۇزگه ئىنتىهاسى يوقدۇر. گه‌نج ئۇزره گه‌نجله‌ر
يىغماق ئۇچۇن ره‌نج تارتماسۇنكىم، ئومرىنىڭ ۋه‌فاسى يوقدۇر. ئه‌ده‌ددىن فۇزۇن خه-
زىنه‌له‌رنى يىغماقغه هه‌ددىدىن زىياده جه‌فالارنى چىكىپدۇر. بۇده‌مغه‌چه يىققان خه‌زىنه‌ڭدىن
ئه‌سفىنى كورگىل، لىكىن ئانىڭ كه‌يىنىدىن مه‌زه‌ررىتى هه‌م باردۇر، هه‌ر ئىشىنىڭ زه‌رۇرى

مەنفەئەتىدىن زىيادە بولسە، ئانى قىلماقى ئاقىللار ئالدىدا خوپ ئېمەسدۇر. بۇ ئىشدىن
ئۆزۈڭگە نەفئ يوقدۇر. بىزگە ئەلەم بولغۇسدۇر بەس، ئۆزۈڭنى ھەم بىزنى بو جافاغە سال-
ماغىل، ئالتۇن تۇخۇملارنى تىلەپ ئۆزۈڭنى مىھنەتغە تۈش قىلماغىلكىم، ئالتۇن تۇخۇمى
بەرگۈچى قۇش ھەۋا ئەيلەپ ئۇچۇپ كېتىپدۇر. ئەگەر كوڭلۈڭ بۇ نەسىھەتنى قەبۇل تۇت-
سە، بىز ھەم دۇستلۇقدىن ئۆزگە ئىشنى قىلماسىمىز، بۇ نەسىھەتىمىز تەبئىڭغە سۇد بەرمەسە
يىبەرگەن پەيغامىڭ ھەم بىزگە دىلبەند ئېمەس. بۇ بىھۇدە سەۋدانى باشىڭدىن، ئۇشبۇ
تەمەننانى خىيالىڭدىن ئالىپ تاشلاغىل. ئانىڭ ئۈچۈنكىم، دانا نۆكتەدانلارنىڭ نەزدىدە
ھەرىپنى تانۇماغلىق ئۇلۇغ ئىشدۇر. ئىشلارىڭ ناتەۋانلار بىلەن تۈشۈپدۇر. مىنىڭدەك كىشى
بىرلە ئىشىڭ تۈشمەپدۇر، نەچەند كىشىلەرغە بىرەر ئەسكى تاجىنى ساتىپ، ئۇلاردىن يىلدا
خىراجىنى ئالىپ تۇرارسەنكىم، ئۇلاردىن تەخت مەملىكەتىنى ئالىپ ھەم تاج بەخش بولۇپ،
خىراجىنى ئالماق مۇناسىپ ئېمەسدۇر. ئەمدى كىمەرسەكى تاج بەخش ۋە سەلتەنەتلىك
بولسە، ئانىڭدىن خىراج ئالماقنى تەمئ قىلغان دىلبەند پىر ئېمەس. ئانداغكىم دەريا ئىچرە
نەھەڭگى بىباكنىڭ ئالدىدا دۇرلەرنى تەلەپ قىلماغلىقدۇر. بۇ يەڭلىغ تەمەننا قىلغانلار،
ئۆزىنى سۇ ئىچرە نەھەڭ تۇئمەسى قىلغۇسدۇر. خىرەدمەندلەرنىڭ ئىشى ئانداغ خوفناك
يەردىن تەمئ تۇتماغاي. بى جەھەت ئارامىزدا خوسۇمەتنى راۋا كورمەگىلكىم، مال ھەشەمە-
تىڭ ئول ئىش ۋاقئ بولغاندا، پاناھىڭ بولغاي. مۇنداغ خىيالنى كوڭلۈڭدىن چىقارغىل.
يەنە دىمەگىلكىم، يەر ئۆزرە ئەدەدسىز چەرىكىم دەستگەرلىك قىلغاي. ئەگەر لەشكەرىڭ
تولا بولسە، مىنىڭ لەشكەرىم ئاز بولسە ئاللاتائالا ئاز ۋە تولاغە باقماي بەرگۈچىدۇر.
ئەگەر دولەت ئىشى مۇيەسسەر بولسە، لەشكەرىنىڭ ئازلىقى زەرەر قىلماس، دەپ ئىسكەندەر
بۇ سوزنى تۈگەتكۈنچە ئول ئەلچى ئانىڭ ھەيبەتىدىن ئېرىپ قورقۇپ قوپۇپ، ناتەۋان
جانىنى ئالىپ يولىنى تۇتتى ۋە لىكىن ئۆزىنىڭ ئولۇك - تىرىگىنى بىلمەي يىلدام يۈرۈپ،
داراغە پەيغامىنى يەتكۈردى. دارا ئانىڭ تەمام جەۋابىنى ئىشتكەچ تەغىر تاپىپ كالامىنى
مۇنداغ سۈردىكىم، بۇ نەۋئ ئەفسانە دىسە، تەسەۋۋۇر قىلۇرمەنكىم ئول دىۋانەدۇر ياكى
مەستدۇر. بۇ سوزنى دىگەن چاغدا ئۆزىنى بىلمەي دەپدۇر. ياكى تەفىل لايەئقىل بولغاي-
كىم، بۇ سوز دىگەن ھالدا ئەقلى رەھنامە بولماپدۇر. ئول ئەلچى ئىسكەندەرنىڭ ھال
شەرھىنى ئانداغ بايان قىلادىكىم، ئىسكەندەر تەلبە ۋە نافەھىم ۋە مەست ۋە تەفىل غەفلەت
پەراسەت ئېمەسدۇر. ئانداغ ھۇشمەند ۋە باخىرەد كىمەرسەئ دۇركىم، ئانىڭ كالام ئاللارى
بىسيار بەلەند، ئنام - ھىكمەتدە سانىسى يوقدۇر. دىلاۋەرلىك سۇفەتىدە بىنەزىر زەبەردەست-
لىكدە بەنزەرى يوقدۇر سۇفەتلىرىنى بايان قىلغالى بولماس. ئانىڭ سوزلەرىدىن ئايان بولۇپدۇر.
ئانىڭ شەۋكىتىدىن ھىچ كىمەرسەغە سوز دىگەلى ھەد بولماس. ھەرقانچە نەزەر قىلسام ئانىڭ
فىكىر قىياسىنى ھەددىدىن زىيادە بەلەند كىلەدۇر، دەپ ئەھۋالنى بايان قىلغاندا، دارا
ئاڭلاپ خەشمگىن بولۇپ، غەزەپ ئوتى شوئلە ئۇرۇپ، جاھان ئىچرە رۇستخىز توشۇپ،
تامام ئالەمغە غەۋغا تۈشتى. يەنە ئول ئەلچىنى زىندانغە بۇيرۇپ دىدىكىم، ئول مىنىڭ
بەندەزادەمدۇر، خان دادامنىڭ ئۇششاقلارىدىن دۇركىم ئابادۇ - ئەجدادى سەرئۇفكەندەمدۇر.
ئەقىل مىزانىغە نەزەر قىلسام، ئولكىمدۇر ئادەم قاتارىغە كىرگەي، ئانىڭ سوزى سوز بولۇپ، يا

مەن دىگەن سوزگە مائقۇل ۋە جاۋاپ بەرگەي، يا مەندىن تەۋەھھۇم قىلغاي، يا ئەلدىن ئۇياتغاي. ئەمدى ئانى يوق ئەتكەننىڭ سەرەنجامىنى تۈزۈپ، دىگەننى كوزگە كورگۈزەي. ئانداغ بىر گۈشمال بىرۇرمەنكىم، ھەربىر ئەسىللەرگە يادگار قالغاي. ئول ھالدا تىلنى ئۇزاتىپ دىگەن سوزلەردىن ئابا قىلماي ئادا قىلادى. سوزلەرنى ئەيتىڭ قىلىچدەك ئىتىپ، بىر چەۋگان بىرلە بىر كوينى نەچەند سوزلەر بىلەن يەنە بىر زەرف كۈنجۈددىن ئىسكەندەرغە يىبەردى. ئانى ئۇزاتىپ يولغە كوزىنى تىكىپ تۇردى، تا نەچۈك جاۋاپ كەلتۈرگەي. يەنە ھەم ئەلچى قىزىل تىلنى باشغە ئافەت قىلىپ، ئىسكەندەرغە يەتتى. ياساۋۇللار ئىسكەندەرغە ئەرز ئەيتتىلەركىم، دارا قاشىدىن ئەلچى كېلىپدۇر. ئىسكەندەرنىڭ ئەمرى بىلەن ئانىڭ نەزەرىغە ئوتكەزدىلەر. ئەلچى ئىسكەندەرنى كورگەندە ئەيتۇر سوزلەرىنى ئۇنۇتۇپ، شەۋكىتىدىن جىسمىغە تاب تۈشۈپ، كوڭلىگە ئىزتىراپ پەيدا بولدى. يەر ئۇپۇپ ئەرز ئەيلەپ، ئەلچىلىك تەرىقىنى ئادا قىلىپ، دۇئاغا قول كوتەردى. ئىسكەندەر دىدىكىم، ئەرز ئەھۋالىڭنى بايان قىلغىل. ئەلچى ھەم تەسلىمات بەجا كەلتۈرۈپ دىدىكىم، ئالدىڭدا سوز ئەيتۇرغە مەجالىم يوقدۇر، لىكىن دارا دىگەن سوزلەرنى ئادا قىلۇرمەن، ئەگەر يوق دىسەڭ، قايادىن كەلگەن بولسام، يانىپ كەتكەيمەن. ئىسكەندەرنىڭ كوڭلىگە تۈشتىكىم، يىرىك سوزلەرنى دارادىن كەلتۈرۈپدۇر. ئاندىن كىيىن ئول ئەلچى بايان قىلدىكىم، ئول شاھى دارايى كىشۋەر ئاراي ئانداغ پەيغامە يىبەردىكىم، قەدىم رەسمى بولغان خىراجىنى ئالماق بىزگە ئىھتىياج يوق ئىردى. لىكىن، شاھلار بىزنىڭ بەندەمىزدۇرلەر، نەچۈك ھوكۇم قىلساق سەرئوفكەندە بولۇپ، قەبۇل تۇتارلار، باج خىراج بەرمەكى بىزنىڭ ھوكمۇمىزغە ئىتائەت قىلماغلىقدۇر، ئاتاڭ ھاياتلىق زاماندا بۇ خىزمەتنى تەقسىر قىلماي ئادا قىلۇر ئىردى، ئەمدى ئانىڭ جايىدا بولغان جەھەتىدىن ئول قىلغاننى قىلساڭ كىرەك، ئىتائەت تەرىقىنى بەجا كەلتۈرمەي، ئاتا قىلغاننى قىلماي، ئۈچ يىلدىن بۇيۇزى خىراجىڭ خەزىنەمىزغە يەتمەدى، بۇ ئىشى ھەددىدىن ئاشىپ، كىشىنى يىبەردۈك تا خىراج ئالماقى ئانىڭ ئىشى بولغاي، نەچچە سوزلەرنى دەپدۇرسەن، دانالار مۇنداغ دىمەسلەر، ھەددىڭ ھەم بولماس ۋە لىكىن ياشىڭنىڭ كىچىگلىكىدىن، باشىڭ تاشقە تەگمەسلىكىدىن، ئەقلىنىڭ ئازلىقىدىن جۇنۇن پەيدا قىلغاندۇر. جاھالىتىڭدىن ئىشىڭنىڭ تەدبىر بىلە ئەسلاھىڭ يوقدۇر تەخى گودەكدۇر، دەپ مۇنداغ تەقسىر قىلغان ئىشىڭدىن ئوتتۇك، ئەمدى لازىمدۇركىم، قالغان خىراجىنى سەرەنجام قىلىپ، ئۇلۇغ ئاستانەمىزغە ئۇپكەلى يەتكەيسەن. يۈزۈڭدىن ھەم ھىجاپنى دەفئ قىلىپ كەلگىل، تا بىزدىن ھەم ئىنايەتلەرنى بىھساپ كورگەيسەن، ئەگەر ۋەھمى قىلىپ قورقساڭ، دىگەن سوزلەرىڭدىن ئىجتىناپ ئەيلەپ يانغىل، ۋەگەر تەكەببۇر قىلىپ غورۇر قىلساڭ، سوزلەرىمىزنى رەد قىلىپ ئۇناماساڭ، بىلمەسلىكىڭنىڭ نىشانەسىدۇر ھەم كىچىگلىكىڭنىڭ تەقەززاسىدۇر، يەنە قاشىڭغە مۇناسىپ نەرسەلەرنى يىبەردىم، بوينۇڭنى تولغاماي تۇرغىلكىم. نامۇناسىپدۇر، دەپ، ئول ئەلچى چەۋگان بىلە كوينى ئالدىدا قويدىكىم، ساڭا كوي بىلە بۇ چەۋگان مۇناسىپ، سەن تەخى گودەكلەرسەن، گودەكلەرگە بۇ يەخشىراقدۇر ۋە لىكىن يۇرت ئىشى ئوزگە ئىشدۇر. ئەگەر كوڭلۇڭدىن خىلاف ئىشنى كوتەرمەي ئوزرە تەقسىرنى ئىزھار قىلماساڭ، نىزائ بولغاننىڭ ئىپتىداسىدۇر. ئەمما بۇ قىلغان خىيالىڭ ئەبسىدۇر، ھەددىڭ بولماس جەھلىڭنى قويۇپ، ئوز جانىڭغە رەھىم قىلغىلكىم، چەرىكىمنىڭ ھەددى-ھىسابىنى

كۇنجۇدچە بىلگىل، دەپ مەجلىسدىن قوپۇپ، زەرف ئىچىدەكى كۇنجۇدنى ئالىپ، ئاغزىنى ئاچىپ. بىساتىدا ئۇل زەرفىنىڭ كۇنجۇدنى توكىدى، هەركىم شاه دارادىن قورقماسە، سپاهلارنىڭ هىسابىنى بۇ كۇنجۇددىن قىياس قىلسۇن، دەپ سوزىنى تۇگەتىپ، جەۋابىغە مۇنتەزىر بولدى. ئۇل ئەلچى تەكەللۇم قىلىپ بولغاندە، ئىسكەندەر ئاستە تەبەسسۇم قىلىپ، تەنە بىلەن كالام ئاغاز قىلدى. دىدىكىم، ئۇل شاهى دەۋران يەئنى دارا فاساهەت تەرىقىدە داد بېرىپ سوزلەگەندە بى ئىختىيار بولۇپ، ئەجەپ نۇكتەلەرنى بايان قىلدىكىم، شاهلارنى بەندەم دەپ، سەرەفرازلارنى سەر ئوفكەندەم دەپ، تەمەننا قىلادۇر، تەڭرى تائالا ئۇز لوتفى بىلەن هەركىمنى خالايىق ئوزرە شاه قىلغان بولسە، ئانى بەندەم دەپ خىتاپ قىلغانى تەرىقى ساۋاپ ئېمەسدۇر. ئۇلارنىڭ قۇللۇقى هەق تائالاغە خاسدۇر بەس. تەڭرى تائالا ئۇلارنى بەندەم دىسە، سەزاۋەردۇر. شاه دارانىڭ بۇ دىگەن سوزلەرى بىشەك خاتادۇر، تەڭرى تائالاغە شېرىك بولماق شېرىكدۇر، مۇنداغ خىيال كۇففارغە ئەنجام تاپار، يەنە ئۇچ سۇفەت بىلەن مېنى ياد قىلىپدۇر، بىرى — تىفل، يەنە بىرى مەست يەنە بىرى تەلبە، دەپ ماڭا توهمەت بېرىپدۇر. مۇنداغ دىمەگلىك كۇففار تەرەپىغە ئەنجام تاپغۇسدۇر. ئىككى پادىشاه يۇرت تالاشىپ، نىزاﺋ قىلغانىنىڭ نىشانەسىدۇر. يەنە ئۇل شاه دارا ماڭا ئېهسان قىلىپ كوي بىلەن چەۋگاننىڭ يىبەرگەنى بىر رەمزە تاپتىمكىم ئۇل رەمزىدىن ماڭا ياخشى پال هوۋەيدادۇركىم، يەرنىڭ هەيئەتى هەم كويدەك مودەۋۋەر كېلىپ ئانى ئۇل دارا ماڭا مۇسەللەم قىلغانى مۇدەۋۋەر ئالەمنى تەڭرى تائالا ماڭا بەرگۇسدۇر. ئالىمگە چەۋگان بەرگەنى، هوكۇمەت بىلەن ئۇل كوينى فەرمانىمغە كىرگۇزگەيمەن. مېنى ئۇل دارا چوگاندىن بەهرەۋەر قىلىپ، ئوزى ئالەم مەيداندىن چىقىپ كېتىپدۇر. ئىنشائاللا بۇ مەيداندا كوي ئۇرۇپ، ئاتلانىپ چىقارمەن. دارادىن ماڭا مۇژدەلەر يېتىپ، ئانىڭدىن بىسيار مىننەتدار بولۇپدۇرمەن. يەنە يىبەرگەن كۇنجۇددىن هەم بىر رەمزى بايان قىلاۇرمەنكىم، ئۇل كۇنجۇددىن ئوزىنىڭ لەشكەرىگە تەشبى قىلىپ، مېنىڭ لەشكەرىمنى قۇشلارغە مۇشا بىهەت بېرىپ، ئۇل كۇنجۇد قۇشلارغە غىزا بولغۇسدۇر، دەپ نەچەند تاخۇلارنى فەرمانى بىلەن كۇنجۇدغە قويدىلەر. ئۇلار ئانداغ تەرگەلى تۇردىلاركىم، بىر دانەنى هەم چۇمۇلغە قويمادىلەر. دارانىڭ ئەلچىسى ئىسكەندەرنىڭ مۇنداغ دەقىق رەمۇزاتلەرىنى كورۇپ لال بولۇپ، هەيرەتدە قالدى. ئىسكەندەر ئانى يانغىل، دەپ فەرمان قىلدىكىم، ئىشتكەن جاۋابىڭنى داراغە يەتكۇرۇپ، بايان ئەيلەگىل. ئۇل ئەلچى ئاياغلەرى بىلە كېلىپ، باشى بىلەن يانىپ كورگەن - بىلگەن ۋاقىئەلەرنى داراغە ئايان قىلىپ، مەئلۇم قىلدى. دارانىڭ ئاداۋەت ئوتىنىڭ شوئلەسى كوككە يەتكۇردى. زامانە خەلقى فىتنەغە قالىپ ئامانلىق ئەدەم كويىغە قاچتى.

نەزم:

ئاياقچى كېتۇر مەي كى تارتاي دەلىر،
چۇسەر خۇش بولاي، گۇكرەي ئانداقكى شىر
كىرەي خەسىم ئارا ئەيلەكىم شىر مەست،
بارىغە بېرەي، بەزم ئىچرە شكەست.

مۇغەننى چالىپ گەرم ھەنگامە تۇز،
سەرۇدۇگدا ئاھەڭ شەھنامە تۇز.
چۇ ئاھەڭ گىن ئەتتىلەر ئىككى شاھ،
دەلىر ئولسۇن ئول نەغمە بىرلە سىپاھ.
ناۋايى جاھان ئىچرە ئاشوب ئېرۇر.
خوتەن سەرسەرى ئەمنيەت رۇب ئېرۇر.
بۇ ئاشۇبدىن گەر تىلەرسەن ئامان،
ئامان تاپماي شوغلىدىن بىر زامان.
زامان ئەھلىغە بولسە ملك ئىپتىلا،
ئېمەس مۇپتىلا بادە ئىچكەن تولا.

مۇخالىفەت مۇزەممەتىدەكىم مۇخ ھەسەد بىلە ئافەتدۇرۇر ئەندىشە بىرلە ئافەت كورۇنۇركى، ئەكسىن تۇتسە، مۇسادىقەت يۇز بېرۇر ۋە تەركىن تۇتسە، سائادەت سەر مەنزىلىغە يەتكۇرۇر ۋە سەير ئەھلى مۇخالىفەت بابىداكىم، مۇۋجىبى خانىمان خاراپلىغىدۇرۇر ۋە سەلاتىنغە ۋاقىئە بولسە، جاھان خاراپلىغىدۇر.

ئەي رەفىق ئاگاھ بولغىلكىم جاھان ئەھلىدىن ۋافا كەلمەس، ئۇلاردىن رەفائىيەت قىلماغلىق يىراقدۇر. ئەگەر ئەندىشە قىلساڭ، بۇ ئالەمدە ھەركىشىنىڭ بىر ھەم ھونىرى باردۇركىم، توگۇمەس ئاداۋەت بىلەن ئومرىلارىنى زايە قىلۇرلەر. نەچچە خىل ئادىمىلار باردۇركىم، ھەمىشە ئاداۋەت قىلماقىغە مايىل بولۇرلەر. قاچانكىم بىر ھونەرلىك بولسەلەر، بىر-بىرىگە ئازار بەرمەي قالماسلەر. ھەر ئىككىلا تەرەپدىن لاف ئۇرۇپ، ئارا يەردە خىلاف ئىشلارنى قىلىپ، كىچە ۋە كۇندۇز قىلىپ، ئۇلاردىن ئاداۋەت كەم بولماس. ئەمما مۇنداغ بولماق يالغۇز ئەھلى ھۇنەرلەردە ئېمەس بەلكى ئەھلى دولەتنىڭ ئاراسىدا تولاراق زاھىردۇر. چىنانچە پادىشاھلار يۇزمىڭ چېرىكى بىلەن بىر-بىرىگە پادىشاھلىقنى كورسەتىپ، مۇخالىفەت ئىشلارنى پەيدا قىلۇرلەر. يەنە ھاكىملار پادىشاھنىڭ نىيابەتلىقنى ئۆزىگە نىسبەت بېرىپ، ئانىڭ تەئرىنى تەلەپ قىلىپ، ھوكۇمەت ئۇچۇن پارچەسى نىزائ قىلۇرلەر. چېرىك بەگلەرى ھەم ھەر بىرى چېرىكنى باشلاماغلىق مىنىڭ خاھىشىمچە بولسۇن، دەپ مەيىل قىلۇرلەر. شاھىغە قانچە تەئېين بولسە، ئانىڭ ئاداۋەتى زىيادەراق بولۇر. ئەدنالەرنىڭ بىلىشى ئاز بولسە، ئانىڭ خۇسۇمتى ھەم ئازراق بولغۇسدۇر. تولا خەلقلەرنىڭ خاراپلىقى ئاداۋەتدىن زوھۇر تاپىپ، ئۆزىنىڭ خاندانىنى ئاندىن ۋەيران قىلۇرلەر ۋە لىكىن ئۇلۇغ پادىشاھلار ئىختىيار قىلسالاركىم، ئۆزگە سۇلتانلارنىڭ ئۆز ئەھدىگە قەدرىمنى بەلەند قىلىپ، ئۇلارنى فەرمانىمغە كىرگۇزسەم دىسە، بۇ خىيال گويا جاھان ئىچرە بىر توفاندۇركىم، جاھان ئەھلىنىڭ ۋەيران بولماقى ئاندىندۇر. بەلكى دەريايى مۇھىت ئانىڭ چايقالغانىدۇركىم، ئول شەھەردە ئامان قالماس. مۇنداغ غەم سەيلابىدىن ھىچ كىمەرسە نىجاد تاپماس. زۇلۇم ستەمغە مۇپتىلا بولغۇسدۇر. ئەگەر ئىككى پادىشاھ ئاداۋەت بېلىنى باغلاپ، جاھان ئەھلى ئىككىسىگە لەشكەر بولۇپ، بارچەسى بىر-بىرىنى قۇل قىلماق ئۇچۇن قىلىچلارنى تارتارلەر. ئاتاسى بىر پادىشاھنىڭ تەرەفىدە، ئوغلى يەنە بىرىنىڭ تەرەفىدە ئىككىسىگە ئاداۋەت

ئۇتىدىن ئانداغ غەزەپ پەيدا بولۇركىم، ئوغلىنى ئۆلتۈرگەلى ئاتاسى ئالدىراپ قالۇر. ئوغلى ھەم ئاتاسىنى ھالاك قىلماقغە تىغىنى سوزۇپ باشىنى كەسكەي. قېرىنداش قېرىنداشنى تاپسە باشنى كەسكەي. ئاشنالەرغە ھەم بىگانىلىك تۇشۇپ، ھەمنشىنلەر ھەم بىر-بىرىدىن كېچەرلەر. مۇنداغ قارا بوراننىڭ ئاشۇبىدىن جاھان تولسا، فىتنە غۇبارىدىن خەلايىق كوزى تۇتۇلۇپ، ئالەم خەلقى ئۇزنى تاپماسلەر. مۇنداغ بالانى ئېلگە سالىپ، گاھى قەتل قىلىپ، گاھى تاراج ئەيلەپ، گاھى جەلايى ۋەتەن ئېتىپ، ئالەمنى خاراپ قىلۇرلەر. ئەگەر ئىككى پادىشاھنىڭ ئاراسىدا جەڭ ۋاقئە بولسەمۇ ۋە لىكىن ئوزگەلەرنىڭ ئاراسىدا خىلاف ئىشلار ئوتەدۇر. ئانىڭ سەبەبىدىن بىچارە ئاجىزلار پايمال بولۇرلەر. ئىككى پادىشاھ بىچارەلەرنىڭ جانىغە رەھمى قىلماي، جەڭ مەيدانىدا كىرىپ، بىرى زەفەر تاپىپ، يەنە بىرى شكەست تاپسە يېقىن بىلگىلكىم ئول كۇن ئافەت كۇنىدۇركىم، قىيامەت بەرپا بولغۇسىدۇر. ئەمما ئىككى نامراد ئازادە خوشدۇركىم، بىر-بىرىگە مۇھەببەت بەيدا قىلىپ ئىتتىھاد زاھىر ئەيلەپ، مۇۋافىق بولسە، بىرى قىلغان نەمەرسەگە يەنە بىرى مادارا قىلىپ، بۇ ھەم ئانىڭ قىلغانىغە رەفاقەت ئەيلەگەي. بىرىنىڭ مەقسۇدى يەنە بىرىگە ھەم مەقسۇد بولغاي. ئانىڭ ھەم مەردۇدى بولغاي. مۇۋافىق ئىككى دەرۋىش ناموۋاپىق ئىككى پادىشاھدىن ياخشىراقدۇر.

**ئىككى جاھاندار مۇخالىفەتىدىن جاھان ئەھلى خەرمەنىغە بالا بەرقى يەتكەنى ۋە ئىككى يار مۇۋافىقەتىدىن ئول توتاشقان ئوتغە ياغمۇر ياغىپ پەست ئەتكەنى**

ئانداغ بىر ۋەقئە مەشھۇردۇركىم، چىڭگىز بىلەن خۋارەزم شاھ ئاداۋەت ئوچۇن جەڭ مەيدانى تۇزگەندە، جاھان بۇزۇلدىكىم، ئانىڭ شەرھىنى بايان قىلىپ بولماس. چە-نانچە مەشھۇردۇر، ۋەقتىكى چىڭگىز زەفەر تاپىپ، خۋارەزم شاھنىڭ يۇرتىنى ئالىپ، زىرۇ-زەبەر قىلىپ، ئانىڭ كىشۋەرىدە مەقام تۇتۇپ، ئاداۋەت قىلىچىنى چېكىپ، قەتلى ئام قىلغاندا، جاپالىق تىڭىزىدا قەھرلىق مەۋجلەرى ئانداغ تۇشتىكىم، ئاتا ئوغلىغە ئانا قىزىغە ھاي-ھاي دەپ قىغانلارنى چەكتىلەر. ھاياتلىق تەسرۇپىغە ئەجەل خەلەل سالىپ، ئامانلىق قالمادى.

ئەلقىسسە شام شەھرىدە مۇھەببەتلىك ئىككى رەفىق بار ئېردىكىم بىر-بىرىگە مۇۋافىق ئېردى. قەزارە بىركۇن ئىككىلەسى بىر كافىر ستەمگەرنىڭ قولىغە ئەسىر تۇشۇپ، كوزلەرىدە-نىڭ ئاقار قاندىن ئىككىلاسى جانىبىدىن ئىلىكلىرىنى يۇدىلەر. ھەر بىرى جانىنى بىر-بىرىگە فىدا قىلغان ھالدا ئول قاتىل قىلىچىنى تارتىپ، بىرىنىڭ باشىنى كېسەر ھالدا يەنە بىرى باشنى ئاچىپ، يالبارىپ ئىلتىماس قىلدىكىم، ئەۋۋەل مېنىڭ باشىنى كېسىپ ئاندىن كېيىن مۇنىڭ باشنى كەسكىل. ئول قاتىل مۇنى ئۆلتۈرگەلى جەفا تىغىنى چېكىپ، ئىختىيار قىلغاندا، ئول ھەم باشنى ئاچىپ، ئىلتىماس بىلەن ئەۋۋەل مېنى ئۆلتۈرگىل، دەپ قايغۇغە قالغاندا، شول چىڭگىزنىڭ كوزى مۇندا ئۇيقۇغە بارغان ئېردىكىم. ئول ئىككى دوستنىڭ ئىشلارىنى تۇشىدە كورگەچ ھەيرەتدە قالغاندا، بىر كىمەرسە كېلىپ دىدىكىم، مېھرۇ-ۋەفا تەرىقىنى بۇ ئىككى دوستدىن ئۇرگەنىپ، ئالەم ئەھلىنىڭ جافاسىدىن كىم خۋارەزم شاھ ئاداۋەت قىلغان بولسە، جاھان ئەھلى ئول ئىشدىن بىگۇناھدۇر، سىزلەر ئىككى پادى-

شاھ سەلتەنەت بىلەن جاھاننى بۇزارسىزلەر، بۇ ئىككى بىچارە مۇھەببەت تەرىقىدە ۋەفا كورگۈزۈرلەر، دەپ بشارەت بەردى. چىنگىز ئۇيقۇدىن ئويغانىپ دەرھال خالايىقغە ئۇلۇم - دىن ئامان بەردى. ئول ئىككى يار، بار ۋافانىڭ خاسيەتىدىن ئالەم خەلقى نىجات تاپتى - لەر. بۇ كافىرغە ھەم بۇلارنىڭ ۋافاسى ئەسەر قىلىپ، قۇلاقىغە بۇ ماجرادىن خەبەر يەتتى. ئول ئىككى دەرۋىشنىڭ موۋافىقلىقىنىڭ خاسيەتىدىن جاھان ئەھلى خالاس بولدىلەر. ئەمدى ھەر كىمەرسەكى رەفاقەت ۋە موۋافىققەت تەرىقىغە مايىل بولسە ئاڭا ئوشبۇ تەمسىل قيامەتقىچە سەبەبدۇر.

**ھىكمەت ئىسكەندەرنىڭ ئارستۇدىن سوئالى ئول بابىداكىم، مۇخالىفەتكى بارچە مىللەتلەدە مەمنود دورۇر ۋە نىزائىكى بارچە مەھەلدە دانا مەسمۇئ ئانداغ مادە تاپىلغايمۇكىم،**

**ئاندا دىلپەزىر بولغاي ۋە قىلماغى ناگوزىر ئارستۇئول تىيرەلىكدە ياروغلۇق كور-گۈزمەكى ۋە ئول مۇخالىفەت ئاھەڭنى راستدا تۇزمەكى**

ئىسكەندەر ئارستۇدىن سوردىكىم، ئىككى كىشىنىڭ ئاراسىدا نىزائ ۋاقىئە بولماقى ھەر ئىشدا خوپ ئىبەسدۇركىم، ئەقلنىڭ ئالدىدا مەمنوئدۇر. بىر تەرىقەئ تاپىلغايمۇ، ئول تەرىقە بىلەن نىزائ قىلماق راۋا بولغاي. بولماسە ئانىڭدىن زەرەر ۋاقىئە بولغۇسىدۇر. ئول ھەكىم دانا جاۋاپ بەردىكىم، مۇنداغ سوئال بىغايەت مۇشكۇلدۇر، ئەھلى خىرەدلەر بەئزى نىزائلارنى رەد قىلۇرلەر ۋە بەئزى نىزائلارنى رەد قىلماسىلەر. ئەگەر كىمەرسەئى بىر ئىشنى قىلماقىغە ئىختىيار قىلسە، ئانىڭ زىمنىدا ئالەم ئەھلىغە زەرەر بولۇپ، شورىشەر پەيدا بولسە، يەنە كىبەرسە ئول كىشنى توختاتغاي. ئەگەر ئول زەرەر ئىشدىن توختاتماسە خوپ ئىبەسدۇر ۋە ئەگەر ئانىڭ مەنئ قىلماقىنى قەبۇل قىلماسە، مەنئ قىلغۇچى ئىرىكرەك سوز بىلەن ئول ئىشدىن توختاتغاي. ئانىڭ بىرلەھەم ئورۇن تۇتماسە ۋاجىپدۇركىم، ئول ۋەقتىدا نىزائ قىلغاي. لىكىن ئول نىزائدا سۇد يا زىيان پەيدا بولغۇسىدۇر. ئاندا بىر شەرت باردۇركىم، نىزائ ئىچرە سەرەنجام تۇزۇپ، ئوزىنى ئول مۇددەئى بىلەن قياس قىلماي. ئەگەر ئوزى ئانىڭدىن غالىپ بولغۇدەك بولسە، ئول ھالدا بەلىنى باغلاپ، نىزائ قىلغاي، ۋە ئەگەر ئوزىنىڭ قۇۋۋەتى ئاراداراق چاغلاسا، شورشەرنى ھەم ئاراداراق زاھىر ئەتگەي، يا ئانى غالىپ كورۇپ، ئوزىنى مەغلۇپ بىلسە، يۇمشاق نەسھەتلەر بىلەن كۇفايە قىلغاي، تا ئول خەشمگىن بولمىغايكىم، دەھشەتنىڭ مۇمكىن بولماقى ھوۋايدادۇر، نەسھەت قىلغۇچىنە ئانىڭدىن قورقۇنچ بىلەن نىزقسان مەۋجۇد بولغۇسىدۇر، نىزائ ئىچرە مۇنداغ مەرتىبەلەرنى بىلگەيسەن، ھەر ئىشدا ئەقىل خىرەد بىلەن بولماق كىرەك، ھەركىمەرسەگە ئەقىل خىرەد رەھنەمۇن بولسە، ئول كىمەرسە بۇ ئىشلارغە قالماس، دەپ بايان قىلدى. ئىسكەندەر ھەم نافئ جاۋاپنى ئاڭلاپ، ئوزگە سوز دىمەدى.

**دارانىڭ ئىسكەندەر سوزىدىن ئاشۇئتە بولۇپ، سىپاھ يىغماقدىن ئالەمغە ئاشۇب سالىپ، ئالدم چىرىك يىغىپ، ئىسكەندەر رەزمىغە ئەزم قىلغانى ۋە ئىسكەندەر ھەم دەريايى ئانەت مۇقابىلەسىدە سەيلە بالاۋەكوھ مۇخالىفەت مۇقابىلەسىدە، بەرقى رەزم دۇغا ياساپ يۇزلەشكەنى ۋە ئافاقنى ئول ئىككى شاھ زىرۇ - زەبەر قىلۇردا دارانىڭ لۋايى دەۋلەتى ئوزگە سەر - سەر ئافەتىدىن سەرنىگۇن بولۇپ، ئىسكەندەرنىڭ مەھجىيە ئەلەمى قۇياش لىۋاسىدىن ئوتكەنى**

Altunoq

ئول ھىكايەتگۈي ئىككى پادىشاھنىڭ سوز ئۇزارىغا بۇ يەكۈنلىغ زىننەت بەردىكىم، ۋەقتىكى دارانىڭ خىزمەتىغە ئول ئەلچى يېتىپ ئىسكەندەر بىلەن بولغان ۋاقىئەنى ئەرز قىلماقدىن ئۆزگە چارە تاپماي، بارچەسىنى ئەرز ئەيلەپ، ئىزھار قىلدى. دارا ئانىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ، غەزەپ ئوتىدىن جىسمىغە تاب تۇشۇپ، باشىدىن-ئاياغىقەچە ئوتەدەك بولۇپ، گاھى دەۋران بىلە تۇند خۇيلۇق قىلىپ، گاھى چەرخ گەردانىغە تۇف دەپ، دەمبەدەم ئىزتىرابى ئاشىپ، يەر بىلەن كوككە تەئنە ۋە ئىتاب قىلدى. بۇ دەردنىڭ ئاشۇبىغە داۋا تاپماي چېرىك يىغماقىغە يارلىقادى. شول زەمان خەلقلەرى رۇم ۋە زەنگبار ۋە فەرەڭ ۋە ئۆزگە ئەترافلارغە بارىپ، ھەم ئىران ۋە توران ۋە چىن مەشرق زېمىندنىڭ ھەددىغىچە لەشكەر دەرياسىغە جۇش تۇشۇپ، فەلەكنىڭ كانارەسىغە خۇرۇش سالدىلەر. يەنەھەم مەغرىپ ھەددى جەنۇپ، شىمال ئەترافلارىدىن كىشى قالماي بەشەر خەيلىدىن، تورت ياندىن يىغىپ، تاغلار ۋە دەشتلەر ئىچرە بەلكى رەبئ مەسكۇن ئىچرە جۇش ئۇرۇپ، سپاھدارلار چېرىك باشلار ئەلنى سۇرۇپ، سياسەت تەرىقىدە زابىتلىق قىلىپ، مال-دۇنيا بىلەن چېرىك يىغىپ ئىككى يىلغىچە تۇتقال قىلىپ، يەر يۈزىدە سپاھلەرى سىغماي، ھەرگىز مۇنداغ چېرىكنى ھېچ پادىشاھ يىغماغان بولغاي. ئول چېرىكنىڭ باشى ۋە ئاياغى كەنارەسى زاھىر بولمادىكىم، فەلەك يۇلدۇزلارىدىن بەيابان قۇملارىدىن ئارتۇق ئېردى. ۋەئدە قىلغان چاغدا ھەممە سپاھلەر جەمئ بولۇپ، دارا ئۇلارنى كورگەلى چىقىپ، نەزەر سالغاندا، ئاداۋەت ئوتى شوئلە ئۇرۇپ، دىماغىغە بىر نەۋئ غۇرۇر پەيدا بولدىكىم، ھەرتەرەف يۈزلەنسەم مەقسەتىم ئادا بولۇر. يەنە ھەر تەرەفدىن ئۇلۇس سۇلتانلارى ياخشى ھەمراھلار بىلەن قىلىچلارنى تارتىپ، نەزەرىدىن ئوتتى. گورۇھ-گورۇھ ئىقلىم ئۇلۇغلارى بويىنغە تەۋقلەرنى سالىپ، ئىتائەت قىلدىلەر. ۋەقتىكى دارا بارگاھىغە تۇشۇپ، ئېگىز بىر تەختى قويۇپ مەسنەدنى تۇزۇپ چىقىپ ئولتۇردىكىم، ھېچ مەسنەدنىشىن ئانداغ كورمەگەن بولغاي. يارلىغى بىلەن تەمام كىشۋەر سۇلتانلارى كېلىپ، بارچەسى يەر ئۆپۈپ، تەسلىم قىلىپ، ئېھتىرام قىلدىلەر. سۇلتانلارغە بۇ نەۋئ يارلىغى بولغاندا، ئۇلارنىڭ ئىشلارى ئېتىبار تاپىپ، باشنى تۆبەن سالىپ، كوز ئۇچىنى يەرگە تىكىپ، شاھ دارانى كورمەككە ياساۋۇللاردىن فەرمان تىلەپ، كەلدىلەر. يىراقدىن بىسات قىراغىنى ئۆپۈپ، باشىنى ئالدىدا قويۇپ، ئاياغىنى ئۆپتىلەر. يەنە ھەر بىرى يانىپ ئورنىغە بارىپ، بارگاھ تۇفراغى بىلەن بىر بولدىلەر. بۇ يەكۈنلىغ يارىم كۈنغىچە شەرافەت تاپىپ، مەھەل ئوتتى. يەنە ختاي مۈلكىدىن مەنگۇخان، ھىندۇستاندىن قاراخان، مىسر شەھرىدىن ۋەرەقە، ۋە باش دەشتى قىپچاق يېرىدىن تومۇر تاش، خارۋان مولكىدىن فەرەنگىس، نەھرىسۋاندىن ۋالى بۇلار ھەممەسى يەنە ئەدەددىن فۇزۇن شاھلار، شاھزادەلەر ۋە سپاھدارلاردىن دارانىڭ ئىلتىپاتىدىن سەربەلەند بولۇپ پايىۋسلىقدىن سەرەفراز بولدىلەر. ئانىڭ كورنىشىدىن دەرىجە تاپىپ بىقىياس پىشكەشلەرنى چېكتىلەركىم، يۈز يىللىق خىراجىنى ھىساپلاشىپ، بەلكى ئاندىن زىيادەرەك ئېردى، بۇ ئىشنى بىر تەرەف قىلىپ، خەلايىقلارنى ھەرتەرەف تارقاتتىلەر. ئۇلۇغ تاجۋەرلەر سەرخەيللەرنى يېتىلەپ، ئىنايەت قىلىپ، ھەر بىرىنى ئوز ئورنىدا ئورۇن بۇيرۇپ، ھەرتەرەفدىن شاھلار يەر ئۆپۈپ، ئوز ئورنىدا ئولتۇردىلەر. ئۆزگە سپاھدار-

لار بۇلارنىڭ خىزمەتىدە ئىلتىپات تاپىپ بولغاندىن كېيىن، سۇخەندارلار سىز باشلادىلار -
كىم، مۇنچە سىپاھلارنى ۋە خەلايىقلارنى تىلەپ، بىئارام قىلغانىمىزنىڭ بائىسى بۇدۇركىم،
رۇمدىن فىلاقۇس بۇ جاھاندىن رەھلەت قىلىپ، ئانىڭدىن بىر مەجنۇنۋەش تۇغۇلغان. كىمەر-
سەئ باردۇركىم، سۇدەك تەرتۇر يۇرۇپ، ئوتدەك سەركەشلىك قىلىپ، ئۈچ يىلىنىڭ بويۇزى
خەزىنەمىزغە خىراج يىبەرمەي، باشىغە سەرەفرازلىق تاجىنى كەيدى. مۇندىن ئانىڭ ھالىنى
ئاگلاغالى كىشى بارىپ ئېردىكىم، ئۆزى ھەمىشە قىلىپ تۇرغان خىزمەتىنى فەرامۇش قىلمە -
دى. ئانىڭ بىرلە سوزلەشىپ خىراجنى ئالىپ خەزىنەمىزغە يەتكۈرگىل، دەپ ئېردۇك ئول
ھەددىدىن زىيادە پەرىشان تەكەللۇپلارنى قىلىپ ياندۇردىكىم، سىز ئەيتۇرغە ھەد يوقتۇر.
يەنەھەم نەچەند پەند - نەسىھەت بىلەن كىشى يىبەرسەم ئاگا ئول نەسىھەت سىز بەرمەدى
بەلكى جاۋابىدا بىسيار تەرك ئەدەپ قىلىپ، مېنى ئاشۇفتەھال ئەيلەپ غەزەپكە كېلتۇردى.
ئانىڭ كالامىنى ئىشتكەچ گوشمال بەرمەكىنى زەرۇرەتىدىن لازىم بولۇپدۇر. ئول نادانىنىڭ
ئىشىنە ھەرتەرەپ كىشنى چاپتۇرۇپ، چېرىك يىغماقنىڭ بائىسى بۇدۇر. مۇنى ئاگلاپ تەمام
پادىشاھلار قوپۇپ يەر ئۆپۈپ دىدىكىم، ئانىڭ ھالىنى تەمام قىلماق ۋەيران ئەيلەمەككە
مۇنچە شاھلار بىلەن چېرىك يىغماقغە ھاجەت ئېمەس ئېردى، ئانى يوق قىلماقغە بىر
قول كۇفايە قىلۇر ئېردى. دارا دىدىكىم، مۇنچە سىپالەر جەمئ بولغاندا لازىمدۇركىم،
نەچە كۈن رۇمدا ئارامگاھ قىلىپ ئولتۇرۇرمىز. ئانىڭ ئۈچۈنكىم زەنگىبار بىلەن فەرەڭ
ئاگا كىرىپدۇرلەر. ئاندا ئولتۇرۇپ دۇشمەنلەرنى خالاس قىلۇرمىز، ئەگەر يانساق ھەم مۇنا -
سىپدۇر. قەزا بۇ سوزنى دارانىڭ ئاغزىغە سالدى. لېكىن، قەزا ئەمرىغە رىزادىن ئۆزگە
چارە يوقتۇر. شاھ دارانىڭ فەرمانىغە بارچەسى ئىتتفاق قىلىپ، رۇم ئەزمىغە ياراغ -
جابدۇغ راستلاپ، ھەر تەرەدىن كوچۇپ چىقتىلەر. بۇخەبەر ئىسكەندەرغە يەتتىكىم، دارا
يەر يۈزىدىن لەشكەرنى يىغىپ، بۇيان كەلمەكنى ئەزم قىلىپدۇر. ئىسكەندەر ھەر ئىشنى
فەھىملەپ فەراغەت بىلەن ئىلاجىنى قىلۇر ئېردى. پەيدەر - پەي داراغە كىشى يىبەرىپ،
خەبەرنى ئالىپ تۇرار ئېردى. ئۆزىنىڭ لەشكەرنى ھەم ئاراستە ئەيلەپ، ئالدىغە چىقار -
دىكىم. ھەر بىرى رۇستەمدەك ئېردى. گويا ئانىڭ لەشكەرى يەلدەك، دارانىڭ لەشكەرىنى
ساماندەك ساۋرادى. ۋە لېكىن ئىسكەندەرنىڭ ئىشىمۇ مادارا بىلەن دارا يەڭىلىغ ھەر
ئىشدا ئالدىراماس ئېردى. دارانىڭ جاھان سىپاھلەرى بىلەن ئاتلانغانىنى ئاگلاپ، ئۆزى
ھەم ئاگا رۇبەرۇ بولماقنە شىتاپ قىلدى. ئاگا ئوخشەكىم دەرياغە ئەبىر غەررەندەدەك ۋەيا
قۇلانلارغە شىردەررەندەدەك چىقتى. ئانى دارا ئاگلاپ خەشىمگىن بولۇپ، لەشكەرىغە
ۋەھشەت پەيدا بولدى. ئىككى لەشكەر تۇشكەن يەرنىڭ ئاراسىدا يۇرۇش كەم بولماي،
ھەربىرى ئۆز خەلقىنى ساقلاماقغە چۆرەسىگە خەندەك قىلىپ، ئىككى ياندىن مۇھافىزەت
قىلىپ يىزەكچىلەر بىدارلىق بىلەن خەبەردارلىق قىلىپ، ئەگەر بىر چۈمۈلە تەبرەسە، ئوق
بىلەن كوزىنى تىكەر ئېردىلەر. بۇ تەرىقە بىلەن سىپاھلەرنى باشلاپ. بىر كۈنچىلىك
يەرنى جەڭ ئۈچۈن قويدىلەر. ئول يەرنىڭ ئوتراسىدا بىر ئېگىز تاغ بار ئېردىكىم، ئىككى
ياندا ئىككى دەشت بار ئېردى. ئىككى دەشت ئىچرە ئىككى لەشكەر تۇشۇپ، ئول لەش -
كەرنىڭ ئاراسىدا تاڭ يەلى يول تاپماس ئېردى. ئىسكەندەر لەشكەر ئاراسىدا جەددۇ-

جەھەد بىلەن زابىتلىق قىلىپ، خەندەكنى دەررە خەيبەردەك بەلكى سەددى ئىسكەندەردەك ياساپ، كوڭلىنى تىنىچ قىلىپ، شەمشەرزەن مۇبارىزلاردىن يۈز كىشنى ئۆزىگە ھەمرا قىلىپ، دارانىڭ لەشكەرىنى تاماشاھ قىلغالى ئول تاغقە چىقىپ كوردىكىم، ئانىڭ لەشكەرى يەر يۈزىدە تۇتۇپ، تاغلەر ۋە دەشتلەرنى ھەركەتغە كەلتۇرۇپ، تۇلالىقدىن گەردۇغۇبار پەيدا بولۇپ، فەلەكنى نافەيدا قىلىپدۇر. ئىسكەندەرنىڭ نەزەرى تۇشۇپ، ئانىڭ ھەددىسىز لەشكەرىنى كورۇپ، مەغز سەيرىدىن ھوش كېتىپ، خىيالىدا بۇ سوز كەچۇردىكىم، قاچان جەڭ ئىشىغە ئىلكىنى سۇنسەلار، مېنىڭ لەشكەرىمىنىڭ بىرىغە غەنىمىنىڭ يۈز كىشىسى رۇبەرۇ بولغۇسىدۇر. ھىكمەت تەرىقدە مۇنچە لاپلارنى ئۇرارمەن ئەمما بۇ ئىشىدا تەئەججۇپدۇركىم، ئۆزۈمنى چاغلاماي جەڭ مەيدانىغە كىرىپدۇرمەن، بۇ يەردىن يانىشىمىنىڭ ئىمكانى يوقدۇر، ئەگەر جەڭ قىلسام، زىيانىدىن ئۆزگە يوقدۇر. مۇنداغ تەفەككۇر قىلغانىدا، بىر تاش ئۈزرە ئىككى كەكلىكنى كوردىكىم، بىر-بىرىگە ئۇرۇشۇرلار. بىرىنىڭ قۇۋۋەتى زىيادەرەك، يەنە بىرى ھەقىر ئېردى. ئىسكەندەر ئول ھەقىر بىلەن قۇۋۋەتلىكنى كورۇپ، دارا بىلەن ئۆزىگە نىسبەت بېرىپ، ئۆزىنىڭ تەرەفىدىن ھەقىر كەكلىكنى تۇتۇپ، دارانىڭ تەرەفىدىن قۇۋۋەتلىگنى تۇتۇپ پال سالدى. ئۇلارنىڭ سوقۇشقانىغە نەززارە قىلىپ بىچارەنىڭ جانى تەرەددۇد قىلۇر ئېردى. ناگاھ ھاۋادىن بىر بۈركۈت كېلىپ سەيد قىلۇرغە شىتاپ ئەيلەپ، قۇۋۋەتلىك كەكلىكنى ئانداغ سەيد قىلدىكىم، گويا كى ئەزەلدە يوق ئېردى. يەنە بىر ھەقىر كەكلىك ئوز ئورنىدا جىلۋەگەر بولدى. ئىسكەندەر بۇ فالدىن كوڭلى خوشھال بولۇپ، بىلدىكىم، دۇشمەنى مەقھۇر بولغۇسىدۇر ۋە لېكىن ئۆزگە يەردىن بولەك بىر كىشىنىڭ قولىدىن شىكەست تاپغۇسىدۇر. ئۆزىنىڭ سەرەفراز بولغانىنى ئاڭلاپ، لەشكەر تەرەفىگە ياندى. ئافتاپ ھەم غەرۇپ بولغان چاغىدا لەشكەرىنى مەھكەم قىلماق ئۈچۈن يىزەكچىلەرنى ئاگاھلىق بىلەن ئارەستە قىلدىكىم، ھەرتەرەفدىن خەبەردار بولۇپ، لەشكەرىنىڭ چۆرەسىدە تاڭ يەلى تەبرەمەس ئېردى. ئانداغ مەزبۇت قىلدىكىم، لەشكەرىنىڭ ئىچىدىن تاشقارى ئۇن ھەم چىقماس ئېردى.

ئەلقىسسە، ئىككى پادشاھ ھەرتەرەف خىيال قىلىپ، يەسالنىڭ ئىشىدا تەفەككۇر ئەيلەپ، تېگىش قىلماقدا تەييار بولۇپ تۇردىلەر. بىر تەرەفدە دارا گەردۇنىدەك بارگاھىنى بەرپا قىلىپ، تەخت ئۈزرە چىقىپ، مەخفى ۋە ئاشكارە ئىشلاردىن گوفتىگۇ ئەيلەپ، ئۆزىنى فەتىھ ۋە نۇسرەتغە سەزاۋەر كورۇپ، ئىسكەندەرنى كوزىگە ئىلماي، لېكىن قەزانىڭ ئىشلارىدىن ئاگاھ بولمادى. سىپاھلارى ھەم ئىسكەندەرنىڭ بارەسىدىن دەر ئېردىلەركىم، ئەگەر شاھ دارا سوقۇش قىلسۇن، دىسە قورقماي ئاڭا رۇبەرۇ بولۇرمىز. بەئىزىلەرى دەر ئېردىكىم، بىزنى كورۇپ قويۇپ قاچقۇسىدۇر، بەئىزەسى دەر ئېردىكىم، ئۈزرە ئەيتىپ ئالدىمىزغە كەلگۇسىدۇر ۋە لېكىن بارچەنىڭ ئىختىيارى تاڭلا ئىسكەندەر بىلەن جەڭ قىلۇرمىز، دەپ گوفتىگۇ قىلۇرمىز، دەپ ئەمدى ئانىڭ ئۈچۈندىكىم ئول قۇۋۋەتلىكدۇر، ئانى زەربەدەستلىك بىلەن سوقوشۇپ ئالۇرمىز، دەپ سىپاھلارنىڭ جەڭ ئىشىغە ئارايىش بېرىپ، ھەربىرىنىڭ كوزىدىن ئۇيقۇ قاچىپ، لەشكەرىغە ئىنئام قىلماقدىن خوش خەبەر بېرىپ، ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرى شىكەست تاپغانىدىن ئۇمىد تۇتار ئېردى-

لەر. سپاهلار سەرەنجامنى راستلاپ، ساۋۇتلار دوبۇلغەلەرنى مۇهەييا قلىپ، ئۇل كېچە ئۇزۇن كۇندەك ئۇلارغە مەئلۇم بولدى. هەر ئىككلا تەرەفدىن شۇبۇ خىيال كەم بولماي، تاكى سۇبهى سادىق ئۇز جامالنى ئەيان قلىپ، سەهەر ۋەقتىنىڭ زەررىن ئىلمى ئاشكارە بولدى. ئۇل ئىككى لەشكەر دەرياسغە قەزا جۇش سالىپ ئۇلارنىڭ خۇرۇشى فەلەككە يەتتى. مۇبارىزلار نەئرەلەرنى چكىپ، يەر ئەجزاسغە زىلزىلە سالىپ، "ئىزازۇلزىلەتىل ئەرزۇ زۇلزالەها نىڭ"① مەزمۇننى زوهۇر ئەيلەدىلەر. شەمشەربازلار باشدىن - ئاياغىقەچە فەلەك تەركمنى دەك كوك تومۇر ئىچرە غەرق بولدىلەر. ئاتلانىپ يەسالىنى تۇزگەلى ئاتلەرنى سۇرۇپ، چىقتىلەر. ۋەقتىكى دارا ئانداغ دەۋلەت بىلەن ئاتلاندى. ئىسكەندەر هەم ئۇز ئۇترۇسىدا سپاهلەرنى تۇزدى. جەڭ سەفلەرنى ئانداغ تۇزدىلەركىم، بىر هەددى مەشرق، بىر هەددى مەغرب ئېردى. مۇنداغ يەسالىنى يەتتە داپقۇر تۇزدىلەر. ئەمما، دارانىڭ لەشكىرى مەشرق زىمىننىڭ خەلقى سەمەرقەنددىن — چىن سەرهەددىغىچە، مۇغۇل بىلە ئۇزبىك، قالماق يۇز ئەللىك مىڭ يەنە ئۇزگەلەر بىلەن ئالتە يۇزمىڭ چېرىكى جەمئى بولۇپ، بارچەسى جەڭ ئىشىغە ساهىپ هۇنەر ئېردىلەر. ئۇلاردىن چىن ئەهلىنىڭ چېرىكى ئۇزىنى ئانداغ زىننەت بەردىكىم، گويا ئۇلارنىڭ لەشكەرى ئەرەم باغىدەك كورۇنۇر ئېردىكىم، يەتتە رەڭ زەر بەفتى تەئتى تىللا مەتائلاردىن، هەربىرى ئاتلارىغە ياپۇغ قلىپ، دابولغەلەرنى چىنىدەك مۇلەممەئ ئەيلەپ، ساۋۇتلار ئۇستىدە هەرىر مەتائلارنى كىيىپ، تەييار بولۇپ تۇردىلەر. قالماق خانى لەشكەرنى هەيبەت بىلەن ئانداغ ياسادىكىم، ئەجەل خەيلى دوزەختىن نشان بېرىپ، تامۇغ شوئلەسىدىن يارەغلەرغە رەڭ بېرىپ، جلۋەگەر بولۇپ، ئاراستە بولدىلەركىم، بۇلارنىڭ كەررۇ - فەررىدىن جاهان ئىچرە شورشەر تۇشۇپ، ئۇرۇش ۋاقتىدا، بىر - بىرىدىن زىيادە جەڭ قىلۇرلار، خانىنىڭ ئاتىنى توقرات دەرلەر، مۇغۇل خانىنىڭ لەشكەرى هەربىرى شىر غەررانىدەك ئوت ياللاپ، ئۇلارنىڭ تولالىقى ئىتنىڭ هەم تۇكىدىن تولاراق ئېردى. ئۇلارنىڭ ئاشۇبىدىن ئالەم قارا بولۇپ، مەيدانغا كىردىلەر. بۇلارنىڭ خانىنى مەنگۇخان دەرلەر. يەنە بۇلارغە مەركت بىلەن ئۇزبىك ياندىشىپ تۇردىلەركىم، بارچەسىنىڭ ياراغ - جابدۇغى مۇرەززەئ دابولغەلەرى مۇزەييەن ئەيلەپ، هۇسنى جامالى هەم ئاق كۇمۇشدەك تابان بولۇپ، سەرەنجام بىلە بولدىلەر. يەنە ماۋەرائۇننەهر لەشكەرى ئىككى دەريانىڭ ئاراسىداكى ئون شەهەرنىڭ سپاهلەرى بىلەن جلۋە بېرىپ تۇردىلەركىم، بارچەسى يولبارسلارنى ۋە فىللارنى ئاجىز قىلۇرلاركىم، ئوق بىلەن چۇمۇلىنىڭ كوزىنى سوقارلار. ئۇل ئەسىردە سەمەرقەند شەهرى مەۋجۇد ئەمەس ئېردىكىم، ئانى كېيىن ئىسكەندەر بىنا قىلىپدۇر. ئەمما يەنە بىر تەرەپدە مەغرب زىمىن مۇبارىزلارى مەجمۇئە بولۇپ يەنە بىر تەرەپدە بەرتاس خەلقى، بەربەر خەلقىنىڭ مۇبارىزلارىنىڭ نەيزەلەرى، قالقانلارى هەم ياراغلارى بىلەن ئاتلىرىنىڭ جابدۇغى هەم سېرىق ئالتۇندا رەڭ بېرىپ، جابدۇنۇپ تۇردىلەر. بىر مۇبارىزلارىدىن قىرىق مىڭ نەيزە دارا ئەسپى تازىلەرغە مىنىپ، قارا ئەلەملەر، قارا نەيزەلەر بىلەن بارچەلەرىنىڭ ئاتلارىنىڭ ياپۇغى هەم قارا قلىپ ئاتلانىپ تۇردىلەر. ئۇلارنىڭ سەردارى تەلئە ئاتلىغ سۇلتانى بار ئېردى. ئەرەپ مۇبارىزلارىنىڭ پىشۋاسى ۋەكىئ ئاتلىغ ئۇزىنىڭ قەبىلەسى بىلەن مۇر-

---

① "قىيامەت كۇنى بولغاندا، يەر ئۇزىنىڭ تەۋرىشى بويىچە تەۋرىسە" دىگەن مەنىدە.

رەسەئكە ياراغ - جابدۇغى بىلەن مۇرەتتەپ بولۇپ تۇردى. مەدايىن نەۋاھىسىدىن ئەردەشىر ئاتلىغ بۇ پادشاھ يۈز مىڭ دىلاۋەر پەھلىۋانلارى بىلەن قىلىچلارنى چېكىسىپ تۇردىلاركىم، ئەلەملەرنىڭ شادەسى گۈل بىنەفشەنىڭ رەڭگىدە، ئاتلارىنىڭ ياپۇغى ھەم ئۇشۇل رەڭدە تەييار قىلىپ چىقتىلەر. ئىككى دەريانىڭ ئاراسىدىن قۇتۇپ مەملەكەتىنىڭ باھادۇرلارى، باغداد شەھرىنىڭ دىلاۋەرلەرى بىلەن ھەممە سپاھدارلەر جەمئى بولۇپ، كوك تومۇر ئىچرە باشىدىن ئاياغىچە ئۇزىنى راست قىلىپ، جەمئى ئالتە يۈز مىڭ مۇبارىز تەييار بولۇپ تۇردىلەر. يەنە دەشتى قىپچاق خەلقى، خۋارەزمى خەلقىدىن يەتتە يۈز مىڭ مۇبارىزلەردىن يەسال قىلىپ تۇردىلاركىم، بارچەسىنىڭ كىيەدۇرغان كەيگۈلوگى، ئاتلارىنىڭ ياپۇغلارى بىلەن ياراغ - جابدۇغى ھەم ئاق قىلىپ، سەف تارتىپ تۇردىلەر. ئۇلارنىڭ شەئنۇ - شەۋكتى ئانداغ ئاراستە بولدىكىم، تاغلارنى ۋە تۈزلەرنى تۇتۇپ، يەتتە غول بولۇپ ئۈزىنى مەھكەم قىلدىلەر. تولالىقىدىن ئۇلارنىڭ ئاراسىدا تاڭ يەلى يول تاپماس ئېردى. ھەممەسى گورۇھ - گورۇھ سەفلەرنى تۈزۈپ، ھەر سەفدە يۈزمىڭ مۇبارىزلار شاھانە زىبۇ - زىننەت بىلەن ئۇز ئىشىغە مەشغۇل بولدىلەر. بۇلارنىڭ كەيمەكى ياشىل رەڭ، ئەلەملەرىنىڭ رەڭگى ھەم ياشىل بولغانىدىن بۇ ئالەم گۈيا مرغۇزار بولۇپدۇر. بۇلارنىڭ ئاراسىدا شاھ دارا بار ئېردىكىم، بۇ دەھرنىڭ ھەددى يوقدۇركىم، ئاڭا مۇخالەفەت قىلغاي. بۇ يەڭلىغ جەڭ قائىدەسىنى تۈزۈپ، ئىسكەندەر تەرەفگە يۈزلەنىپ، ئاستە ئەزم قىلدى.

ئەلقىسسە، يەنە بىر تەرەپدە ئىسكەندەر ئۇز لەشكەرىغە ئارايىش بېرىپ، فەرەڭ سپاھلاردىن جەمئ قىلىپ تەييار قىلدىكىم، بارچەسى قان توكەرگە يۈرەكلىك ئېردىلەر. دارانىڭ لەشكەرىنى كوزىگە ئىلماي سپەھدارلىرى رۇستەمدەك جەۋلان بېرىپ، بارچەسىنىڭ كىيىمى گوھەرلەردىن مۇكەللا ئەيلەپ، فەرەڭ ماتائلارىدىن يەتتە قىسىم زەربەفتلەردىن تەجەممۇل بېرىپ تۇردىلەر. ئۇلارنىڭ لەشكەرى يۈز مىڭغە يېتىپ، بارچەسى چۇست چابۇكلىكىدىن قۇياش تىغىنى كۇھەل قىلىۇر ئېردىلەر. ئول مەجمۇئدا بەرتاس بىلە رۇبەس ئېردىكىم، فەلەك ئەسرىدەك تۇند خۇي ئېردىلەر. بۇلارنىڭ كيەدۇرغان تونى، دابۇلغاسى، ئوتاغاتى ۋە ئۇزگە سلاھلەر ھەممەسى سېرىق ئالتۇندىن ئېردى. ھەربىرى كېچەلىكدە كېلىپ بومەدەك مۇۋاپىقلەرغە يۈمنى بەركەتلىك، مۇخالىفلارغە شوم بولۇپ، ئەدەددە يۈزمىڭ مۇبارىزلەر مەيدان ئىچرە سەف چېكىپ تۇردىلەر. ئۇلارنىڭ سەردارى زەنگى تەئىسىن بولۇپ، ئۇزگەلەر ئۇلارغە تابئ بولۇپ، بارچەسىنىڭ ساۋۇت - دۇبۇلغەسى زەنگىدىن ئېردىكىم، كوزگۈدەك تابان ئېردىكىم، قارا تۇندە خۇرشىددەك رەۋشەن تۇرار ئېردى. بارچەلەرى قىزىل يۈزلۈك شىر ئەراندەك دۇشمەن قەسدىغە كېلىپدۇرلەر. ھەممەلەرىنىڭ رەڭگى - رۇيى شىرۇ پەلەڭدەك جۇببە - جامەسى ھەم ئۇشۇل رەڭدىن ئېردى. بارچەلەرىنىڭ ئوتاغاتى تومۇردىن ياساپ، قۇشنىڭ شەھپەر قاناتىدەك دابۇلغەسىنىڭ ئۇزەسىغە ھىلالدەك سانچىپ قويغان ئېردىلەر. كيمەلەرى ھەم پولاددىن كيگەن ئېردىلەركىم، ھەرگىز تىغ - تېبىر ئاندىن ئوتمەس ئېردى. رۇم سپاھلارى بىلەن غول بولۇپ، جەڭ مەيدانى ئۇلاردىن زىننەت تاپىپ، ھەربىرى يولبارسدەك ئالەم يۈزىنى تۇتتىلەر ۋە لېكىن بۇ لەشكەر ئىچرە ئىسكەندەر فەرروخ سەربەر يولبارسدەك باشى ئۇستىدە نۇسرەت ئەلەمىنى قويۇپ، سپاھلارنى ياساپ، دارا لەشكەرىنىڭ ئوتتۇرۇسىغە يۈردى. دارانىڭ مۇبارىزلەرى

ھەم ئانداغ يۈرۈش قىلادى. ئىككى ياندىن كوسىلارنىڭ ئۈنى ئانداغ بىر غەرىبۇ چەكتىكىم، گويا يۈز نەررە دىۋىلەر مەست بولۇپ، نەررە چېكەرلەر. نەفرلار ئەژدىھاردەك ھەركەت بىلەن بوينىغە ئىككى خەم سالىپ، نەفسىنى تۇتماق ئۈچۈن ئاغزىنى ئاچىپ، دۈشمەنلەر خەيلىنى تۇتماقىغە قەسد قىلۇرلەر. كارناي بىلە سۇرنايىنىڭ ئۈنى قىيامەت كۈنىنى ئاشكارە قىلىپ، ئەلەملەر بىلەن شامال ھەركەتكە كېلىپ، فەلەك يۈزىدىن خەبەر بىرۇرلەر. لەشكەرنىڭ تولا-گەرد غۇبار پەيدا بولۇپ، ھاۋانى ئانداغ تۇتتىكىم، دەشتلەر، تاغلار ئەيان بولماس ئېردى. بۇ لەشكەر دەرياسىغە تۇشكەن كىشى نەفسىنى ياندۇرماق ئۈچۈن سۇ يۇتماقدىن ئۆزگە ئىش بولماس ئېردى. ئول لەشكەرنىڭ تولالىقىدىن يەر يەنچىلىپ غۇبار بولۇپ، فەلەككە ئۆرلەدى. قىلىچلار ئول غۇبار ئىچرە دەريادا ئاقادۇرغان چەۋمۈلەردەك كورۇنۇر ئېردى. ئول غۇبار قارا بۇلۇت يەر ۋە كوك ئاراسىدا ھىجاپ بولۇپ، مىلتىقلارنىڭ ئۈنى ھاۋا گۈركىرىگەندەك، ئوت چاقىندەك مەئلۇم بولۇر ئېردى. جەببارلىق تىغىنى قولىغە ئالىپ، نەيزەلەرنى ھەم تۇتۇپ، قەتل قىلماق ئۈچۈن ئىككى تەرەفدىن تۇرغاندا، زىمىن ۋە زامان ئۇلاردىن تىترەپ تۇردى. يۈرۈپ ئىككى لەشكەر بىر-بىرىگە يېقىن يەتكەندە، ئاياغلارنى تاغدەك يەرگە بەركىتتىلەر. ئاندىن كېيىن ئەۋۋەل ئانداغ بىر سۈرەن سالدىلەركىم. ئالەمغە ئەجەب رەستىخز تۇشتىكىم، جاھان خەلقىغە قوزغالان تۇشۇپ، فەلەك خەلقى ئاندىن ھەيران بولدى. بىر لەھزە ئول سۈرەندىن لەشكەرنىڭ ئاغزى خاموش بولغاندىن كېيىن، بىر شامال چىقىپ گەرد غۇبارنى سۈردى. خەلايىقغە جاھان رەۋشەن بولۇپ، ھەر تەرەفدىن ئەنبۇھ-ئەنبۇھ لەشكەر سەفلەرنى كورۇپ، رەڭگا-رەڭ ئىشلارنى تاماشەھ قىلىپ تۇرغاندا، ئىسكەندەرنىڭ سەفىدىن بىر كىمەرسە ئاتىنى سۈرۈپ، چاقىندەك جەۋلان بېرىپ، ھۈنەرلەرنى بازى قىلىپ، كورۇندىكىم، ساۋۇت ئۈستىگە چىنى بىر ھەرىر كىيىپدۇركىم، سۇ ئوزرە سەبزەدەك كورۇنۇر ئېردى. نەيزەسى ئوڭ قولىدا، قالقانى لەئلدەك سول قولىدا، ئوتاغاتى گۈلى سوسۇندەك دابۇلغەسىدە قويۇپ، بۇ ھەيبەت بىلەن مەيدانغە كىرىپ، ئەۋۋەل ئىسكەندەرغە دۇئا قىلىپ دىدىكىم، مۇرادىنى تاپىپ، دۈشمەنىغە غالىپ كەلگەي. يەنە بىر تەرەف باقىپ دىدىكىم، مېنى بارق بەربەرى دەرلەر، ئىلگىرى شاھ داراغە قۇل بولۇپ، قۇللۇقىدا مېنى قاتارغە ئالماي، تۈزۈك مېنى توناماي رەئايەتلەرنى ھەم قىلماس ئېردى. خەرج-خىراجەتىم قالماي، بىنەۋالىق يۈزلەنىپ، ئەرز ئەھۋالىمنى شاھغە دىسەم، جاۋابىمغە ھىچ ئىلتىپات قىلمادى، رۇخسەتىمغە ئىجازەت تىلەسەم، قەھرى ئەيلەپ باستۇرۇپ، تاياقلاتتى، مۇنچە زۇلۇم-ستەم قىلغاچ بەختىم مېنى ئىسكەندەر فەرەست قىلدى، ۋەقتىكى ئىسكەندەرنىڭ دەرگاھىغە يېتىپ، فەنا تىلەپ ئەرز ئەيلەسەم، ئانچە لۇتف ۋە كەرەم قىلدىكىم، تەربىيەتىدىن سەرەفراز بولۇپ، خىزمەت قىلماي مۇزدىنى ئالىپ شەرمەندەدۇرمەن. بۇ كۈن بۇ مەيدانغە كىرىپ، ئىككى ئىش ئۈچۈن جەڭ قىلۇرمەن، بىرى شاھ ئىسكەندەرغە بەندەچىلىكىمنى ئادا قىلىپ، ئۆزۈمدىن شەرمەندەلىكىمنى دەفئ قىلغايمەن. يەنە بىرى ئۆلكىم بۇ مۇبارىزلەر بىلەن جەڭ قىلىپ، ئۇلارنى قەتل ئەيلەپ، ئىشمىنى شاھ داراغە كورسەتكەيمەن. ھەركىمەرسەنى مېنىڭ بىرلە جەڭگە يىبەرسە، ئىككى مەقسۇدۇم ھاسىل بولغۇسىدۇر، بىرى ھەرقاچان ئۇلارغە مەندىن ئىنايەتلەرنى زىيادەرەك قىلۇر ئېردى، يەنە بىرى قاشىمغە يىبەرگەن كىشى بىلەن ئىشىمنى كورگەي، دەپ كالامىنى ئول بارق

توگەتتی. دارانىڭ لەشكەرىدىن بىر غەزەپناك مۇبارىز مەيدانغە كىردىكىم، تۇتۇنىدەك غەلىز، ئوتدەك سەركەش ئىردى. دابۇلغەسىدىن ئاتىنىڭ تاقالارىغىچە كوك تومۇر ئىچرە غەرق بولغان ئىردى. ئاتىنىڭ تاقالارىدىن شەرارەلەر نەمۇدار ئىردىكىم، بەلكى بۇلۇتىدىن بەرق ئوتى چاقنىغاندەك، بىردەمدە فەلەكدىن ئاشىپ يەل دىماغىغە مەھۇر باسار ئىردى. بويىنىغە تىغى ھىندى ھمايىل قىلىپ، قولغە خارەلىك نەيزە ئالىپ، ئانداغ ھەيبەت بىلەن مەيدانغە كىردى. ئانى مۇبارىزلەر شىردەررەندە ئات قويغان ئىردىلەر. ئەنجۇمەن ئەھلى ئاتىنى ھەر - ران دەر ئىردىلەر. مەيدانغە كىرىپ، داراغە دۇئا ئەيلەپ، ھاجەتىنى دۇئادا ئادا قىلىپ، بارق تەرەفىگە مىلتىق ئوقىدەك چاپتى. بارق ھەم چاقىندەك ئانىڭ تەرەفىگە يۇگۇرۇپ، بىر - بىرىگە ئانداغ چىرماشتىلاركىم، چالىشىپ بىر - بىرىدىن ئاشتىلەر. ئاخىر بارق چوستلۇق بىلەن مەركەبىغە مىنىپ، نەيزەسىنى يىراقدىن ئول شىر دەررەندەغە ئانداغ ئاتتىكىم، بۇ چەرخى گەردۇن ئافرىن دىدى. دەرھال تۇشۇپ، بويىنىنى باغلاپ، توختاماي ئىسكەندەر ئالدىغە يەتكۇزدى. ئىسكەندەرغە بۇ پال سائادەت يۇزىدىن نۇسرەت جامالىنى ئاچتى. يەنە شۇ بارق ئىسكەندەرغە يەر ئۇپۇپ، مەيدان تەرەفىگە مەركەبىنى سۇرۇپ، يەنە بىر ھەرىفنى تىلەپ تۇردى. دارانىڭ تەرەفىدىن بىر مۇبارىز چىقتىكىم، جەڭ ئىشىغە ۋەرزىش قىلىپ، يۇز دۇشمەنغە رۇبىرۇ بولۇر ئىردىكىم، باشىدىن ئاياغىچە تومۇر ئىچرە غەرق بولۇپ، ئاتى - نى ھىچكىم بىلمەس ئىردى. لەقەبىنى فاس دەر ئىردىلەر. ئەمما ھىرران بىلە قىرىنداش ئىردىكىم، بارقىنىڭ يولىنى توسۇپ، بارق ھەم ئاڭا ئاتىنى سۇرۇپ، يەنە جەڭ ئىشىغە كۇشىش قىلىپ، نەيزەلەرنى بىر بىرىگە ھاۋالە قىلدىلەر. بىناگاھ بارقغە ئىقبال يۇزلەنىپ، پۇرسەتنى تاپىپ، ئانى ھەم نەيزەلەر بىرلە يىقتىپ، زارۇ - زەبۇن قىلىپ، ئىسكەندەر ئالدىغە كەلتۇردى. ئىسكەندەر ھەم بۇ ئىشنى كورۇپ، فەلەكدىن كام تاپتى. لېكىن دارا فەلەككە تەئنە قىلدى. يەنە ھەم بارق بەربەرى مەيدانغە كىرىپ، جىلۋەگەر بولۇپ، مۇبارىز تىلەر ئىردى. يەنە بىر مۇبارىز غەزەپ بىرلە بارقىنىڭ قاشىغە قەسد ئۇچۇن ئانداغ يىلدام يۇ - گۇردىكىم، يىتشكەن زامان تېگىش قىلىپ، بارق بەربەرىدىن يىقىلدى. ئەلقەرەز توقۇز دىلاۋەر پەھلىۋانلاردىن ھەربىرى ئىش چاغىدا نەررە شىردەك ئىردىكىم، بارچەسى بارق بەربەرىغە ئەسىر بولۇپ، نەيزە زەخمىدىن دەستىگىر بولدىلەر. ئاندىن كېيىن ھىچكىم بارق بىلە جەڭ قىلغالى مەيدانغە كىرمەكنى ئىختىيار قىلمادى ۋە لېكىن بارق مەيداندىن كەتمەدى. مۇبارىز تىلەپ، نەئرەلەرنى ئۇرار ئىردى. دۇشمەنلەرنىڭ كوڭلىگە ئوت تۇشۇپ، داراغە بۇ ئىشدىن ئىزتىراپ پەيدا بولۇپ، مەيدانغە بىر كىشى چىقسۇن، دەپ ئالدىرار ئىردى. ئاخىرۇلئەمر بىر كىمەرسە مەيدانغە كىرىپ، بارقغە ئاتىنى سۇرۇپ يۇردىكىم، جىسمىنىڭ ھەيبەتى فىلدەك، كۇچى ھەم فىلدىن زىيادەرەك، مىنەدۇرغان مەركەبى كەركىدان ئىردىكىم، ئانىڭ ياپۇغىنى يولبارس تېرەسىدىن ئېتىپ، ئالەم خەلقىغە يولبارسىدەك ئافەت بولۇر ئىردى. باشىداقى قالفاقى قىزىل مەتائدىن تۇتۇپ، ئانىڭ چورەسىغە قارا مەتائدىن تۇتۇپ، كىيىپ ئىردى. ئانىڭ ۋەھمىدىن ئولۇم ھەم ئولۇم تىلەر ئىردى. ئول كىمەرسەنىڭ يۇزى ھەددىدىن ئەفـ - زۇن قىزىل خورمادەك، ساقالى ھەم خورمانىڭ سېرىق قوبىزاقى يەڭلىغ ئول خورما ئىچىگە ئالىپ تۇرغاندەك، ئىككى كوزى ئالماس پارەدەك، چورەسى قىزىل قان تولۇپ قالغاندەك

ئېردى. ئانىڭ ۋەتىنى مەغرىب زېمىنىنىڭ نەۋاھىسى ئېردىكىم، ئول يەرنىڭ خەلقى سەھرا-
نشىن ئېردى. ئۇلارنىڭ ھەيبىتى بۇ يەكلىغ ئېرمىش ئىكەن. ئول خەلقنىڭ بىر كىشىسىنىڭ
شەۋكىتى بىر لەشكەرنىڭ خەلقىچە بار ئېردى. ئەگەر بىر پادشاھ دۇشمەن تەرەفىگە لەش-
كەرنى چېكىپ، ئول دۇشمەنىنىڭ ئىشىدىن ئول پادشاھ ئاجىز كەلسە، ئول قىزىل يۈزلۈك-
لەردىن بىر كىشى كېلىپ، مەيدانغە كىرىپ، جەڭ قائىدەسىنى نەمۇدار ئەيلەپ، ئول شاھنىڭ
دۇشمەنىنى ئەسىر قىلىپ، ئۆز ۋەتىنىغە يانار ئېردى. ھېچ كىمەرسەنىڭ مەجالى يوق ئېردى-
كىم، ئانى توختاتغاي، ئەسىر ھەم ئالىپ بارۇر ئېردى. خەلايىق بارق بەربەرىدىن ھەيرەتدە
قالىپ تۇرغاندا، ئول كىشى كېلىپ، ئىككىلەسى مەيدانغە كىرىپ، بەربەرى بىلە چالىشىپ،
گاھى چاپىشىپ، بۇ ھەددىن ئۇ ھەدغە گاھى بىرى قاچىپ يەنە بىرى سودەرەپ، مەيدان
باشغە يەتكۇرۇپ ۋە لېكىن بارق ئىشى كۆشىش قىلماقدىن مەغدۇر قالماي، ئۆزىدەك
توقۇز پەھلىۋاننى ئالىپ، قوللارى تالغان زاماندا، ئول كىشى كېلىپ، بارقنىڭ زەئىپ بولغا-
نىنى چاغلاپ، بىلىدىن تۇتۇپ، سول ئىلكى بىلەن مەركەبىنى تۇتۇپ، مەھەل تاپىپ، قويا
بەرمەي، يانىپ ئۆز لەشكەرىگە ھەم كىرمەي، مەغرىب تەرەفىگە ئەزم ئەيلەپ، مەقسەدىنى
قولىغە ئالىپ رەۋان بولدى. تا خەلايىقنىڭ كوزىدىن نىھان بولۇپ، خەلايىق ھەم بۇ ئىش-
دىن ھەيران بولدىلەر. ئول مەغرىبىنىڭ بىباكلىكىنى ئىسكەندەر كورۇپ، غەمگە قالدى. يەنە
بارقنىڭ ھالى نەچۇك بولدى، دەپ پەرىشانلىق قىلىپ لېكىن خۇش ۋەقتلىك ھەم قىلادى-
كىم، دارا تەرەفىگە بارماي، ئۆز سەھراسىغە ياندى ۋە لېكىن شاھ دارانىڭ بۇزۇغ كوڭلى
بۇ ئىشدىن ئاباد بولۇپ، شاد بولدى. لېكىن ئول مەغرىبى بارق بەربەرىغە غالىب بولۇپ،
دارا تەرەفىگە كەلتۇرمەگەن جەھەتىدىن تۈزۈك خۇش بولماي، بارقنىڭ دەفئىغە بىر مۇنچە
قانائەت قىلدى. ۋەقتىكى قۇياش يەكلىغ مەغرىپ زېمىنىنىڭ كەينىگە بارغاندا، ئاي ھەم
مېھرۇخاۋەردەك جىلۋە قىلغاچ، جاھاننى ئىسكەندەردەك يارۇتتى. كەچ بولغاندا ھەر
ئىككىلا لەشكەر جەڭدىن يانىپ تۇشۇپ، ھەربىرى ئول ئارامگاھنى بەركىتىپ، خەندەك
چاپىپ، چورەسىنى مەھكەم ئەيلەپ، بارگاھنى خەرگاھلەر بىلەن مەھكەم
قىلدىلەر. ھەر ئىككى تەرەفدىن يېزىكچىلەر چىقىپ، مۇھاپىزەت قىلماقدىن تىنمادىلەر. شاھ
دارا بارگاھ ئىچرە مەقام تۇتۇپ، زەرۇرەتدىن نەغمە بىلە جامى مەينى تىلەدى. ۋەلېكىن
شىشە يەكلىغ مەخفى قانلارنى يۇتۇپ، دەر ئېردىكىم، بۇ جاھان تاڭلا نەچۇك ئىشلارنى
زاھىر ئەتكەي. ئىسكەندەر ھەم بىر قائىدەنى تۈزۈپ ئولتۇردىكىم، ئۇنىڭ يانىدا ساھىب كامال
خىرەدمەندلەر ۋە ئالىملارغە ئورۇن بېرىپ، سول قول تەرەفدە مۇبارىزلەرغە جاي كورسەتىپ،
تەئمۇل بىلەن ساھىب خىرەدلەر فەتىح قىلماق بابىدا ئەندىشە قىلۇر ئېردىلەر. پەھلىۋانلار
نۇسرەت تىلەپ، كېچەنىڭ زۇلمەتىنى بەئزەمى ھەيرەت بىلەن بەئزەمى خوۋف بىلەن ئوت-
كەزدىلەر. ئىسكەندەر ئىبادەت قىلماققە خىلۋەتگاھغە كىرىپ، تەئەززۇھ قىلىپ، تۇفراققە
پەست بولۇپ، زەفەر تەلەپ قىلماقتىن فەراغەت تاپىپ، سەھەر يۇلدۇزلەرى چىراغىنى
يارۇتدىلەر. يەنە ھەم ئىككى تەرەپتىن ئاشۇپ تۇشۇپ، ھەر تەرەفدىن ئىككى خەيل سەف-
لەرنى تۈزەتمەككە كۆس چالغۇچىلار جۇنبۇشغە كېلىپ كۆسلارنى چالغالى تۇردىلەر. ئول
نەيزەدارلارغە شىتاب پەيدا بولۇپ، نەيزەلەرىغە ھەم پىچۇتاپ تۇشتى. شەمشەر زەنلەرغە
ھەم جەڭ قىلماقى لازىم بولۇپ، شەمشەرلەرنى ئىتتىك قىلدىلەر. شولزامان يەنە ھەم نىھا-

يەتسز جەك بولدىكم، قىيامەت قايىم بولدى. ئىسكەندەر نىياز بىلە خىلۋەتگاھغە كرىپ،
چارەسازدىن چارەسنى تىلەپ، چىقار ۋەقتىدە بىر قاسىد يىلدام يېتىپ كەلدى. مەخفى بىر
نامەنى تۇتۇپ دىدىكم، خىلۋەت يەردە ئوقۇپ ماجراسىنى ئاڭلاغايسەن. ئىسكەندەر ئاچىپ
ئوقۇدىكم، تەڭرى تائالا دەردىڭنىڭ ئىلاجنى قىلىپدۇر.

ئەلقىسسە، دارانىڭ ئىككى كىشىسى بار ئېردىكم، ئۇلارنىڭ ئىشنى نىيابەت قىلماغلىق
ئېردى ۋەلكىن ئانىڭ زۇلمىدىن ئىككىلەسى جانلارىدىن تويۇپ، كوڭۇللەرىنى ئۇلمەككە
قويۇپ ئېردىلەر. ئانىڭ ئۇچۇنكىم، دارا ئۇلارنى قورقۇتۇپ، دەپ ئېردىكم، زەفەر تاپقاند-
دىن كيىن بۇ ئىككىسىنىڭ قارارگاھى گورنى قىلۇرمەن. ئول ئىككىسى ئىتتىپاق بىلەن دا-
رانىڭ قەسدىغە ياراغ راستلاپ دىدىلەركم، بىرگە قەتلى قىلغۇچە ئانى بىز بۇرۇنراق
قەتل تىغىنى سۇرۇپ، تەمام خەلقلەرنى ئانىڭ زۇلمىدىن خالاس قىلغايمىز. ئانىڭ زۇلۇم
تىغىدىن ئۇلگۇنچە بۇ نەۋئ ئۇلسەك ئارمانىمىز قالماس، دەپ ئىسكەندەرغە بۇ مەزمۇنىدىن
نامەنى بىر كىشىدىن ئىبەردىلەر. ئىسكەندەر ئول نامەنى ئوقۇپ، مەزمۇننى ئاڭلاپ، گۇمان
قىلادىكم، بۇ نامە مكىر-فەرىپدىن بولغاي، دەپ دەم ئۇرماي سەبرى-تاقەت بىلەن دىدى-
كم. موڭا مەسلەھەت ئولدۇركم، ھىچ قايداغ جاۋاپ ئىيتماق مۇناسىپ ئېمەسدۇر دەپ
كوڭلدە دىدىكم، بۇ كىشىنىڭ يانغانى ياخشىراقدۇر. ئەگەر راست بولسەمۇ مۇنداغ بولماغلىق
بىسيار يىراقدۇر. نامەنى ئالىپ كەلگەن كىشى ئاتلانىپ رەۋان بولدى. يەنە ھەم ئىككى
تەرەفدىن لەشكەرلەرنى ئارەستە ئەيلەپ، جەڭ رەسمنى تۇزگەندە، مەيدانغە كىشى كىرمەس-
تىن ئىلگىرى دارانىڭ قەسدىغە تۇشكەن ئىككى قاتىل شاھ دارانىڭ ئىككى يانىدىن يېتىپ
كېلىپ، تۇيۇقسۇز دارانىڭ قانىدىن قىلىچلارنى قىزىل لەئلى رەڭ قىلدىلەر. ئانداغكىم
ئېرىپ كېلىپ، خەنجەرىنى يۇرەككە سۇرۇپ، بى دەرىغ قاننى يەرگە توكتى. يەنە بىرى
ھەم قىلىچىنى باشىغە ئۇرۇپ، ئول زەخمىلەر بىلەن تەختىدىن ئالى دەرەختدەك يىقىل-
دى. يەر ئۇزرە تۇشۇپ، لەشكەرىغە كەيقۇبات خانى ۋادىسىنىڭ مەشئەلى ئۇچۇن قازادىن
بۇ نەۋئ ئىش پەيدا بولۇپ. ئالەم خەلقىغە ئالالا تۇشۇپ، لەشكەرىغە قوزغالان يۇزلەنىپ،
شاھىغە مۇنداغ ئىش باشىغە كېلىپدۇر. مۇندا ئىسكەندەر فەراسەت بىلەن ئول ئىشنى فەھم
قىلىپ، تەئئەننى بىلەن ئول دارانىڭ لەشكەر تەرەفىگە ئەزم ئەيلەدىكم، ئۇلار فەرىشان
بولۇپ بۇزۇلماغاي. ئول مەجمەئىنىڭ قاشىغە يەتتىكم، دارانىڭ باشىغە يىغىلغان ئېردىلەر.
ئىسكەندەر ئاندا كەلگەچ ھەممەسى باشىنى يەردە قويۇپ، شاھنىڭ ھالىنى ئاشكارە قىلدىلەر.
ئىسكەندەرغە مادارا ئىشى لازىم بولۇپ كوردىكم، دارانىڭ جىسمى قان ئىچرە ياتادۇر.
ئوزى ئانىڭ باشىدا ئولتۇرۇپ، ھالىغە كوڭلىنى قويۇپ، يىغلاپ، باشىنى ئوزقوينىغە ئالىپ
قويدى. ھەر تەرەفدىن ئانىڭ يۇزىگە ياشىنى توكتۇپ، ئول بىھۇش بولغان ھالدا گۇلاب
سەپكەندەك ياشنى سەپىپ، ئول ھەم نەرگىس كوزلەرىنى ئاچتى. ئانداغ فەھم قىلدىكم،
ئىسكەندەر باشىم ئوزرە كېلىپدۇر، قورقماي ۋەھىم قىلماي مەرھەبا، دەپ تىلىنى تەكەللۇم-
غە ئاچتى. ئانداغكىم ئەي شاھى نەۋجۇۋان، جاھان ئوزرە شاھلىقىڭ پايدار بولغاي، ھىچ
ئاتادىن سەندەك ئوغۇل ۋۇجۇدغە كەلمەگەن بولغاي، دۇشمەنىنىڭ ئوزرىنى سەندەك ھىچكىم
قوبۇل قىلماغان بولغاي، قانچە ئىشلارىڭغە خىلاف قىلىپدۇرمەن ۋەلكىن بىسيار ئارزۇ قى-

لۇر ئېردىكىم، سەندەك كىشى بۇ جاھانغە يىگانە كەلمەيدۇر، سەلاتىنلەر ئۇزرە تاجدارلىقىڭ مۇناسىپدۇر. قىلغان ئىشلارىڭنىڭ مۇناسىبەتى ئۇزگەلەرنىڭ ئىشىغە يوقدۇر. جاھان ئىچرە تەڭرى تائالانىڭ قۇدرەتىدۇرسەن. بىرزامان جەمالىڭغە كوزۇم تۇشۇپ، كالامىڭغە قۇلاق سالغىن، ئول ھەيبى دانا ئەجەل يەتكەن چاغىمدا مۇرادىمنى بېرىپ، جەمالىڭدىن مۇشەررەف بولۇپ، قىلغان ئۇمىدىمغە يېتىپدۇرمەن ۋەلىكىن ئۇزۇمدىن نائۇمىد بولغان چاغىمدا، مېھمان بولۇپسەن، بۇ جاندىن ئۇزگە نىسار قىلادۇرغان نەرسە يوقدۇر، بۇ ھالدا نەچۇك مېھماندارچىلىق قىلاي، ئەگەر قوبۇل ئەيلەسەڭ جان فەشانلىغىڭنى قىلغۇمدۇر، بەلكى مېھماندارچىلىقغە قۇدرەتىم يوقدۇركىم، مەن ساڭا بىر نەفەس مېھماندۇرمەن.

نەزم:

بۇ سائەت يېتىپ مىزبانلىق قىلاي،
قەبۇل ئەيلەسەڭ جان فەشانلىق قىلاي.
ياڭلىدىم نىتىپ بولغايمەن مىزبان،
كى خۇد مەن سەڭا بىر نەفەس مېھمان.

ھالا ئىلتىفات قىلىپ، باشىمغە قەدەم قويۇپ كەلگەنىڭدىن مىننەتداردۇرمەن. ئەمدى غەرەزىڭنى بايان قىلغىل. ئەگەر ھوكۇمەتنى جارى قىلاي دېسەڭ، تەڭرى تائالا ياربولۇپ، ئىككىلا ئالەمنى ئاتا قىلغاي. ۋەگەر مېنى قەتل قىلماق ئۇچۇن قەدەم رەنج قىلغان بولساڭ، مۇرۇۋۋەت قىلىپ، بىرزامان تەۋەققۇپ قىلىپ ئۇچ سوزۇمنى ئەيتقۇنچە ئامان بەرگىل. ئىسكەندەر شىرىن تەكەللۇمنى ئاڭلاپ، ماتەمزادەلەردەك خۇرۇش چىكىپ دىدى:

نەزم:

ساڭامەن كەمىنە پەرستەندە مەن،
پەرستەندەلىق ئىچرە شەرمەندەمەن.
ئۇزۇمگە كىرەك قۇللۇغىن چاغلابان،
سېنىڭ بارگاھىڭدا بەل باغلابان.
يەقا يىرتىبان، تاجنى تاشلابان،
دىدى زار يىغلاپ، بۇ سوز باشلابان.

ئىلاھى بۇ يەتتە كىشۋەرنىڭ شاھى ھايات بولغاي، بۇ جاھان مۇنداغ شاھدىن خالى قالماغاي، كاشكى دۇشمەنلەردىن نىجات بېرىپ، ئەھلى خىيانەتلەرنى ئالەمدىن قوغلاغاي ئېردىم. تىلىم ئەيتۇرغە بارماسكىم، بۇ يەتتە كىشۋەرنىڭ شاھى مەندىن خىراجنى تەلەپ قىلماق ئۇچۇن ماڭا كىنەخۋاھ بولۇپدۇر. بەلكى شاھنىڭ ئىلتىفاتلارىنى ئازكورگەچ بىر مۇنچە ئۇياتغۇم كېلىپ، يۇزۇمگە ھىجاپ سالىپ، سپاھلارنى چېكىپ، خىلاف ئىشىمنى ھازىر ئەيلەپ، ئاراغە جەڭ مەئرەكنى ئايان ئەيلەپدۇرمەن ۋەلىكىن مۇنداغ ۋاقىئەلەردىن خەبەردار بولماي

خىيانەت قىلغان بەدنىيەتلەر بىلەن ھەم ئەسرار ئەمەس ئىىردىم. بۇ خەبەرنى كەلتۈرگەن كىشىگە سەزا بەرمەسەممۇ ۋەلىكىن بۇ ئىشىغە رىزالىقنى بەرمەپ ئىىردىم. ئەمدى بۇ ماجرا ئايان بولغان سەبەبىدىن ياروق ئالەم كوزۇمگە قاراڭغۇلۇق بولۇپدۇر. بۇ شاھغە لازىمدۇركىم، بۇ سوزۇمغە چىن پۈتمەك ئۈچۈن ئىسكەندەر پات فۇرسەتدە بۇ ئالەمدىن كەتكەي، بۇ شاھىنىڭ يىلىغچە ھاياتلىق تاپقاي. ئوزرە ئىبتىقانىدىن كىيىن دىدىكىم، شاھى ئالەم ئۈچ سوزۇم بار دەپ ئىفادە بىرىپ ئىىردى، ئاگا مۇنتەزىردۇرمەن. ئانى ئىزھار ئەيلەپ فەرمانە بىلەن سەرەفراز ئەيلەگەي. ۋەقتىكى شاھ دارا ئىسكەندەردىن بۇ سوز بىلەن خۇش بولۇپ، دۇئالەر قىلىپ ئەيدى: ئەي ئىسكەندەر زامان، ئۈچ سوزۇم، ئۈچ ۋەسىيەتىمەدۇر، ساگا كوڭلۇمنىڭ غەرەزىنى زاھىر قىلماق نىيەتىم باردۇر. بىرى بۇكىم، ئول ئىككى گىنەجۇي قەتلىمغە قولىنى سۇندىلەر، ئۇلارنى قەتل قىلىپ روھۇمنى شاد ئەتكەيسەن ئەگەرچە ماگا ئاندىن نەفئ بولماسە ۋەلىكىن ساگا مەنفەئەت بولغۇسدۇر. يەنە بىرى، قەۋم خەيلىمغە ئاداۋەت قىلماغىلكىم، ئۇلارنى كىيانى نۇسرەد دەرلەر، ئۇلار ئىچرە ئانداغ كىمەرسە يوقدۇركىم، ئانىڭ قولىدىن ئاداۋەت ئىشى كەلگەي، ئەگەر ئۇلارغە لۇتف كەرەم ئەيلەسەڭ بارچەسى خادەم بولۇپ، قايان مەيلىڭ بولسە، خىزمەتىڭغە ھازىر بولۇرلەر. قەدىمدىن كەلگەن خانەزاتىمنى زايەئ قىلماغىلكىم، ئۇلاردىن ساگا ھىچ خوۋف يوقدۇر. يەنە بىرى، رۇشەڭ قىز فەرزەندىمدۇركىم، بۇگۇن مەندىن جۇدا بولغۇسدۇر. ئانىڭدىن كىيانى سۇلتانلارنىڭ نىشانەسى تاج كىيانى باردۇر. سەلتەنەت بەھرىنىڭ گەۋھەرى، شەرەف ئەۋجىنىڭ ئەختەرىدۇركىم، ھەرەمىڭنى ئول شەمئى بىلەن يورۇتۇپ، ئانىڭ شوئلى بىلەن كوڭلۇڭنى ئاۋۇتغىل. مىھرۇ-مۇھەببەت بىلەن شەبىستانىڭغە كەلتۈرۈپ، ئەقد نىكاھ ئەيلەپ، يانىڭدا ئولتۇرغۇزغايسەن. بۇزۇلغان زەرائەتگاھىمنىڭ خوشەسى جىگەرىمنىڭ پارەسدۇر. ئەمدى ھەرەمىڭدە فەرزەندىم بولۇپ، خەستە بولغان باغرىمغە پەيۋەند بولغىلكىم، ئەگەرسەندىن بىر نۇنغە تاپسە بىرجىگەركۇشى فەرزەند ھاسل بولغۇسدۇر. ئاتا تەرەفدىن ئىسكەندەر نىھار ئانا تەرەفىدىن كىيانى نىژاد بولغاي، ئانىڭ ئۈچۈنكىم، ئادالەت قىلماقغە ئانىڭ نەسبى ئىككىمىزگە سابىت بولۇپ، شايەد ئەھلى ھەسەبلەردىن بولغاي، ئۇشبۇ ۋەسيەتلەرىمنى قوبۇل ئەيلەپ، خەستە كوڭلۇمنى شاد ئىتىپ خۇش قىلغىلكىم، خەيرباد قىلۇر ۋەقتىم يىقىن بولۇپدۇر. ئىسكەندەر ياشىنى توكۈپ دىدىكىم، ئەي شاھىنشاھ ئىتائەتىڭ يولىدا باشىمنى قويۇپ، قىلغان ھوكمۇڭنى قوبۇل ئەيلەدىم. خۇدايى تائالا تەۋفىقىمنى بەرسە، ئۇمىد ئولكى، ئوزرۇمنى ئادا قىلىپ، روھىڭنى شاد ئەيلەرمەن. دارا مۇنداغ قوبۇل توتقان سوزنى ئاڭلاپ، كوزلەرىنى يۇمدى. ماتەمدارلەرى بۇ تەرىقەدە مەرسىيەسىنى ئوقۇدىلەر:

نەزم مەرسىيە

ئەجەل شامى تاڭ يوق ئەگەر بولسا، پاش،
كى بەھمەن كۈنگە ئۈياتتى قۇياش.
ئەدەم بولدى قانۇن لۇھراسبى،
نىگۈن بولدى ئايىن كوشتاسبى.

بولۇپ تىيرە كەيخسرۇ ئايىن چىراغ،
سىياۋۇش ئاتى باغرىغە قويدى داغ.
ئۇنۇت بولدى كەۋس يادى داغى،
بىل ئاۋازەئى كەيقۇبادى داغى.
مەنۇ چىھرە ئەۋجىغە تۇشتى جەزئ،
فەرىدۇن راۋانىغە تۇشتى فەزئ.

ۋەقتىكى دارا بۇ دەھىر بۇ قەلمۇندىن رەھلەت قىلدى. ئىسكەندەر ئانى شاھانە ساندۇق ئىچىگە ئالىپ، كىيانى مەھاپەغە قويۇپ، جەڭ مەيدانىدىن جۇدا ئەيلەپ، گەرد غۇبار قانىنى ئارىغلاپ، غۇسل تاھارەت قىلىپ، بىر سەبزەزارلىق دەشتىدە دەفن ئەيلەپ، رۇزەسىنى ياساپ، مەقبەرەزارلىق قىلدى. ئول سەبزەزاردا بەھىشت نىئمەتلەرىغە سەزاۋەر بولدى. ئىسكەندەر لەشكەرىنى ئوشۇل سەبزەزاردا تۇشۇرتۇپ، فەلەكدەك كوك بارگاھنى تىكىپ، ئوزى ئانىڭ ئىچىگە تۇشۇپ، دەرھال ئەلنى قەتل قىلماقدىن ئامان بەردى.

ساقىنامە:

كىتۇر ساقى ئول مەينى جانى تاپاي،
غەم ئىچرە ئۇلاردىن ئامانى تاپاي.
ئەگەر دوراغۇ بەردى داراغە پات،
ئىسكەندەرغە ھەم بەرمەس ئابى ھايات.
مۇغەننى بۇكۇن نەغمەئى چەڭ تۇز،
ۋەلى نۇھە ساز ئەيلەپ ئاھەڭ تۇز.
كىدەردىمغە تارتىپ فىغان يىغلايىن،
①..................................
ناۋايى جاھانغە ۋەفا يوقتۇرۇر،
ئانىڭ دەبئى رەسمى جەفا ئوقتۇرۇر.
ۋەفا ئەيلەپ، ئانىڭ جەفاسىن ئۇنۇت،
نەۋا ئىستەسەڭ بىنەۋالىقنى تۇت.

سابىت رەسۇم ئاشناسىداكىم، كارخانە ئىلاھدىن نەمۇدار دۇرۇر ۋە ئانىڭدەك ئول بارگاھدا مالائىك خەيلى ۋە خۋاھى رەسۇل مەئشەرى ۋە خۋاھى ئەۋلىيا گۇرۇھى ۋە خۋاھى سايەرناس جامائىتى ئەلا قەدر مۇراتىبەھم ھەر بىرى ئوز يىرىدە مۇرەتتەپ دۇرۇر، بۇ كارگاھدا ھەمۇل دەستۇر بىلە ياخشىراق سۇرەت بەلكى زورۇرەت دۇرۇر.
ھەركىمەرسەكىم، شاھلىقنى تىلەسە، ئاڭا لازىمدۇركىم، بارچە لەشكەردىن ۋە ئوزگە خەلايىق ھالىدىن ئاگاھلىق قىلغاي. رەسىم-قائىدەنى تۇزگەلى ھەر كىشىنىڭ مەرتەبەسىغە نەزەر سالىپ، رەئايەت قىلغاي، ئۇلۇغلارغە ئۇلۇغچە، كىچىكلەرگە كىچىگلىكچە ئاتا قىلغاي

① قولىيازمىنى كوچەرگەن كاتىپنىڭ سەۋەنلىگىدىن بىر مىسرا چۈشۈپ قالغان.

كىم، ھەر ئىشنىڭ ئۇترا ھالداقى ياخشىراقدۇر. "خەيرىلئەمۇرى ئەۋسانەھا"نىڭ① مەزمۇنى
بىلەن ھەر ئىشنى ئۇز ئىئتىدالىدا ئىزھار قىلماغلىق سائادەتنىڭ ئەسەرىدۇر. بۇ قانۇن بىلەن
قائىدەنى تۇزسە، ئانىڭ مەملىكەتى ۋە يۇرتلارى ئاباد بولۇپ، زىننەت تاپغۇسىدۇر. ئۇزىنىڭ سەرەن-
جامىنى ئارەستە قىلىپ، ھەر ئىشدا سەلتەنەت ئەمرىدىن مۇرادىنى تاپغاي. ۋە گەر ھەر نەچۇك پادىشا
بۇ قائىدە بىلەن ئىشلارىنى تۇزمەسە، ئانىڭدىن نەچۇك مەملەكەت ئىچرە تۇزۇكلۇك زوھۇر
تاپىپ، سەلتەنەتى ئۇز ئىئتىدالىدا قالغاي. ئانىڭ مىسالى ئانداغكىم، كىچىك بالالەر
شەترەنج ئويناماقغە ئويۇننى يايسە، ئول بالا ئويۇننى موھرە تىزمەكىنى بىلمەي ئويناسە،
ئالماقنى-بەرمەكنى ھەم بىلمەس. پىيادەنى شاھنىڭ يانىدا ئورۇن بېرىپ، فىلنى رۇخنىڭ
جايىدا قويۇپ، بۇ تەرىقە بىلەن ھەر بىرىگە يەر بەرسە، ئۇزۇك دىگىلكىم ئەھلى خىرەدلەر
ئانى نى دىگەيلەر. مۇنداغ ئويۇننى كەچ بولغۇچە ھەر قانچە ئويناسە، ھىچ دۇر. ئىت يالا-
قىغە سامان سالماق، سوڭەكلەرنى ئاتقە سالغاندەك بولۇر. ھەر كىشى بورىگە قوزىلار تۇئمە
قىلسە، ئۇزى ئۇزىگە بەلا پەيدا قىلغۇسىدۇر. ساھىپ ئەقىل راۋا كورمەسكىم، يولبارىسنى
گوشت بېرىپ بوداغاي، ئارسلاننى قارىن بىلەن تويغازغانى ئۇزىنىڭ قارىننى يىرتقاندۇر.
تاز باشغە تاج كەيدۇرگەنى تاخۇغە تۇماغ كەيدۇرگەندەك بولۇر. بەلەند پەرۋاز شۇڭقارغە
مورەسسەگە بىر تۇماغە ئازدۇر. كىمەرسە يىلاننىڭ باشنى يەنجىسە، بالادىن ئۇز يولىنى
تىنچ قىلغۇسىدۇر. ۋەگەر ئۇزى قويىندا ماكان بەرسە، ئۇز قەتلىغە قەست قىلغان بولۇر.
بىلگىلكىم، ئىت ئەگەرچە بورى بولسە، ئانىڭ جايى ئىشكدۇر لىكىن موشۇكنىڭ مەقامى
ئۇينىڭ تورى بولۇپدۇر. ئەگەرچە بورى دەشت سەيدىنى شىكار قىلىپ، ئۇز يىرىدە ئانىڭدىن
يىمەكلىكنى لازىم قىلسە، مۇشۇك ھەم ئوي سەيدىنى ئاشكارا ئەيلەپ، ئۇز ئورنىدا ئۇزىگە پەر-
ۋەرىش قىلغاي. كېرەكدۇركىم، ھەر كىمەرسەگە زەرۇرەتدىن ئۇز ئىئتىدالىدا پەرۋەرىش قىلا-
سە، ھەربىرى ئۇز چاغىدا كېرەكلىكدۇر. يەنە ھەم شاھلارغە لازىمدۇركىم، فەراسەت بىلەن
گۇھەرشۇناس بولغاي. لەئلىنى كورۇپ، ئوت گۇمان قىلماغاي، ئوتنى ھەم گەۋھەر دىمەگەي-
كىم، خەرمۇھرەنى فىرۇزەدىن جۇدا ئەيلەپ، تازە چىنىنى سۇتۇق كوزادىن فەرق قىلغاي.
لىكىن بۇ ئىش بىسيار دىشۋاردۇركىم، ئالەم ئەھلىدىن ئادەمىلەر كورمەكدە ھەممەلەرنىڭ
سۇرەتى بىردۇر. ۋە لىكىن بىرى نەھۋسەت ۋە ئاغرىق بولۇپ ئىدبارغە مۇپتىلا بولغاندۇر.
يەنە بىرى نۇر سائادەتدۇركىم، ئىقبال ئانىڭدىن ھۇۋەيدادۇر. ئىككىيزەك قېرىنداشىنىڭ سۇ-
رەتى ئوخشەسەمۇ ھەر بىرىنىڭ ھەقىقەتى ۋە مىزاجى ئوخشاماس. كىتابەتدە ھەم ئەلف
بىرلە ئەلف بىر كورۇنسە، ھىساپ ئىچرە بىسيار تافاۋۇتى باردۇر بەيابانلاردە ئولۇپ قۇ-
رۇپ قالغان كەشپەلەرنىڭ ھەيئەتى سەدەفغە ئوخشاسەمۇ لىكىن بىرى دۇررى يىتىمنىڭ
جايى، يەنە بىرى نەچچە سوڭەكلەرنىڭ ماكاندۇر. ھوما بىلە كەركەس بىر-بىرىگە مانەند
كورۇنۇرلار ۋە لىكىن ئارادا بىسيار تافاۋۇتى باردۇر. ئادەمىلەر ھەم بىر-بىرىگە مانەند
بولسە، لىكىن فەرق باردۇركىم، ئەھلى بىسارەتنىڭ كوزىدە رۇشەندۇر. ئەمما شاھلارغە نۇر
فەراسەت بىلە شىنا سالىق كېرەكدۇركىم، كىميادىن ئالتۇننى فەرق ئەيلەپ، قىزىل تابە-

① خەيرىلئەمۇرى ئەۋسانەھا — «ھەر ئىشنىڭ ئوتتۇرا ھال بولغىنى ياخشى»
دىگەن مەنىدە

داندىن كۈننى تەفاۋۇت بىلگەي. ئەگەر مۇنداغ فەراسەت بولماسا، بىسيار ئىمتىھان قىلغانى ياخشىراقدۇر. ئەگەر شاھ ئىلكىگە دانىشۋەر ۋە ئاقىللاردىن تۈشسە، ئۇلار بىلە بىر نەۋئ ھەمسۇھبەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ خاتىرىنى ساقلاپ، رەئايە قىلغاي. تا خاسۇئام ئول شاھدىن رازى بولغاي. ۋەگەر شاھدىن خەلايىق خۇرسەند بولماسا، دۇشمەنغە قەسد قىلغالى بولماس. دۇشمەنلەر تىغ سۇرگەلى كەلسە سەزاۋەردۇر. ئانىڭ ئۈچۈنكىم، ياخشى يامان خەلقنى پەرق قىلماي، ئۇل خەيلى بىلەن ئاداۋەت پەيدا قىلىپدۇر. ئانداغ شاھ ھەرگىز زەفەر تاپماس كىم، ئۇز خەلقىنى دۇشمەنغە دوست ئەيلەپدۇر. ئەگەر زاھىر ئانى ئول خەلقدىن مادارا قىلماغلىق كورۇنسە، زەرۇر بولغان چاغدا دۇشمەنلىكنى ئاشكارا قىلغۇسدۇر.

سۇلتان ئەبۇ سەئىد كورگان نەۋرە مەرقەدە ھىكايەتىكىم رايى ئەقدە كۈشايى بىلە كوپ مەملەكەت ئالدى ۋە تىغ ئومۇر فەرسايى بىلە كوپ ئەلگە ئاشۇب سالدى ۋە لېكىن سپالەرى ئېمەس ئەركاندىن ئىشىن ۋەقتى بارچە قوزغالدى ۋە ئۇزى ئەئدا ئارا مەھلىكىگە قالدى. بەلكى خەسم ئول سەرەفرازنىڭ تىغ گىن بىلە بۇيىن چالدى.

سۇلتان ئابۇ سەئىد كورگانى سەلتەنەت ئىشىدا دانا ئېردى. خۇراسان بىلە ماۋەرائۇننەھىر ۋە ئۇزگە دىيارلەر خۋارەزىمدىن گىرمانغىچە، كاشغەردىن سفاھانغىچە، زابىلىستاندىن كابۇلستانغىچە فەرمانغە كەلتۇرۇپ، ھەممە يۇرتلارنى رئايە بىلە گۈلستاندەك قىلىپ، سەلتەنەت ئىچرە دارايى دەھىر بولۇپ ئېردى. باشغە جاھانگىرلىك ھەۋاسى پەيدا بولۇپ، سانسىز لەشكەرىنى يىغىپ، تەبرىز شەھەرلەرنى ۋە رۇم دىيارلەرنى فەتىھ قىلغالى يۇردى. تەكرى تائالا ئانى ھەر ئىشدا ئاگاھ قىلىپ ئېردى ۋە لېكىن بىر ئەيبى بار ئېردىكىم، ھەمىشە خەزىنە يىغماقغە مايىل بولۇپ، ئۇز خەيلىنىڭ ئاقىللارىنى ھەقىر كورۇپ، ئۇلارغە نۇقسان ئىشنى خۋاھىش قىلىپ، ئۇز كوڭلىنى خۇش قىلۇر ئېردى. لېكىن ئول سۇلتاننىڭ خەزىنە يىغماقدىن سپاھلەرى رىزا ئېمەس ئېردى. ۋەقتىكى سۇلتان نەۋاھى تەرفىگە سپاھلارنى چەكىپ يۇردى. نەۋاھىنىڭ شاھى ھەم سپاھلەرنى چەكىپ، يۇرتلارىم خەلىل تاپماسۇن، دەپ بىر يەرگە چىقىپ، جەڭ ۋە جىدەلنى ئىزھار قىلدىلەر. بۇ ئىش ھەددىدىن ئۇزۇن قاتىغلاشىپ ئاداۋەت كۈنلەرى ئۇزاقلاشىپ، دىشۋار بولدى. سۇلتاندىن سپاھلارى خۇشنۇد ئېمەسلىكدىن بىر سائەت لەشكەرىغە دىشۋارلىق يۇزلەنگەن سەبەبىدىن بۇزۇلۇپ، ھەر تەرەفدىن سۇلتانغە يۇز ئويرۇپ قاچىپ، دۇشمەن قاشىغە بارىپ، ئاڭا مەدەت بەردىلەر. ئانىڭدەك ئۇلۇغ سۇلتان دۇشمەننىڭ ئىلكىگە ئەسىر تۈشتى. دۇشمەنى جانىغە قەسد ئەيلەپ، قاندىن قىلىچنى لەئلگۇن قىلدى. ھەر نەچۇك شاھدىن خەلقى خۇش بولماسا، ئىش چاغىدا پۇشمانلىق سۇد بەرمەس. شاھ سپاھلەردىن جۇدا بولسە، بىر كىشىدۇر. بىر كىشىنىڭ ئىشى نەچۇك بولغۇسدۇر. ئاڭا ئوخشەكىم، گۈلستاندىن گۈل ئايرىلسە، قۇرۇپ قالغۇسدۇر. بەدەنسىز كوڭۇلنى بىر لۇقمەئەت دەرلەركىم، سپاھلەر بىلەن شاھى بەدەن ئىچرە كوڭۇلدەكتور. شاھى بىلەن لەشكەرى ئاشىق ۋە مەشۇقدەك بولماق لازىمدۇر. ھەر نەچۇك ئىشىدا مۇۋافىق بولغايلەر. جاھان ئالماق ئاسان ئېمەس ۋە لېكىن ئىتتىفاق بولسە، دىشۋارلىق ئېمەسدۇر.

**هىكمەت ئەسكەندەرنىڭ ئارستۇدىن سوئالى ئۇل بايىداكىم، ساھىپراي تەئەققۇل بىلە ئىش بەكرى يۈزىدىن نىقاپ ئاچقاندىن سوڭ نىكا ۋىسالىدىن كام تاپماس ۋە ئانىڭ جەۋابى.**

يەنە ھەم ئىسكەندەر ئارستۇدىن سوردىكىم، ھەكىم دانا ھەر نەچۇك ئادەمىغە ئۆز فئىلىدىن سۇد يا زىيان ھاسىل بولغۇسىدۇر. تەئەققۇل بىلەن بىر ئىشغە نەزەر سالىپ، نەتىجەسىنى ئاڭلاپ بىلۇركىم، تەمەئ قىلماغلىق خۋارلىقىنىڭ بائىسىدۇر. قەنائەت قىلماغلىق ئىززەت ۋە شەرافەت تاپماغلىقىنىڭ ئەسرىدۇر. شاھلەر ھەم ئۆز ئىشىنىڭ بەھبۇدلىقىغە ئاگاھ بولۇپ، ئەل رىزاسىنى ھاسىل ئەيلەپ، دۇئاسىدىن مەقسەدىنى تاپارلار. ھەممىشە ئۇزلەرىنىڭ بەھبۇدلىقىنى ئۆلەرىنىڭ دۇئاسىدىن تاپسەلەر بائىس ئىدۇركىم، ياخشى ئىشلارنى تەرك ئەيلەپ، يامان ئىشلارنى قىلىپ، ئەلگە زۇلۇم قىلۇرلاركىم، ئاندىن شەۋكتى ۋە سەلتەنەتىغە شىكەست تاپىپ، بىراۋغە مەغلۇپ ۋە مەقھۇر بولۇرلار. ئۇل ھەكىم كارۋان تەئەممۇق فىكرى بىلەن جاۋاپ بەردىكىم، بۇ سوز ئىچرە نۇكتەئى دەقىق باردۇركىم، ھىكمەت دەرياسىنىڭ غەۋۋاس- لەرى نەچچە قىسىم جاۋابىنى بېرىپدۇرلەر. بىرى ئۇلكىم، كىمەرسە ئەقاۋ دانىشىنى ئۆزىگە ھاكىم قىلىپ، فەساد ئىشلارنى ۋە سەلاھ ئىشلارنى تاپىپ فەرق ئەيلەپ، سەلاھ ئىشلارنى ئىختىيار ئەيلەپ جەددۇجەھەد بىلەن قىلسە، مەنفەئەت تاپغۇسىدۇر. ئىككىلا ئالەمدە سەرەف- راز بولۇر ۋە لىكىن نەفسىغە بىسيار مۇشەققەت بولۇر. ئانىڭ ئۈچۈنكىم نەفسى ئاسان ئىشغە مۇشتاقدۇر. ئەگەر نەفسىنىڭ مۇرادىنى ھاسىل قىلسە، خۇدانىڭ بەندەلىرىغە زەرەر قىلىپ، مەنفەئەتدىن بىنەۋا قىلغۇسىدۇر. يەنە بىرى ئۇلدۇركىم، ئانىڭ بەللىتىدە بىر خىسلەت بولۇركىم نەفئ زەرەر بىلمەيدۇرغان ئىشغە مەشغۇل بولۇپ خەيرۇ- شەرىنى كوزلە- مەي تەبئى بى ئىختىيار ئانى قىلماقىنى خۋاھىش قىلۇر. لىكىن سەلاۋ ئىشلارنى تەبئىغە مەرغۇپ بولماي خوپ ئىمەس دەپ قىلماس. بۇ فئىل ھەم تەگرى تائالانىڭ بەندەلەرىغە زەرەردۇر. يەنە بىرى ئۇلكىم، فىكرى بىلەن سائەتشۇناس بولۇپ، يۇلدۇزنىڭ سەئدۇ نەسىنى بىلىپ تالئى يار بولۇپ، بىر ئىشنى قىلۇركىم، مەنپەئەتلىك ئىشنى زوھۇرىغە كەل- تۇرۇر. ئانداغكىم بىر كاتىپ مۇسەھەف مەجىد كىتابەت قىلماقنى تەلەپ قىلسە، ئەگەر ئانىڭ تالئىغە ئىقبال يۈزلەنىپ، كىتابەت قىلماقغە ئىمكانى يوقدۇر، دەپ ئۈچ سوزنى تەقرىر ئەي- لەدى. يەنە ھەم مۇنداغ نۇكتە سۇردىكىم، ئەھلى ھەقىقەتلەر ئەيتىپدۇرلەركىم، خۋاھى ئەھلى مەسچىد خۋاھى ئەھلى كىنىشت ئەزەلدە سەۋشت بولغان قىسمەتىنى فىكىر تەدبىر بىلەن ئاڭا تەغيىر بەرمەككە ئىمكانى تاپماس. ئەگەر ھەق ئىشنى تاپسە، ئانى قىلغالى ھەر- گىز مەھەل تاپماس. تا ئادا قىلغايكىم، تەڭرى تائالانىڭ خۋاھىشى ئۇل ئىشدا يوقدۇر ۋە- گەر تەدبىر بىلە بىر ئىشنى قىلدىكىم، ئۇل تەدبىر تەقدىرغە راست كەلسە، ئۇل ھەم ئانىڭ تەدبىرىدىن ئەمەسكىم، تەڭرى تائالانىڭ تەقدىرىدىندۇر. بۇ تەقدىر ئەھلى تەھقىقلارنىڭ ئالىدا مۇۋافىقدۇر، دەپ ئىسكەندەرغە دىدىكىم، بۇگۇن تەۋفىق تاپقوچىدۇرسەن، ھەر كۈن تەۋفىقىڭنى ئاللا تائالا زىيادە قىلغاي. ئۇل ھەكىم دانا بۇ نەۋئ نۇكتە بايان ئەيلەپ، ئىس- كەندەر ھەم ئۇل نۇكتەدىن بەھرە تاپىپ، كوڭلى رۇشەن ئەيلەپ، خامۇش بولۇپ، بو سوز- دىن دىلى مەخزەن ھەقىقى بولدى.

**ئىسكەندەرنىڭ دارا مەمالىكىگە مۇلۇكران بولۇپ، كەنوز ۋە خەزايىنىنى موھۇر ۋە سەھاپ-**
**ىدەك زەرفاش ۋە زەر ئەفشانلىق قىلىپ، سىپاھ ۋە رەئىيەتنى ئول ئىھسانلاردىن ئاباد**
**ئېتىپ، ئالەم مەمالىك شاھلەرىن تىلەرگە ئەلچىلەر يىبەرگەنى ۋە ئۇلار بارچە ئانىڭ**
**ئەمرىغە ئەنقىياد قىلىپ، كەشمىر شاھى ناموۋافىق ئەفسۇنلارنى ئوقۇپ، ھىندى**
**رايى باز گۈنى جەۋاپ بېرىپ، خاقانى چىن سوزىدىن قاشىغە چىن سالغانى**

بۇ زەفەرنامەنى رەقەم چېكىپ، ئانداغ ئادا قىلدىكىم، دارانىڭ ۋاپاتى ئاشكارا بولۇپ، ئىستائەت قىلادۇرغان لەشكەرى گۇرۇھ - گۇرۇھ كېلىپ، ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغە باشىنى قويدىلەر. يىراق يۇرتلاردىن كەلگەن خەلايىق ۋەتەن ئەزمىنى قىلىپ، مەشرق زەمىنىنىڭ سۇلتانلارى، خۋارەزىمنىڭ، ھىندۇستاننىڭ، چىن مۇلكىنىڭ خەلقى شول كۈنى قاچماقغە مەيىل قىلىپ، توختاماي ئۆز مۇلكىگە يەتتىلەر. ئىسكەندەرغە فەتىھ ۋە نۇسرەت ئاتا بولۇپ، شەۋكەت تاپىپ، ئېگىز تەخت ئۈزرە مەقام ئەيلەپ، ۋەسىيەت ئىشلەرىغە ئىستىقامەت قىلدى. ئەۋۋەل شاھ داراغە ئۆزىنىڭ مۇناسىبىتىدە ماتەم تۇتۇپ ئەئزاز ۋە ئىكرام بىلە شاھانە قائىدەسىنى قىلىپ، دەفىن ئەتتىلەر. ئانىڭ ھالىغە ھەم ئۆز ئەھۋالىغە زار - زار يىغلادىلەركىم، بىھەد بىر ئۇلۇغ ئىش باشىغە تۇشۇپدۇر. ۋەقتىكى دارانىڭ ئىشىدىن فارىغ بولۇپ، ئىككى قاتىلىنىڭ سوراغىنى سوراپ، ئىككى ياغاچىنى دار قىلماق ئۈچۈن يەرگە كومدىلەر. ئول ئىككى قاتىلنى باشىن تۆبەن ئاستۇرۇپ، تىير بارانغە ھوكۇم قىلىپ، تىير - باران قىلدىلەر. ھەركىم گۇمراھ بولۇپ، ئۆز شاھىغە خىيانەت قىلسە، ئانىڭ جازاسى بۇدۇر، دەپ ئىككىلەسىنىڭ بەدەنىنى كويدۇرۇپ، كۈلىنى كوككە ساۋرىدىلەر. يەنە ھوكۇم قىلدىكىم، دارانىڭ ئۇرۇغ - قەياشلارىنى كەلتۇرۇپ، ئامان بېرىپ، لۇتىف ۋە مەرھەمەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ كوڭلىدىن ۋەھىم قورقۇنچىنى كوتەرىپ، دارا قىلغاندەك ئىكرامىنى ئىسكەندەر ھەم ئانداغ مادارا بىلەن قىلدى. يەنە نەچچە كىشىنى تەئيىن قىلدىكىم، ئۇلارنىڭ ھەربىرى پىسەندىدە ئەنجۇمەن ئارا ئېردىلەر، بىر نامە بىلەن رۇشەنەك قاشىغە يىبەردى. ئول نامەدە ھەر نەۋئ پەند نەسىھەت ئانداغ ئىنشا ئېردىكىم، تەگرى تائالا ئانىڭ ھوكمىغە خورسەند بولماق سائادەتلىك ئاچقۇسىدۇر. كوپ جەزەئ - فەزەئ قىلماق سۇد بەرمەس. جاھان باغىدىن ئەگەر بىر گۈلبۇن پىنھان بولسە، ئۈمىددۇركىم، شۇگوفتە بولماغان غۇنچە تەرۇتازە بولغۇسىدۇر. سەدەفنىڭ كوكسى يارىلسا، ئانىڭ دۇررنى شەرافەت تاجىنى ماكان ئەتكۇسىدۇر. يەنە ئانداق نەچەند دانالارغە ئىھسان ۋەئدەلەرىنى قىلىپ فەرمان ئەيلەدىكىم، ئول سەرۋ ئازادە پەرىزادەنى شەبىستانىمىغە كەلتۇرسۇنلاركىم، قۇياش گۈل رەخىنى چەرخ ئايۋانىغە يەتكۈزگەيلەر، دەپ دارانىڭ ۋەسىيەتلەرىنى ئادا قىلدى. ئاندىن كېيىن جاھانگىرلىك ئىشىغە مەشغۇل بولۇپ، دارانىڭ جەمئ قىلغان نىھان ئاشكارە خەزىنەلەرىنى تاپىپ، ئەفرىدۇننىڭ زامانىدىن يىغىلغان، شاھدىن - شاھغە ئىنتىقال قىلغان كەيقۇبادنىڭ زامانەسىغىچە خەزىنە ۋە دەفىنەلەرى ئاڭا جاھان مۇلكى بىلەن قالدى. ئاندىن كېيىن ئانىڭ ئەۋلادىغە جاھان مۇلكى بىلەن بىر - بىرىگە مىراس قالىپ، ئۆزىگە نەچچە نەخزەنلەر تولۇپ، يەنە بەركە تەككەندە ئىككى بارابەر بولۇر ئېردى. دارا جاھاندارلىق تەختىدىن بەھرەۋەر بولغان پۇرسەتىغىچە مىڭ ئۈچ يۈز ئون تورت يىل بولەر ئالەم

پەناھ بولۇپ، جاھان ئەھلىغە پادىشاھ بولۇپ كەلگەن. بۇلەر بىھىساپ جەمئى قىلغان
خەزىنەلەرنى تەگرى تائالا ئىسكەندەرغە نەسىپ ئەتتى. دارانىڭ قورغان سوقغان خەزىنەلەر
يۈز سەكسەن قورغان ئېردى. بۇ بارچە بۇ خەزىنىلەر جاۋاھىرلەر بىلەن ئالتۇن - كۈمۈش
ئېردى. خەزىنەچىسى كېلىپ، ئىسكەندەرنىڭ ئاياغلارنى ئۆپۈپ، خەزىنەلەرنىڭ ئاچقۇسىنى،
قورغانلارنىڭ ئاچقۇسىنى كەلتۈرۈپ تاپشۇردى. ئىسكەندەر بىسيار جۇستىجۇ بىلەن
خەزىنەلەردىن، قورغانلاردىن گۇفتگۇ ئەيلەپ، لۇتفى كەرەملەرنى قىلىپ، ۋەئدەلەر بىلەن
ئۇمىدۋار قىلدى. قايسى قورغاننىڭ خەزىنەچىسى كېلىپ مەلۇم قىلسە، شول كىشىگە ئول
خەزىنە ھاۋالە قىلىپ، لېكىن ئەۋۋەل نەۋيەندەلەرغە ھوكۇم قىلدىكىم، خەزىنەلەرنىڭ
ھىسابىنى راستلاپ دەفتەرغە ئالغىلار. نەۋيەندەلەر دارانىڭ دىۋان بەگلەردىن دەفتەرنى
تىلەپ، جەمئى بولغان خەزىنەلەرنى تاپىپ، خەزىنەدارلار بىلەن ھىساپلاشىپ، قايسى
دەفتەرنىڭ ھىسابى قوبۇل بولسە، دەفتەرلەرغە ئالىپ، تۈگىدى دەپ ھىساپىغە ئالۇر
ئېردىلەر. ھەركىمەرسەنىڭ ھىسابى راست كەلمەسە نەۋيەندەلەر شىددەت بىلەن تاپتۇرۇپ،
ھىسابغە ئالىپ، ئىسكەندەرغە ئەرز ئەيتىپ، ھەممەسىنىڭ خاتىرى تىنچ بولدى. ئاندىن
كېيىن ئىسكەندەرنىڭ ھوكمى بىلەن بارىنى ئوردىغە ئالىپ كەلگەلى گۇرۇھ - گۇرۇھ خەلايىق
بارىپ ئىسكەندەرنىڭ خەزىنەسىغە ئىككى يىلغىچە تاشۇپ گەنجلەرنى ئالىپ كەلدىلەر.
نەۋيەندەلەر رەقەم چېكىپ، ھىساپ دەفتەردىن مەئلۇم قىلدىلەركىم، تەخى خەزىنەلەرنىڭ
جەمئى نىسپى بولماپدۇر. يەنە ئىسكەندەرنىڭ ھوكمى بىلەن قالغاننى تەخمىنەن تەئيىن
قىلىپ، خەزىنەچىلەرنىڭ قولىغە تاپشۇرۇپ، خەزىنەلەرنىڭ ئىشىكلەرنى بەركىتىپ قويدىلەر.
ئىسكەندەرنىڭ ھوكمى بىلەن ئىشنى تۈگەتىپ، نەۋيەندەلەرنىڭ ئۇلۇغلارى ھىسابىنى
كەلتۈرۈپ، قىياس بىلەن فەھىم قىلدىلەركىم، يەتتە يۈز مىڭ تۈمەن خەزىنەلەر ئالىپ
كەلدىلەر. يەنە دارانىڭ ھەر گۇرۇھ لەشكەرىنىڭ ئۇلۇغلارىنى ئالىپ كېلىپ، ئىسكەندەرنىڭ
ھوكمى بىلەن دىدىلەركىم، دارانىڭ دىۋاندىن سىپاھىلەرنىڭ مۇقەررەر بولغان مەۋاجىبى
ئولۇفەسى ئەرز ئەيلەسۇنلەر، ئانىڭ فىكرى شاھ ئالەم پەناھ ئىسكەندەرغە فەرىزدۇر.
ئۇلار ھەم مۇقەررەر بولغان مەۋاجىپىنى ئەرز ئەيلەپ، شاھ ئالەمنىڭ ئالدىدا بىسيار
ھەقىر كورۇندى. يەنە دارانىڭ لەشكەرى تەۋەھھۇم بىلەن دىدىكىم، بىزگە ئول مەۋاجىپ
رەنج ۋە مۇشەققەت بىلەن نىسپى قولىمىزغە كىرەر ئېردى. ئول شاھ ئالەم بىناھ لوتىف
ئەيتىپ دىدىكىم، ئەگەر دارانىڭ رەسمى نىسپى بەرمەك بولسە ۋە لېكىن بىزنىڭ رەسمىمىز
ئىككى بارابەر بەرمەك بولۇر، دەپ دارانىڭ رەسمىدىن دۇچەند قىلىپ بېرىڭلاركى
سىپاھىلەرنىڭ رەنج مۇشۇققەتى كوتەرىلسۇن. بۇلار تورت يۈز مىڭ كىشى چاكەرلىك
ئىشىغە تەئيىن بولغان ئېردىلەر. يەنە ئىككى يۈز مىڭ مەۋاجىپخور بىزگە ئىككى مەۋا-
جىپخور تەئيىن بولۇپ، جەمئى ئالتە يۈز مىڭ سىپاھىلەرغە ئولۇفە بەردى. لەشكەرىغە
مەۋاجىپىنىڭ تەئيىنى ئىككى بارابەر تەزدىن بولسە، رەئيەتلەرنىڭ خىراجىنىڭ نىسپىنى
مەئاف قىلىپ، نىسپىنى تەئيىن قىلدىلەر. سىپاھلەر شاد بولۇپ، رەئيەتلەرى ھەم ئاباد
بولدىلەر. ۋەقتىكى سىپاھلەر بىلەن رەئيەتلەرغە گەنجلەرنى توكتى. ھەم ئانىڭدىن ھەم
مۇنىڭدىن رەنج چەكمەك دەفئ بولدى. ئاندىن كېيىن ئول شاھى ئالەم پەناھ ئىسكەندەر

دىددىكىم، ماڭا گەنج يىغماق مۇناسىپ ئېمەسدۇر. سىپاھلەرىم بىلەن رەئىيەتلەرىم
مەندىن خۇشنۇد بولسە، ماڭا بەسدۇر. ئەگەر گەنجلەر دەريالاردىن ۋە كانلەردىن بەلكى
بۇ جاھاندىن ھەم ئەفزۇنراق جەمئى قىلسە، ئانىڭدىن كىشىگە مەنفەئەت بەرمەسە، ئول
گەنجلەرنىڭ ۋە تاش-تۇپراقنىڭ فەرقى بولماس. ئەگەر نەفئىدىن بولسە، مەخزەن
يىراقدۇر. لەئلىدىن خارە يەخشىراقكىم، ئول خارە بىر تاش ئېرۇر. بى زەرەر ۋەلى
گەنجدىن ئەلگە دۇر يۈز خەتەر. كىشىنىڭ كى بىنەفئ ئېرۇر مەخزەنى جاھان ئەھلىدۇر،
سەرىسەرى دۇشمىنى ئەگەر يۇرتى بىلەن لەشكەرى ئاباد بولسە، ئاسانلىق بىلەن ئالەمنى
مۇسەخخەر قىلغۇسىدۇر. ئىسكەندەر ۋەقتىكى بۇ سەرمايەنى تاپىپ، خەلايىق ئۈزرە لۇتفى
ۋە مەرھەمەتىدىن سايە سالىپ، ئىران خەلقىنى ئۆزىدىن رازى قىلىپ، جاھان ئاچماقىنىڭ
سەرەنجامىنى راستلاپ، ئەۋۋەل ئەھلى ھىكمەت دانالار ۋە ئۇلمالەرنى ئىلغاپ تاپتىكىم،
بارچەسىنىڭ رايى سوز بايان قىلماقدا ھەر بىرى قىلىنى يارار ئېردىلەركىم، زۇبان
تىغى بىلەن شەمشەر بازلەرنى مادارا قىلىپ، سوزلەپ بىر نۇكتە بىلەن ئۇلارنىڭ يۈزىدىن
ياغىنى تامتۇرار ئېردىلەر. بارچەسى ئىلمى دانىشدا ساھىپ ۋۇقۇف كېلىپ جاھان فەيلە-
سۇفى ئېردىلەر. ئول شاھى ئالى خىرەد ئىسكەندەر شوبۇ ئەھلى ھىكمەت دانالارنىڭ ھەر بىرىنى
بىر تەرەف تەئيىن قىلدى. ئانداغكىم بىرى— شەھرى ساقلاپغە، يەنە بىرىنى ھىندۇستانغە، يەنە
بىرىنى شەھرى چىنغە، يەنە بىرىنى بەيتۇلھەرەمغە، يەنە بىرىنى كەشمىرغە، يەنە بىرىنى مىسىر
ۋە باغدادغە، يەنە بىرىنى شەھرى نوشاۋىرغە تەئيىن قىلىپ، ھەر بىرىنىڭ قولىغە
بىر نامە بېرىپ، ھەر نامەدە بىر دىلخۇش مەزمۇنلارنى پۈتۈپ ئېردىلەركىم، ئول مەزمۇن
بۇ ئېردى: "بىسمىللاھىل ئەلىۋل ئەزم، لەيسە كىمىسلىھى شەيئۇن ۋەھۇۋە سەمىئۇل
ئەلىم زاتىدۇركىم، ئانىڭ زاتى بىلەن فەلەكلەر بەستۇن قايىم ئەلھال باسوفاتىدۇركىم،
ئانىڭ ئەۋسافىدىن مۇتەرجىملەر لىسانى لالدۇر. لەم يەزەل قەدىمى دۇركىم، ئانىڭ ئىپتىداسى
يوق. لايەزەل ئەزىمى دۇركىم، ئانىڭ ئىنتىھاسى يوقدۇر. گادالار زەمىرىنىڭ ئاگاھى
شەھىنشاھلارنىڭ شاھىنشاھىدۇركىم، دارايى دەۋرانلار ئالى جانابىنىڭ فەرمانىغە مەھ-
كۇمدۇرلار. شاھلەرنى شاھلىقدىن رەد قىلسە، جەھەت ئىستەگەلى ھىچ كىشىنىڭ ھەددى
بولماس. گادالارنى شاھ قىلسە، ئانى رەد قىلغالى ھېچكىم قۇدرەت تاپىپ دەم ئۇرماس.
بەس، ئول ئۇلدۇركىم، بارچە پادىشاھلار قازاغە رىزا بەرگەننى ئايان ئەيلەگەي. تەڭرى
تائالا ئانىڭ ھەمدىنى ئادا قىلىپ، تەكەللۇم تەرىقىنى ئانداغ سوردىكىم، مەنى ئىسكەندەر
دەرلەر، يەتتە كىشۋەرنى ئالماق مەنىڭ سۇفەتىمدۇر، سەنى خاقانى چىن دەرلەر، تۇران
زىمىنى لەشكەرىڭدۇركىم، مۇبارىزلارىڭ ئاندىندۇر. مۇنى بىلگىلكىم، بۇ ئالەمدە مەۋجۇد
بولغان بار يوقنى كىمەرسە تەدبىر بىلەن مۇمكىن ئەمەسكىم، تەڭرى تائالانىڭ تەقدىرىدىن
ئۆزگە قىلغاي. گادالارغە شاھلىق بېرىپ نەۋازىشلار قىلغۇچى ئۇلدۇر. شاھلارنى ھەم
گادا قىلماق ئانىڭ سۇفەتىدۇر. لازىمدۇركىم، شاھلار ئۆز بەھبۇدلۇقىنى ئاندىن بىلىپ،
قازاغە رىزا بەرگەيلەر. گادالەر ھەم خۇشنۇد بولۇپ شۇكرانە ئادا قىلغايلەر. ھەر نەچۈك
ئەمىر-فەرمان تەڭرى تائالادىن زۇھۇر تاپسە، ئانا قىلغالى ھېچكىمنىڭ قۇدرەتى بولماس.
ئەلھال تەڭرى تائالا ھوكمۇدىن ماڭا بۇ جاھاننىڭ ھەممەسى قىسمەت بولۇپدۇر. بۇ
ئىشلارىمدا ئۆزى يار بولۇپدۇر. ئۆزۈم ھىچ ئىشدا ئىختىيارىم يوقدۇر. چىنانچە ئەۋۋەلى

هالـدا ماڭا ئىقبال يۈزلەنىپ، ئالەم ئاتا بولۇپدۇر. ئاتام رۇم مەملىكەتىنىڭ پادىشاھى
ئىردى. بۇ ئالەمدىن رەھلەت قىلغاندا، ئانىڭ جايىدا كىشۇەر ئارا بولۇپ ئىدىم. ئىلىم-
ھىكمەتدىن ھەم ئاگاھ ئىردىمكىم، شاھلىق تەمەنناسى مەندە يوق ئىردى. ئول ۋاجىبول-
ۋوجود بۇ ئىشلارنى ماڭا قىسمەت قىلىپ، ئەزەلدە مۇقەددەر قىلغان بولسە، ئىختىيارىم-
غە مىنى قويماس، ئولۇسلارىم ھەم بۇ ئىشدا ئىختىيار قىلماس، مەئقۇل كورمەس ئىردىلەر.
ئەمىر ئىلاھى بىلە ھاتىفنىڭ ئىلھامىدىن ھەر ئىشنى قورقە، ئەيمىنە شورۇئ قىلدىم
ئەۋۋەلى ھالدا تەڭرى تائالانىڭ ئەمرى بىلەن ماجرا تۈزۈپ، زەنگبار خەلقىنىڭ روزد-
ىگارىنى قارا قىلىپ، كوسلارنى چالىپ ئەزىم ئەيلەپ، بەرتاس بىلە رۇسنى ھوكمۇمغە
كىرگۈزۈپ، تىوختاماي فەرەڭ دىيارىنى ئالىپ، يەنە ھەم جەددى-جەھەد ئەيلەپ، شاھ
دارانى قولۇمغە تۈشۈرۈپ، سەرەفراز بولۇپ، ھەق تائالا ماڭا بۇ ئىشلارنى ئاتا قىلىپدۇر.
ھەر تەرەف تالىئىم يۈزلەنسە، ھەق تائالانىڭ ئەمرى بىلەن جەڭ ئىشلارنى زاھىر
قىلسام، ئۇلاردىن گەرد غۇبارىنى فەلەك ئۈزە چىقاردىم. بۈگۈن ئىران مەملىكى ماڭا
مۇسەخخەر بولۇپ، بارچە شاھلار بەندەئى فەرمان بولۇپدۇر. ئول گۈرۈھكىم دارانى
شاھىنشاھ بىلىپ، ئانىڭ فەرمانىغە ئىتائەت قىلۇر ئىردىلەر. بارچەسى كېلىپ، دەرگاھىمغە
باشىنى قويۇپ، قۇللۇغۇمنى قەبۇل ئەتتىلەر. ھەم بۇلارغە ھەددىن ئەفزۇن ئىنايەتلەرنى
زاھىر ئەيلەپ، سەرەفراز ئەيلەدىم. ساڭا ھەم بەخت-تالىئىڭ ياۋەرلىك قىلسە، قويۇپ
ئۆزگەلەردەك جانابى سپەھىر ئىنتىسابىمغە كەلگىل. ھەر نەچۇك فەرمان قىلسام، كالامىمنى
ياخشى بىلىپ، تابوغۇمدا باشىڭ قويۇپ، ئاياغىمنى ئۆپكىل. بارچەلەرىڭغە لۇتف ئېھسان
ئەيلەپ، مادارا بىلەن مۇۋافىقىتىڭنى بى قەدەر ئىمكان ئەيلەگۈمدۇر. سىنى شاھلىق
ئىچرە بەلەند ئەيلەپ، ئىنايەتلەر بىلەن ئەرجۇمەند قىلۇرمەن. كىشۇەرلەرىڭغە رەقەم چېكىپ،
ساڭا يەك قەلەم تابىئە قىلىپ بېرۇرمەن. بۇ دەۋرانىنىڭ ئافەتىدىن پاناھىڭ بولۇپ،
دۇشمەنلەرىڭغە دۇشمەن بولۇرمەن. ۋەگەر قاشىمغە كەلگەلى بىر مانئى ۋۇجود تاپىپ
كېلەلمەي زورۇرەتدىن ئاستان بۇسلۇقۇمنى قىلالماي ئۆزۈرۈڭنى ئىزھار قىلساڭ، قۇۋۋۇقۇمىزغا
ئوغلۇڭ بىلە ئىنىڭنى يىبەرگىل. ئەگەر ئىككىلەسى بولماسە، بىرىنى راۋان ئەيلەگىلكىم،
دانا ۋە ساھىب خىرەد بولغاي. تاكى ساڭا مۇئتەمىد ۋە نايىب بولۇپ، مال بىلە پىشكەش-
لەرنى تارتىپ، قۇللاردەك قۇللۇقۇڭنى بەجا كەلتۈرۈپ، ئۆزۈرىنى ئادا ئەي-
لەپ، مۇددىئانى بايان قىلغاي. ھەر نەچۇك مۇرادىڭ بولسە، ۋەئدەغە ۋافا
ئەيلەگۈمدۇر. ۋەگەر ئىتائەت قىلماي، جاھىل تەرىقى بىلەن ئاداۋەت ئەيلەپ
زالالەت يولىنى ئىختىيار قىلساڭ بۇ چەرخ كەجرەفتارىدىن ھەر نىمە ئالدىڭغە
كەلسە، ئانى ئۆزۈڭدىن كورگىل. ئول ۋەقتتە مىھرۇ ۋە مادارا خىيالىنى مەندىن ئۈتۈتغىل-
كىم، قولۇمدىن كەلگەنىنى مەئزۇر تۇتغىل." دەپ مەقسەدىنى كىتابەت قىلىپ، قاسىدغە
بېرىپ راۋان قىلدى. قالغان سوزلەرنى قاسىد ئۆزى بايان ئەيلەگەي، نامە تامام
ۋەسساللام. بۇ تەرىقە بىلەن كىتابەتلەرنى ئىنشا قىلىپ، ھەر تەرەف ھەر پادىشاھغە
سوزلەرنى ئۆز مۇناسىبىتىدا ئىنشا ئەيلەپ، بارچە كىتابەتلەرنى مۇرەتتەپ قىلىپ، قاسىد-
لارغە بېرىپ، ھەر بىرىنى ھەر بىر تەرەفغە ئۈزاتتى. ئول قاسىدلارنىڭ ھەربىرى كارۋان
دانا ئىردىكىم، سوز بايان قىلماقدا ھەر ئىشنى بىلۇر ئىردى. ھەربىرى ئەزم قىلغان

تەرەفكە يۈرۈپ، ئاز ۋاقىتتا يەتتىلەر. ھەر پادىشاھ ئۇل ئىشنى بىلىپ، قاسىدلارغە تەئزىم بەجا كەلتۈرۈپ، رەئايەتلەرنى قىلىپ، خاتىرىنى شاد ئەيلەپ، نامەسىنى قولغە ئالىپ، كوزىگە سۈرتتىلەر. ئاندىن كېيىن ئوقۇپ، مەزمۇنىدىن ئاگاھ بولۇپ، پىشكەش بىلەن خىراجىنى مۇھەييا ئەيلەپ، ئۆزگە ئېھتىياجلەرنى ھەم ئادا قىلىپ، قاسىدلارنى ياندۇردىلەر. قاسىدلەرھەم تاپىغاننى ئەزم ئەيلەپ، شاھى ئىسكەندەرغە جەزم قىلدىلار. لېكىن ئۈچ پادىشاھ خەت قىلىپ، ئىتائەت قىلۇردىن توختادىلەركىم، ھەربىرى بىر تەرىقە بىلەن سوز بايان ئەيلەدى. ئۇل ئۈچ پادىشاھنىڭ بىرى شاھ كەشمىردۇركىم، ئاتى مەللۇ بىن ھەباك ئېردى. قورقماي دىدىكىم، ئىسكەندەر ئەگەرچە شاھى ئافاق بولۇپدۇر، لېكىن مەنىڭ مۈلكۈم ئافاق ئىچرە بى نەزىردۇر. يەنە ماڭا ئۈچ ئىش تەڭرىتائالا نەسىپ قىلىپدۇر، بىرى ئولكىم، بۇ شەھەر بىسيار مەھكەمدۇر، تاغلارى ھەددىدىن ئەفزۇن ئېگىز، سىفىلى ھەم ئۇستىۋاردۇر. يەنە شەھەرنىڭ چورەسى ئاستىنى ھەم تامام سۇپەيدادۇر، ئىككىنچى ئولدۇركىم، ئانچۇنان ئەفسۇنگەرچاكارلارىم باردۇركىم، ئەگەر فەلەكدىن فىتنە پەيدا بولسە، ھەربىرى ئەفسۇن بىلەن بىر يۇمران كوچۈكنى شىردەررەندە قىلىپ، جاھان خەلقىغە سالافەتلىك كورگۈزۈرلەر. ئەگەر ئىسكەندەر ئالەم خەلقىنى يىغسە، ئافەت يەلىنى پەيدا قىلىپ، ئانداغ قوزغالان سالۇرلاركىم، ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرى ئامان تاپماي، ئىتتىك شامال پەيدا بولۇپ، سامان سارۇلغاندەك سورۇلۇر. ئۈچۈنچى ئولكىم، ئەگەر ئىسكەندەر ئاداۋەت قىلىپ، تەئەددى بىلەن مۈلكۈمغە كېلىپ ئالسە، بۇ يۇرتدا تاغ ئىچى بىر ئېگىز تاغنىڭ تۇفەسىدە بىر سىفىل باردۇركىم، بىيەكپارە مىسدىن ۋە خۇلەدىن بۇرۇنقى ئەھلى ھىكمەتلەر ياساپ، تىلسىم بەرپا قىلىپدۇر. بۇ شەھەرنىڭ ئىچىدىن شول سىفىلغىچە مەخفى نەقەپ ئۇرۇپ يول قىلىپدۇرلەر. ئەگەر بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھىغە ناگىھان بىر ئىش تۇشۇپ، شول نەقەپغە كىرسە، شول قورغانغىچە يول باردۇركىم، قويۇندەك تۇفەسىگە چىقادۇر. قاچانكىم ئۇل نەقەپنىڭ تاش يۈزىنى ناپەيدا قىلسە، دەۋۋۇم بارە ئەسلا پەيدا بولماسە، شەھەر ئوتدەك قىززىپ ھارارەتىدىن خەلقى ھالاك بولغاي. شامال توختاپ قالغانىدىن جانى بارنىڭ تۇرماقى مۇمكىن ئېمەسدۇر. يەنە ئوت بولماسە دىمەككە ھاجەت يوقكىم، ئادەملەر يىمەك-ئىچمەكنى نەچۈك سەرەنجام قىلغاي. بەس، بارچەسى زەرۇرەتىدىن بۇ شەھەردىن يەنە بىر تەرەفكە كەتكەيلەر. ئۇل شاھ مەللۇ بۇ قىياس بىلەن مۇنداغ جاۋاپنى بەردى. ئاندىن ھىندۇستان پادىشاھى كىم، ئانى شاھ راي دەرلەر. قاسىدغە ئانداغ دىدىكىم، ئۇل ئىسكەندەر شاھ ئالى دۇركىم، ئانىڭ ھۆكمىغە فەرمان پەزىر بولۇپ ئىتائەت قىلغۇچىدۇرمەن ۋەلېكىن ۋەقتىكى دارا ئىسكەندەر تەرەفىگە لەشكەرنى چەككەندە تەئرىف بىلەن نامە پىتىپ، مىنى ھەم تەكلىف قىلىپ تىلەپ ئېردى، ئەمرىنى ئۇلۇغ تۇتۇپ يولنىڭ يىراغلىقىدىن ئىككى يىللىق خىراجنى مۈلكۈمدىن ئالىپ بى قەدرى ھاجەت لەشكەرىمغە بېرىپ ئېردىم. ۋەقتىكى شاھ دارانىڭ سەرھەددىغە يېتىپ كورسەمكىم، شاھ ئىسكەندەر بىلەن جەڭ ئەنجامىنى تۈزۈپدۇر. بىناكى دارانى ئىسكەندەرنىڭ ئىقبالى پەست قىلىپ، ئەجەل دامىغە مۇپتىلا ئەيلەپ، ئانىڭدىن ئىسكەندەرنىڭ ئىقبالى گەردىنى كوككە چىقاردى. بىز ھەم بايابانلارغە كىرىپ، يولىمىزنى تۇتۇپ ئېردۇك.

يىراق يەرلەردىن كەلگەن بارچە سىپاھلەر بەرباد بولۇپ، فەلەكدىن ھەددىن ئەفزۇن
ئۇلارغە بىدادلىق يېتىپ ئېردى. سوقۇشقانلارغە دەرد-ئەلەمدىن شەرمەندەلىك پەيدا
بولۇپ تۇتۇلغانچە باشتىن-ئاياغقەچە بەندكە تۈشتىلەر. ئازادەلەر ھەم بەندە بولۇپ، شاھزادە
ئىسكەندەر لەشكەرىنىڭ جۇلاۋىدا بولدىلەر. مەن ھەم شول ۋەقتىدا نەچچە ئاي بايابانلارنى
كېزىپ يۇرتۇمغە ئۇزۇمنى ئالدىم. لەشكەرىم قەتلغە تۈش بولۇپ، ئۇندىن بىرى نىجات تاپىپ
مۇندا كېلىپدۇر. ئول سەبەبدىن يۇرتۇمغە ئەجەپ بىر ئەھۋال پەيدا بولۇپدۇركىم، يۇرتۇمنىڭ
ھەممەسى ماتەم تۇتۇپ قارا كىيىپدۇرلەر. بۇلارنىڭ رەڭگى قارا بولغانى ئەسلى ئېمەسدۇر،
بەلكى قارالىق بولغۇسىدۇر. ئىسكەندەرغە ئىتائەت قىلماسمەن دىگەلى ھەددىم بولماس،
لېكىن باشىمغە بىر شىكەست ئىشى تۈشۈپدۇر. ئانىڭ ھوكمىنى دىلۇجان بىلەن باشىمغە
ئالىپدۇرمەن ۋەلېكىن زۇلۇم ئەيلەپ قانىمنىڭ پېيىغە كىرمەسۇن. بۇگۇندىن ئىككى، ئۈچ
يىل ئۆتكۈنچە، يۇرتۇمغە ئەمىن ۋە ئامانلىق يۈزلەنگەندە بويۇرغان نەرسە كېرەككە قۇدرەت
تاپىپ، بى قەدرى ئىمكان سەرەنجام قىلىپ ئانى كورگەلى بۇرۇرمەنكىم، بىسيار ھەۋە-
سىم باردۇر، ئەگەر ئىككى-ئۈچ يىل ئۆتمەي مىنى ھەرەجكە قويۇپ، تەكلىپ ئەتسە، ئاندىن
ماڭا ھەددىن زىيادە مالامەت يەتكۈسىدۇر. ئەگەر لۇتف ئەيلەپ، ئەرزىمغە يەتمەسە، تەڭرى
تائالا ھەرنىمە ئەزەلدە مۇقەررەر قىلغان بولسە ئانى كورەرمەن، ئىسكەندەرنىڭ ھوكمى
قازاننىڭ ھوكمى ئېمەس دۇر، پادىشاھ مىجەزى بولسە، پادىشاھ ھەققى ئېمەس، ئانىڭ
سوزىنىڭ ھورمىتىنى مەن تۇتسام كىرەكدۇركىم، مەنىڭ ئىززەتىمنى ھەم ئاسراغاي، دەپ
مۇنداغ جاۋاپنى بەردى. خاقانى چىن ھەم ئۇزگەچە خىتاپ قىلىپ دىدىكىم، ئىسكەندەر
يىبەرگەن نامە زەھەردىن ئاچىغ، قىلىچدىن ئىتتىك، قاسىدنى يىبەرگەن كۆنى تەئەممۇل
قىلماي بۇ نامەنى پىتىپدۇر، لەشكەرىمنىڭ تولالىغىنى بىلمەيدۇرمۇ، ئانىڭدىن كەمىلىكىم
يوقدۇر. پادىشاھلىكىم يەنە بىر پادىشاھغە تابىئ بولماسە، ئاڭا مۇنداغ كىتابەت قىلماق
رەسىم ئېمەسدۇر، يەنە كىتابەتدە ھىكمەت سوزىنى دىمەس ئېردى، ئىنشا قىلىپ ئۇزىنى
ھەكىم خىرەدمەند دەپ سەنەد قىلادۇر، ئەگەر ئانىڭ ئەقلى ساف بولسە، بۇ سوزنى دىمەس
ئېردى، ئەھلى خىرەدنىڭ ئالدىدا بۇ سوز مۇناسىپ ئېمەسدۇر، يەنە دىدىكىم، خاقانى
چىن جانابىمغە كەلسۇن، مۇنداغ سوزنى چەرخى گەردان ھەم دىمەس، دارا ھەم نەچچە ۋە-
قىت جاھاندارلىق قىلىپ، ئارامىزدا يارۇر بۇرادەرلىك ھوۋەيدا ئېردى، مۇخالىفەت ئەسبا-
بىنى تۈزمەي، مۇنداغ تەكلىفنى ماڭا كورگۇزمەس ئېردى، ئىسكەندەرنى ھەم دارايى سانى
تۇتۇپ، جاھان مۇلكىنىڭ شاھى بىلۇرمەن، يىبەرگەن نامەنى ئالدىراپ پىتىپ يىبەرسە
جاۋابىدا مەن ئىزتىراپ قىلماسمەن، ئەگەر نامەنى يىرىكلىك بىلەن كىتابەت قىلسە، مەن
ھەرگىز ئانداغ قىلماسمەن. ئەگەر دارادەك يارلىغ قىلسە، مەن ھەم سوزدىگە خېرىدارلىق
قىلۇر ئېردىم، ئەگەر ئانىڭ خىيالى نامە پىتكەندەك بولسە، مىزاجىنى ئۇز ئىستىدالىدا ساق-
لاماي، جەڭ-جىدەلدىن ئۇزگە ئىشىم يوقدۇر، قايدا جەڭ ئىشنى تۈزسە، مەن ھەم
ئاندا ئەزم ئەيلەپ، سەئىي قىلغۇمدۇر، ۋەگەر چېرىك تارتىپ قاشىمغە ھەم كەلسە، شەھە-
رىمنىڭ دەرۋازەسىنى ياپماسمەن، سىپاھلارنىڭ تولالىغىدىن گەردى فەلەككە يەتسە، چىقىپ
رۇبۇرۇ بولۇپ جەڭ قىلۇرمەن، دەپ جاۋابىنى بەردى. بۇ ئۈچ مەملىكەتنىڭ شاھلارنىڭ
پەيغامىنى ئول ئۈچ قاسىد ئىسكەندەرنىڭ جانابىغە قائىدە بىلەن تۆگەگۈنچە ئادا قىلدىلەر.

ئۇزگە پادىشاھلار يىلدام كېلىپ، ئىسكەندەردىن بىسيار ئىلتىفات كوردىلەر. نەچچە قاتلا شاھانە مەجلىسلەرنى تۈزۈپ، مەي بىرلە نىئمەتلەردىن تۈرفەلەرنى كورگۈزۈپ، قانچە مەي بىلەن ھەر بىرىنىڭ كوڭلىنى ئىشرەتتىن خۇش قىلدى ۋەلىكىن ئۇل ئۈچ شاھنىڭ فىكردە بولۇپ، ئەيش پەردەسىدە تەرەپ بەزمىنى ئارەستە ئەيلەپ، كوڭلىدە ئۇلارنىڭ ئەندىشەسىنى قىلاۋۇر ئىردى ۋەلىكىن قىش فەسلى يېقىن بولغانى ئۈچۈن، چېرىكنى قىش كۈنى چىقار-ماي مەي ئىچكەلى مەشغۇل بولدىلار.

نەزم:

مەي ئىچكەندە چىنى ئاياغى ئالىپ،
دىگىل سۇرەت ئالدىمدا چىنى چالىپ.
ناۋايى سىمۇ بادە ۋە جان فەزاي،
كى قالمىش نە مەللۇ، نە خاقان، نەراي.
بۇ مەئنىغە خەتدۇر ساغەردەدۇر،
ئۇلەردىن دىمە سوز، ئىسكەندەردەدۇر.
يوق ئىسكەندەر ئالەم ئارادە بەھىس،
ئېرۇر بەلكى خىزىر مەسىھا بەھىس.

مەجنۇن ھىكايىتىكىم، قىش كۈنىنىڭ ئۇزۇن قارا تۈنى لەيلى زۇلفىنىڭ مۇشكىن ئىن-سان يىل كارۋانىدىن ئىستىشمام قىلىپ كام ئۇرار ئىردىكىم، بەخت مەشاتەسى ئۇل سەررىشتەئى مۇرادىنى ئىلكىگە بەردى.

بىر فەسانە ئىشتتىمكىم، مەجنۇن شۇرىدە ھال بولۇپ، دەشت ئىچرە ھەمىشە قىش-ياز يۈرۈر ئىردىكىم، ھاۋا قىزىغاندا ئۇل دەشت دوزەخدىن نىشان بېرۇر ئىردى. ئانىڭ قائىدەسى سايەدە ئولتۇرماس ئىردى. سايە ھەم تاپىماس ئىردى. ۋەگەر قىش ھاۋاسى زەمھەرىر توكسە، قۇم ئىچرە يۈرۈپ، مىسكىن تەرفىگە مايىل بولۇپ، دەردمەند جانىدىن نالەلەرنى چېكىپ، بادە سابا گۇل تەرەفىگە خىرام ئەيلەگەندەك لەيلىنىڭ تەرەفىگە قەدەم ئۇرار ئىردى. بىرقىش نىھايەتسىز ساۋۇق بولۇپ، يول يۈرگەچ لەيلى تەرەفىگە ياۋغراق بولغاندا، بۇلبۇلغە گۇلزار ئىسى كەلگەندەك، ئانىڭ دىماغىغە لەيلىنىڭ ئىسى كەلدى. بۇ ھالەتدە قارا تۈن ئىردىكىم، نىگارىدىن مۇشامىغە بۇي كېلىپ، كوزلەرنى يۇمۇپ، قەدەملەرنى ئۇرۇپ، لەيلىنىڭ ئويىگە يېتىشكەن زامان ئىشىكگە تەككەچ ئۇل ئىشىك ئاچىلدى. كوزىنى ئاچىپ كوردىكىم، ئوي ئىچرە قاراتۈندە ئۇل لەيلىنىڭ جامالى ئافتاپدەك روشەندۇر. ئۇل ھالدا ئىشتىياق ئوتى جانىغە تاب سالىپ بى تاقەتلىكىدىن لەيلىنىڭ ئالدىدا تۇفراققە يۈزىنى قويۇپ، ئىككى كوزىنى يۇمۇپ ياتتى. لەيلى بۇ ئەھۋالنى غەيرىدىن كىشى بىمەكەي دەپ، ئۇل ھوجرەدە پىنھان ساقلادى. كىمەرسەنىڭ ھۇشى تەرك بولغاندا، ئەھلى ھۇشلار-دەك ئانىڭ خىرام ئەيلەگەنى ئىشقىنىڭ ئىشقىدۇر. ئىشق ئىچرە تۈرفە ئىشلار باردۇركىم، ئىشقسىز مۇلداغ ئىشلار بولماس.

نەزم:

ناۋايىغە يارەب قەرىب ئەت ئانى،
قەرىب ئاتىڭ ئەرسە، نەسىپ ئەت ئانى.

ئىلاھى ناتەۋان سىدىقىغە ئىشق ھەققىدىن نەسىبە ئاتا قىلىپ كەرەم خۇاندىن بى بەھرە قويماغايسەن.

رۇبائى:

ئەگەرچەندىكى بولسام ئاجىز ۋە خار،
ئۈمىدىم بار لوتفۇڭدىن تاپىپ بار.
ئەدۇلەركىم نەزەر تاپسە كەرەمدىن،
موھىپلەرغە ئۈمىدى مەغپىرەت بار.

ھىكمەت ئىسكەندەرنىڭ ئارىستۇدىن سوئالى ئول بابىداكىم، ستافەسلى بىر دوست كەسىرىتىدىن ۋە ياغىن شىددەتىدىن مەۋجىپ پەرىشانلىق ۋە بائىس بى سامانلىق دۇرۇر. خەلق ئانگا نىچۈن راغىپ ۋە تەبئى ئانگا نىگە تالىپ دۇرۇر. ھەكىم جاۋابىغە ئاغىز ئاچماق ۋە ھىكمەت ساھابىدىن دۇر ساچماق.

ئول ئىسكەندەر ئارىستۇدىن سورۇدىكىم، قىش فەسلىدە ئادىمىلەرغە نەچەند دىشۋار-لىق يۈزلەنەدۇر، بىرى شامالدۇركىم، ئانىڭدىن ئەلگە ھەرەج يىتەدۇر. يەنە بىرى ساۋۇق زاھىر بولادۇركىم، ئانىڭدىن خالايىقلار ھالاك بولادۇر. يەنە بىرى ئۇزۇن كېچەلەردە زەمھەرىر بىرلە قار ۋە چاپقۇن پەيدا بولۇپ، خالايىقنىڭ تەبئى ئانىڭدىن ئىھتىيات قىلماسا، بىسيار ھەرەج قىلغۇسىدۇر، بەس. نى ۋەجىدىن ئەل يازدىن ئارتۇقراق قىشقە تالىپ ۋە راغىپدۇرلەر؟ بۇ ۋەھشەتدىن ئاگاھ قىلغىلكىم، تا ئاندىن ئادىمىلەرنىڭ تەبئىغە بۇ مۇش-كۇل ئىش ئاسان بولغاي. ئول ھىكىم دانا ئارىستۇ بۇ ئىشغە ئۆزگەچە قىياس قىلىپ، جاۋاپ بەردىكىم، بۇ ھىكمەتدە بەش ئىش باردۇر. بىرى، قىشنىڭ مىزاجى ھول ساۋۇق كېلىپدۇر. دانالار مۇنداغ بۇ نەۋىئ بايان قىلۇرلەركىم، ئادەمىلارنىڭ ۋە ھايۋاناتلارنىڭ مىزاجىغە تاڭ يەلدىن قۇرۇق ئىسىقلىق ياز ۋاقتىدا پەيدا بولۇپ، ھارارەتكە سالۇر. ئانى ھول ساۋۇق ئىئتىدالغە كەلتۇرۇر. يەنە بىر ئىش بۇدۇركىم، ئادىمىلەرنىڭ مىزاجىغە كۆھۇ-لەت پەيدا بولغاندا، ئەيش-فەراغەتنى خۇاھىش قىلۇر. دانالارنىڭ قاشىدا مۇقەررەردۇر-كىم، ئەيش قىلماغلىقغە قىش ياخشىراقدۇر. كۈندۇزى قار ۋە ياغىن بولغان سەبەبىدىن فەراغەت چاغىنى غەنىمەت بىلىپ، مىزاجىنىڭ خۇاھىشىنى رەۋا قىلۇرلەر. كېچەلىكنىڭ ئۇزاقلىغى فەراغەت قىلماققە دەلىلدۇركىم، سوھبەتى مۇناسىپ بولسە، ئۇزىنىڭ ھەرەمى بىلەن سكونەت تاپىپ، ئۇيقۇلاپ قالغاي. ئويغانغۇچە دىماغى رەتۇبەتنى كەسىپ قىلغاي. ئوز ۋاقتىدا ئۇيقۇغە رەغبەت قىلغانى، بەدەنىنىڭ ھەممە تىلىكنىڭ نىشانىسىدۇر. ۋەقتىكى ئول ئۇيقۇدىن ئادىمىلەرنىڭ مىزاجى خۇش بولغاندا، بارچە ئەزاسى قۇۋۋەت تاپىپ، مەق-

دۇرغە كەلگۈسىدۇر. ئۈچۈنچى ئىشى بۇدۇركىم، ئەھلى ھۈنەرلەر كۈشە تۇتۇپ، مەئاش
ئۈچۈن كەسىپ ۋە كار قىلماقغە ئۇزۇن كېچەدە ئۇيقۇدىن قوپۇپ، ئۆز ھۈنەرلەرىغە مەش-
غۇل بولۇرلەر. تورتۇنچى ئىشى بۇدۇركىم، ئىلىم تەھسىل ئەيلەپ، رەشىد تاپغان ئالىملار
كۈندۈز ئىلىم تەھسىل قىلغالى فەراغەت تاپماسە، ئۇزۇن تۈنلەردە شەبچىراغىنى ياندۇرۇپ،
كېچەنىڭ ئىككى باشىدا مۇتالىئە ئەيلەپ، تۈن ئوتراسىدا ئۇيقۇلاپ، دىماغى ئارام ئالغاي.
بەشىنچى ئىشى بۇدۇركىم، ئەھلۇللالەركىم، يىمەك-ئىچەكنى قويۇپ، ئىبادەت قىلۇرغە
جەدۇ-جەھەد ئەيلەپ، خەلايىق كوزىدىن بولۇرلەكىم، ئۇلارسىز جاھان رۇناق تاپماس.
قارا تۈنلەردە ئىتائەت قىلۇرلاركىم، ئالەمغە ئانىدىن يارۇغلۇق يېتەدۇر، بەس. ئۇلارنىڭ
شەب بىدارلىق مەدىدى بىلەن ئالەمنىڭ يارۇغلۇقى ۋە ئابادلىقى زىيادە بولماغلىقى ئاندىن-
دۇر، بەس. بۇ نەچە سەبەپ نەۋئ ئىشلارنىڭ سەبەبىدىن ئالەم ئەھلىغە قىش مۇيەسسەر
بولۇپدۇر. ئالەم ئەھلى قىشنى تەلەپ قىلغالى سەبەپ بائىس بولۇپدۇر، دەپ ئول ھكىم
دانا سوزنى بايان قىلدى. ئىسكەندەر ئانىڭ جاۋابىغە ئافەرىن دەپ پىسەند قىلدى.

**ئىسكەندەرنىڭ جاھانگىرلىك مۇددىئاسى بىلە ئەزم ئىتىپ، خوراسانغە يېتىپ، ھېرات سانە-**
**ھاللاھۇ ئەلۇۋەتاقات ۋالبەلياتنى بەنا قىلىپ، ماۋەرائۇننەھرنى ئالىپ، سەمەرقەندنى**
**مانەند تەرەفىدىن كەشمىر سارى مۇتەۋەججە بولغانى ۋە كەشمىرلەر سىھرى دەفئىغە**
**موسا كەبى يەدى بەيزا كوركوزۇپ سىھرى ئايىن قەلئەلەرنى موئجزات بىرلە بۇ-**
**زۇپ مەللۇنىڭ داغى بۇزۇلۇپ تىلسىم قورغانىغە ئەزم ئەتكەنى ۋە ئىسكەندەر-**
**نىڭ كەشمىر شەھرىغە يەتكەنى.**

تارىخدان بۇ ماجرانىڭ سوزىگە داستان سەرا بولۇپ، ئانداغ شەرھ ئەتتىكىم، ۋەقتىكى
ئىسكەندەر قىشلاق ئەزمىنى قىلىپ، قاراباغ ئىچرە ئارامگاھ ئەيلەپ، جاھانگىرلىك ئەندىشەسىنى
كېچە ۋە كۈندۈز تەدبىر بىلەن مەسلەھەت قىلماق ئۈچۈن ھكمەت ئەھلى بىلەن ئەنجۇمەن
تۇزۇپ، بۇ ئەمرىدە تەفەككۇر قىلىپ، ھەمىشە خىيالىدا ئول تەدبىر قىلۇر ئېردى. تەقدىر
ئىلاھى ھەم ئانىڭ تەدبىرىغە مۇۋاپىقەت ئەيلەدى. شۇبۇ مەسلەھەت دۇرۇست بولۇپ،
فارىغ بولغاندىن كېيىن، سىپاھلەرنىڭ ياراغ-جابدۇغىغە زىننەت بېرىپ، قۇم خەيلىغە دىل-
دارلىغ ئەيلەپ، ھەق تائالادىن مەدەتكارلىغ تەلەپ قىلۇر ئېردى. ۋەقتىكى بارچە ئىشلارنىڭ
مەسلەھەت قەيدىدىن نىجات تاپتى. فەراغەت چاغىنى مۇيەسسەر قىلىپ، شىكار قىلماقغە
ئاتلانىپ، سەيد قىلغالى ئورۇس دەرياسىنىڭ پەشەسىدە يۇرۇر ئېردى تاكى ھەمەل بۇرجىغە
قۇياش تەھەييۇل قىلدى. ئىسكەندەر ھەم قۇياشدەك دەشت ئۆزرە بارگاھىنى چىكىپ، سى-
پاھلەرنى ھەم سەبزەزاردەك يەر ئۆزرە جىلۋە بەردى. ياخشى سائەتنى تاپىپ، سائادەت
بىلەن قىشلاقدىن چىقىپ، ئىسپاھانغە يۈز قويۇپ، ئاندىن ھەم ئوتۇپ، خۇراسانغە يۈزلەندى.
ئاڭا يەتكۈنچە ئىران زىمىنىنىڭ بارچەسىنى ھوكمىغە فەرمانبەردار قىلدى. خۇراسان ھاۋا-
سى ئانىڭ مىزاجىغە بىسيار مۇۋافىق كېلىپ ياراشتى. ئانىڭ ئۈچۈنكىم ئول كىشۋەر ئۆزگە
ئىقلىملاردىن كەڭرۇرەك، يېرى ھەم ئېگىز ئېردى. ئىسكەندەر ئانى كورۇپ، ھەر تەرەف
ساياھەت قىلىپ، ئانىڭ فىزاسى بىلەن بۇلاقلار ۋە ئېقىنلار ئانىڭ كوكۆل كوزگۇسىدىن بارچە
غۇبارىنى يۇپ مۇسەففا قىلدى. يەنە ئانىڭ ئىچىدە ئۇلۇغ تورت دەرياسى باردۇركىم، ئانىڭ

شەرفەسى فەلەك تاقىغە يېتەر ئېردى. ئۇل شەھەر جەننەتدىن نىشان بېرىپ، ئېقىن سۇلارى ھەم جەننەت ئېرىقلارىدەك نەمۇدار ئېردى. ئۇلارنىڭ بىرى ھەرمەند دەرياسىدۇركىم، ھەربىر قەترەسى يۈز ئاغرىقنى دەفئ قىلۇر ئېردى. ئۇل ئېرىقلاردىن زابىلىستان شەھرى گۈلۈستاندەك زىننەت تاپىپ، سافا ئىچرە كوزگە خىرەلىك سالىپ، ئۇشۇل شەھەردىن تىرەلىكنى ئەرىتۇر ئېردى. ئافتاپ ئالەم ئەفرۇزدەك رۇشەن ئېردى. بۇ مەئنىدىن ئۇل شەھەرنىڭ ئاتى شەھرىنىمرۇز دەرلەر. بۇ شەھەرنىڭ ھەربىر گادايى ھاتەمدەك، سىپاھلارى ھەم رۇستەمدەك كېلىپدۇرلەر. ئۇل دەريالارنىڭ سۇيى زەر سۇيىدەك مەنفەئەت بىرەدۇركىم، شاراپ تەھۇرادەك كېچە ۋە كۈندۈز ھورلەر ئانى ئىچەرلەر، ئېرىقلارى بەلخ شەھرىنى ئاباد ئېتىپ، دۇشمەنلەر ئاندىن رەشك ئەلتۇرلەر. ئانداغ شەھرىدۇركىم، ھۇشەڭ ئانى ئۆزگە شەھەرلەردىن خوپ كورۇپ، پايتەخت ئەيلەپ، ئىبراھىم ئەدھەم ھەم ئانى ياخشى بىلىپ، مەقام ئەيلەدىكىم، چەرخى ئەزەم ئانىڭ گەرداھى بولۇپ ئېردى. يەنە ئاندا بىر دەريا باردۇركىم، كەۋسەردىن نىشان بېرۇر. خالايىقنىڭ جىسمىدىن ئۇل سۇ رەنج مەھنەتنى دەفئ قىلۇر. ئانى گەنج راۋان دەرلەر. ئۇل دەريادىن ۋاخان شەھرى ۋە مەرۋى شەھرى ئاباد بولۇپ، خۇش ھاۋالىقىدىن قۇشلارى تەزەرۋى، تېرەكلەرى سەرۋىدەك پەيدا بولۇپ تەھمۇرىس پادىشاغە پايتەخت بولۇپ ئېردى. ئانىڭ ئارقەسىدىن شاھ سەنجەرغە ئارامگاھ بولۇپ ئېردىكىم، ھېچكىم ئانداغ كورمىگەن بولغاي. يەنە ئاندا بىر دەريا بار ئېردىكىم، ئانى جەنھەران دەرلەر. ئانىڭ سۇيى ئابى ھاياتدىن خەبەر بىرەدۇر. يېرىنىڭ بەلەند ئېگىزلىگى فەلەكدىن نىشان بېرىپ، چېرەسى كەھ-كەشاندەك كورۇنۇپ تۇرادۇر. ئانىڭ ئۇششاق تاشلارى يۇلدۇزدەك تابان بولۇپ، لەتافەت ئىچرە دۇررە مەرۋايىددەك شوئلە بېرىپ تۇرادۇر. سۇيىنىڭ خاسىيەتى ئابى ھاياتدەك باردۇركىم، ئانى ئىچكەن كىشى ئولۇمدىن نىجات تاپقۇسىدۇر. ئۇل سۇنىڭ كەنارەسىدە گۈلبىنلەرى ياشىل رەڭ بىلەن ئانداغ جىلۋە بېرەدۇركىم، گويا بەقا ئىچرە خىزىر پەيغەمبەردەك كورۇنۇرلەر. ئۇل ئېگىز يەرنىڭ فەزاسى بىلەن جەننەت ئاسا ھاۋاسى كېلىپدۇر ۋەلىكىن بۇ سۇفەتلىك دەريانىڭ سۇيىدىن جاھان خەلقىنىڭ مۇرادى ھاسىل بولادۇر. شاھى ئىسكەندەر مەزكۇر بولغان خۇراسان شەھرىنى خۇش ھاۋا بىلىپ، بۇ تورت دەريانىڭ ھەقىقەتىنى مەئلۇم قىلىپ دىدىكىم، بۇ شەھەرنىڭ يېرى جاھاننىڭ گۈلشەنىدۇركىم، كوڭلۇم مۇنى پىسەند ئەيلەپ، خاتىرىم رۇشەن بولۇپدۇر ۋەلىكىن بۇ دەريالار مەنزۇر بولغاچ ئاندا جەننەت ئاسار بىر شەھرىنى ياساپ، بىنا قىلدى. بىر ئات قويار ھالدا ئىسكەندەرنىڭ خاتىرى ھىراتدىن ئۆزگە پىسەند قىلمادىكىم، ئەھلى دانىشلەر ئانى ھىرات دەر ئېردىلەر. بۇ لەفرىزغە ئىلتىفات قىلغان جەھەتىدىن بۇ شەھەرنى ھەم ھىرات ئات قويدىلەر. ئىسكەندەرنىڭ لەقەبى ھەم ھىرات ئېردى. لىكىن ئاۋامى ناس ئىسكەندەرنى ھىرى دەر ئېردى.

ئەلقىسسە، ھىرات شەھرى تورتۇنچى ئىقلىمدا ۋاقىئە بولدىكىم، ئاندا شەمس يۇلدۇزى تۇلۇئ قىلىپ، پەرۋەرىش قىلۇر. ئانىڭ ئۇچۇنكىم، يەتتە يۇلدۇز يەتتە ئىقلىمغە تەقسىم بولۇپ، تەربىيەت قىلۇر. يۇلدۇزلارنىڭ ئۇستى شەمس يۇلدۇزى. يەتتە ئىقلىمنىڭ ئۇستى خۇراسان كېلىپدۇر ئەمما خۇراسان بەدەن يەڭلىغ ئانىڭ جانى ھىرات شەھرى بولۇپدۇركىم. جانسىز بەدەننىڭ فەزىلەتى يوقدۇر. تا مادامكى فەلەك ئۇزرە ماھى تابان بەرقارادۇر. ئۇل ئىقلىم ھەم

زاۋال تاپماغاي. ئۇل ئىسكەندەر ئۇزگە شەھەرلەرنى ھەم كوككە ئەزم ئەيلەپ، مەنزىلمۇ-
مەنزىل يۈرۈپ، تا جەيھۇن دەرياسىدىن ئۆتۈپ، يەنە بىر كىشۋەرنى فىردەۋىسۋەش كور-
دىكىم، ھاۋاسى بىلەن سۇيى فىردەۋسىدەك رۇشەن لەتافەت ئىچرە بىھىشتىدىن بەھرە ئالۇر
ئىردىكىم، ئۇل كىشۋەرنىڭ ئاتى ماۋەرائىننەھىر دەرلەر. ئىككى دەريانىڭ ئاراسىدىن يۈز
ياغاچچىچە ئانىڭ فەزاسى كېلۇر ئىردى. ئۇل ئىككى دەريانىڭ بىرى سەيھۇن دەرياسى مە-
شرىق تەرەفىگە ئاقادۇر. يەنە بىرى جەيھۇن دەرياسى مەغرىب تەرەفىگە ئاقادۇر. بۇ ئىككى
دەريادىن بولەك ئون بەش دەريا ئاقادۇركىم، ھەربىرىدىن بولەك-بولەك نەھرلەر
جارىدۇركىم، ھەر نەھىردىن شەھەرلەر ئابادلىقىغە يېتىپدۇر ۋەلىكىن ئۇل دەريالار قاتارىدا بىر دەريا
باردۇركىم، ئانى دەريايى كوھەن دەرلەركىم، بىھىشت دەرياسى ئىكەنىگە شەك يوقدۇر. نا-
تەۋانلار ئۇل سۇدىن ئىچسە، تەۋانە بولۇرلەر، كوزلەرنى ھەم روشەن قىلادۇر ۋە لىكىن ئۇل
دەريادىن بىر شەھەر ئاباد بولماي ھېچكىم شاد بولماس ئىردى. ئەگەرچە لاتافەتدە ئابى
ھايات ئانىڭدىن رەشك ئىلتىسە، لىكىن سۇيى زايە بولۇر ئىردى. ئىسكەندەر بۇ كىشۋەرنىڭ
ئاب ھاۋاسىنى كورۇپ، خۇسۇسەن كوھەن دەرياسىنى ھەم كورۇپ دىدىكىم، بۇ دەريا نىل
دەرياسىدىن زىيادەرەكدۇر. يەنە كوھەن دىگەن بىر پىشەدۇركىم، جاھان گەنجىنىڭ تىلىسمى
ئولدۇر. ئانىڭ ئۇششاق تاشلارى يۇلدۇزلاردەك ياشىل سەبزەزارلىق چەرخ مىنادەك نامايان
ئىردى. ئۇل دەريانى شول پىشەغە نىسبەت بېرىپ، دەريايى كوھەن دەرلەركىم. شول پىشە-
نىڭ توبىدىن ئاقار ئىردى. ئىسكەندەر ئانى كورۇپ، يانىدا ئۆزىگە بىر شەھەر بىنا قىلادى-
كىم، فەنا غۇبارى قىيامەتغىچە ئاڭا بولماغاي. ئاڭا سەمەرقەند فىردەۋىس مانەند ئات قويدىلەر.
ئانى ئىستىمام ئەيلەپ ئەتمامىغە يەتكۇزگەندىن كېيىن، كەشمىر شەھرىگە خىرام ئەيلەپ راۋان
بولدى. دەشت ۋە باياۋانلارنى كېزىپ، كەشمىرگە بارىپ سايە سالغۇچى ھىممەتىنىڭ بەلەند-
لىگىدىن بىسيار يۇرتلارنى مۇسەخخەر قىلىپ، فەتھ نۇسرەت تاپتى. كەشمىرنىڭ سەرھەدىغە
قەدەم قويغاندا، بىر تاغ زاھىر بولدىكىم، ئانىڭ باشى فەلەككە يېتىپدۇركىم، قەمەرنىڭ
يۈزى كوكەرگەنى ئاندىندۇر. ئاڭا نەززارە قىلغان كىشىنىڭ بوركى يەرگە تۈشەر ئىردى.
ئۇل تاغنىڭ ئىككى تەرەفى ئانداغ يىراقدۇركىم، ئانى كەزمەككە خۋاھىش قىلماغانى ياخ-
شىراقدۇر. مۇنداغ كوھىتاپدەك ئىگىز تاغ كوكدىن يەرغىچە يېرىلغان ئىردى. ئاراسىدىن
بىر يول كورۇندىكىم، ھەر نەچۇك دانالەر ئاندا يول تاپماس ئىردىلەر. بۇ يولنىڭ ھەر
تەرەفى تاغدىن ئۆزگە مەئلۇم بولماس. ئانىڭ كەڭرۇلىكى تەخمىنەن يۈز قەرى ئىردىكىم،
كەشمىر ئەھلى ئاندا دەرۋازە ئورناتىپ، ئىككى تاغنى بىر-بىرىگە بەركىتىپ سالغان ئىردى.
ئانىڭ ئىگىزلىكى ۋە قالىنلىقى يۈز ئەللىك قەرىدىن بار ئىردى. گەج-ماج بىلەن تاشلاردىن
ئانداغ بەركىتكەن ئىردىكىم، كوكغىچە بىر پارچە تاغدەك دەرۋازەسى ھەم تومۇردىن ياساپ،
فەلەك تاقىدەك مەھكەم ئەيلەپ، تاغنىڭ كەمەر گاھىغىچە قوپارىپ، ئۈستىدە بىر بۇرجنى
ھەم ياساپ ئىردىكىم، دۇشمەنلەرنى ئاندىن سەئى بىلەن دەفئ قىلغايلەر. لىكىن ئۇل دەر-
ۋازەنى كورگەن دانالار تەسەۋۋۇر قىلىپ دىگەيلەركىم، بۇ دەرۋازەنى كۈچ بىلەن ئىشلەپ
تەييار قىلماپدۇر. بەلكى دىگەيلەركىم، جادۇ بىلەن ياساغاندۇر. يەنە ئىككى مىڭ كىشىنى
ئاندا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپدۇركىم، بارچەسى ھىلەساز ۋە ئەفسۇنگەر ئىردىلەركىم. ئاندا كەل-

گەنلەرنىڭ چارەسىنى قىلىۋر ئېردىلەر. ئۇل دەرۋازەغە مىڭ قەرى يەر يېقىن يەتكەندە، كىشىنىڭ ئاياغى سۇست بولۇپ ھەركەتدىن قالىپ، ئۆز جانىنى زەبۇنلۇق ھالدە كورەر ئېردى. ئۇلاغلارى ھەم دەرۋازە تەرەفىگە يۈزلەنسە، ئاياغلاردىن تەۋانالىقى كېتىپ، تاپ يەر ئېردى. ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرى بۇ ۋاقئەنى كورۇپ ھەيران بولۇپ، ئاشۇفتە ئەھۋال پەرىشان بولدىلەر. يانىپ ئىسكەندەرنىڭ ئالدىدا كورگەن ۋاقئەنى بايان قىلدىلەر. ئىسكەندەر بۇ سوزگە ئىلتىپات قىلماي، ئارستۇ بىلەن دەرھال ئۇل يەرگە يەتتىلەر. يىراقدىن كورمەككە ئىنالماي، ئازمايىش ئۇچۇن يىقىنراق بېرىپ كورۇپ دىدىلەركىم، مۇنى بىزنىڭ كەشمىرى دەرلەر. بۇ مىكىر بىلەن تەزىر ۋە فوسۇنگەر ئىشىدۇر، لازىمدۇركىم، مۇنىڭ چارەسىنى قىلىپ، تاكى بۇرجىنى ئويرۇپ، كەجۇ-ماج بىلەن بىنا قىلغان دەرۋازەنى بۇزارمىز، دەپ چىرىكنى كېيىراق ياندۇرۇپ تۇشۇردىلەر. مۇھاپىزەت قىلماق ئۇچۇن يۇرۇپ بىر دورى قىلدىلەر. كوڭلى جەمئ بولغاندا بارگاھ ئىچرە تۇشۇپ، مەقام تۇتتى. ئەمما چىناھىنىڭ خىزمەتىدە بەش يۈز ھوكما بار ئەردىكىم، ئۇلاردىن ئون كىشى ئۇلۇغ ھىكىم كېچە ۋە كۇندۇز ئىسكەندەرنىڭ ۋازارەتىنى قىلىۋر ئېردىلەر. ئۇل ئون ھىكىم بۇدۇر. ئەفلاتۇن، ئارستۇ، بىلىناس، ئەرشۇمەندىس، شىمناس، فىلمۇن، دەۋالىس، فەرفۇر، ۋۇنۇكس، سوقرات، ھورمۇس بۇلارنى ئوزگە ھوكمالەر بىلەن ھازىر قىلىپ، ئەنجۇمەن تۇزۇپ دىدىكىم، بۇ ئىش ئەفسۇن كەشمىرىدۇر. ئانى دەفئ ئىتەرگە نەچۇك تەدبىر قىلۇرمىز. ھوكمالار دەرھال سوزنى ئاغاز قىلىپ، تىلىنى ئىسكەندەرنىڭ دۇئاسىغە ئاچىپ دىدىلەركىم، بۇ ئىشدىن شاھى ئالەم غەم قىلماسۇنلەركىم، ئەگەر مۇنچە يۈز بارابەر بولسە ھەم قورقۇنچ يوقدۇر. دەرۋازەنىڭ ئىشى چەرخ گەردانچە بولسە، ئانىڭ ئىشى بىزگە ئاساندۇر. تەڭرى تائالا شاھى ئالەمنىڭ ئىقبالىنى زىيادە قىلسۇنكىم، بىزگە ئانىڭ ئىقبالى رەھنەما بولغۇسىدۇر. ئىنشائاللا بۇ نەيرەڭلەرگە شىكەست بېرىپ، بىيەكپارە يەر بىلەن يەكسان قىلۇرمىز. ئۇل جادۇگەر ھەرقانچە سېھرگەرلىك قىلىپ ھەقەبازلىق ئەيلەپ، جادۇ قىلسە، ھىكمەت ئەھلى ئانى دەفئ قىلماغۇنچە يانماغايلەر. ئۇل ھوكمالەر رەھبەرىڭدۇرلەر بەلكى چاكىرىڭدۇرلەر، دانالىقدا ھەر بىرى بىر جاھاندەك ئۇلارنىڭ جاھان ھىكمەتى ھەر يەردە ئاشكارەدۇر. ئەفلاتۇن جادۇگەر جادۇسىدىن ئاگاھ بولۇپ، ئانىڭ جادۇسىغە يۈزلەنىپ، ئانىڭ بىرلە ئۇرۇشقاي. ئارستۇ ھەم ئەفسۇنگەرنىڭ ئەفسۇنىنى يوق قىلماقغە دەم ئۇرغاي. ئەگەر كەشمىرىنىڭ ئەفسۇنگەرلەرى مىڭ بولسە، بىزنىڭ بىر دىمىز ئۇلارغە بەسدۇر. ئەگەر ئىسكەندەر ئىككى كۇن ئارام ئالىپ ئولتۇرسە، ئۇچۇنچى دۇشمەنلەردىن ئىنتىقامىنى ئالسۇن. ھوكمالەرغە ئىلتىجا قىلىپ، بۇلارنىڭ سېھرىنى جابەجا بۇزۇپ ۋەيران قىلۇرمىز. ئىسكەندەر بۇ سوزدىن خۇش بولۇپ، ئەھلى ھىكمەتلەرغە ئافرىن دەپ بارچەلەرىغە ئوز ئىشىڭىزلەرغە مەشغۇل بولۇڭلار، دەپ فەرمان قىلدى. ھوكمالەر ھەم ئىسكەندەرغە دۇئا قىلىپ، ئوز ئىشىغە قوپتىلەر. ئىسكەندەر ھەم قوپۇپ خىلۋەتگاھىغە كىردى. ھوكمالەر ھەم ھىكمەتغە يۈزلەنگەندە، فىكر-قىياس بىلەن سائەت تاپىپ، تومۇرچىلىك ئەسبابىنى تۈزۈپ، قەلىيە ۋە خولە ۋە سىماپدىن كۆپ مەسەللىك بىر ھۇققەنى سۇرەتكە كەلتۇردىلەركىم، ئانىڭ ئىچىگە نەچەند دارۇلاردىن مۇرەككەپ قىلىپ قويدىلەر. ئىككى تەرەفدىن ھىكمەت بىلەن فىتلە قويۇپ دورۇست قىلدىلەر. مەھەل تاپىپ، ئۇل فىتلەغە ئوت قويا بەرىپ، ئۇل

ھۇققە ھاۋاغە چىقىپ، دۈشمەنلەرنىڭ ئىچىگە تۈشكەي. قىتلە كويۇپ، ئۇل دارۇلارغە ئوتنىڭ ئەسەرى يېتىپ، ئول ھۇققە يەرگە يەتكەندە، يارىلىپ نەچچە پارە بولغاي. ئانىڭدىن غەرايىپ ۋە ئەجايىپ ئاۋاز بىلەن ئوت ۋە تۈتۈن، بۇي پەيدا بولۇركىم، نەچچە ئىش ئاندىن پەيدا بولغۇسىدۇر. بىرى ئانىڭ ئاۋازىدىن سەھىرلەرنىڭ سىھر ئەسبابى بۇزۇلغاي، يەنە بىرى ئوت بىلەن ئول دەرۋازە ئاچىلغاي، يەنە بىرى تۈتۈندىن سەھىرلەرنىڭ يۈزى قارا بولغاي، يەنە بىرى ئانىڭ بۇيىدىن سەھىرلەرنىڭ ئەفسۇن ئىلمى قالمىغاي. مۇنداغ تىلسىمنى زىبالىق بىلە ئارەستە قىلىپ، ھوكمالەر جەمئى بولۇپ، شاھ ئىسكەندەر قاشىغە يۈز قويۇپ، بۇ تىلسىمنى رەمز بىلەن بايان قىلىپ، زاھىر قىلدىلەر. ئىسكەندەر ئول ئىشنى كورۇپ، شاد بولۇپ، بۇلارغە ئۇزرە ئەيتىپ دىدىكىم، مۇنداغ تىلسىمنى سىزلەر تەييار قىلادىغىزلەر، ئالەم خەلقى مۇنداغ قىلماس. ھوكمالەر ئىسكەندەرنىڭ كوڭلى خۇش بولغانىنى بىلىپ دىدىلەركىم، ھوكمۇڭغە ئىنتىزاردۇرمىز. ئىسكەندەر دەرھال قويۇپ، ئول دەرۋازە تەرەفىگە ئاتلاندى. لەشكەرىگە ئول ئىشدىن ئالالا تۇشۇپ، ئارقاسىدىن سەلدەك راۋان بولدىلەر. ھوكمالەر ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغە كىرىپ، جاھان شاھلارى جىلاۋىدا يۈرۈپ، ئول جادۇنىڭ قاراغىغە يەتكەندە، ئول كۇفنىڭ ئەسبابىنى تۈزۈپ، يەردە قويۇپ، ھىكمەت بىلەن فىتلەسىغە ئوت قويۇپ، ئول دارۇلارغە ئوتنىڭ ئەسىرى يېتىپ، ئانداغ ھاۋا تۇتتىكىم، بارىپ دۈشمەنلەرنىڭ ئاراسىغە تۈشۈپ، يەرگە تەككەندە يارىلىپ، ئانداغ بىر ئۈن چىقاردىكىم، بۇ تورت ئىش ئاندىن زۇھۇر تاپتى. بىرى ئۈن يەنە بىرى بەدبۇيلۇق يەنە بىرى ئوت، يەنە بىرى تۈتۈن. ئەمما ئۈندىن ئەفسۇنگەرنىڭ ئەفسۇنى باتىل بولدى. ئوت بىلەن سىفىل دەرۋازەسى كويدى. تۈتۈندىن ئەفسۇنگەرنىڭ يۈزى قارا بولدى. بەد بۇيلۇقدىن سىھر ئىلمى سەھىرلەرنىڭ خاتىرىدىن چىقتى. مۇنداغ رەستەخىز ئۇلارغە تۈشكەندە، قاچماقدىن ئۆزگە چارە تاپمادىلەر. قاچىپ پەرىشانلىق بىلەن بى نەۋا بولۇپ، ھەممەسىنىڭ يۈزى قارالىق بىلەن مەلئۇنىڭ پايتەختىگە يەتتىلەر. ھېچكىم بۇلارنى تانۇماي، ئۆزى دىمەگۈنچە بىلمەدىلەر. بۇ ئەھۋالنى تۇرفە مىسال بىلەن مەلئۇنغە ئەرز ئەتتىلەر. مەلئۇن ئانى ئاڭلاپ، ئىچىگە ئىزتىراب تۈشۈپ، ئىسكەندەرنىڭ قەۋىلىقىنى ئۆزىنىڭ زەئىفلىقىنى بىلىپ دىدىكىم، ھوكما ئالدىدا جادۇ ئىشى، ئىسكەندەرنىڭ ئالدىدا مېنىڭ ئىشىم ھېچدۇر. ئول دەرۋازە بىلەن سىفىلنى ئالغانىنى بىلىپ، يەنە ئىسكەندەرنىڭ فەرمانىنى تۇتماي سەركەشلىكىنى خاتا بىلىپ، بىچارە بولۇپ ھەيران بولدى. خەلقى ھەم پەرىشان بولۇپ، يۇرتىدا قارار ئالالماي، قاچاقدىن ئۆزگە چارە تاپالمادىلەر. ئول قورغانكىم ئېگىز تاغنىڭ تۆپەسىدە ئېردى. ئۇل قورغانغە بارماقنى ئىختىيار قىلىپ، دەرھال نەقبىنى ئاچىپ، بىھىساپ خەزىنەلەرنى تاشۇغالى تۇردى. ھەددىسىز نەفىس مەتائلەر، مىقداردىن زىيادە جەۋاھىرلەر، بىباھا گۆھەرلەر، ئالتۇن قاچىلارى بىلەن ھەممەسىنى قورغانغە يىبەردى. ئول خەزىنەنى كورگەن ئەلنىڭ ئەقلى ھەيرەتدە قالدى. كوڭلىنى تىنچ قىلىپ، ھەشەم بىلەن ئول قاراتاغ ئۈستىدىكى قورغانغە كىرىپ ئولتۇردى.

ئەلقىسسە، ئىسكەندەر ئول دەرۋازەنى ۋەيران قىلغاندىن كىيىن، ئول قورغان تەرەفىگە ئەزم قىلماقنى ئىختىيار قىلدى ۋە لىكىن ئەھلى ھىكمەتلەر ئاڭا رۇخسەت بەرمەي دىدى-

لەركسم. بۇگۇن مۇناسسپ ئەمەسدۇر. ئانىڭ ئۇچۇنكسم، ئۇل تۇتۇن بىلەن بەدبۇيىلۇقى ئۇلارنىڭ دىماغىغە تۇزۇك ئەسەر قىلسۇنكىم، ئاندىن ئۇلارنىڭ دىماغى نەقس تاپغاي. ئىسكەندەر بۇ سوزنى ئىشتكەچ خۇش بولۇپ، توختاپ ئۇز بارگاھىغە يانىپ تەرەب بىرلە بەزمىنى تۇزدى. ھوكمالار بىلەن بەزمىنى ئارەستە قىلىپ، بىسيار ئىھسانلەر ۋە ئىلتىپاتلەردىن بەخشايىشلەرنى قىلىپ، ھورمەتىنى قىلدى. ئافتاپ غەرۇب بولغاندىن كىيىن قەدەھ بىرلەن دىماغىنى خۇش ئەيلەپ زەرب بىرلەن فەراغەتنى قىلدىلەر. ھەر بىرىنىڭ دىماغى قىزىغۇنچە ئولتۇردىلەر. ئاندىن كىيىن ئۇيقۇدىن راھەت ئالىپ، ئارام ئالدىلەر. ۋەقتىكى قۇياش تولۇئ قىلىپ، جاھاننى رۇشەن قىلغاندا، ئىسكەندەر ھەم خۇرشىددەك يۇزنى ئاچىپ، رۇستەمدەك رەخشىغە مىندى. لەشكەرى ھەم تۇش-تۇشدىن يۇگۇرۇپ ئۇل دەرۋازەنىڭ ئاغزىغە يىقىن كىلىپ، نەچچە كۇنغەچە لەشكەرى كوچۇپ، ئۇل دەرۋازەغە يەتكەندە، شەھەر تەرەفىدىن بىر قاسىد كىلىپ تەزىم بەجا كەلتۇردى. ئانىڭ بىر قولىدا نامە، بىر قولىدا ئاچقۇ بار ئىردى. ئىككىلاسىنى ئىسكەندەرغە تۇتتى. ئۇل خەتنى شەھەر خەلقى كىتابەت قىلىپ، ئىسكەندەرغە تۇۋبە مەزمۇندا يىبەرگەن ئىردىكىم، ھوكمۇڭىغە فەرمان بەرداردۇرمىز. مەللۇ بۇ دىيارغە پادىشاھ بولغانىنىڭ بۇ يۇزى بىزلەردەك قۇللارنىڭ ئىختىيارى يوق ئىردىكىم، جانابىڭىنىڭ قۇللۇقىنى ئايان ئەيلەپ، خىزمەتىڭىغە كىلۇر ئىردۇك. ئەلھال شەۋكىتىڭ ئانى پەست ئەيلەپ، شكەست يەپ، قارار بولۇپدۇر. ئەمدى بىز قۇللۇق ئىچرە شەرمەندە بولۇپ، ھەر نەچۇك ھوكمۇڭىغە قۇللاردەك فەرمانىڭنى تۇتارمىز. ۋەيران بولغان شەھەرىمىزنى ئاباد قىلساڭ. مال بىلەن جانىمىزنى ساڭا پىدا قىلۇرمىز. ئەگەر بىزگە فەرمان قىلساڭ، ھەممەمىز يۇزۇڭۇزنى كورگەلى ئالدىڭىزغە چىقارمىز، دەپ يىبەرگەن نامە جاۋابىغە ئىنتىزاردۇرمىز. شۇبۇ نامەنى ئىسكەندەر ئوقۇغاچ جاۋابىغە نامە پىتىپ يىبەردىكىم، سىزلەر كورگەلى چىقارمىز دەپ، پەرىشان ئەھۋال بولماڭلار، يۇرتۇڭىزلاردا فەراغەت بىلەن ئولتۇرۇپ، ماڭا دۇئا قىلىپ، تەڭرى تائالانىڭ ئىبادەتىغە مەشغۇل بولۇڭلار. ئىنشائالللا ئۇزۇم كىلىپ، شەھەرگە داخىل بولۇرمەن، دەپ نامە پىتىپ يىبەردى. نامە بىلە قاسىد يەتكۇنچە ئىسكەندەر ئۇزى ئۇل شەھەرگە تۇشتى. مەللۇ ئاندا بىر قەسىر شاھانە تەرەب قىلغالى بىنا قىلغان ئىردى. شۇل قەسىردە بىر تۇرفە باغ ئارەستە قىلغان ئىردىكىم، ئانىڭ ھەر بىر گۇلى شەمئى كافۇرىدەك تابان ئىردى. ئۇل گۇلشەنىنىڭ چەرخ فەرسا پەشتاقى بار ئىردىكىم، فەلەك تاقى ئانىڭدىن رەشك ئىلتۇر ئىردى. ئۇل گۇلشەننى جەننەت ئاسا، ئات قويغان ئىردى، ئانىڭ ئىچىدە ئىسكەندەرغە شەھەر ئىچىدە لەشكەرىغە مەنزىل تەئيىن بولۇپ خاسۇئام بۇ ئىشنى ئىسكەندەرغە مەئلۇم قىلىپ، ئەرز قىلدىلەر. ئىسكەندەر جەننەت ئاسادا مەقام تۇتتى. خاسلارى ئىسكەندەردىن ئىلتىپات كورۇپ، ھەر بىرى يىڭى باشدىن ھايات تاپتىلەر. ئاۋاملارى ھەم يىراقتىن ئۇن چىكىپ، دۇئا قىلىپ، ئىلتىجا قىلدىلەر. ئىسكەندەر بارچەسىنى لۇتفى مىھرىبانلىق بىلەن شاد ئىتىپ، بۇزۇلغان كوڭۇللەرىنى ئاباد قىلدى. يەنە ئانداغ ھوكۇم قىلدىكىم، ھىچ كىمەرسەدىن ھەر قايداغ كىشى بىر قىتىم يىپ تەمائ تۇتماسۇنكىم، ئانىڭ بىرلە بوغىزدىن ئاسلماغاي. يەنە يۇرت خەلقىغە مال بىرىپ ۋە تىنچ قىلىپ ئامانلىق بەردىكىم، ھەر ياخشى-يامان بەھرە تاپىپ، خۇرسەند بولدىلەر. كىشىنىڭ ئەلىمدىن

كىشىگە زەھمەت يەتمەي بىر دەرەم ھەم ناھەق ئالمادىلەر. ئىسكەندەر ئۆزى جامى مەي ئىچمەككە مايىل بولۇپ، ئەيشغە مەشغۇل بولغاندا، كەشمىر خەلقى ھەر تەرەفدىن كېلىپ، ئىسكەندەرنىڭ زىيارەتىنى قىلۇر ئېردى. لېكىن ئىسكەندەر ھەددىدىن زىيادە كەشمىرنىڭ ئاجايىپ ۋە غارايىپ نەرسەلەرىنى كورەر ئېردىكىم، ئانىڭ شەرھىنى قىلىپ، راست كەلمەس، ئول جۇملەدىن بىرى بىر جام كوردىكىم، مەيدىن تولغاندا، دەريادەك ئانىڭ مەيى ھەرگىز تۈگۈمەس ئېردى. ۋەقتىكى مەللۇ يۇرتىنى تاشلاپ چىقىپ كەتكەندە، بىر قازناقچەسى توختاپ قالىپ، نەچەند توھفى ئەشيالارنى ئانىڭ خەزىنەسىدىن ئالىپ، ئىسكەندەرنىڭ چاناھىغە تۈشتى. ئۇلاردىن ئول جام ھەم بار ئېردىكىم، بادەدىن توشقارغاندا، ھەر قانچە ئەھلى بەزملەر ئىچسە، ئەسلاكەم بولماس ئېردى. جامنىڭ دەۋرىدە تەئرىپىنى ئانداغ يازغان ئېردىكىم، جەمشىد ئالەمنى ئالغاندا، نەچچە يىل ئەھلى ھىكمەتلەرنى يىغىپ، سەئى بىلەن تىلىسمدىن ئىككى جام تەييار قىلىپ ئېردىكىم، بىرىسى جامى گىتى نەماي يەنە بىرىسىنى جامى ئىشرەت فىزاي ئات قويۇپ ئېردى ۋە لېكىن جامى گىتى نەما شوھرەت تاپغان ئېردى. بۇ جامى ئىشرەت فىزانىڭ تەئرىپى بۇدۇركىم، ھوكمالار مۇنى مۇرەتتەپ ئەيلەگەندە، تەبئى سىلىم بىلەن بۇ تەرىقەدە تەرتىپ بەردىلەركىم، ئانىڭدا مەي ئىچكەن كىشى بىر قانچە نۇش قىلسە، تۈگەمەس ئېردى. ئىچكەنسەرى مالامال لەپ - بەلەپ تولۇپ، بىر قەترە كام بولماس ئېردى. تۇرفە ئىشىن بۇدۇركىم، ئەگرى بولسە ھەم توكۈلمەس ئېردى. يەنە ئانىڭدا ئىچكەن كىشى ھەرگىز سىراپ بولماي قانماس ئېردى. يەنە ئانىڭ خاسيەتى بۇ كىم، ئالەمدە مەي ئەسەرى قالماغاندا، ئانىڭدا ھەم مەينىڭ ئەسەرى قالماس ئېردى. ئىسكەندەرنىڭ قولىغە تۈشۈپ، مەجلىس ۋە بەزم بادە ئاشايىتى تۈزۈپ، ئانىڭ تاماشاسىنى ھىكمەت ئەھلى بىلەن قىلىپ، بىردەم ئىلكىدىن قويماي، ئول نەۋئ ئىشرەت فەزاي بولدىلەركىم، جامى گىتى نەما ھەم ئانداغ ياد بەرمەس.

ساقىنامە:

كىتۈر ساقى ئول جامى ياقۇت گۇن،
كى ئەل تەبئدە ئىشرەت ئەتكەي فۇزۇن.
نەچچە بادەدىن ئىچسە كەم بولماغاي،
مەئاشىرغە ئاندىن ئەلەم بولماغاي.
مۇغەننى سۇرۇدى چىقار دىلنەۋاز،
بولۇپ ئەھلى كەشمىردەك سەھرى ساز.
ئەگەر نەغمە بەس قىلماق ئەتسەڭ ھەۋەس،
ھەمۇل جامى كەم بولمايىن قىلما بەس.
ناۋايى ئەگەر تاپساڭ، ئول نەۋئ جام،
نىكىم بادەدىن ئۆزگە ئىچسەڭ ھارام.
خىتاپ ئەتكەسەن جامى باقى ئانى،
ۋەلى تۇتسە گۇلچېھرە ساقى ئانى.

AltunOq

بۇ سىدىقتە ھەم تۇت ئانىڭدىن ھايات،
ھەي كىم مۇدام ئولسا، ئاندىن ئىجات.
نىجاتى چىنان بولسە، مەدھۇش مەست،
ئەبەد مەستى بولسام چۇمەست ئەلەست.

ئىككى رەفىق ھىكايەتىكىم، بىرى سەيرىدىن قۇياش سىۇر كىشۋەرىدە شاھ بولغاندەك مۇلكى سەلتەنەتىگە يەتتى ۋە بىرى سىكونىدىن ھەر ئالەم ئەھلىغە لەكەدكوب بولغاندەك خاكسارلىق ھاسىل ئەتتى ۋە بوگىرددەك ھەركەت ئەتمەدى. تۇفراقدىن قوپۇپ، ئالى مەقامغە يەتمەدى.

خۇراسان شەھرىدە ئىككى رەفىق مۇۋافىق بار ئىېردىكىم، ھاۋادىسات ئالەمدىن شىكەست يەپ، مەئاش تاپماسلىقدىن ئاجىز بولۇپ ئىېردىلەر. بىرى ئۆز يۇرتىدا خارلىققە قالىپ، ئۇلۇسىدىن ھاقارەت كورەر ئىېردى. مۇفلىس بولغانىدا لازىمدۇركىم، ئەلگە ئاز كورۇنگەي. بىسيار كورۇنمەك خار بولماغلىقنىڭ دەلىلىدۇر. ئانىڭ ئۈچۇنكىم جاۋاھىرزارلىقىدىن ئەزىز كېلىپ، زەر مىھرىنىڭ تولالىقىدىن باھاسى بىر يارماق بولۇر. يەنە بىرى سەفەرنى ئىختىيار قىلماقنىڭ سەبەبىدىن نادامەتدىن خالاس بولۇپ، سەفەردە ئاجايىپ ئىشلارنى كورۇپ، نەسىبەسى يوغان شەھەرگە تۇشتىكىم. گويا ئۇلۇك ئابىھاياتقا تۇشۇپدۇر. ئاندا ئىلىم ھىكمەت تەھسىل قىلماقى ئاتا ئەزەلدە مۇقەررەر بولغان ئىېردىكىم، نەچە ۋەقت ئاندا مەقام ئەيلەپ، ئەھلى ھىكمەتلەر بىلەن ھەمسوھبەت بولۇپ، ھەددىسىز ئىلىمنى كەسپ ئەيلەپ، ئۇستاد بولدى. ھەركىمنىڭ نىيەتىگە باقىپ، قابىلىيەت پەيدا بولۇر. ئول ۋەجھىدىن ۋۇقۇف تاپىپ، ئىلىم ھىكمەتدە ئاگاھ بولدى. بۇ ئىشغە سەفەر قىلماقدىن سەرەفراز بولۇپ ئولتۇرماي، يەنە سەفەر قىلماقنى ئىختىيار قىلىپ، ھىندۇستان مولكىغە گۇزەرى تۇشتى كىم، ھىندۇستان پادىشاھىنىڭ نەزەرىدىن ئوتتى. پادىشاھ مۇنى دانا بىلگەچ ئارادا كىشى قويدىكىم، كوزۇمىنىڭ نۇرى مەستۇرە بىر ئاجىزە بالامنى ئەقدۇنكاھ ئەيلەپ، ئانى ھەم فەرزەنىدە ئەيلەگۇمدۇر. بۇ دانا ھىكىم بۇ ۋاقىئەنى ئاڭلاغاچ ئىككى كۇننىڭ ئىچىدە ئانىڭ سەرەنجامىنى راستلادى. پادىشاھ ئۆز ۋەئدەسىنە ۋافا قىلىپ، دىگەندەك ئىككىلا فەرزەنىدىنى كەدخۇدا قىلىپ قويدى. پات - فۇرسەتدە شاھىنىڭ ئومرىغە زاۋال يەتكەچ، ئول داناغە شاھلىق ئىنتىقال تاپتى. ئۆز دىيارىنىڭ مەملىكىتىدىكى دوستى مۇنىڭ پادىشاھ بولغانىدىن ئاگاھ بولۇپ، دەرھال سەفەر ئەزمىنى قىلىپ، فەلەكدىن جىسمى پايىمال بولۇپ، بۇ كىشۋەرغە كەلدىكىم، دوستى مۇندا كىشۋەر پاناھ بولۇپ ئىېردى. پادىشاغە مۇنىڭ كەلگەنى مەقبۇل بولغاچ ئىنايەت قىلىپ ۋەزىراتغە سەرەفراز قىلدى. ئۆز يۇرتىدا زار بولۇپ، ئۇلۇس ئالدىدا خارلىق چېكىپ، ئەفتادە بولۇپ ئىېردى. مۇندا ۋەزىرلىقغە سەزاۋەر بولغانى سەفەرنىڭ خاسىيەتىدۇر. ئەۋۋەلقى سەفەر قىلغان رەفىقنىڭ سەفەر قىلماقى كامالىغە يەتكەچ سەلتەنەتكە لايىق سەزاۋەر بولدى. ھەر كىمەرسە ئۆز ۋۇجۇدىدا سەيرسىلىك قىلسە ئاخىر تەگرى تائالا ئاڭا ياخشىلىق ئەمرىغە سەزاۋەر قىلۇر. ئىلاھى بۇ سىدىقتە ھەم ئۆز ۋۇجۇدىدا مەئنىۋى سەيرسىلىكنى ئاتا ئەيلەگىل بىننەبى ۋە ئالەھىل ئەمجاد①.

ھىكمەت ئىسكەندەرنىڭ ئارستۇدىن سوئالى ئول بابىداكىم. چۇن سەفەر مۇجىپ شىد-

① بىننەبى ۋە ئالەھىل ئەمجاد — «پەيغەمبەر ۋە ئۇنىڭ ئۇلۇغ ئائىلە- تاۋابا تلىرىنىڭ ھورمىتى بىلەن» دىگەن مەنىدە.

دەتدۇر. ھكمەت ئەھلدىن ئاڭا نىگە رۇخسەتدۇر ۋە جۋاپ ئىشتەك.

ئىسكەندەر ئارستۇدىن سوئال قىلادىكىم، سەفەردە رەنج مۇشەققەت تارتىپ، كىشىنىڭ تەبئى رەنجىدە بولادۇر. سەبەب نىدۇركىم سەفەر قىلماقنى تولا خەلق لازىم تۇتادۇر؟ ئارستۇ فىكىر بىلەن جاۋاپ بەردىكىم، سەفەردە ئەگەر ھەرەج بولسەمۇ دانالار ئاڭا رۇخسەت بىرىپدۇر ۋە لىكىن مۇندا بىر ئىش باردۇركىم، ئانىڭ نەفئى بىسياردۇر. ھەر رەنجىنىڭ ئارقەسىدىن راھەتى، ھەر مۇشكۇل ئىشنىڭ كەينىدىن ئىشرەتى باردۇر. چىنانچە ئاش ۋە تائام جاننىڭ پەيۋەندىدۇركىم، ئوتنىڭ جافاسىنى تارتماغۇنچە خاملىقدىن چىقماس، ئالتۇن ھەم خالايىقغە بىسيار مەرغۇپدۇر، ئوتغە كىرمەگۇنچە مۇسەففا بولماس. سەفەر قىلماقنىڭ مۇشەققەتى دوزەخدىن كام ئەمەس، ئول ئوتدا كويمەكنى ھىچكىم ئىختىيار قىلماس. لىكىن، ئانى ئىختىيار قىلماغلىقنىڭ بائىسى مۇسافىرلارنىڭ ئالتۇن ۋە جەۋى خالىس بولۇپ بىغەش بولغاي. كىمەرسەئى ئىمتىھان مەھەككىگە ئالسە، ئانىڭدىن ھىچ شەك ۋە شۇبھە تاپماغاي. يەنە سەفەر قىلماقلىقنىڭ بائىسى بۇدۇركىم، بەدەنىنىڭ سەھەت تاپماقى ئانىڭدىن ھاسل بولغۇسىدۇر. تەرەددۇد بىلەن قانچە قەدەم ئۇرسە، فاسىد خەلتلەر بەدەندە ۋە مەئدەدە ھەزم بولۇپ، غىزاغە ئىشتىھا پەيدا بولۇر. ئول جەھەتىدىن تەن دۇرۇستلۇقى پەيدا بولغۇسىدۇر. يەنە بىر ۋەجەھى بۇدۇركىم، ئادىمىنىڭ تەبئى ناخۇش بولۇپ، ھاۋا بىلە سۇنىڭ غالىپلىقدىن ئاغرىقى جىسمىغە ئارىز تاپىپ سەھەت قالماس. ئول ھالدا ئادىملارنىڭ تەبئىتى تازە ۋە بولەك نەرسەنى تەلەپ قىلۇر، مەكرۇ بىر نەرسەنى خۋاھىش قىلماس، تازە ۋە يىڭى نەرسەلەرگە تەبئى راغىپ بولۇر، بۇ ھالەت سەفەردە مۇيەسسەردۇركىم، سۇ بىلە ھاۋا ئاندا مەكرۇ ئەمەسدۇر بەس. سەفەر قىلماقدىن ئادىملارنىڭ تەبئىغە سەھەتلىك ۋە ئىستىقامەتلىگى موجۇد بولغۇسىدۇر. ئەگەر ھكىم دانا سەفەرغە رۇخسەت بەرسە، خىرەد ئەھلى ئانى مەئزۇر تۇتىتلەر، دەپ ئارستۇ جاۋابىنى بەردى. ئىسكەندەر ئافەرىن دەپ خامۇش بولدى.

**ئىسكەندەرنىڭ كەشمىر شەھرىغە يەتكەندىن سۇڭرە، مەللۇنىڭ تىلسىم قورغانىدىن يەل بىلە ئەتنى ئوغۇرلاغانى ۋە ئول ۋىلايەتنى ئولۇك جىسمىدەك نەسلىنى مۇنقەتئى قىلغانى. ھارارەتى مۇتتەفى بولمىش بولغانىدا، ئەفلاتۇننىڭ ئول تىلسىمنى ئاچغانى ۋە ياشۇرغان يەل بىلە ھاياتىن بەرباد ئېتىپ، مەخفى ئوت شىرارى ئەخكەرنىڭ خىرمان ئەمرىغە ساچقانى ۋە ئىسكەندەرنىڭ مەللۇ ئورنىدا فىرۇز چىراغ دەۋلەتىن يارۇتغانى.**

تارىخ دانىشۋەرلەرى ئىسكەندەر تارىخىنى ئانداغ دىدىكىم، مەللۇ ئەزم ئەيلەپ، قورغانغە قاچىپ، تىرىكلىكنى جانىغە مىنەت قويۇپ، قۇتۇلغانىغە خۇرسەند بولدى. ئىسكەندەر كىلىپ، ئانىڭ تەختىنى ئالىپ، ئىقبالىغە تىيرەلىك سالدى. ئىسكەندەر يۇرت خەلقىغە ئەدل بىلە ئىھسان قىلىپ، ئۇمىد بەردى. ئۇلار ھەم ئۇمىدۋار بولۇپ، فەرمانىغە ئىتائەت قىلىپ، لۇتف ۋە ئىھسانىغە كوڭلىنى باغلادىلەر. مەللۇنىڭ ئەھۋالىدىن خەبەر سورغانىدا، بۇ يەڭلىغ خەبەر بەردىلەركىم، شاھنىڭ شەۋكىتىدىن قاچىپ، فالان قەلئەدە بىر قورغان باردۇر، بىلمەسمىز، سىھردۇر يا تىلسىمدۇر، دەپ ئانىڭ شەرھىنى تامام بايان قىلىپ، ئەجەپ بىر نەۋئ ئانىڭ ۋاقئەسىنى بايان قىلادىلەركىم، ئانىڭ فىكرىنى قىلماقغە زەرۇر بولدى. ئىسكەن-

دەر يەنە دانالار مەجمەئىنى ئىستەپ ھوكما ئەھلىدىن مەسلەھەت سورىدىكىم، كەشمىر شەھرى
ئەگەر تازە گۇلىزارلىق بولسە، ۋە لىكىن ھاۋاسى بىسيار ئىسسىغدۇر. ھەمىشە رۇھ پەرۋەر
نەسىمى بولماسە، دۇزەخدىن نىشان بىرۇر. مەئلۇم بولاردۇركىم، بۇ گۇلشەندە نەسىم يېلى
موجۇد بولمايىن، گۇللەرى ئوت، سۇنبۇللارى تىرە تۇتۇندۇر، يەنە ئەجەپ ئىش بولۇپدۇر-
كىم، ئوت ھەم تاپىلمايدۇركىم، يۇرت ئىچرە مۇنداغ ئوقۇبەت بولسە، ئەلگە بىسيار دىشۋار-
لىق بولغۇسىدۇر. مۇمكىن ئەمەسكىم، بۇ دىشۋارلىق مۇندىن يوق بولغاي. ئەگەر بۇ ئىشنىڭ
ئىلاجى مۇمكىن بولسە، مۇندا ساكىن بولماغلىق خوپ ئىشدۇر. ئەگەر بۇ دىشۋارلىق مۇندىن
يوق بولماسە، ئەدل ئولدۇركىم، بۇ شەھەرنى تاشلاپ كەتكەيمىز، لېكىن مۇندىن ئاجىز كې-
لىپ، چىقىپ كەتكەنمىز، ئىشتمەككە مەرغۇپ ئەمەسدۇركىم، ھىكمەت ئەھلى دۇئا ئەيلەپ
دىدىلەركىم، ئەگەر شاھ ئالەمغە بۇ ئىش مۇددىئا بولسە، ئانىڭ مىكىر - ھىلەسىنى دەفئ
ئېتىپ، دىشۋارلىقنى ئىنشائاللا كوتەرۇرمىز. شاھ ئالەمنىڭ تەبئى ۋەھمە قىلماسۇنكىم،
بۇ قۇللارنىڭ ئالدىدا ئاساندۇر. ئون كۇنغەچە مۇھلەت بەرسەلەر، بۇ ئىشنى دەفئ قىلماقغە،
تەڭرى تائالا نۇسرەت بەرگۇسىدۇر. ئىسكەندەر دىدىكىم، ئون كۇنغەچە ئىشىمىز توختاپ
قالسە، ئوت بىلە يەلنىڭ يوقلۇقىدىن خالايىق ئاجىز بولغۇسىدۇر. دەپ، ئىسكەندەرنىڭ
تەبئى بۇ ئىشدىن مەلۇل بولدى. ئەفلاتۇن قوبۇل ئەيلەپ دىدىكىم، شاھ ئالەمنىڭ تەبئىغە
غەم يەتمەسۇنكىم، ئۇچ كۇندىن كېيىن بىر تەدبىر قىلايكىم، مۇنداغ مىكىر ئىشىغە ئىنشائاللا
تەغىر بەرگەيمەن. بۇ سوزنى دىگەچ، ئىسكەندەرغە خۇشاللىق يۇزلەندى. بۇ ھالەتدە يەل-
نىڭ يوقلۇقىدىن ئانداغ ئىسسىغ بولدىكىم، جاھان دوزەخدەك قىززىپ، خالايىق ئىچىدە ھا-
رارەت تۇشتى. مۇتەئەججىپ بۇكىم، ئانداغ ئىسسىغدا ئوتنىڭ يوقلۇقىدىن باۋەرچى ئاشپەز-
لەرغە بىر فىغان تۇشۇپ، سوز بىلەن مەئلۇم قىلدىلەركىم، ئالەم ئىچرە ئوت ۋۇجۇدى قال-
مايدۇر. يەنە چاقماق تاشلارى ھەم ئەھلى دىللارنىڭ كوڭلىدەك يۇمشاپ قالىپدۇركىم، چاق-
ماق بىلەن ھەر قانچە ئۇرسا، ئوت ئورنىدا سۇ پەيدا بولادۇر. ئەگەر شىلان
ئىشىدا نەقس پەيدا بولسە، ئول ئەيىپنى بىزدىن كورمەگەيلەر، دەپ ئەرىز قىلدۇق. ئوت
بىلەن يەل نا پەيدا بولغاننىڭ بۇ يۇزدە، ئىسسىغ نەفەسىمىز ئوت، ساۋۇق ئاھىمىز يەل بو-
لۇپدۇر. كۇندۇز بۇ جاھان تونۇردەك قىزىپ، كېچەلىگى چىراغ ياندۇرغالى ئوتدىن نىشان
تاپالماي، ئەجەپ بۇدۇركىم، يەلنىڭ يوقلۇقىدىن بىر شەمئ چىراغ ھەم رۇشەن بولمايدۇ،
دەپ ئەرىز قىلدىلەر. ئول ئۇچ كۇندە خالايىق ئانداغ زەبۇن بولدىكىم، ئاجىزلىقىدىن
ھەممەلەرى ئىگەكلەرىغە قولنى قويۇپ، ھەيران بولدىلەر. ئەفلاتۇن قاشىغە ئىسكەندەر ئۇزگە
خەلقلەر بىلەن كېلىپ دىدىكىم، قىلغان ۋەئدەڭ ئوتۇپ، خالايىققە زەخمەت يېتىپدۇر. ئەگەر
مۇندىن زىيادە ئوتسە، خالايىق بۇ مۇشەققەتدىن بى ئارام بولۇرلەر. ئەفلاتۇن دىدى: خا-
لايىق بۇ ئالەمدىن بى تاقەت بولماسۇنكىم، بۇگۇن ھەم قىلغان ۋەئدەنىڭ ئىچىدە داخىل-
دۇر، ئىنشائاللا تاڭلا مەقسۇد ھاسىل بولغۇسىدۇر. بۇ سوز بىلەن ئىسكەندەر خۇش بولۇپ،
بارچەسى ئوز جايىغە ياندىلەر.

ئەلقىسسە، بۇ ۋاقئەنى دەفئ قىلماقغە، ئەفلاتۇن قورقماي، قوبۇل قىلماقنىڭ سەبەبى-
دۇركىم جاماس ھىكمىنىڭ كىتابىنى كورۇپ، بۇ ئىبادەتنى ئوقۇپ ئېردىكىم، بىر زاماندا

ئىسكەندەر شاھنشاھ بولۇپ، جاھان مۇلكىنىڭ شاھلىقى ئاڭا مۇقەررەر بولۇپدۇركىم، جاھان
مۇلكىنى تەسخىر قىلغاندا، كەشمىر شەھرىغە ھەم نۇسرەت تاپىپ، فەرمانىغە كەلتۇرۇر. ئۇل
شەھەرنىڭ شاھى مەللۇ دىگەن قاچىپ، مەھكەم قورغانىغە كىرىپ، خەلايىقدىن ئۇت بىلەن
يەلنى ياشۇرغۇسدۇر. ئۇل قورغاندا بىر تىلسىمنى مەھكەم قىلغاندۇركىم، ئانى جۇستىجۇي
قىلىپ تاپماقچىدۇر. قورغان ئىچرە تاشدىن بىر ئۇي بىنا تاپقاندۇركىم، ئەھلى ھىكمەتلەر
ئانى تىلسىمدىن مۇرەتتەپ قىلىپ، يەلنى ئاندا بەند قىلىپ، خالايىققە ھەرەج قىلۇرلەر.
بۇرۇن چاغدا ئەندازىدىن تاشقارى ئاندا شامال چىقار ئېردىكىم، خالايىققە بىسيار ھەرەج
يېتەر ئېردى. بۇ شامالنى ئۇل ئۇيدە ئىلگىركى ھوكمالار بەند ئەيلەپ، ئۇل ئۇينىڭ تۇن-
لۇكنى بىقەدرى ھاجەت يۇرتغە باقىپ ئاچىپ قويدىلەركىم، تۇنلۇكۇدىن يەل ئۇز ئىئتىدالىدا
چىقىپ، كەشمىر شەھرىنىڭ خەلقى ئانىڭدىن بەھرەمەند بولۇرلەر. شول تۇنلۇكنى مەللۇنىڭ
ئەمرى بىلەن بەند قىلىپ، يەلنى توختاتغايلەر. يەنە قورغان ئىچرە، تىلسىمدىن بىر چاھ
باردۇركىم، چاھنىڭ ئاغزى تار، تۇبى قورغاننىڭ كەڭرۇلىگىچە كەڭرۇدۇركىم، تۇبىدە بىر
ئۇلۇغ ئاتەش كۇدەنى ياساپ، كيومەرسنىڭ زامانىدا ئۇت قالاغان ئېردى. يەنە ئۇل چاھ-
نىڭ تېگىدە بىر ھەۋزى كورلاپ، ئىچىدە تىلسىمى بىلەن خۇلەدىن بىر سۇرەتنى ياساپ،
ئالدىدا كورۇكنى قويۇپ، ئۇل سۇرەتنى ھىكمەت بىلەن ھەركەت بېرىپ، ئۇل ئاتەش كۇدە-
نى ياندۇرۇپ تۇرادۇر. كەشمىر شەھرىنىڭ ئۇت پەيدا بولادۇرغان يەرى بەلكى ئافتاپ
تۇلۇئ قىلادۇرغان يەر ھەم ئۇلدۇر. يەنە ئۇل شەھەرنىڭ چاقماق تاشلارىنىڭ ئۇتى ھەم
ئاندا بەند قىلغاندۇر. ئۇل سۇرەت كورۇك باسىپ، ئاتەش كۇدەدىن شوئلەلەر پەيدا بولۇپ،
چاھنىڭ ئاغزىدىن ئۇتنىڭ شەرارەلەرى چىقىپ، كەشمىر خەلقىغە يەتكۇرۇر. بىر كىمەرسە ئۇل
چاھ ئاغزىنى بەركىتىپ قويۇپ، مەھكەم قىلسە، كەشمىر خەلقىغە ئۇت ناپەيدا بولۇپ، يەر-
نىڭ تۇبىگە قۇياش يەكلىغ كىرىپ كېتەر. ئىسكەندەر بىر ۋاقتىدا كەشمىرنى ئالىپ، ئانىڭ
پادشاھى بۇ تەدبىرنى قىلۇر. ئۇل ھالدا بۇ ئىشنى دەفئ قىلماق ئۇچۇن، ئەھلى ھىكمەت-
لەر ئىسكەندەرغە دىگەيلەركىم، بۇ ئىشنىڭ دەفئىغە ئىھتىمام قىلاۇرمىز. لېكىن ئەفلاتۇن ھىك-
مەتدە بىسيار دانادۇركىم، ئانىڭ قولىدىن بۇ ئىش ئاسان بولۇر. ئەلقىسسە ئەفلاتۇن نەقد-
بىنى ئاچغاي. خىرام قىلغاندا، ساناپ ئۇن يەتتە قەدەم يۇرۇپ، ئانىدىن ئۇتمەي ئىككى
تەرەفكە يەخشى نەزەر سالىپ، مۇلاھىز قىلغاي. يەنە ئۇل نىقاپنىڭ ئاغزىنى تاپىپ، ئۇل
يەردە خەرگاھىنى تىككەي. ئىككى تەرەفدىن كۇمۇشدىن ئىككى لەۋھى نامايان بولۇركىم،
ئىككىلاسىنى ئىككى تەرەفنىڭ تامىغە چاپلاپ، سالغايكىم، ئاندىن ئىككى يول نامايان بولۇپ،
بىرىدىن يەل، يەنە بىرىدىن ئۇت تۇغيان قىلۇركىم، باغلانغان يوللارنى ۋەيران قىلىپ،
تاشقارى چىققاي. ئىككى ئاچىلغان يولدىن ئۇت بىلە يەل چىقىپ، قورغان ئەھلىغە رەستە-
خىز سالىپ، بەرھەم بەرگەي. قورغانداكى ئالى ئىمارەتلەرنى پەست قىلىپ، خەلقى ھىلاك
بولغاي. چاھدىن شوئلە ئۇرۇپ چىققان ئۇتلار قورغانغا ئانداغ تۇتاشقايكىم، نە سفىل قالغاي
نە بۇرجى قالغاي. ئىچىدەكى خەلقى ھەم كاباب بولۇپ قالغاي. ئانىدىن كېيىن ئەفلاتۇن
تاشقارى چىقىپ كورسەكىم، ئۇل ئۇت بىلەن يەلنىڭ شەرارى شەھەرگە يەتسە، كىرىپ ئۇل
لەۋھىلەرنى تاملارغە رۇست ئەيلەپ، ئاچىلغان يوللارنى ئۇز ئىئتىدالىدا قويغايكىم، ئۇت بىلە

يەلنىڭ شىددەتى كەم بولۇپ، بۇرۇنقى هالىغە كەلگەي، دەپ ئەفلاتۇن بۇ ئەفسانەنىڭ شەرھىنى بايان قىلىپ، ئىسكەندەر بىلەن ئەھىد قىلىپ، ئۈچ كۈن تەييار بولغان ئىشىغە كىرىپ، خالايىق بىلە ئىسكەندەرنى ئۇزاتىپ، ئۇل نەقەپنىڭ ئاغزىدا خەرگاھ تىكتى. كەچ بولغاندا، ئىسكەندەرنىڭ خاۋەتگاھىغە كىرىپ، ئىسكەندەرغە ئەرز قىلدىكىم، لازىملىق نىمەرسەلەرنى سەرەنجام ئەيلەپدۇرمەن، ئەمدى بىر ئىش قالدىكىم، ئىقبالىڭىزنىڭ قەۋىلىقىدىن ئۇل ئىككى ئاچىلغان يولدا، قۇۋۋىتىڭ بىلەن ھىممەتىڭ لازىمدۇركىم، ئىككى لەۋھىنى سىندۇرغايسەنكىم، تا بۇ ئىش سەرەنجام تاپىپ، ئاجىزلەرنىڭ ئىشى كۇشادلىق تاپىغاي. ئەفلاتۇن ئەرز قىلغاچ ئىسكەندەر نەچچە مەھرەم خاسلەرى بىلەن ئاتلانىپ، ئۇل نەقەپ تەرەفىگە ئەزم قىلدى. ئەفلاتۇن ئىسكەندەرنى قارا تۇندە نەقەپ ئاغزىغە تۇشۇرۇپ، ھەمراھلار بىلەن نەقەپ ئىچىگە كىرىپ، يۈردىلەركىم، مۇلاھىز بىلەن ئۇل كۆمۈشدىن ياساغان لەۋھەلەرغە يەتتىلەركىم، ئوت بىلەن يەلنىڭ ئاغزىدا قويغان ئىردى. ئەفلاتۇننىڭ ئەمرى بىلەن لەۋھەلەرنى كورۇپ خۇش بولۇپ، شادلىقىدىن ھەق تائالانى ياد قىلىپ، ئىككى لەۋھىنى ئانداغ تەپتىكىم، ئىككىلەسى تاغقە يۇمۇرۇلدى، دەرھال نەقەپدىن چىقتىلەر، ئىككۈلەن قورغان تەرەفىگە باقىپ تۇردىلەر. بىر فۇرسەتدىن كېيىن ئۇل ئوت قورغاندىن كوككە ئورلەپ چىقتى. بىر نەفەس ئوتمەي، يەل پەيدا بولۇپ، قورغان خەلقىغە قوزغالان سالدى. يەنە ئىسكەندەر بىلە ئەفلاتۇن ئۇل نەقەپغە كىرىپ، ئاچىلغان ئىككى يولنى گەج ـ ماج بىلەن ئوز ئىتىدالىدا يەل بىلەن ئوتنىڭ يولنى قويۇپ، مەھكەم باغلادىلەر، تا ئوت بىلەن يەلنىڭ ئاشۇبى ئاز قالدى. كېيىن ئىككىلەسى كوڭلىنى تىنچ قىلىپ چىقتىلەر ۋە شاد بولۇپ، لەشكەر قاشىغە كەلگەن زامان، ئارقاسىدىن غەۋغا ئۈنى پەيدا بولدىكىم، ئەلالە بولۇپ، ۋاھ ۋەيلا چېكىپ، نەقەپدىن چىقىپ كەلدىلەركىم، قورغانغە ئوت تۇشۇپ فەلەك ئەۋجىغە يەتتى. يەنە ھەم يەل ئاشوبى پەيدا بولۇپ، ئەلنى ھەر تەرەف تاشلادى. ئوتدىن يۈرەك باغرى كاباب بولۇپ، يەلدىن فاراكەندە بولۇپ، سەراسىمەدە ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغە بارچەسى كېلىپ، توۋلاسى ئوتدا كويۇپ، بەئزەسى يەلدىن فاراكەندە بولۇپ، قالغانى ھالاك بولماي چىقىپ كەلدىلەر. بۇلارنىڭ بىرى ئوزى مەلاۋ ئىبنى ھوباك، يەنە بىرى ئانىڭ ئوغلى ئاتى فىرۇز ئىردى. يەنە بىرى ئالەم ئەفرۇز، مېھرىناز ئاتلىق بىر قىزى ھەم بار ئىردى. مەللو ئىسكەندەرنى كورۇپ، باشىنى يەردە قويدى. خىجالەت بولۇپ، باشىنى يەردىن كوتەرىپ، ياشىنى توكۇپ بۇ بېيتنى ئوقىدى:

نەزم:

كى شاھا قاشىڭدا گۇناكارمەن،
جازا ھەرنە قىلساڭ سازاۋەرمەن.
ئەگەر ئەفۇ جۇرمۇمغە شامىل دۇرۇر،
تىرىلمەك ماڭا ئەسرۇ مۇشكۇل ئىرۇر.

ئوزۇر تەقسىرنى ئىزھار قىلىدىكىم، ئوتنىڭ سەبەبىدىن ھاياتلىقىم مۇنقەتئ بولۇپ، يەنە ھەزرەتىڭنىڭ ئالدىدا ئۇياتلىق بولۇپ، ھەر ھالدا ئولمەكىم جەزم بولۇپدۇر. سىنى

ئاللاتائالا ئىقبال بىلەن سالامەت ساقلاپ، ئۆمرۈڭنى ئۇزۇن قىلغاي. ئەگەر مېنى شاد قىلساڭ، بۇ ئىككى بەندە زادىڭغە ئەفۇ ئەيلەپ، مېنى شاد ئەيلەگىل. ئىسكەندەر ئانىڭ ئاجىز ۋە تەسلىمىنى كۆرۈپ، كۆڭلىدىن خوۋف - خەتەرنى چىقاردى. مۇنداغ بولماقىنى بىزدىن كۆرمەگىلكىم، ئۆز ئۆزۈڭغە بۇ ئىشنى قىلىپدۇرسەن. ئەمدى يۈزۈڭنى تۇفراقغە قويۇپ، ئاجىزلىق بىلەن ئۆزرۈڭنى ئەيان قىلدىڭ. ئەمدى ئەفۇ ئەيلەپ، گۇناھىڭغە كەرەم خامەسىنى چەكتىم. قىلغان ئىشىڭدىن ئەگەر سالامەت بولساڭ، كىشۋەرىڭدىن خىراجىنى مۇقەررەر قىلىپ، تەخت - تاجىڭنى ئىنايەت بېرۈرمەن. سېنى ئۆز يۇرتۇڭغە شاھ قىلىپ، كىشۋەرىڭنى قولۇڭغە بېرىپ چىقىپ كېتەرمىز. ۋەگەر ئۆمرۈڭ مۇھلەت بەرمەسە، ئوغلۇڭغە ھۆرمەت بېرىپ، يۇرتۇڭدا سېنىڭ ئورنۇڭدا قايىم مەقام قىلۇرمىز. يەنە قىز فەرزەندىڭنى ھەم ۋىسال ھەرەمىغە خاس قىلىپ، نىكاھىمىغە ئالىپ، مۇنىس قىلغالى ئۇلپەت ئالىپ، سېنىڭ بىرلە خۇشاۋەندە بولۇرمىز، دەپ بۇ نەۋئ سۆزنى ئادا قىلغاندا، خۇش ۋەقت بولۇپ، جانىنى ئىسكەندەرغە فىدا ئەيلەپ، ۋاپات بولدى. ئىسكەندەر مېھمان بولغان ۋەجھىدىن جان بىرلە نەقدىنەلەرنى نىسار ئەتتى. ئۆلگەندىن كېيىن ئەركان دولەتلەرى، يۇرتىنىڭ ئۇلۇغلارى كېلىپ، ئىسكەندەر نەچچە كىشىنى تەئيىن قىلىپ، ئانىڭ سەرەنجامىنى بېرىپ، ئۆلۈكنى شاھانە تەرتىپ بېرىپ، زىننەت بىلەن ئارايىش قىلدى. ئۆزگە شاھلارنى سىپاھلارى بىلەن جىنازەسىنى كوتەرمەك ئۈچۈن ھەمرا قىلىپ بەردى. ئاباد ئەجدادىنىڭ دەفىن قىلادۇرغان زىيارەت گاھىغە ئالىپ باردىلەر. ئاندا ئۇلۇغ رەۋزىسىنى پەشتاقى بىلەن بىنا قىلغان ئېردى. مەللۇنى ئاندا دەفىن قىلدىلار. ئىككى - ئۈچ كۈنغىچە جامائەسى ماتەم تۇتۇپ، جەزەئ - فەزەئ قىلىپ بولغاندا ئاندىن كېيىن مېھرۇناز دىگەن قىزى فىرۇز دىگەن ئوغلى ماتەمزادە بولغان جەھەتىدىن، ئىسكەندەر قاراسىنى ئۆشۈتاي، دەپ شاھانە بەزمىنى تۈزۈپ، توققۇز پايىلىك تەختىدە ھەشەم بىلەن ئولتۇردى. ئۆزگە شاھلار يىراقدىن ئىككى سەپ تۈزۈپ، ئىككى تەرەفدىن ئولتۇردىلەر. ئۆزگە خالايىق ھەم ھەر يەردە، ئۆز ئورنىدا ئولتۇردى. ئىسكەندەر لۇتف ۋە كەرەم بىلەن دوستلاردەك دۇشمەنلارغە ئىش بەردىكىم، ئانداغ نىئمەت بۇ چەرخ گەردان ھەم كۆرمەگەن بولغاي. فەلەك خانىدەك بىر تۈمەن خاننى قۇرس - خۇرشىددەك نانلارى بىلەن سەرەنجام قىلىپ، ھەددىسىز ئات بىلە قويلارنى ئولتۇرۇپ بەردىكىم، ھالاۋەتدە تەئرىفىغە راست كەلمەس. تاباقلاردا ئاشنىڭ ئورنىدا كابابلارنى قويۇپ، زىيافەتنى ھەددىدىن ئەفزۇن قىلدىكىم، جاھان ئەھلى ئاندىن بەھرە ئالدى. فارىغ بولغاندىن كېيىن دۇئا تەكبىر قىلىپ، ئىسكەندەرنىڭ ئەمرى بىلەن ئەركان دولەت كېلىپ، فىرۇزنىڭ زىننەتى ئۈچۈن باشىغە تاج زەر قويۇپ، زەررىن تون ئۈستىگە كەمەر زەررىننى باغلاپ قويدىلەر. يەنە ئۈچ توققۇز ئەركان دولەت ئۇلۇغلارىغە تون بىلەن ساۋۇتلارنى ئالدىدا قويۇپ، يەنە ئىككى يۈز كىشىگە تون بىلە دابولىغەلەرنى قويۇپ، يەنە ئىكى مىڭ كىشىگە يالاڭ تونلارنى قويۇپ بولغاندىن كېيىن ئىسكەندەر ئالدىغە كېلىپ، تەسلىماتلارنى ئادا قىلىپ، يۈكۈنۈپ فىرۇزنى شاھلىقىغە تىلەدىلەر. ئاندىن كېيىن دىدىلەركىم، تەڭرى تائالا ئانىڭ تەقدىرىغە چارە يوقكىم، بۇ جاھان ئىچرە شاھ، گادانىڭ گوزەرگاھى بۇدۇر. ھەر شاھ گادايىكى باردۇر، كەتمەكدىن ئۆزگە چارەسى يوقدۇر. ئەگەرچە ئۆمرىدىن ئۈمىدى بولسە ھەم ھەمىشە تىرىلمەكى مۇمكىن ئەمەس. كىمەرسە جاھان

ئۇزرە ساھىپ تەخت بولۇپ، رەختلەرى بىلەن مۇزەييەن بولسە، ئاخىر ھالدا تەختەئى تابۇتغە مۇھتاج بولۇپ، قىيامەت ئالدىدىن يالاڭاچ بولغۇسىدۇر. ھەر ھالدا ھىچكىم كەتمەي قالماس بەس، لازىمدۇركىم، كېتەر فىكرىنى ھەممىشە قىلغاي. بۇ ئالەم زىرائەت گاھى دۇركىم مۇندا تېرىغاننى ئاندا ئورۇپ، تۇشە قىلغاي. ھەر كىشىگە قىلغان تۇشەئى ئاخىرەتدۇر ۋە لېكىن شاھلارنىڭ تۇشەسى ئەدل قىلماقدۇر. ئەمدى سىنى بۇ يۇرت ئۇزرە شاھ ئەيلەپ، كىشۋەر فەناھ ئەيلەپدۇرمەن. كېرەكدۇركىم، لوتف ئىھسان پىشە قىلىپ، ئادالەت يولىنى ئىختىيار ئەيلەسەڭ، رەئىيەتلەرغە شادلىق يەتكۇرۇپ، يۇرتنى ئابات قىلغايسەن، دەپ ۋەئزە-نەسىھەت قىلىپ، ئىككىلا ئالەمنىڭ خوپلۇقىغە بەھرىمەند قىلدى. يەنە ئىسلام ئەھلىنىڭ تەرىقىنى ئۇرگەنىپ، ئوز دىنىغە تەئلىم بېرىپ، مۇسۇلمان قىلدى. فىروز شاھ ھەم بۇ سوزلەرنى دىلۇجان بىرلەن يەر ئوپۇپ، قوبۇل ئەيلەدى. دىدىكىم، ئەي شاھى ئالەم، قىلغان ئەمىر-فەرمانىڭنى مىننەتدار بولۇپ تۇتارمەن. جان بىلەن ئۇمىدىم ئولكىم تەڭرى تائالانىڭ ئىستىئانىتى بىلەن دىگەنىڭنى قىلۇرمەن. لېكىن ئۇزۇر ئېيتغالى تىلىم يوقدۇركىم، ئاتامنىڭ قىلغان ئىشلارىدىن خىجىل بولۇر ئېردىم. دىماغى خەلەل تاپىپ، نەسىھەتلەرغە قولاق سالماس ئېردى. ئول جەھەتدىن خاتا ئەيلەپ، شاھ ئالەمنىڭ فەرمانىدىن ئاباد قىلدى. بىسيار نەسىھەتلەرنى قىلىپ ئېردىم، دەۋلەت يانغان سەبەبىدىن ئىشتمەس ئېردى. ئىنشائاللا تەڭرى تائالانىڭ فەزىل كەرەمىدىن ئۇمىدىم بۇدۇركىم، ھەزرىتىڭنىڭ قۇللۇقىنى بەجا كەلتۇرۇپ، ئىنسانلاردىن بەھرەمەند بولغايمەن. ئەگەر قېرىلىقىدىن ئول خاتا قىلغان بولسە، لېكىن مەن ئاتالەرنى بىسيار كورۇپدۇرمەن، ھەرگىز خاتا قىلماسمەن. ئىسكەندەر بۇ سوزنى ئاڭلاپ، ئاتاسىنىڭ مۇلكىدە ئانى شاھ ئەيلەپ، تەخت تاجىنى بەردى. ئەگەر ئاتاسى كۆھەنسال بولۇپ، ناتەۋانلىقىدا كەتسە، ئانىڭ ئورنىدا نەۋجۇۋان ئوغلى قايىم مەقام بولۇپ ئولتۇردى.

ساقىنامە:

ئاياقچى مەڭا جامى پەررانە تۇت،
دىمەي خەرۋانە فەقىرانە تۇت.
ھەمۇل جانىم بولسۇن ماڭا چارە رەس،
كى باشىدىن قىلىپ مەن يىگىتلىك ھەۋەس.
مۇغەننى ھەزىن نەغمە بۇنياد قىل،
يىگىتلىكنىڭ ئايامىنى ياد قىل.
كى ئول نەغمەدىن تازە ھۇشى تاپاي،
ساغىنىپ يىگىتلىكنى ھۇشى تاپاي.
ناۋايى بەسى گەنج ئالدىڭ دەرىخ،
يىگىتلىكنى بەرباد قىلدىڭ دەرىخ.
يىگىتلىكدە يول ئۇردى نەفس ھەۋسۇدە،
نادامەت قېرىلىغىدا ئەمدى نەسۇدە.

بۇ سىددىققە ھەم تۇت مەئى پىرلىق،
مەئى پىرلىق تۇت مەئى پىرلىق.
يىگىتلىك ھەبا ھەدەر كەتتى ئۇل،
بارى خوپلۇقدىن گۇزەر ئەتتى ئۇل.
مەي تۇتكى كەتكەي بارى ھۇشلۇق،
كى ئاندىن ماڭا يەتسە بىھۇشلۇق.
جۇنان قالىمغاي بارۇ يوقدىن ئەسەر،
ئەسەر دىمەكىم بىل، ئەسەردىن خەبەر.

ئۇل غافىل يىگىت ھىكايە تىكىم، ۋاقىف پىر نەسىھەتىن قەدرىن بىلمەدى ۋە ئىش ۋەقتىدىن ئۆتكەندىن سۇڭرە پۇشايمانلىق سۇد قىلمادى.

ئانداغ ئەفسانە ئىشىتتىمكىم، بىر رەئنا قەددىدىلىكەش نەۋجۇۋان يىگىت بار ئىردىكىم، ياشلىقنىڭ تەقەززاسىدىن بىھۇدە ئىشلار قىلىپ، قىش - ياز نەغمە ۋە شاراپ بىلە بولۇر ئىردى. تەرىقەت يولىدا پىر كامىل بىر ھەمسايەسى ئانىڭ قوشنىلىقدىن ئاجىز كېلىپ، دىلپەزىر نەسىھەتلەرنى قىلۇر ئىردى. ئاڭا مائقۇل بولماي، مۇنداغ جاۋاپ بېرۇر ئىردىكىم، يىگىتلىك چاغدا فەراغەت قىلماق، قەرىلىقدا زوھد تائەت قىلماق چاغدۇركىم، ۋەرەئ تەقۋى ۋەقتى ئۇلدۇر، دەپ كوڭلىنى خۇش قىلىپ، بادەنۇشلۇقنى قىلۇر ئىردى. ياشلىقى ئۆتكەندىن كېيىن قۇۋۋەتىنىڭ يوقلۇقىدا ئەمدى ئىبادەت قىلاي دىگەندە، فىسقى فوجۇرنىڭ ئادەتىدىن ھەم زەئىپلىقدىن ئىبادەت قىلالماي، ئەگەر قىلسە ھەم زوق تاپماس، قېرىپ ئۆمرىنىڭ ئاخىرى ۋەقتىدا، ئۇل پىرى كامىل كېلىپ كوردىكىم، ئۇل يىگىتكە نەزئ جان چاغى يېتىپدۇر. ئۇل پىرى كامىل رەھىم ئەيلەپ، باشىدا ئولتۇرۇپ، قىلغان يامان ئىشلاردىن پۇشايمان كورۇپ دىدىكىم، قانچە پەند ــ نەسىھەت قىلىپ دەپ ئىردىم، سەن ئۇناماي، بىجا ئىشلارنى قىلدىڭ، مۇنداغ ئىش ئالدىڭغە كەلمەكنى بىلمەدىڭ. ئۇل دىدى، مۇنداغ تەجرىبە ماڭا يەتمەپ ئىردى، قېرىلىق چاغىمدا، مۇنداغ ئەھۋالدا بولماقىمنى بىلسەم، يىگىتلىك چاغىمدا گۇناھ ئىشلارنى قىلماس ئىردىم. ئۇل پىرى كامىل دىدىكىم، ئاتاڭ شول ھالدا زەئىپ ناتەۋان بولغاي ئىردى، مۇندىن زىيادە تەجرىبە بولۇرمۇ؟ ئىشتكۇچى تەسلىم ۋە تەسەددۇق قىلدى. ھەركىمگە تەڭرى تائالادىن ئىنايەت بولسە، ئۆزگەلەرنىڭ ھالدىن تەجرىبە تاپار.

(داۋامى بار)

لۇغەت

ئا

ئابا ــ ئاتىلار، ئاتا - بوۋىلار

ئارىز ــ كوپىنچە سوزگە ئۇلىنىپ كېلىدۇ

ۋە "پەيدا بولغۇچى، كورۇنگۇچى" دېگەن مەنىلەرگە ئىگە.

ئازمايىش — سىناش، ئىمتىھان
ئاسىپ — زىيان، زەرەر، ئاپەت، كۆلپەت
ئانچۇنان — شۇنىڭدەك، شۇنىڭغا ئوخشاش
ئافاق (ئۇفۇق) — جاھان، ئالەم
ئاستان بوسلۇقۇمنى — بوسۇغامنى سويۇشنى
ئاخىرۇلئەمر — ئاخىرى

ب

بارە — 1) ھەققىدە 2) قەلئە 3) ئات
باخىرەد — ئەقىللىق. دانا
بىسارەت — كوز قارچۇغى
بەرەھنە — 1) كىيىم - كېچەكسىز 2) يوقسۇل
بەرم — 1) ئەستە ساقلاش 2) مەھكەم
بەرزەخ — ئىككى نەرسە ئارىلىغىدىكى قوشقۇچى ياكى ئاجراتقۇچى نەرسە
بەھبۇد — 1) ياخشىلاش، ئوزگەرتىش 2) بەخت، پاراۋان
بەيتۇلمۇقەددەس — قۇددۇس شەھرى
بەرھەم — ئاستىن - ئۈستۈن

پ

پايىبۇس — 1) تازىم، ھورمەت 2) بويسۇنۇش
پايدار — ئاساسلىق، مەھكەم، دائىمى
پىشداد — تارىختىكى ئىران ئىمپىراتورلىغى پىشادا سۇلالىسىنى تىكلىگەن پادشانىڭ نامى
پىشنىھاد — توھپە، تارتۇق
پۇشتى بەرپۇشت — ئاتىدىن - ئاتىغا، ئەۋلاتتىن ئەۋلاتقىچە
پەدرۇد — ۋىدالىشىش، خوشلىشىش
پەركەند — پارچە - پۇرات، بولەك

ت

توشە — ئوزۇق - تۈلۈك، يول ئوزۇغى
تەرەب — خوشاللىق، شاتلىق.

تەزەرۋ — كەكلىك، قىرغاۋۇل

تەسخىر — قولغا ئېلىش، ئۆزىگە قارىتىش، رام قىلىش

تەسەررۇپ — ئۆز ئىختىيارىغا ئېلىش

تەۋانگەر — كۈچلۈك، قۇۋۋەتلىك، باي، دولەتلىك

تەۋەللۇد — تۇغۇلۇش، دۇنياغا كېلىش

تىير باران — ئوق ياغدۇرۇش

تەۋفىق — مۇۋاپىق ياردەم، مەدەت.

ج

جان فىشانلىق — جان پىدالىق

جەرم — گەۋدە، بىر نەرسىنىڭ بارلىغى (شەكلى)

جەشن — مۇراسىم، بايرام، زىياپەت

جۇببە - جامە — كىيىم - كېچەك

جۇيەندە — ئىزدىگۈچى، قېدىرغۇچى، تەلەپ قىلغۇچى

جۇبىجۇ — بىردىن - بىر، ئىنچىكىلەپ، مۇپەسسەل

جۇنبۇش — قىمىرلىماق، ھەركەت، قوزغىلىش

چ

چابۇك — چاققان، تېز، چەۋەنداز

چاۋۇش — ھۇدەيچى (ئەرزگە كەلگەن كىشىلەرنى شاھقا خەۋەر قىلغۇچى) ئىشىك ئاغىسى، لەشكەر بېشى

چەرىخ مىنا — كوك ئاسمان

خ

خۇدمەن — مەن ئۆزەم

خۇتۇر — كوڭۇلگە كېلىش، ئەسلەش، يادىغا كېلىش

خەشمناك — ئاچچىقلانغان، غەزەپلىك

خەر موھرە — مۇنچاق

ھ

ھەرەج — قىينچىلىق، مۇشكۇللۇك

ھەسەپ — نەسىل، نەسەپ، نام، ئابروي

AltunOq

ھەۋادىسات — ھادىسلەر، ۋاقىئەلەر

ھەمنىش — ھەمسوھبەت، بىللە ئولتۇرغۇچى

ھەنگام — پەيت، چاغ، غەنىمەت

ھوققە — پارتلىغۇچ (بومبا)

ھۇسۇد — ھەسەتخور، كورەلمەس

د

دەرەفتادەن — ھۇجۇم قىلىش، تالىشىش

دەقىق — ئەستايىدىل، توغرا، دەل

دەۋۋۇم — ئىككىنچى قېتىم

دوچەند — ئىككى باراۋەر

ر

رەز — تەك، ئۈزۈم

رەزالەت — پەسكەشلىك، پەس تەبىئەتلىك

رەش — توغرا يول تاپقان

رەھشۇناس — يول بىلگۈچى، يول تاپقۇچى

رەجەپ — ھىجرىيە 7 - ئاي

رەست — قۇتۇلۇش

رۇجۇئ — ئالەمدىن كېتىش، مۇراجەت قىلىش

رۇھ — شاخمەت تاشلىرىنىڭ بىرى، ئوفېتسىرگە تەڭ

ز

زايىل (زائىل) — يوقىلىش، تۈگىشىش

زەرئەفشان — زەر (ئالتۇن) چاچقۇچى

زەرق — ماي ۋە سوغاقلىق قاچىلايدىغان ئىدىش

زەمىرە — قەلب، يۈرەك، دىل، يوشۇرۇن ئوي - پىكىر

س

سەركەش — ئىتائەتسىز، باشباشتاق، قامەتلىك

سەلاتىن — سۇلتانلار، پادىشالار

سوبۇكبار — چاقچان، يەڭگىل

سەنج — سوز بىردىكمىسىدە "ئولچىگۇچى" مەنىسىدە كېلىدۇ

## ش

شەترەنج — شاخمەت

شۇگۇفتە — غەلىتە، چوچىتەرلىك

## ق

قەرى — ئۇزۇنلۇق ئولچىمى

قۇرس — دۇگىلەك شەكىلدىكى نەرسە

## ف

فائىل — ئىشلىگۇچى، بېجىرگۇچى

فۇرخەندەراي — دانا

فۇرۇز — ياندۇرغۇچى، ياقىۇچى

فۇسۇنرىز — ئەفسۇن يازغۇچى

فەزەئ — قورقۇنچ، ۋەھىمە، سەۋرى - تاقەتسىز

فەراموش — ئۇنتۇلۇش

فەساد — بۇزۇلۇش، بۇزۇقچىلىق، تەرتىپسىزلىك

## ك

كوس — دۇمباق (مىستىن ياسالغان)، چوچۇش

كوهۇلەت — ئادەمنىڭ ئوتتۇرا ياشلىق دەۋرى

كوشايلىق — شاتلاندۇرۇش، خوشال قىلىش

كەد خۇدا — ئەركىشى، هوكۇمران

كىيانى — خاندانلىقنىڭ، پادىشا ئائىلىسىنىڭ

## گ

گەرم — يېقىملىق، قىزغىن، ئوچۇق چىراي، تېز

گۇزىر — چارە - تەدبىر، قېچىش

گۇزەرگاھ — ئوتىدىغان جاي

گۇزەن — تاللانغان، خىللانغان

گۇنجايىش — سىغدىغان

گۇشمال — قۇلاقنى بۇراش، تەنبىھ، جازالاش
گۇلبۇن — گۇل دەرىخى.

ئى

ئىرجەئى — ئۇلۇم بۇيرىغى
ئىئزار — ئىززەت قىلىش، هورمەت قىلىش
ئىختىتام — تامام بولۇش
ئىپتىلا — مەپتۇن بولۇش، بېرىلىش
ئىتاپ — قەهرى - غەزەپ، ئاچچىق
ئىكرام — ئىززەت، هورمەت
ئىنتىساپ — تېگىشلىك، تەئەللۇق
ئىستىشمام — پۇراش
ئىستىئانەت — ياردەم تەلەپ قىلىش
ئىتىدال — نورمال، ئوتتاهال

ل

لايە — يىپەك رەختىن تىكىلگەن تون
لۋايى (لەۋايىە) — ئوچۇق، يورۇق
لەكەد كۇب — تېپىش، تېپىپ يانجىش
لەفز — ئاغزاكى سۆز، ئىپادە

م

مىلەك — مىللەتلەر
مىزبان — مېهمان كۇتكۇچى، ئۆي ئىگىسى
مىرغىزار — ئوتلاق، يايلاق
مەرقۇم — يېزىلغان، پۈتۈلگەن
مەدىد — سوزۇلغان، ئۇزاققا تارتىلغان
مەۋاجىب — مائاش (ئايلىق)
مەزدرەت — كەچۈرۈم سوراش
مەهزى — خالىس، ساپ، تازا، نوقۇل، يالغۇز
مۇدەۋۋەر — يۇمىلاق، دۈگىلەك
مۇسەللەم — گۇمانسىز، ئېنىق، تاپشۇرۇلغان

مۇشامەئ — يامغۇر ۋە سۇ ئۆتكۈزمەيدىغان پەردە

مۇنقەتئ — ئاجرالغان، كېسىلگەن، ئۈزۈلگەن

مۇنتەفى — ئۆچكەن، سۇنغان، تۈگىمەك

مىنقاد — بويسۇنغۇچى، ئىتائەت قىلغۇچى

مۇجمەلات — ئىخچام قىلىپ دېيىلگەن سوزلەر

مۇخالىپەت — كېلىشمەسلىك، قارىمۇ - قارشىلىق

مۇسادىقەت — سەممىيەت، سەممىي دوستلۇق

مۇزدى — ياللانغان، مەدىكار

مۇھىت — ئىھانە قىلىنغان، زور دىڭىز

مۇشابەھ — ئوخشۇتۇلغان، ئوخشۇتۇش

مۇخ — ئىلىك، ھەر بىر نەرسىنىڭ خۇلاسىسى

## ن

نافئ — پايدىلىق، مەنپەئەتلىك

نايدىپ — قىسمەت باھا، كام ئۇچرايدىغان، تېپىلغۇسىز

نىسار — چاچماق، چاچقۇ (ھورمەتلىك كىشىلەر بېشىدىن گۈل ياكى تەنگە چېچىش)

نىيابەت — ئىز باسار، ئورۇنباسار

نىژاد — نەسىل - نەسەپ، كېلىپ چىقىش

نىكبەخت — بەختلىك، تەلەيلىك، بەختىيار

نەزئ — جاننى ئېلىش، ئېلىش

نەزئ ھالىتى — ئۆلۈش ۋاقتى

نەھۇسەت — شۇملۇق، نەسلىك، بەختسىزلىك

نەفر — كارناي، ئاۋاز، نالە - پەريات

نەقس — لەخمە، توشۇك، بىرەر جامائە ياكى قەبىلىنىڭ ئەتىۋارلىق كىشىسى

نەقدىيە — نەق پۇل. ئەنئەنەت

## ۋ

ۋاجىبۇل — ئىتائەت قىلىش زورۇر بولغان

ۋەرئ — مەنئى قىلىنغان ئىشلاردىن ئۆزىنى تارتىش، پەرھىز تۇتماق

ۋەلادەت — تۇغۇلماق

ۋۇقۇئ — بىرەر ۋاقىئەنىڭ سادىر بولىشى. پەيدا بولۇش

ئو

ئوزار — يۈز، چىراي
ئولۇق — تاماق

ئە

ئەسەد — ئارىسلان، يولۋاس
ئەدەد — سان، ساناق
ئەنداز — سوزگە ئۇلىنىپ كېلىپ: ئاتقۇچى، سالغۇچى، تاشلىغۇچى
دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ
ئەنبۇھ — كوپ، جىق، تولا
ئەجمال — ئەڭ گۈزەل، بەك چىرايلىق
ئەخزەر — يېشىل، كوك
ئەينەيىن — ئىككى كوز
ئەۋرەڭ — تەخت
ئەينۇل - يەقىن — بىرەر ھادىسىنى كوز بىلەن كورۇپ ئېنىق بىلىش

ي

يەسال — گۈلتاج



# سىرلىق چىراق

بۇرۇنقى زاماندا، ھەسەن دىگەن بىر كەمبەغەل ماشىنچى بولۇپ، ئۇنىڭ خوتۇنى ۋە ھالاۋىدىن ئاتلىق بىرلا ئوغلى بار ئىكەن. ھالاۋىدىن ئون ياشقا كىرگەندە، ماشىنچى "بالامۇ ماڭا ئوخشاش ماشىنچى بولسۇن" دەپ ئويلاپ، ئوغلىغا ھۈنىرىنى ئۆگىتىشكە باشلاپتۇ. لىكىن ھالاۋىدىننىڭ بۇ ھۈنەرنى ئۆگەنگىسى كەلمەپتۇ. ئۇ دادىسى دۇكاندىن چىقىپ كەتسىلا كوچىغا چىقىپ باللار بىلەن ئويناپتۇ. بۇ ئەھۋالنى بىلگەن دادىسى ھالاۋىدىنغا نەسىھەت قىپتۇ، ھەتتا ئۇنى تىللاپتۇ، جازالاپتۇ. لىكىن، ھالاۋىدىن شوخلۇق ۋە ئويۇنچىلىقنى تاشلىماپتۇ. ماشىنچى خاپىلىق دەردىدىن كىسەل بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۆلۈپ كىتىپتۇ. ماشىنىچىنىڭ خوتۇنى ئۆيىدىكى مال - مۈلكىنىڭ ھەممىسىنى دىگۇدەك سىتىپ خىراجەت قىپتۇ، يىپ ئىگىرىپ سىتىپ كۈن ئۆتكۈزۈشكە باشلاپتۇ. ئارىدىن بەش يىل ئۆتۈپتۇ، ھالاۋىدىن ئونبەش ياشقا كىرىپتۇ. بىر كۈنى ھالاۋىدىن كوچىدا باللار بىلەن ئويناۋاتقاندا، بۇلارنىڭ يىنىغا يىپەك چاپان كىيگەن، سۇتتەك ئاق سەللە ئورىغان بىر ئادەم كەپتۇ ۋە ھالاۋىدىنغا كۆزىنىڭ قىرىنى سىلىپ كۈلدە: "مۇشۇ دەل مەن ئىزلەپ يۈرگەن بالا ئىكەن، ئاخىرى تاپتىم" دەپتۇ. بۇ مەغرۇپتا تۇرىدىغان ئادەم ئىكەن. ئۇ ھالاۋىدىننىڭ قىشىغا كىلىپ:

— سەن ھەسەن ماشىنىچىنىڭ ئوغلىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھەئە، دەپتۇ ھالاۋىدىن.

مەغرۇپتىن كەلگەن ئادەم ھالاۋىدىننى قۇچاقلاپ ھۆكۈرەپ يىغلىۋىتىپتۇ.

— ئەي ھالاۋىدىن، مەن سىنىڭ تاغاڭ، داداڭنىڭ ئىنىسى بولىمەن، — دەپتۇ ئۇ، — تۆرت يىللاردىن بىرى چەتئەلدە يۈرگەچ رەمەتلىك ئاكامنى كۆرگىنىم يوق. ئەمدى سىلەرنىڭ شەھىرىڭلارغا ئاكامنى كۆرەي دەپ كەلگەن ئىدىم، بىراق ئۇ ئۆلۈپ كىتىپتۇ. مەن سىنى كۆرۈپلا تونىۋالدىم. چۈنكى سەن داداڭغا قۇيۇپ قويغاندەكلا ئوخشايدىكەنسەن .....

ھالاۋىدىننىڭ "تاغىسى" ئۇنىڭ قولىغا ئىككى ئالتۇن تەڭگە تۇتقۇزۇپ:

— بۇ پۇلنى ئاناڭغا بەر ۋە دادامنىڭ ئىنىسى كەپتۇ، ئەتە كەچتە بىزنىڭ ئۆيگە كىلىدۇ، دىگىن، — دەپتۇ.

ھالاۋىدىن ئۆيگە كىرىپ ئانىسىغا بۇ ئەھۋاللارنى سۆزلەپ بىرىپتۇ.

— نىمە دەۋاتىسەن؟ — دەپتۇ ئانىسى. — داداڭنىڭ ئىنىسى يوق ئىدى، ئۇنداق تاغاڭ نەدىن پەيدا بولۇپ قاپتۇ؟

— سەن ماڭا تاغاڭ يوق دەۋاتامسەن؟ — دەپتۇ ھالاۋىدىن قاتتىق ۋاقىراپ، — مانا ئۇ ماڭا ئىككى ئالتۇن تەڭگە بەردى، ئەتە كەچتە بىزنىڭ ئۆيگە كەلمەكچى!

ھالاۋىدىننىڭ ئانىسى ئەتىسى ياخشى تاماق تەييارلاپ مىھماننىڭ يولىغا قاراپتۇ. ھالاۋىدىنمۇ ئەتىگەندىن كەچكىچە ئۆيدىن چىقماي تاغىسىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ. كەچ كىرگەندە بىرسى ئىشىكنى قىقىپتۇ، ھالاۋىدىن يۈگرەپ چىقىپ دەرۋازىنى ئاچسا، دىگەندەك "تاغىسى" ئىكەن. ئۇ ئۆيگە كىرىپ ھالاۋىدىننىڭ ئانىسى بىلەن تىچلىق - ئامانلىق سوراشقاندىن كىيىن:

— ئەجەپلەنمەڭ، مەن بۇ يەردىن 40 يىل ئىلگىرى چىقىپ كەتكەن ئىدىم. ھىندىستان،

ئەرەپ ئەللىرى ۋە باشقا تۈرغۈن مەملىكەتلەردە بولدۇم، جاھان كەزدىم. ئاخىرىدا تۇغۇلغان يېرىمنى سېغىنىپ ئۆز ئۆزەمگە: "سېنىڭمۇ ئاكاڭ بار، بەلكىم ئۇ كەمبەغەلدۇر، سەن شۇكۈنگىچە ئۇنىڭغا ھىچبىر ياردەم قىلمىدىڭ، ئۇنداق قىلماي، ئاكاڭنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭ ھال - ئەھۋالىنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرگىن، ھالىدىن خەۋەر ئالغىن!" دېدىم. شۇنداق قىلىپ كېچە ۋە كۈندۈز يول يۈرۈپ ئاخىرى سىلەرنى تاپتىم. مانا ئەمدى ئاكام ئۆلۈپ كەتكەن بىلەن ئۇنىڭ ئورنىغا ئىش قىلىدىغان ئوغلىنى كۆرۈپ ئولتۇرۇپتىمەن.

— ئۇنداق بولسا ناھايىتى ياخشى، — دەپتۇ ھالاۋىدىنىنىڭ ئانىسى، — بۇ بەكمۇ ھوررۇن بالا بولۇپ قالدى. ئۆزلىرى ھېچ بولمىغاندىمۇ بۇ بالىنى ماڭا يار - يۆلەك بولۇشقا كۆندۈرۈپ بەرسىلە ئوبدان بولاتتى!....

— غەم قىلماڭ، — دەپتۇ ھالاۋىدىنىنىڭ "تاغىسى" — ئەتە بىز ھالاۋىدىن ئىككىمىز بازارغا بارىمىز. مەن ئۇنىڭغا چىرايلىق كىيىم - كېچەك ئېلىپ بېرىمەن - دە، بىر سودىگەرگە شاگىرتلىققا بېرىمەن. ئۇ سودا ئىشىنى ئۆگىنىپ ئالغاندىن كېيىن، مەن ئۇنىڭغا دۇكان ئېچىپ بېرىمەن. ئۇنىڭ ئۆزى سودا قىلىپ بېيىپ كېتىدۇ. "تاغىسى" قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، ھالاۋىدىن تېزرەك تاڭ ئېتىشنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈپ ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. تاڭ سوزۇلۇپ كېلىۋاتقان مەزگىلدە، ئۇ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ تاغىسىنى كۈتۈپ ئېلىش ئۈچۈن تاشقىرىغا چىقىپتۇ. "تاغىسى" ھايال قالماي كەپتۇ، ئۇ ئالدى بىلەن ھالاۋىدىننى مۇنچىغا ئاپىرىپ پاكىز يۇيۇندۇرۇپ چېچىنى ئالدۇرۇپتۇ. قەنت سالغان يەمىش سۈيىنى ئىچكۈزۈپ ئۇسسۇزلۇغىنى قاندۇرۇپتۇ، ئاندىن كېيىن ھالاۋىدىننى ئەگەشتۈرۈپ بىر دۇكانغا كىرىپ، ھالاۋىدىنغا سېرىق، يېشىل يوللۇق قىسقا چاپان، قىزىل دوپپا ۋە ئىگىز پاشنىلىق ئۆتەك ئېلىپ بېرىپتۇ ۋە دۇكاندىن چىقىپ ھالاۋىدىننى ئەگەشتۈرۈپ بازار ئارىلاپ شەھەرنىڭ سىرتىدىكى قېلىن بىر جاڭگاللىققا قاراپ مېڭىپتۇ. بۇ ۋاقىت چۈش مەزگىلى بولۇپ قالغان ئىكەن، ئەتىگەندىن بېرى غىزا يىمىگەن ھالاۋىدىنىنىڭ قورسىقى ئېچىپ ھېرىپ ماغدۇرى ئۈزۈلۈپ قاپتۇ. لېكىن ھالاۋىدىن بۇنى ئېيتىشقا ئىزا تارتىپ، ھىچنىمە دېمەستىن مېڭىۋېرىپتۇ. ئاخىرى چىدىيالماي:

— تاغا، بىز قاچان تاماق يەيمىز؟ — دەپ سوراپتۇ، — بۇ ئەتراپتا ھېچ بىر دۇكان يوق، يا شەھەردىن بىر نەرسە ئالمىدۇق، قولۇڭدا قۇرۇق قاپتىن باشقا نەرسە يوق، — دەپتۇ.

— سەن ئاۋۇ ئىگىز تاغنى كۆرۈۋاتامسەن؟ — دەپتۇ ھالاۋىدىنىنىڭ "تاغىسى" مېنىڭ شۇ تاغنىڭ ئېتىگىگە بارغاندا دەم ئېلىپ، تاماق يېگىم بار ئىدى، لېكىن سېنىڭ قورسىقىڭ بەك ئېچىپ كەتكەن بولسا مۇشۇ يەردە تاماق يىسەكمۇ بولىدۇ.

— سەن ئۇ تاماقنى نەدىن ئالىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ ھالاۋىدىن ئەجەپلىنىپ.

— تاماقنى ھازىرلا كۆرىسەن، — دەپتۇ ھالاۋىدىنىنىڭ "تاغىسى".

ئۇلار بىر بۈك - باراقسان ئىگىز دەرەخنىڭ تۈۋىگە بېرىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئاندىن ھالاۋىدىنىنىڭ "تاغىسى":

— ھازىر سېنىڭ قانداق تاماق يېگىڭ بار؟ — دەپ سوراپتۇ. ھالاۋىدىنىنىڭ ئانىسى ھەركۈنى چۈشتە كەندىر يېغى بىلەن پۇرچاق قايناتىپ بېرىدىكەن، قورسىقى رەيادە ئاچقان ھالاۋىدىن ئويلاپ تۇرمايلا؛

— ماڭا ياغ بىلەن قايناتقان پۇرچاق بەرگىن، — دەپتۇ.
— سىنىڭ قورىغان توخۇ گوشى يىگىڭ كەلمەمدۇ؟
— ياھ، كېلىدۇ، — دەپتۇ ھالاۋىدىن قاتتىق ۋاقىراپ، — لېكىن ئۇ تاماقلارنى نەدىن ئالىسەن تاغا؟
— دەل مۇشۇ قاپنىڭ ئىچىدىن، — دەپتۇ ھالاۋىدىنىنىڭ "تاغىسى". ئۇ قاپنىڭ ئاغزىنى ئېچىپتۇ. ھالاۋىدىن قاپقا قاراپتۇ. بىراق قاپنىڭ ئىچىدە ھېچ نەرسە يوق ئىكەن.
— قورىغان توخۇ گوشى نەدە؟ — دەپتۇ ھالاۋىدىن.
— مانا، — دەپتۇ ھالاۋىدىنىنىڭ "تاغىسى" ۋە قاپنىڭ ئىچىدىن بىر تەخسە قورۇلغان توخۇ گوشى ئاپتۇ. يەنە كەينى - كەينىدىن بال سىلىنغان پولۇ، قورۇلغان پۇرچاق، ئۈزۈم، ئانار، ئالما قاتارلىق يىمەكلىكلەرنى ئېلىشقا باشلاپتۇ. ھالاۋىدىن بۇ سىرلىق قاپقا تىكىلىپ قاراپلا قاپتۇ.
— يە، — دەپتۇ مەغرىپلىق كىشى ھالاۋىدىنغا، — بۇ قاپتا ھەرخىل تاماق بار، بۇ قاپقا قولۇڭنى تەككۈزۈپلا: "قوي گوشى يىگىم كېلىدۇ، ياكى پوشكال يىگۈم كېلىدۇ" دىسەڭ شۇ تاماقلار ئالدىڭدا تەييار بولىدۇ.
— بۇ نىمە دىگەن كارامەت؟ — دەپتۇ ھالاۋىدىن، — مىنىڭ ئانامنىڭ قولىدىمۇ شۇنداق قاپ بولسا نىمە دىگەن ياخشى بولاتتى - ھە!؟
— ئەگەر مىنىڭ ئېيتقىنىمنى قىلىدىغان بولساڭ، — دەپتۇ مەغرىپلىق كىشى، — ساڭا نەچچە تۈرلۈك قىممەتلىك سوغا تەقدىم قىلىمەن. ئەمدى ماۋۇ قەنت سالغان ئانار سۈيىنى ئىچىپ ئۇسسۇزلۇغۇڭنى قاندۇرۇۋال، ئاندىن كېيىن ئالدىمىزغا قاراپ ماڭايلى.
— نەگە بارىمىز؟ — دەپ سوراپتۇ ھالاۋىدىن، — بىرنەچچەدىن، ھېرىپ قالدىم. ئىككىنچىدىن، كەچ كىرىپ ئۆيگە قايتىدىغان ۋاخ بولۇپ قالدىغۇ؟
— ياق، — دەپتۇ ھالاۋىدىنىنىڭ "تاغىسى"، — بۈگۈن بىز ئاۋۇ گورۇنگەن تاققا يىتىشىمىز كېرەك. ئۆيگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن مەن ساڭا مۇشۇ سىرلىق قاپنى سوغا قىلىپ بېرىمەن.
ھالاۋىدىنىنىڭ ئالدىغا قاراپ ماڭغۇسى كەلمەپتۇ، لېكىن قاپنىڭ گىپىنى ئاڭلاپ، ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ ماقۇل بولۇپتۇ.
ھالاۋىدىنىنىڭ "تاغىسى" ئۇنى قولىدىن يىتىلەپ تاغ تەرەپكە ئېلىپ مىڭىپتۇ، ئۇلار ماڭا - ماڭا كۈن ئولتۇرۇپ گۇگۇم چۈشكەندە تاغنىڭ ئېتىگىگە يىتىپ كەپتۇ.
— قۇرۇق شاخ تىرىپ كەلگىن، ئوت يىقىش كېرەك. ئوت يېقىلغاندا مەن ساڭا ھېچ كىشى كورمىگەن بىرنەرسىنى كورسىتىمەن، — دەپتۇ ھالاۋىدىنىنىڭ "تاغىسى".
ھالاۋىدىن "ھېچ كىشى كورمىگەن نەرسە"نى كورۇشكە ئالدىراپ، ھارغانلىغىنىمۇ ئۇنتۇپ ئالدىراشلىق بىلەن شاخ تىرىپتۇ. ئۇنىڭ "تاغىسى" ئوت يېقىپ، قويىنىدىن بىرقۇتا بىلەن كىچىككىنە ئىككى تاختاي ئاپتۇ ۋە:
— ھەي ھالاۋىدىن، سىنى ۋە ئاناڭنى بايلىق دىگەنگە كومۇۋەتكىم كېلىدۇ. شۇڭا سەن مىنىڭ ئېيتقانلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ئورۇنلىغىن، — دەپتۇ ۋە ئۇۋۇتۇلغان كىچىككىنە نەرسىنى ئوتقا سىپىپتۇ، رەڭلىك يالقۇن لاۋىلداپ ئاسمانغا كوتىرىلىپتۇ.

— ھالاۋىدىن ياخشى تىڭشا ، — دەپتۇ ھالاۋىدىننىڭ "تاغىسى"، — مەن ھازىر ئۇتقا قاراپ دەم سېلىشقا باشلايمەن. مەن دەم سېلىپ بولۇشۇم بىلەنلا ئالدىمىدىكى يەر يېرىلىدۇ. شۇ ۋاقىتتا سەن مىس قۇلاقلىق يوغان بىر تاشنى كورىسەن. سەن قۇلىغىدىن تۇتۇپ تاشنى كوتىرىسەن. تاشنىڭ ئاستىدا ئوڭكۇر ۋە تار پەلەمپەي كورىنىدۇ. سەن شۇ پەلەمپەي بىلەن توۋەنگە چۈشكەيسەن، ئالدىڭغا بىر ئىشىك ئۇچرايدۇ، شۇ ئىشىكتىن كىرىپ ئىلگىرىلەپ مېڭىۋەرسەڭ، ئاجايىپ قورقۇنۇچلۇق ياۋايى ھايۋانلارغا دۇچ كېلىسەن. ليكىن سەن ئۇلاردىن قورقما. چۈنكى سەن ئۇلارغا قولۇڭنىڭ ئۇچىنى تەككۈزۈپلا قويساڭ يىقىلىپ چۈشۈپ ئولىۋېرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن سەن ئۈچ ئويدىن ئوتىسەن، توتىنچى ئويدە بىر مايمۇن بار. مايمۇن سىلىق سوزلەپ كېلىپ ساڭا قاراپ ئېتىلىدۇ. مايمۇننى ئوزەڭگە يېقىنلاشتۇرما. چۈنكى، ئۇ ساڭا بىرلا سۈركۈشۈپ كەتسە قارا تاش بولۇپ قالىسەن. توتىنچى ئوينىڭ ئۇيان تەرىپىدە بىر چوڭ باغ بار. شۇ باغدىن ئوتۇپ باغنىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى بىر ئىشىكنى ئاچ. كېيىن ئالتۇن بىلەن ئىسىل تاشلارغا لىق تولغان چوڭ بىر ئوينى كورىسەن، سەن نىمە خالىساڭ شۇنى ئال. ماڭا پەقەت ئوينىڭ ئوڭ بۇلۇڭىدىكى تامغا ئېسىلغان كونا مىس چىراقنىلا ئالغاچ چىقساڭ بولىدۇ. ساڭا مەن بۇ سىرلىق قاپنى سوغا قىلىپ بېرىمەن. بۇ ئۈزۈك قايتىشىڭدا سېنى ھەممە بالا - قازالاردىن ساقلايدۇ.

ئۇ شۇنداق دەپ ھالاۋىدىننىڭ چىمچىلاق قولىغا كىچىككىنە پاقىراپ تۇرغان ئۈزۈكنى سېلىپ قويۇپتۇ. "ئاجايىپ قورقۇنۇچلۇق ھايۋانلار بىلەن ھەر تۈرلۈك بالا- قازالار ئۇچراپ تۇرىدۇ" دېگەن سوزلەرنى ئاڭلاپ ناھايىتى قورققان ھالاۋىدىن" تاغىسى" غا :

— ھەي تاغا، يەرنىڭ تېگىگە نىمىشقا ئوزەڭ چۈشمەيسەن؟ شۇ چىراقنى ئېلىشقا ئوزەڭ چۈشكىن، مېنى ئويۈمگە ئاپىرىپ قويغىن ، — دەپتۇ.

— ئۇنداق دىمە ، — دەپتۇ ھالاۋىدىننىڭ "تاغىسى" — بۇ غەزىنىگە سېنىڭدىن باشقا ھېچكىم ئېرىشەلمەيدۇ. بۇ دەپىنە — دۇنيانىڭ يەر ئاستىدا ياتقىنىغا بىر نەچچە يۈز يىللار بولدى. ئۇ پەقەت ھەسەن ماشىنىچىنىڭ ئوغلى ھالاۋىدىن ئاتلىق بالىنىڭلا قولىغا كىرمەكچى. سەن مېنىڭ ئېيتقىنىمنى قىل، بولمىسا ساڭا ياخشى ئاقىۋەت بولمايدۇ.

ھالاۋىدىن ناھايىتى قورقۇپ كېتىپتۇ ۋە :

— ماقۇل، مەن ساڭا چىراقنى ئېلىپ چىقىپ بېرەي، لېكىن، سەن ۋەدەڭدە تۇر، ماڭا قاپنى سوغا قىل، — دەپتۇ.

— ۋاي - ۋۇي سوغا قىلمەن دىگەنىدىكىن سوغا قىلىمەنغۇ، ئاخىر! — دەپتۇ ھالاۋىدىننىڭ "تاغىسى" غەزەپلىنىپ.

ئاندىن كېيىن ئۇ كىشى ئوتقا بىر ئاز ئوۋۇتۇلغان نەرسىنى چېچىۋېتىپ دەم سېلىشقا باشلاپتۇ. ئوقۇغانسېرى ئاۋازى كوتىرىلىپتۇ. ئۇ ئەڭ ئاخىرقى سوزنى قاتتىقراق ۋاقىراپتۇ. دەل شۇ چاغدا يەر - زىمىننى زىل - زىلىگە كەلتۈرگىدەك ئاۋاز چىقىپ يەر يېرىلىپتۇ. ھالاۋىدىننىڭ "تاغىسى" "تاشنى كوتىرىپ بېرى ئال" دەپتۇ. ھالاۋىدىننىڭ كوزى پۇتىنىڭ ئاستىدا ياتقان مىس قۇلاقلىق يوغان تاشقا چۈشۈپتۇ. ئۇ، تاشنىڭ قۇلىغىدىن چىڭ تۇتۇۋېلىپ ئالدىغا تارتىپ ئاپتۇ. دىگەندەك، تاشنىڭ ئاستىدا ئاغزى يۇمىلاق، كەڭ ئوڭكۇر، ئوڭكۇرنىڭ توۋىنىدە تار پەلەمپەي كورۇنۇپتۇ - دە، پەلەمپەينىڭ

ئەڭ يۇقۇرى قىسمىغا سەكرەپ چۇشۇپتۇ.

— ئەمدى مېڭىۋەر، لېكىن چاپسانراق يېنىپ چىققىن! — دەپتۇ "تاغىسى".

هالاۋىدىن ئالمان- تالمان تۇۋەنگە چۇشۇپ كېتىپتۇ. تۇۋەنگە چۇشكەنسېرى قاراڭغۇلۇشۇپتۇ، لېكىن، ئۇ توختىماي ئالدىغا قاراپ مېڭىۋېرىپتۇ. پەلەمپەينىڭ ئەڭ تۇۋەنكى پەشتىغىغا يەتكەندە هالاۋىدىننىڭ ئالدىنى بىر تومۇر ئىشىك توسۇپتۇ. ئۇ تومۇر ئىشىكنى ئېچىپ كەڭ بىر ئۆيگە كىرىشى بىلەنلا يولۋاس تېرىسى يېپىنچاقلىۋالغان بىر سۇرلۇك زەنگى كورۇنۇپتۇ. زەنگى هېچبىر گەپ- سوز يوقلا هالاۋىدىننىغا ئېتىلىپتۇ. لېكىن ئۇ هالاۋىدىننىڭ قولىنىڭ ئۇچى تېگىپ كېتىش بىلەنلا قاپاق تېرەكتەك ئورۇلۇپ جان ئۇزۇپتۇ. هالاۋىدىن بەك قورقۇپ كېتىپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ، ئالدىغا قاراپ مېڭىۋېرىپتۇ. ئۇ ئىككىنچى ئىشىكنى ئېچىپ كىرىشى بىلەنلا بىر ئارسلان ئاغزىنى يوغان ئېچىپ هالاۋىدىنغا ئېتىلىپتۇ. لېكىن، ئۇنىڭ ئالدىنقى بىر پۇتىنىڭ تاپىنى هالاۋىدىننىڭ بېشىغا سەل- پەللا تېگىپتۇ- دە، پالاققىدە چۇشۇپ ئولۇپ قاپتۇ. هالاۋىدىننىڭ ئەرۋايى قىرىق گەز ئۇچۇپ، بەدىنىدىن مۇزدەك تەر قۇيۇلۇپتۇ، شۇنداق بولسىمۇ مېڭىشىنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىپتۇ. ئۇچىنچى ئىشىككە بېرىپ ئىشىكنى ئېچىشىغىلا ئۇنىڭ قۇلىغىغا كارامەت بىر خىل ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. قارىسا ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىككى ئەژدىهار ياتقان ئىكەن، ئۇلار بېشىنى كوتىرىپ تىلىنى چىقىرىپ هالاۋىدىننىڭ ئالدىغا كەپتۇ. لېكىن ئەژدىهارنىڭ تىلىنىڭ ئۇچى هالاۋىدىننىڭ قولىغا تېگىشى بىلەنلا ئۇلار ئولۇپ قاپتۇ. هالاۋىدىن تۇتىنچى ئىشىككە كېلىپ ئىشىكنى ئاۋايلاپ قىيا ئېچىپ قارىسا، بېشىدىن- ئايىغىچە يېپىنچا ئورۇۋالغان كىچىككىنە بىر مايمۇندىن باشقا هېچ نەرسە كورۇنمەپتۇ. مايمۇن هالاۋىدىننى كورۇپ قاپتۇ- دە، ۋاقىراپ ئېتىلىپتۇ ۋە:

— سادىغاڭ كېتەي، سالام هالاۋىدىن، ئاخىر يېتىپ كەپسەنغۇ؟ مۇنۇ قاپ- قاراڭغۇ يەر ئاستىدا مەن سېنى ئۇزۇندىن بېرى كۇتكەن ئىدىم، — دەپتۇ، بۇ مايمۇن هالاۋىدىننىڭ كوزىگە خۇددى ئوز ئانىسىدەك قىياپەتتە كورۇنۇپتۇ. مايمۇن هالاۋىدىننى قۇچاغلىغىلى كەپتۇ. مايمۇن ئەمدى قۇچاغلاي دەپ ئىنتىلگەن ۋاقىتتا، هالاۋىدىن "تاغىسى" نىڭ: "مايمۇنغا تېگىپ كەتسەڭ قارا تاش بولۇپ قېتىپ قالىسەن" دېگەن سوزىنى يادىغا ئاپتۇ- دە، كەينىگە داجىپ ئىشىكنى يېپىۋاپتۇ ۋە بىر ئاز توختاپ ئىشىكنى سەل قىيا ئېچىپ قارىسا، ئۇ ئۆيدە هېچ نەرسە كورۇنمەپتۇ. هالاۋىدىن بۇ ئۆيدىنمۇ ئوتۇپ بەشىنچى ئىشىكنى ئېچىپ، قېلىن دەرەخلەر ۋە خۇش هىدلىق گۇللەر ئوسكەن چىرايلىق باغنى كورۇپتۇ. هالاۋىدىن بۇ يەردە يانچۇقلىرىنى ۋە دوپپىسىنى رەڭدار تاشلار بىلەن توشقۇزۇپتۇ. ئاندىن باغدىن ئوتۇپ، خەزىنىگە قاراپ مېڭىپتۇ. بۇ يەر ئاستىدىكى ئەڭ ئاخىرقى سىر چوڭ ئۆي بولۇپ، ئالتۇن- كۇمۇش بىلەن تولۇپ كەتكەن ئىكەن. لېكىن هالاۋىدىن ئۇلارغا كوزىنىڭ قىرىنىمۇ سالماپتۇ. چۇنكى ئۇ ئالتۇن بىلەن ئىسىل نەرسىلەرنىڭ قەدىر- قىممىتىنى بىلمەيدىكەن. ئۇ پەقەت ئۆينىڭ ئوڭ بۇلۇڭىغا ئېسىغلىق تۇرغان مىس چىراقنى ئېلىپ يانچۇغىغا سېلىۋاپتۇ- دە، تاشقىرىغا چىقىدىغان تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. پەلەمپەي بىلەن كوتىرىلىپ ئاران دېگەندە پەلەمپەينىڭ ئەڭ يۇقۇرقى پەشتىغىغا چىقىپتۇ ۋە:

— تاغا، قولۇمدىكى تاش سالغان دوپپامنى ئېلىۋالغىن. ئاندىن كېيىن مېنى تارتىپ

AltunOq

چىقىرىپ قويغىن، مەن ئۆزەم چىقالمايمەن، — دەپ ۋاقىراپتۇ.

— ئالدى بىلەن چىراقنى بەر! — دەپتۇ "تاغىسى".

— چىراق يانچۇغۇمدىكى تاشلار ئارىسىدا قالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى ئالالمايمەن، — دەپتۇ ھالاۋىدىن، — ئاۋال مېنى تارتىۋال، ئاندىن كېيىن چىراقنى بېرىمەن.

ھالاۋىددىننىڭ "تاغىسى" ئەسلىدە چىراقنى ئېلىۋېلىپلا يەر ئاستى غەزىنىگە باردىغان يەرنى كىشىلەرنىڭ بىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ھالاۋىددىننى يەر ئاستىغا تاشلاپ كەتمەكچى بولغان ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ھالاۋىددىنغا يالغاندىن يالۋۇرۇشقا باشلاپتۇ. لېكىن ھالاۋىددىننىڭمۇ ئۇنىڭغا چىراقنى بەرگۈسى كەلمەپتۇ. چۈنكى ئۇ "قاراڭغۇدا تاشلىرىم چېچىلىپ كېتىدۇ" دەپ ئويلاپتۇ. يەنە بىر تەرەپتىن چاپسانراق يەر ئۈستىگە چىقىۋالغۇسى كەپتۇ. شۇ چاغدا ھالاۋىددىننىڭ "تاغىسى" ئاچچىغلاپ:

— ھە، شۇنداقمىدى؟! سەن ماڭا چىراقنى بەرمەمسەن؟ ناھايىتى ياخشى قىلدىڭ! ئۇنداق بولسا يەر ئاستىدا قېلىپ ئاچلىقتىن ئۆل! — دەپ ۋاقىراپتۇ ۋە قولىدىكى ئۈۋۈتۈلغان نەرسىنىڭ قالغىنىنى ئوتقا تاشلاپ نىمىلەرنىدۇر ئېيتىپتۇ. ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزى شۇ ھامان يېپىلىپتۇ، مەغرىپتىن كەلگەن بۇ كىشى ھالاۋىددىننىڭ "تاغىسى" بولماستىن، بەلكى بىر ھىلىگەر سېھىرگەر، رەمچى جادىگەر ئىكەن. ئۇ بۇ يەردە كۆمۈلگەن غەزىنىنىڭ بارلىقىنى، ئۇ غەزىنىنى ئېچىش پەقەت ھەسەن ماشىنىچىنىڭ ئوغلى ھالاۋىددىن ئاتلىق بالىنىڭ قولىدىن كېلىدىغانلىقىنى رەمم بېقىپ بىلگەن ئىكەن. بۇ غەزىنىدىكى ئەڭ ئېسىل نەرسىلەرنىڭ بىرى مۆشۈ سىرلىق چىراق ئىكەن. چۈنكى بۇ چىراقنى قولغا چۈشۈرگەن كىشىلەردە دۇنيادىكى پادىشالارنىڭ ھېچ بىرىدە يوق كۈچ-قۇۋۋەت، بايلىق بولىدىكەن. بۇنى قولغا چۈشۈرەلمىگەن مەغرىپلىق كىشى ئۆز ئېلىگە قايتىپ كېتىپتۇ. ھالاۋىددىن يەر تېگىدە قالغاندىن كېيىن زار-زار يىغلاپتۇ، قاخشاپتۇ. لېكىن ئۇنىڭ ئاۋازىنى ھېچ كىم ئاڭلىماپتۇ. ھالاۋىددىن بىرەر ئامال تېپىش ئۈچۈن پەلەمپەي بىلەن تۈۋەنگە چۈشۈپتۇ. لېكىن ئۇ بايا كۆرگەن ئىشىكلەرنىڭ بىرسىمۇ كۆرۈنمەپتۇ. ھالاۋىددىن ئەڭ تۈۋەنكى پەلەمپەي پەشتىغىدا ئولتۇرۇپ ئىككى قولى بىلەن ئىڭىگىنى يۆلەپ يىغلاۋېرىپتۇ، شۇ چاغدا ئۇنىڭ "تاغىسى" قولىغا سېلىپ قويغان ئۈزۈك پېشانىسىغا تېگىپ كېتىپتۇ. يەر دىر-دىر تىترەپ ھالاۋىددىننىڭ ئالدىدا قورقۇنۇچلۇق بىر مەخلۇق پەيدا بولۇپتۇ. ئۇنىڭ بېشى گۈمبەزدەك، ئىككى قولى ناھايىتى يوغان، پۇتلىرى تۈۋرۈكتەك، ئاغزى ئۆڭكۈردەك، ئىككى كۆزى چوغدەك ئىكەن، ماڭلىيىدا ناھايىتى يوغان بىر دانە مۈڭگۈزى بار ئىكەن.

— لەببەي، نىمە تەلەپلىرىڭ بار ئىدى؟ — دەپتۇ ئۇ مەخلۇق گۈكىرەپ تۇرۇپ، — نىمە تىلىسەڭ شۇنى ئالىسەن!

— سەن كىم بولىسەن؟ — دەپتۇ ھالاۋىددىن ئىككى قولى بىلەن يۈزىنى توساپ.

— بارلىق جىنلارنىڭ باشلىقى دەھنوش دىگەن مەن بولىمەن، — دەپتۇ ئۇ مەخلۇق، — مەن ئۈزۈكنىڭ ۋە ئۈزۈك ئىگىسىنىڭ قۇلىمەن. مېنىڭ خوجايىنىم نىمە بۇيرىسا مەن شۇنى ئورۇنلايمەن!

— مېنى يەر ئۈستىگە چىقىرىپ قوي، — دەپتۇ ھالاۋىددىن. ئۇ شۇ ھامان يەر ئاستىغا چۈشىدىغان ئۆڭكۈرنىڭ يېنىغا چىقىپ قاپتۇ. قارىسا ئاللىقاچان تاڭ ئاتقان ئىكەن. ھالاۋىددىن

ئوز شەھرىگە قاراپ يۈگرەپ كېتىپتۇ. ئۇ ئۆيىگە كەلسە ئانىسى زار-زار يىغلاپ ئولتۇرغان ئىكەن. ھالاۋىددىن ئۆيىگە كىرىپتۇ-دە، ھوشىدىن كېتىپتۇ. ئانىسى ئۇنىڭ يۈزىگە سۇ پۈر-كۈپ ھوشىغا كەلتۈرۈپتۇ. بالىسى ئېسىنى يىغىپ بېشىنى كوتەرگەندىن كېيىن ئانىسى:

— بالام سەن نەگە باردىڭ؟ ھىلقى تاغاڭ نەدە قالدى؟ ئۇنى نىمىشقا باشلاپ كەل-مىدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئۇ مېنىڭ تاغام ئەمەسكەن؛ ئۇ بىر زالىم جادىگەر ئىكەن، — دەپتۇ ھالاۋىددىن قات-تىق ئوكسۈپ يىغلاپ تۇرۇپ، — ئانا ساڭا كورگەنلىرىمنىڭ ھەممىسنى تولۇغى بىلەن ئېيتىپ بېرىمەن. ئاۋال قوسىقىمنى تويغازغىن.

ئۆيدە نان يوق ئىكەن، ئانىسى ھالاۋىددىنىي قايناتقان پۈرچاق بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇپتۇ.

— مەن يەر ئاستىغا چۈشتۇم، ئۇ يەردىن كارامەت ئىسىل تاشلارنى تاپتىم، — دەپتۇ ھالاۋىددىن ۋە يەر ئاستىدا كورگەن بارلىق ئىشلارنى ئانىسىغا تولۇق سوزلەپ بېرىپتۇ. ئاندىن يەنە پۈرچاق سېلىنغان قاچىنىڭ تېگىگە قاراپ:

— يەيدىغان بىرەر نەرسە يوقمۇ ئانا؟ — دەپ سوراپتۇ.

— نەدىمۇ بولسۇن بالام، ھېچ نەرسە يوق، بۈگۈن ۋە ئەتە يېيىشكە پۈشۈرگۈنىزمىنىڭ ھەممىسنى ھازىر ئوزەڭ يەپ بولدۈڭغۇ؟ سېنى ئويلاپ ئاۋارە بولۇپ خاپىلىق تارتقانلىقىم-دىن ھېچ ئىشمۇ قىلالمىدىم. شۇڭا بازارغا ئاپىرىپ ساتقىلى يىپمۇ يوق، — دەپتۇ ئانىسى.

— قايغۇرمىغىن ئانا، — دەپتۇ ھالاۋىددىن، — مېنىڭ يەر ئاستىدىن ئېلىپ كەلگەن بىر چىرىغىم بار، قاراشقا ئوزى كونىراق، شۇنداق بولسىمۇ سېتىشقا يارايدۇ.

ھالاۋىددىن يانچۇغىدىكى چىراقنى چىقىرىپ ئانىسىغا ئۇزىتىپتۇ، ئانىسى چىراقنى قولىغا ئېلىپ ئايلاندۇرۇپ كورۈپتۇ ۋە:

— بۇنى بازارغا ئېلىپ چىقاي، ھېچ بولمىسا ئوزۇق ئالغۇدەك پۇلغا ياراپ قالار، — دەپتۇ.

ھالاۋىددىننىڭ ئانىسى كونا لاتا ۋە ئاق بور ئېلىپ تاشقىرىغا چىقىپ چىراقنى ئېرىتىشقا باشلاپتۇ، شۇ ھامانلا يەر-جاھان گۈلدۈرلەپ كېتىپتۇ ۋە بىر سۈرلۈك مەخلۇق پەيدا بولۇپ-تۇ. ھالاۋىددىننىڭ ئانىسى قورققىنىدىن بىرلا ۋاقىراپ ھوشىدىن كېتىپتۇ. ھالاۋىددىن تاشقىرىغا يۈگرەپ چىقسا ئانىسى بىھوش يېتىپتۇ. ئۇنىڭ يېنىدا كومتۈرۈلگەن چىراق تۇرۇپتۇ. ھويلى-نىڭ ئوتتۇرىسىدا بولسا ئىگىزلىگىدىن بېشىنى كورۈپ بولمايدىغان ناھايىتى يوغان بىر مەخ-لۇق تۇرۇپتۇ. ھالاۋىددىن چىراقنى قولىغا ئېلىشى بىلەن ھىلقى مەخلۇق گۈلدۈرلىمىدەك ئاۋاز بىلەن:

— ھەي چىراق ئىگىسى، مەن ساڭا خىزمەت قىلىشقا تەييارمەن، ئەمرىڭنى بەر، نىمە تىلىسەڭ شۇنى ئالىسەن. — دەپتۇ.

ھالاۋىددىن يەر ئاستىدا بۇنداق مەخلۇقنى بىر كورگەچكە ئانچە قورقۇپمۇ كەتمەپتۇ ۋە بېشىنى يۇقۇرى كوتىرىپ، مەخلۇق ئاڭلىغۇدەك قىلىپ تۈۋلاپتۇ:

— ھەي مەخلۇق، سەن كىم؟ سېنىڭ قولۇڭدىن نىمە ئىش كېلىدۇ؟

— مەن شەمھۇرۇشنىڭ مايمۇن جىنىدۇرمەن. مەن چىراقنىڭ ۋە چىراق ئىگىسىنىڭ قۇلى-مەن، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ مەخلۇق، — مېنىڭدىن نىمە خالساڭ شۇنى سورا، ئەگەر سەن

بۇ شەھەرنى خانئۇەيران قىلىپ بۇزۇپ تاشلىشىمنى ياكى بولمىسا ئۇردا ئېلىپ بېرىشىمنى تىلىسەڭمۇ ئەمرىڭنى ئورۇنلايمەن!......

هالاۋىدىن قولىنى ئاغزىغا كانايچە قىلىپ تۇرۇپ:

— ماڭا قورىغان ئىككى توخۇ گوشى ۋە ياخشىراق تائاملاردىن هازىر قىل! — دەپتۇ.

چىراقنىڭ قۇلى كوزدىن غايىپ بوپتۇ-دە، ئۇزاق ئوتمەي ئۇستىگە چىرايلىق داستىخان يېيىلغان جوزىنى كوتىرىپ يېتىپ كەپتۇ. جوزا ئۇستىدە ئون ئىككى ئالتۇن تاۋاق، ئۇ تاۋاقلاردا ھەرتۇرلۇك شىرىن لەززەتلىك تائاملار بولۇپ يەنە ئىككى چوگۇن سۇمۇ بار ئىكەن. هالاۋىدىن ئانىسىنى ھۇشىغا كەلتۇرۇپتۇ. هالاۋىدىن بىلەن ئانىسى ئۇ تائاملارنى تويغىچە يەپتۇ.

— ھەي ئانا دەپتۇ هالاۋىدىن تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن، — مۇنۇ چىراقنى ھىچ كىشىگە كورسەتمەي ساقلاش كېرەك، چۇنكى بۇ بىزنى نۇرغۇن دولەتكە ئىگە قىلدۇ!.....

ئارىدىن بىرنەچچە كۇنلەر ئوتۇپتۇ. هالاۋىدىن بىلەن ئانىسىنىڭ يېيىشكە تامىقى تۇگەپ كېتىپتۇ-دە، هالاۋىدىن ھېلىقى ئالتۇن تاۋاقتىن بىرنى بازارغا ئېلىپ چىقىپ يۇز تىللاغا سېتىپتۇ. شۇ كۇندىن باشلاپ هالاۋىدىن ھەر ئايدا بىر ئالتۇن تاۋاقنى ساتىدىغان بوپتۇ. ئۇ ئوزىنىڭ ھېلىقى يەر ئاستىدىن ئېلىپ چىققان تاشلىرىنىڭ يەر ئۇستىدىكى ھەرقانداق قىممەت باھالىق تاشلاردىنمۇ ئەسىل ئىكەنلىگىنى بىلىپتۇ.

بىر كۇنى ئەتىگەنلىگى هالاۋىدىن بازار ئارىلاپ يۇرسە، سۇلتاننىڭ جاكاچىسى مەيدانغا كېلىپ:

— ھەممەڭ دۇكانلىرىڭنى تاقاش، ئويلىرىڭگە كىرىش. سۇلتاننىڭ قىزى بۇدىرە خېنىم هازىر مۇنچىغا بارىدۇ، ئۇنى ھېچكىم كورگۇچى بولمىسۇن! — دەپ ۋاقىراپتۇ. سودىگەرلەر ئالمان-تالمان دۇكانلىرىنى يېپىشقا باشلاپتۇ. قالغان ئادەملەر بولسا بىر-بىرىنى ئىتتىرىشىپ بازار مەيدانىدىن تارقىلىشقا باشلاپتۇ. هالاۋىدىن سۇلتاننىڭ قىزىنى كورۇشنى ئويلاپتۇ. چۇنكى شەھەرنىڭ بارلىق خەلقى "دۇنيادا بۇ پادىشانىڭ قىزىدىن ئارتۇق چىرايلىق قىز يوق" دەپ ھېكايە قىلىشىدىكەن. هالاۋىدىن مۇنچىغا يۇگرەپ بېرىپتۇ-دە، ئىشىكنىڭ ئارقىسىغا مۇكۇۋاپتۇ. ئۇنى ھىچ كىشىمۇ سەزمەپتۇ. شۇ ۋاقىتتا ئالتۇن ئىگەرلىك كوك خېچىرغا مىنگەن بىر توپ قىزلار كورۇنۇپتۇ. بۇلارنىڭ ئارىسىدا باشقا قىزلارغا قارىغاندا ئالاھىدە چىرايلىق ياسانغان، ئوزىمۇ باشقىلاردىن چىرايلىق بۇدىرە خېنىم بار ئىكەن. ئۇ خېچىردىن چۇشۇپ هالاۋىدىننىڭ قېشىدىن ئىككى چامدام نېرىدىن مېڭىپ ئوتۇپ مۇنچىغا كىرىپ كېتىپتۇ. هالاۋىدىن مۇرىسىنى قېقىپ ئېغىر بىرنى تىنىپتۇ-دە، روھى چۇشۇپ ئاستا قايتىپ كېتىپتۇ. سۇلتاننىڭ قىزى بۇدىرە خېنىمنىڭ ھۇسنى-جامالى ئۇنىڭ كوز ئالدىدىن زادى كەتمەپتۇ. "دۇنيادىكى بارلىق قىزلاردىن چىرايلىق دىگەن سوز راست ئىكەن!" دەپتۇ هالاۋىدىن. — مەن ئۇنىڭغا ئويلەنمىسەم ئولگىنىم ياخشى.

ئۇ ئويىگە كېلىپ كەچكىچە يېتىۋېرىپتۇ. ئانىسى: "نىمە بولدۇڭ؟" دەپ سوراپتۇ. هالاۋىدىن ئۇنچىقماي يېتىۋېرىپتۇ. ئاخىر ئانىسى سوراۋېرىپ ئارام بەرمىگەندىن كېيىن هالاۋىدىن:

— جېنىم ئانا، مەن سۇلتاننىڭ قىزى بۇدىرە خېنىمغا كويۇپ قالدىم، شۇنىڭغا ئويلەنـ

گۇم كېلىدۇ، سەن بۇدىرە خېنىمغا ئەلچى بولۇپ سۇلتانىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كەلگىن، — دەپتۇ.

— نىمە دەپ جېبىلىۋۋاتىسەن؟ — دەپتۇ ئانىسى تېرىكىپ، — ئەقلىڭدىن ئاداشتىڭمۇ؟ "ماشىنىچىنىڭ بالىسى سۇلتانىنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىپتۇ" دىگەن گەپنى سەن ئاڭلىغانمۇ؟ بۇنداق گەپنى قويۇپ قوسىغىڭنى ئوبدان تويغۇزۇۋېلىپ ئۇخلا، بۇنداق گەپلەرنى ئويۇڭغىمۇ كەلتۈرمىگىن.

— تاماق يىگۇم كەلمەيدۇ، بۇدىرە خېنىمغا ئۆيلەنگۇم كېلىدۇ، — دەپ تۇۋلاپتۇ هالاۋىددىن، — جېنىم ئانا، بۇدىرە خېنىمغا ئەلچى بولۇپ سۇلتانىنىڭ قېشىغا بارغىن.

— سۇلتانغا ئەلچى بولۇپ بارغىدەك هالدا ئاداشقىنىم يوق، — دەپتۇ هالاۋىددىنىنىڭ ئانىسى.

هالاۋىددىن ئانىسىغا يالۋۇرۇشنى توختاتماپتۇ، ئانىسى:

— جېنىم بالام، مەن باراي، لېكىن سۇلتانىنىڭ ئالدىغا قۇرۇق قول بېرىشقا بولمايدىغانلىغىنى ئوبدان بىلىسەن، مېنىڭ سۇلتانغا سوغا قىلىشقا ئېلىپ بارىدىغان نەرسەم يوق، — دەپتۇ.

هالاۋىددىن خوشاللىغىنى سىغدۇرالماي ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كېتىپتۇ.

— ئانا، ئاۋۇ ئالتۇن تاۋاقنىڭ بىرىنى ئېلىپ ئۇنى مەن يەر ئاستىدىن ئېلىپ كەلگەن ئىسىل تاشلار بىلەن تولدۇرغىن. بۇ سۇلتانغا يارايدىغان ئەڭ ئىسىل سوغات، چۈنكى سۇلتاندا مېنىڭ تاشلىرىمدەك ئىسىل تاش بولماس، — دەپتۇ هالاۋىددىن. هالاۋىددىنىنىڭ ئانىسى ئالتۇن تاۋاققا ئىسىل تاش تولدۇرۇپتۇ، تاۋاقنىڭ ئۈستىنى نېپىز يىپەك ياغلىق بىلەن ئوراپ سۇلتانىنىڭ ئوردىسىغا قاراپ مېڭىپتۇ.

"مۇنداق سوزنى سۇلتانغا قانداقمۇ ئېيتارمەن، — دەپتۇ ئانىسى كېتىۋېتىپ ئۆز-ئۆزىگە، — سۇلتانغا قۇدا بولغىدەك ئەھۋالىمىز يوق، مەن بىر مۇساپىر ئايال، ئېرىم بولسا كەمبەغەل ماشىنىچى ئىدى، هالاۋىددىنىنىڭ بولسا سۇلتانغا كويۇغۇل بولغۇسى بار. بۇنى ئېيتىشقا مېنىڭ تىلىم بارمايدۇ. هەي... بەلكىم بىزنىڭ ئىسىل تاشلىرىمىز سۇلتانغا ياراپمۇ قالار، بەلكىم ئۇنىڭدا مۇنداق تاشلار دوۋە-دوۋە بولۇپ كەتكەندۇر، مېنى پەقەت دۇمبالاپ ئوردىدىن هەيدەپ چىقارمىسىلا بولغىنى. پەقەت زىندانغا تاشلىمىسىلا بولاتتى". هالاۋىددىنىنىڭ ئانىسى شەھەر كوچىلىرىنى ئارىلاپ سۇلتانىنىڭ ئوردىسىغا كىرىپ كەپتۇ. كونا پەرەنجىلىك بۇ ئايالغا كىشىلەر هەيران بولۇپ قارىشىپتۇ، ئۇششاق باللار ئۇنىڭ پەرەنجىسىنى تارتىشىپتۇ. لېكىن ئۇ هىچ قايسىسىغا پەسەنت قىلماپتۇ. ئۇ بىر بۇلۇڭغا بېرىپ تۇرۇۋاپتۇ. بىر چاغدا هاكىملار ۋە سولەتلىك ئادەملەر بىر-بىرلەپ يىغىلىشقا باشلاپتۇ. سۇلتان ئەڭ ئاخىرىدا قىلىچلىرىنى يالىڭاچلىغان زەنگىلەرنىڭ هەمرالىغىدا كەپتۇ ۋە تەختتە ئولتۇرۇپ ئەرز قوبۇل قىلىشقا باشلاپتۇ. ئىشلار تۈگىگەندىن كېيىن سۇلتان قولىدىكى ياغلىقنى كوتىرىپ بىر سىلكىپ قويۇپتۇ-دە، چىقىپ كېتىپتۇ. هالاۋىددىنىنىڭ ئانىسى سۇلتانغا بىر ئېغىزمۇ گەپ-سوز قىلماي ئۆيىگە يېنىپ كەپتۇ. ئۇ ئەتىسى ئوردىغا يەنە بېرىپ يەنە گەپ قىلالماي قايتىپ كەپتۇ. ئۈچىنچى كۈنى ئۇ يەنە بېرىپتۇ. ئاقىۋەت هەركۈنى ئوردىغا بېرىشقا ئۈگىنىپ قاپتۇ. بىر كۈنى سۇلتان هالاۋىددىنىنىڭ ئانىسىنى كورۇپ قاپتۇ ۋە ۋەزىرىگە:

— ئاۋۇ قېرى ئايال كىم؟ سورىغىن، ئۇنىڭغا نىمە كېرەك؟ مەن ئۇنىڭ تىلىگىنى

ئىجاۋەت قىلاي، — دەپتۇ.

ۋەزىر ھالاۋىدىننىڭ ئانىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— ھەي موماي، سېنىڭ تىلىگىڭ بولسا ئۇنى سۇلتان ئىجاۋەت قىلماقچى بولدى، ئېيتقىن، — دەپتۇ.

ھالاۋىدىننىڭ ئانىسى قورققىنىدىن غال-غال تىترەپتۇ. قولىدىكى تاۋاق يەرگە چۈشۈپ كەتكىلى تاس قاپتۇ. ۋەزىر ئۇنى يېتىلەپ سۇلتاننىڭ قېشىغا ئېلىپ كەپتۇ. ھالاۋىدىننىڭ ئانىسى سۇلتانغا ئېگىلىپ سالام بېرىپتۇ. سۇلتان ئۇنىڭغا:

— سەن ھەركۈنى بۇ يەرگە كېلىپ نېمىشقا ھېچنەرسە دېمەي كېتىسەن؟ نېمە تىلىگىڭ بار؟ ئېيتقىن، — دەپتۇ.

ھالاۋىدىننىڭ ئانىسى يەنە بىر قېتىم تازىم قىلىپ:

— ھەممەتىلىك سۇلتان، مېنىڭ ئوغلۇم سىزگە مۇنۇ تاشلارنى سوغا قىلىپ ئەۋەتتى. ئۇ سىزنىڭ قىزىڭىز بۇدىرە خېنىمنى سورايدۇ، — دەپتۇ. ئۇ تاۋاقنىڭ ئۈستىدىكى ياغلىقنى ئېلىش بىلەنلا تاشلار يالت-يۇلت قىلىپ ئەتراپنى يورۇتىۋېتىپتۇ.

— ئەي ۋەزىر، — دەپتۇ سۇلتان، — مۇنداق تاشلارنى سەن تۇغۇلغاندىن بېرى كۆرگەنمىدىڭ؟

— كۆرمىگەنمەن، — دەپتۇ ۋەزىر.

سۇلتان ئېسىل تاشلارنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىكەن، ئۇنىڭ غەزىنىسىدە ھالاۋىدىن ئەۋەتكەندەك ئېسىل تاشلار يوق ئىكەن.

— قولىدا مۇنداق ئېسىل تاشلىرى بار ئادەم مېنىڭ قىزىمغا ئەر بولۇشقا لايىق، دەپ ئويلايمەن، سەن قانداق قارايسەن ۋەزىر؟ — دەپتۇ سۇلتان.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ۋەزىرنىڭ ھالاۋىدىنغا ناھايىتى كۈنلۈگى كەپتۇ. چۈنكى، ۋەزىر بۇدىرە خېنىمنى كېلىن قىلىشنى ئويلايدىكەن. ھەتتا سۇلتان بۇدىرە خېنىمنى ئۇنىڭ ئوغلىغا بېرىشكە ۋەدە بەرگەن ئىكەن.

— ئەي، سۇلتان ئىگەم، تونۇمايدىغان ئادەمگە بۇدىرە خېنىمنى بەرمىگەيسىز، ئۇنىڭ بۇ تاشلىرىدىن باشقا يەنە ھېچ نەرسىسى يوقتۇر. ئۇ يەنە سىزگە ئېسىل تاشلارغا لىق تولغان قىرىق تاۋاق بەرسۇن. تاۋاقلارنى كۆتىرىپ ماڭىدىغان قىرىق كېنىزەك قۇل ۋە ئۇلارنى قوغداپ ماڭىدىغان قىرىق قۇل تەييارلىسۇن، بىز ئۇنىڭ باي-كەمبەغەللىگىنى شۇ ۋاقىتتا كۆرىمىز، — دەپتۇ ۋەزىر.

— سەن ۋەزىرنىڭ نېمە دېگىنىنى ئاڭلىدىڭمۇ؟ بېرىپ بالاڭغا ئېيتقىن، ئەگەر ئۇنىڭ قىزىمغا ئۆيلەنگۈسى بولسا ۋەزىر ئېيتقان شەرتنى ئادا قىلسۇن، — دەپتۇ سۇلتان ھالاۋىدىننىڭ ئانىسىغا.

ھالاۋىدىننىڭ ئانىسى سۇلتانغا تازىم قىلىپ، ئۆيىگە قايتىپتۇ. ئانىسىنىڭ قولىدا تاۋاقنىڭ يوقلىغىنى كۆرگەن ھالاۋىدىن:

— سەن بۈگۈن سۇلتان بىلەن سۆزلەشكەن بولساڭ كېرەك. ئۇ نېمە دېدى، — دەپ سوراپتۇ.

— ھەي ئوغلۇم، مېنىڭ سۇلتاننىڭ قېشىغا بارغىنىڭدىن بارمىغىنىم، سۆزلەشكىنىمدىن سۆزلەشمىگىنىم ياخشى ئىكەن، — دەپتۇ ئانىسى. ئۇ سۇلتاننىڭ دېگەنلىرىنى ھالاۋىدىنغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. ھالاۋىدىن خۇشاللىقىدىن كۈلۈۋېتىپتۇ.

— سەۋرى قىل ئانا، بۇنىڭدىن ئوڭاي ئىش يوق! — دەپتۇ ھالاۋىدىن ۋە يەر ئاستىدىن ئېلىپ كەلگەن چىراقنى قولىغا ئېلىپ ئايلاندۇرغان ئىكەن، ھېلىقى ھەيۋەتلىك مەخلۇق — چىراق قۇلى يېتىپ كەپتۇ:

— ساڭا خىزمەت قىلىشقا تەييارمەن. نېمە تىلىسەڭ شۇنى ئالىسەن، — دەپتۇ ئۇ.

— ماڭا ئېسىل تاشلار تولدۇرۇلغان قىرىق ئالتۇن تاۋاق، ئۇنى كۆتىرىپ ماڭىدىغان قىرىق قۇل كېنىزەك، ئۇلارنى قوغدايدىغان قىرىق قۇل كېرەك، — دەپتۇ ھالاۋىدىن.

— بولىدۇ، — دەپتۇ چىراقنىڭ قۇلى. چىراقنىڭ قۇلى كۆزدىن غايىپ بولۇپلا بېشىدا ئېسىل تاشقا لىق تولغان ئالتۇن تاۋاق كۆتەرگەن چىرايلىق قىرىق كېنىزەك قۇل، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قىلىچلىرىنى يالىڭاچلىغان قىرىق قۇل پەيدا بولۇپتۇ. ھالاۋىدىننىڭ ئانىسى قۇللار بىلەن كېنىزەك قۇللارنى سۇلتاننىڭ ئوردىسىغا باشلاپ مېڭىپتۇ. ئۇلار سۇلتاننىڭ ئالدىغا كېلىپ سالام بېرىپ بېشىدىكى تاۋاقلارنى ئېلىپ يەرگە قويۇپتۇ.

— ھەي ۋەزىر، — دەپتۇ سۇلتان، — بۇنداق باي ئادەمنىڭ ماڭا كۈيئوغۇل بولالمىغىدەك قانداق يېرى بار؟

— لايىق، تەخسىر ئىگەم، — دەپتۇ ۋەزىر دېمى ئىچىگە چۈشۈپ.

— بېرىپ ئوغلۇڭغا ئېيت، — دەپتۇ سۇلتان ھالاۋىدىننىڭ ئانىسىغا، — بۇ سوغاتلارنى قوبۇل قىلدىم، بۇدۇرە خېنىمنى بېرىشكە رازىمەن، ئوغلۇڭ كەلسۇن، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشەي.

ھالاۋىدىننىڭ ئانىسى سۇلتانغا تازىم قىپتۇ-دە، ئۆيىگە قاراپ يۈگرەپتۇ. ئۇ ئۆيىگە كىرىپلا ھالاۋىدىنغا:

— سۆيۈنچە بالام، سۇلتان سوغىتىڭنى قوبۇل قىلدى. سېنىڭ بۇدۇرە خېنىمغا ئۆيلىنىشىڭگە رازىلىق بەردى. سەن دەرھال ئوردىغا بارغىن، سېنىڭ بىلەن سۇلتان كۆرۈشمەكچى، — دەپتۇ.

— بولىدۇ ئانا، سەن چىقىپ تۇرغىن، — دەپتۇ ھالاۋىدىن.

— ھالاۋىدىن چىراقنى قولىغا ئېلىپ ئايلاندۇرۇپتۇ. چىراقنىڭ قۇلى پەيدا بولۇپتۇ. ھالاۋىدىن ئۇنىڭغا:

— ماڭا گۈزەل قىرىق سەككىز كېنىزەك يەتكۈز، ئۇلار مېنىڭ شېرىكلىرىم بولىدۇ. ئۇلارنىڭ يىگىرمە تۆتى ئالدىدا، يىگىرمە تۆتى كەينىمدە ماڭىدۇ. ماڭا يەنە مىڭ ئالتۇن تەڭگە، شاھانە تون-سەرۇپاي ۋە دۇنيادا ھېچكىمدە يوق ئارغىماق ئات كەلتۈر، — دەپتۇ.

— دېگەنلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى بىجا كەلتۈرىمەن، — دەپتۇ چىراقنىڭ قۇلى.

چىراقنىڭ قۇلى ھالاۋىدىن بۇيرۇغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ كەپتۇ ۋە:

— يەنە قانداق تىلىگىڭ بار؟ سەن بۇ شەھەرنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىپ ۋەيران قىلىشىمنى ياكى ئوردا سېلىپ بېرىشىمنى تىلەمسەن؟ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىش مېنىڭ قولۇمدىن كېلىدۇ، — دەپتۇ.

ــ ياق، هازىرچە توختاپ تۇرغىن،ــ دەپتۇ هالاۋىددىن. ئۇ ئاتقا منىپ سۇلتاننىڭ ئوردىسىغا قاراپ يول ئاپتۇ، كىشلەر توپلىشىپ تۇرغان يەرگە بارغاندا خۇرجۇندىن ئالتۇن ئېلىپ چېچىپتۇ. هالاۋىددىن ئوردىغا يېتىپ بېرىپتۇ. سۇلتاننىڭ بەگلىرى بىلەن يېقىن كىشىلىرى دەرۋازا ئالدىغا چىقىپ هالاۋىددىننى ئىززەت-ئىكرام بىلەن كۇتۇۋاپتۇ ۋە ئوردىغا باشلاپ كىرىپتۇ. سۇلتان ئۇنى قىزغىن قارشى ئاپتۇ.

ــ خوش كېلىپسەن يىگىت. تويغا كېرەكلىك نەرسىلەرنى تەييارلىدىڭمۇ؟ ــ دەپ سوراپتۇ سۇلتان.

ــ تېخى تەييارلىغىنىم يوق،ــ دەپتۇ هالاۋىددىن،ــ بۇدىرە خېنىمغا ساراي سالغۇزغىنىم يوق.

ــ خوش، سارايىنى قەيەرگە سالدۇرماقچىسەن؟ ــ دەپتۇ سۇلتان،ــ سەن سارايىنى دەرىزەمنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئاۋۇ تۇزلەڭگە سالدۇرساڭ قانداق بولار؟

ــ خالىغىنىڭىزچە بولسۇن.

هالاۋىددىن سۇلتان بىلەن خوشلىشىپ بارلىق شېرىكلىرى بىلەن ئويگە قايتىپ كېلىپ، چىراقنى قولىغا ئېلىپ ئايلاندۇرغان ئىكەن، چىراقنىڭ قۇلى دەرهال پەيدا بولۇپتۇ. هالاۋىددىن ئۇنىڭغا:

ــ ماڭا ساراي سېلىپ بەر، ئۇ يەر يۈزىدە مىسلى تەڭداشسىز ساراي بولسۇن،ــ دەپتۇ.

ــ بولىدۇ،ــ دەپتۇ چىراقنىڭ قۇلى ماختىنىپ،ــ ئەتە سەھەر تەييار بولىدۇ!...

دىگەنىدەك ئەتىسى سەھەردە سۇلتان كورسەتكەن تۇزلەڭلىكتە ئاجايىپ بىر ئىگىز ساراي بىنا بولۇپتۇ. سارايىنىڭ تاملىرى ئالتۇن-كۇمۇشتىن، تۇۋرۇكلىرى ئالماس تاشتىن ياسالغان ئىكەن.

هالاۋىددىن سارايىنى كوزدىن كوچۇرگەندىن كېيىن چىراقنىڭ قۇلىغا:

ــ مەن بىر ئىش ئويلاپ تاپتىم، سەن بۇ سارايغا ئورنىتىلغان مۇنتۇ بىر تۇۋرۇكنى ئېلىپ تاشلا. سۇلتان بىزنى بۇ تۇۋرۇكنى قويۇشنى ئۇنتۇپ قاپتۇ، دەپ ئويلىسۇن. بۇنى سۇلتاننىڭ ئوزى قويماقچى بولسۇن، بىراق بۇ ئۇنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ، مېنىڭ ئۇنىڭدىن كوچاۇك ۋە باي ئىكەنلىگىمنى ئۇ شۇ ۋاقىتتا بىلەر،ــ دەپتۇ.

چىراقنىڭ قۇلى قولىنى بىر سىلكىگەن ئىكەن، شۇ هامان تۇۋرۇك غايىپ بوپتۇ.

سۇلتان ئەتىگەنلىگى دەرىزىنىڭ ئۇدۇلىدا يالت-يۇلت قىلىپ پاقىراپ تۇرغان هەيۋەتلىك سارايىنى كورۇپتۇ. سۇلتان ۋەزىرنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا سارايىنى كورستىپتۇ.

ــ خوش، ئەمدى نىمە دەيسەن؟ ــ دەپتۇ سۇلتان،ــ بىر كېچىدىلا مۇشۇنداق كاتتا سارايىنى بىنا قىلغان ئادەم ماڭا كويۇغول بولۇشقا لايىق ئەمەسمۇ؟

ــ ئەي تەخسىر،ــ دەپتۇ ۋەزىر،ــ سىز بۇ هالاۋىددىننىڭ جادىگەر ئىكەنلىگىنى تېخىچە بايقىماي يۇرۇۋاتىسىز، ئۇ سىزنىڭ پادىشالىغىڭىزنى تارتىۋالمىسۇن يەنە، ئېهتىيات قىلىدىڭ!...

ــ سەن بۇ گەپلىرىڭنى كۇنچىلىك تۇپەيلى ئېيتىۋاتىسەن،ــ دەپتۇ سۇلتان ۋەزىرگە.

شۇ ۋاقىتتا هالاۋىددىن كىرىپ سۇلتانغا سالام بېرىپتۇ ۋە سارايىنى كورۇپ بېقىشنى ئوتۇنۇپتۇ. ۋەزىر بىلەن سۇلتان ساراي ئىچىنى تولۇق ئايلىنىپ چىقىپتۇ. ئاخىرىدا ئۇلار چىراقنىڭ قۇلى ئېلىپ تاشلىغان تۇۋرۇك ئورنىغا كەپتۇ.

سارای تېخی پۈتمەپتۇ بۇ يەرنىڭ بىر تۈۋرۈگی كەم ئىكەن،— دەپتۇ ۋەزىر.

— ھېچ ۋەقەسی يوق،— دەپتۇ سۇلتان،— تۈۋرۈكنی ئۆزەم قويغۇزۇپ بېرەي، قۇرۇلۇش باشلىغىنی چاقىر.

— تەخسىر، بۇنىڭغا ئارىلاشماسلىغىڭىز كېرەك ئىدی،— دەپتۇ ۋەزىر— بۇنىڭغا قۇدرىتىڭىز يەتمەيدۇ، قاراڭ، بۇنىڭ ھەممىسی ئالتۇن تاشتىن ياسالغان تۇرسا......

تولا گەپ قىلما،— دەپتۇ سۇلتان مەيدىسىنی كېرىپ،— مۇنداق بىر تۈۋرۈكنی سېلىپ چىقىش مېنىڭ قولۇمدىن نېمىشقا كەلمىسۇن؟

— سۇلتان شەھەردىكی "مەن تاشچی" دىگەنلەرنىڭ ھەممىسىنی يىغىشقا پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. بۇلارغا ئۆزىنىڭ قولىدىكی ھەممە ئېسىل تاشلىرىنی بېرىپتۇ. لېكىن ئۇ تاشلار تۈۋرۈككە يەتمەپتۇ. سۇلتان:

— غەزىنىنىڭ ئىشىگىنی ئېچىڭلار، خالايىقنىڭ بارلىق ئېسىل تاشلىرىنی يىغىڭلار، مېنىڭ بارلىق دۇنيايىم راستىنلا بىر تۈۋرۈك ياساشقا يەتمەسمۇ؟— دەپتۇ. بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇستىكارلار ئېسىل تاشلارنىڭ پەقەتلا تۈۋرۈكنىڭ توتتىن بىر قىسمىغىلا يەتكەنلىگىنی خەۋەر قىپتۇ. غەزەپلەنگەن سۇلتان ئۇلارنىڭ بېشىنی ئېلىشقا بۇيرۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ سۇلتان بۇ تۈۋرۈكنی ئورنىتالماپتۇ. بۇنی ئاڭلىغان ھالاۋىدىن سۇلتاننىڭ قېشىغا كېلىپ:

— غەم قىلماڭ سۇلتان، تۈۋرۈك ئورنىغا قويۇلدی. مەن ئېسىل تاشلارنىڭ ھەممىسىنی ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بەردىم،— دەپتۇ. شۇ كۈنی ھالاۋىدىن بىلەن بۇدىرە خېنىمنىڭ توی مەرىكىسی بوپتۇ. ئۇلار يېڭی سارايدا كۈن ئۆتكۈزۈشكە باشلاپتۇ.

ئەمدی ئىككی كەلىمە سوزنی ھىلقی مەغرىپتىن كەلگەن كىشىدىن ئاڭلايلی: ئۇ ئۆز ماكانىغا قايتىپ كېلىپ، قايغۇ-ھەسرەتكە چۈمۈپ، نۇرغۇن ۋاقىتلارنی ئۆتكۈزۈپتۇ. ئۇ دائىم "ھالاۋىدىن يەر ئاستىدا ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن چىراق شۇ يەردە تۇرغاندۇ. ئۇنی مەن ھالاۋىدىنسىزمۇ قولۇمغا چۈشۈرەلەيمەن" دەپ ئويلايدىكەن. شۇنداق قىلىپ ئۇ چىراقنىڭ بار-يوقلىغىنی بىلمەكچی بولۇپ قۇمنىڭ ئۈستىگە سىزىپ رەم سالغان ئىكەن، يەر ئاستىدا چىراقنىڭ يوق ئىكەنلىگی، ھالاۋىدىنىنىڭ يەر ئاستىدىن ئامان-ئېسەن قايتىپ چىقىپ ئۆز شەھرىدە ياشاۋاتقانلىغی بىلىنىپتۇ. مەغرىپلىق ئادەم دەرھال يولغا راۋان بوپتۇ. دېڭىزلاردىن، ئېگىز تاغلاردىن، دەشتی-باياۋانلاردىن، سەھرا-شەھەرلەردىن ئۆتۈپ ئۇزاق يوللارنی بېسىپ ئاخىری ھالاۋىدىن تۇرۇشلۇق شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ ۋە بازار ئايلىنىپ كىشىلەرنىڭ گەپ-سوزلىرىنی تىڭشاپتۇ. بازاردىكی گەپ-سوزلەر پەقەت ھالاۋىدىن ۋە ئۇنىڭ سارىيی توغرىسىدا ئىكەن. مەغرىپتىن كەلگەن ئادەم بىر سۇ ساتقۇچىنىڭ قېشىغا بېرىپ:

— كىشىلەر سوزلىشىپ يۈرگەن ھالاۋىدىن دىگەن كىم؟— دەپ سوراپتۇ.

— سېنىڭ بۇ يەرلىك ئەمەسلىگىڭ كورۇنۇپ تۇرۇپتۇ. بولمىسا ھالاۋىدىنىنىڭ كىم ئىكەنلىگىنی بىلگەن بولاتتىڭ. ئۇ يەر يۈزىدىكی ئەڭ بای ئادەم. ئۇنىڭ سارىيی كارامەت،— دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ سۇ ساتقۇچی ئادەم.

مەغرىپلىق ئادەم سۇ ساتقۇچىغا بىر تەڭگە بېرىپ:

— ماڭا بىر خىزمەت قىل، مەن بۇ شەھەرنىڭ ئادىمی ئەمەس، مېنىڭ ھالاۋىدىنىنىڭ

سارىيىنى كورگۇم بار. مېنى شۇ سارايغا ئاپىرىپ قويغىن،— دەپتۇ. سۇ ساتقۇچى كىشى مەغرىپلىق كىشىنى سارايىنىڭ قېشىغا ئاپىرىپ قويۇپتۇ. مەغرىپلىق كىشى سارايىنى ئايلىنىپ ئەتراپىنى ئوبدان كورۇپتۇ-دە: "مۇنداق سارايىنى سېلىش پەقەت سىرلىق چىراقتا قۇل بولغان مەخلۇقنىڭ قولىدىنلا كېلىدۇ. دېمەك، چىراق مۇشۇ ئويدە بولۇشى مۇمكىن" دەپ ئويلاپتۇ ۋە قانداق قىلىپ چىراقنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئامال ئىزلەپتۇ. ئۇ مىسكەرلەرنىڭ قېشىغا بېرىپ ئون دانە مىس چىراق ياستىپتۇ ۋە تاڭ ئېتىشى بىلەن شەھەر كوچىلىرىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ: "كونا چىراقنى يېڭى چىراققا تېگىشىپ بېرىمەن" دەپ ۋاقىراپتۇ. ئۇنىڭ كەينىدە كىشىلەر توپ-توپ بولۇپ ئەگىشىپ يۈرۈپتۇ. ئۇششاق باللار ئۇنى "ساراڭ ئىكەن" دەپ چۇقان سېلىشىپتۇ، شۇنداق قىلىپ مەغرىپلىق كىشى سارايىنىڭ يېنىغا كېلىپ ۋاقىراپتۇ. بۇ چاغدا ھالاۋىدىن ئوۋغا چىقىپ كېتىپ سارايدا بۇدۇرە خېنىم يالغۇز قالغان ئىكەن. ئۇ خىزمەتچىسىنى سىرتتىكى كىشىنىڭ نېمە دەپ ۋاقىراۋاتقانلىغىنى بىلىپ كېرىشكە چىقارتىپتۇ. بۇدۇرە خېنىمنىڭ خىزمەتچىسى تاشقىرىغا چىقىپ كىرىپ:

— ئۇ كىشى كونا چىراققا يېڭى چىراق تېگىشىپ بېرىدىغان ئادەم ئىكەن،— دەپتۇ.

بۇدۇرە خېنىم بۇ ئىشقا قىزىقىپ خىزمەتچىلەردىن:

— بىزنىڭ سارايدا كونا چىراق يوقمۇ؟— دەپ سوراپتۇ.

— بار تەخسىر،— دەپتۇ خىزمەتچى ئايال،— ھالاۋىدىن جاناپنىڭ خانىسىدا داتلىشىپ كەتكەن يارامسىز بىر مىس چىراقنى كورگەن ئىدىم.

— شۇ چىراقنى ئېلىپ چىققىن،— دەپ بۇيرۇپتۇ بۇدۇرە خېنىم،— ئۇنى چىراق تېگىشىدىغان ساراڭغا بەرگىن، ئۇ بىزگە يېڭى چىراق بەرسۇن.

خىزمەتچى ئايال كونا مىس چىراقنى ئېلىپ چىقىپ مەغرىپلىق ئادەمگە بېرىپ ئورنىغا يېڭى مىس چىراق ئېلىپ كىرىپتۇ.

مەغرىپلىق ئادەم ھىلىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغانغا زىيادە خوشال بولۇپ چىراقنى قوينىغا سېلىۋاپتۇ-دە، ھېچ نەرسىگە قارىماي شەھەرنىڭ سىرتىغا چىقىپتۇ ۋە ھېلىقى مىس چىراقنى ئايلاندۇرۇپتۇ، شۇ ھامانلا ھەيۋەتلىك چىراق قۇلى يېتىپ كەپتۇ. مەغرىپلىق كىشى ئۇنىڭغا:

ھالاۋىدىننىڭ سارىيىنى مەلىكىسى بىلەن قوشۇپ بىزنىڭ يۇرتقا كوچۈرۈپ قوي،— دەپتۇ. ساراي ھايت-ھۇيت دېگىچىلا مەغرىپلىق كىشىنىڭ يۇرتىغا كوچۈرۈلۈپ قاپتۇ.

سۇلتان ئەتىگەنلىكى ئۇيقۇسىدىن ئويغۇنۇپ ئوردا دەرىزىسىدىن قارىسا ساراي ئورنىدا يوق ئىمىش. ئۇ ھەيران بولۇپ: "بۇدۇرە قىزىم بىرەر بالا-قازاغا ئۇچرىغان ئوخشايدۇ" دەپ ئويلاپ ئوپكىسىنى باسالماي يىغلاشقا باشلاپتۇ. شۇ چاغدا ئوردىغا ۋەزىر كىرىپ كەپتۇ ۋە نېمە ۋەقە بولغانلىغىنى سوراپتۇ. سۇلتان:

— دەرىزىدىن قارىغىنا ساراي يوقتۇ؟ بۇدۇرە قىزىم قېنى؟ دەپتۇ.

— ئەي سۇلتان، مەن ئۇنى نەدىن بىلەي،— دەپتۇ ئەرۋايى ئۇچقان ۋەزىر،— مەن "بۇ ھالاۋىدىن سىرلىق ئادەم، بىر زالىم" دەپ ئاللىقاچان ئېيتقان ئىدىمغۇ؟ بىراق سىز مېنىڭ سوزۇمگە ئىشەنمىگەن!

— ھالاۋىدىنى كەلتۈرۈڭلار! ئۇنىڭ كاللىسىنى ئالىمەن!— دەپ ۋاقىراپتۇ سۇلتان.

شۇ مەزگىلدە ھالاۋىددىن شىكاردىن قايتىپ كېلىۋاتقان ئىكەن. سۇلتاننىڭ جاللاتلىرى يۈگۈرۈشۈپ بېرىپ ھالاۋىددىننىڭ ئالدىنى توسۇپتۇ ۋە پۇتىغا كىشەن، قولىغا كويزا سېلىپ ئوردىغا ئېلىپ مېڭىپتۇ. ھالاۋىددىننى شەھەر خەلقى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىكەن، شۇڭا ئۇلار ھالاۋىددىننىڭ كەينىدىن ئوردىغا بىللە كەپتۇ.

سۇلتان ھالاۋىددىندىن ساراي ۋە قىزىنى سۈرۈشتۈرۈپتۇ. ھالاۋىددىن:

— ئى سۇلتان، سىزنىڭ ئالدىڭىزدا مېنىڭ ھېچبىر گۇناھىم يوق! — دەپتۇ. سۇلتان ھالاۋىددىننىڭ كاللىسىنى ئېلىشقا ئەمر قىپتۇ. جاللاتلار ھالاۋىددىننى ئېلىپ مېڭىپتۇ. ئوردا ئالدىغا يىغىلغان شەھەر خەلقى جاللاتلارنى كۆرۈشى بىلەنلا ھالاۋىددىننى ئورىۋېلىپ سۇلتانغا كىشى كىرگۈزۈپ: "ئەي سۇلتان، ئەگەر سەن ھالاۋىددىننى قويۇپ بەرمەيدىكەنسەن، ئورداڭنى كۆكۈم-تالقان قىلىپ ئادەملىرىڭنىڭ بىرىنى قالدۇرماي ئۆلتۈرىمىز. ھالاۋىددىننى دەرھال بوشىتىۋەت، بولمىسا ساڭا ياخشىلىق بولمايدۇ " دېگەندەك گەپ-سۆزلەرنى قىلىشىپتۇ.

سۇلتان شەھەر خەلقىنىڭ غەزىۋىدىن قورقۇپ كېتىپتۇ ۋە ھالاۋىددىننى ئالدىغا چاقىرىپ:

— خەلقىنىڭ تەلىۋى بىلەن ساڭا كەچۈرۈم بېرىپ تۇرىمەن، بىراق قىزىمنى تېپىپ بەرمىسەڭ مەندىن ياخشىلىق كۈتمە. بەربىر كاللاڭنى ئالىمەن، ساڭا قىرىق كۈنلۈك مۆھلەت بېرىمەن، — دەپتۇ.

ھالاۋىددىن شەھەردىن چىقىپ نەگە بېرىشىنى، بۇدىرە خېنىمنى نەدىن تېپىشىنى بىلمەي قاپتۇ. ئۇ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ مەغرىپتىن كەلگەن كىشى قولىغا سېلىپ قويغان ئۈزۈكنى ئېسىگە ئاپتۇ ۋە ئۈزۈكنى ئېلىپ ئۇگىلاپتۇ. شۇ ھامان دەھنۇش جىن يېتىپ كەپتۇ.

— سەن سارىيىمنى ھازىرقى جايىدىن ئەسلى ئورنىغا قايتۇرۇپ ئېلىپ كەلسەڭ، — دەپتۇ ھالاۋىددىن. بىراق، ئۈزۈكنىڭ قۇلى دەھنۇش بېشىنى تۆۋەن سېلىپ:

— تەخسىر، بۇ ئىش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ، سارايىنى سالغان چىراقنىڭ قۇلى، سارايىنى كۆچۈرۈپ كېلىش پەقەت شۇنىڭ قولىدىن كېلىدۇ، — دەپتۇ.

— ئۇنداق بولسا مېنى شۇ سارىيىم بار يەرگە يەتكۈزۈپ قوي! — دەپتۇ ھالاۋىددىن.

دەھنۇش جىن ھالاۋىددىننى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە سارايىنىڭ ئالدىغا ئەپكىلىپ قويۇپتۇ. ھالاۋىددىن ئۆيگە كىرگەندە بۇدىرە خېنىم زار-زار يىغلاپ ئولتۇرغان ئىكەن. ئۇ ھالاۋىددىننى كۆرۈپ خۇشاللىنىپ تېخىمۇ يىغلاپ كېتىپتۇ ۋە بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئېرىگە بايان قىپتۇ.

ھالاۋىددىن بۇدىرە خېنىمغا تەسەللى بېرىپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن:

— ئۇ سېھىرلىك چىراقنى نەگە يوشۇرۇپ قويىدى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئۇ چىراقتىن ھېچقاچان ئايرىلمايدۇ، داۋاملىق ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ يۈرىدۇ، — دەپتۇ بۇدىرە خېنىم.

— سۆزۈمگە قۇلاق سال، — دەپتۇ ھالاۋىددىن، — ئۇ ئادەم كەلگەندە سەن ئۇنىڭغا بۇرۇتقىغا قارىغاندا ئىللىق، ئىخلاسمەندەك پوزىتسىيىدە بولغىن ھەمدە بىللە ئولتۇرۇپ تاماق يەپ كېتىشنى تەلەپ قىلغىن. ئۇ ئىچىدىغان شارابقا مۇنۇ ئۇخلىتىدىغان دورىنى سېلىۋەت. ئۇنىڭ

كوزى ئۆيقۇغا كېتىش بىلەن مەن كىرىمەن.

— هازىر ئۇنىڭ كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى، — دەپتۇ بۇدىرە خېنىم، — كەينىمدىن ماڭ، مەن سېنى يوشۇرۇپ قوياي، ئۇ ئۇخلىغان ۋاقتتا مەن چاۋاك چالىمەن، شۇ زامان سەن يېتىپ كەلگىن. هالاۋىدىن يوشۇرۇنۇپ تۇرۇشقا مەغرىبلىق كىشى كىرىپ كەپتۇ. بۇدىرە خېنىم ئۇنى ئىززەت-ئىكرام بىلەن كۈتىۋاپتۇ. چىرايلىق سوزلەرنى قىپتۇ. مەغرىبلىق ئادەم بۇدىرە خېنىمنىڭ ناز-كىرەشمىلىرىدىن مەسخۇش بولۇپتۇ. بۇدىرە خېنىم ئازادە ياسىنىپتۇ، ئۇنىڭ ئالدىغا تۇرلۇك لەزىز تائاملار بىلەن شاراپ كەلتۇرۇپتۇ. مەغرىبلىق ئادەم مەس بولغىلى تۇرغاندا بۇدىرە خېنىم ئۇنىڭغا ئۇخلىتىدىغان دورا سېلىنغان شاراپنى تۇتۇپتۇ. ئۇ شاراپنى ئىچىپ بىر ئازدىن كېيىنلا قاتتىق ئۆيقۇغا كېتىپتۇ. بۇدىرە خېنىم دەررۇ چاۋاك چاپتۇ. هالاۋىدىن شۇ هامانلا يوشۇرۇنغان جايىدىن چىقىپ مەغرىبلىق ئادەمنىڭ كاللىسىنى ئاپتۇ ۋە ئۇنىڭ قويىنىدىن چىراقنى ئېلىپ ئايلاندۇرۇپتۇ. شۇ هامانلا چىراقنىڭ قۇلى پەيدا بولۇپتۇ.

— مۇشۇ سارايىنى ئەسلىدىكى ئورنىغا يوتكەپ قوي، — دەپ ئەمىر قىپتۇ هالاۋىدىن. ساراي كوزنى يۇمۇپ-ئاچقىچە ئەسلىدىكى ئورنىغا يوتكۇلۇپتۇ، سۇلتان قىزىنى ئەسلەپ دەرىزىنىڭ ئالدىدا يىغلاپ ئولتۇرغان ئىكەن. ئۇ دەرهال ئوردىدىن چىقىپ سارايغا بېرىپتۇ. بۇدىرە خېنىم بىلەن هالاۋىدىن سۇلتاننى ئىشىك ئالدىغا چىقىپ شات-خورام كۈتۈۋاپتۇ. ئۇلار يىغلىشىپ كورۇشۇپتۇ. سۇلتان كۆيۇغلىدىن ئەپۇ سوراپتۇ. شۇندىن باشلاپ ئۇلار خاتىرجەم، بەختىيار هايات كەچۇرۇپتۇ.

توپلىغۇچى: توختى ئابىخان



## ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدىن

قارىسام كورۇنمەيدۇ،
سايلىقنىڭ تېرەكلىرى.
ئاچلىقتا بالام يىغلاپ،
ئەسنەيدۇ ئېڭەكلەرى.

زەرداپ تولا ئىچىمدە،
دەرتنى ئۇزەم بىلەرمەن.
كوزدىن ئاققان يېشىمغا،
كېمە سېلىپ ئۇزەرمەن.

سايغا بۇغداي تېرىسام،
بۇغداي بولدى، كەتتى داڭ.
ھەممىنى ئالۋاڭغا بەردىم،
تېرىق ئۇندا بولدى زاڭ.

مەن بازارغا بارمايمەن،
گورەكەشتىن قەرزىم بار.
باقالمىدىم بۇ جاننى،
خۇدايىمغا ئەرزىم بار.

پاختەكلىدە شال تېرىدۇ،
ملىڭ بىر جازادا.
ئاقۇشاقنى ئۇزى يەيدۇ،
گۇرۇچى بازاردا.

تاغنىڭ ئۇستىگە چىقسام،
ئاق تاش بىلەن قارا تاش.
دەردى بارنىڭ كوزى ياش،
دەردى يوقنىڭ باغرى تاش.

كەمبەغەل تۇپراقتا ياتسا،
كىم ئۇنى ياد ئەيلىسۇن.
گاچا بولسىمۇ مەيلى،
باينىڭ ئوغلى سوزلىسۇن!

ئارقىدىكى قوناغلىق،
ھامامىنىڭ قوناغلىغى.
مېنى ياردىن ئايرىغان،
دۇشمەننىڭ يامانلىغى.

مەن باردىم پاقلىقتا①
ئوت كەتتى چاكانلىقتا.
زورلاپ ساتتى قىزلارنى،
يۇڭ مەيدە، ساقاللىقتا.

ئوڭ يېنىمدا جان ئاتام،
كوزلىرىمنىڭ قارىسى.
سول يېنىمدا جان ئانام،
يۇرىگىمنىڭ پارىسى.

يا ئاتام يوقتۇر مېنىڭ،
ياكى قېرىنداشىم مېنىڭ.
ئايىغى چىققان بۇلاقتەك،
ئاقىدۇ ياشىم مېنىڭ.

گۇزەل قەشقەر جايلىرى،
تەگدىن تولا باغلىرى.
ھارماي - تالماي ئىشلەيدۇ،
ئىشچانلىرى - بالىلىرى.

---

① پاقلىق: - يۇرت ئىسمى.

تالی - مه‌جنۇن كوكلدى،
باغلار باھاردا يايردى.
ئككى ياخشى بىر بولۇپ،
چولله‌رنى گۈلشه‌ن ئه‌يلدى.

"كره‌مله" دىگه‌ن يۇرت بار،
تازغۇننىڭ ئاياغدا.
مىنىڭ ئىشچان يارىمنىڭ،
مۇنچاق بار قۇلاغىدا.

يارىمنى ئۇلۇق دەيدۇ،
ئىشلىگىنى تۇلۇق دەيدۇ.
ئىش تامام‌لاپ يانغاندا،
كه‌لمىگىن قۇرۇق دەيدۇ.

سۇزۇك سۇنى لاي قىلغان،
چوڭ كوۋرۇكنىڭ توپاسى.
ياش باللىنى گۈل قىلغان،
ئىشچان قىزنىڭ دوپپاسى.

گۈلۇم كه‌تتى، گۈلۇم كه‌تتى،
قولۇمدىن بۇلبۇلۇم كه‌تتى.
ئۇز يۇرتىمدىن ئايرىلىپ،
مۇساپىرلىق ماڭا يه‌تتى.

كه‌تمه‌ننى چاپاي دەيمه‌ن،
ماڭا لايىق كه‌تمه‌ن يوق.
بۇ يۇرتتا مۇساپىرمه‌ن،
ماڭا ئوخشاش دەرتمه‌ن يوق.

ھول پاختا، بۇزۇق چىغرىق،
چىگىت چاقتانى ئىپتايمۇ؟
كىشىنىڭ يۇرتىغا بارىپ،
غىرىپ بولغاننى ئىپتايمۇ؟

يارىمنىڭ قارا قويى،
ئوتلايدۇ تىرىقلىقتا.
يارىم كىتىپ مه‌ن قالدىم،
بۇ شه‌ده غىرىپلىقتا.

چولدىكى يۇلغۇنلىنى،
كه‌كده كه‌سمه‌يلىمۇ؟
سه‌نمۇ غىرىپ بولساڭ ئه‌گه‌ر،
قول تۇتۇپ كه‌تمه‌يلىمۇ؟

باغدا پىشقان نار ئۈزۈمنىڭ،
نه‌چچه ياڭزا تۈرى بار.
مه‌ن غىرىپ - بىچارىنىڭ،
سه‌ندىن باشقا كىمى بار؟

باققا كىردىم گۈل ئۈزه‌ي دەپ،
گۈل سۇيى گۈلگه تامار.
يۇره‌كتىكى دەرت - ئه‌له‌م،
جان تالاشقاندا چىقار.

دۇتتار چالدىم په‌دىگه،
سه‌ن يارىمنىڭ دەردىگه.
قارا كوز تۇرالامسه‌ن،
باشتا قىلغان ۋه‌دىگه؟

بىشىدىكى دوپپىسىنى،
ناۋاتتا پاتلىغان يارىم.
ماڭا به‌رگه‌ن ۋه‌دىسىنى،
يۇره‌كته ساقلىغان يارىم.

قىزىل گۈلنى گۈل دەيمه‌ن،
ئه‌تىر گۈلنى گۈل دەيمه‌ن.
ئون سه‌ككىز مىڭ ئالەمدە،
سه‌ن يايرىمنى بىر دەيمه‌ن.

ھاۋا ئوچۇق ئاخشىمى،
مه‌ن ئاينى كوره‌ي دەيمه‌ن.
ئومۇرلۇك يارىڭ بولۇپ،
سىنى جاندىن سۇيه‌ي دەيمه‌ن.

مېنىڭ قۇشۇم ئۇچار بولدى،
ۋاپادار يارنى ئىزلەپ.
تاپارمۇ قايتا جانانى،
بىپايان دەشتىنى ئىزلەپ.

كەتسەڭ يەنە كېلەمسەن،
مېنىڭ ئۇچۇن بولسىمۇ.
كەلگىچە كۇتۇپ تۇراي،
يۇرەك قانغا تولسىمۇ.

بىللە ئۇتىمىز دەپتىم،
بىللە بولىمىز دەپتىم.
كۆڭلۇمدىكى يار بىلەن،
بىللە ئۇلىمىز دەپتىم.

ئەي يارىم ۋاپادارىم،
دەريادەك ئاقار ياشىم.
سېنى ئويلىغان چاغدا،
قايىدۇ مېنىڭ باشىم.

سەن چاقىرماپسەن تېخى،
مەنمۇ خۇشتار ئەمەسمەن.
ئېزىز جانىم ئېسەن بولسا،
بىۋاپانى دىمەسمەن.

ئېدىردا ئۇتلىغان تايچاق،
مېنىڭ تېپىم ئەمەسمۇ؟
ۋاپا قىلمىغان يارغا،
ئىخلاس زايا ئەمەسمۇ؟

بارمىغاچقا - كەلمىگەچكە،
يات بولۇپ قالدۇقمىكىن؟
يانچۇغۇمدا پۇل تۇگەپتى،
سەت بولۇپ قالدۇقمىكىن؟

سېرىق ھەرى توپلىشىپ،
تاللاپ يەيدۇ ئۇزۇمنى.
سەن مېنىڭ يارىم تۇرۇپ،
ئاڭلىمايسەن سوزۇمنى.

تونىنچى ئايدا قار ياغدى،
ئېرىقلاردا مۇز تۇتماي.
يارىم بىلەن ئايرىلدۇق،
قولىنىڭ ئۇچىنى تۇتماي.

كۆزدە چۇشكەن غازاڭنى،
شامال ئۇچۇرۇپ كەتتى.
يار بىلەن كورۇشمەيلا،
يىراققا كوچۇپ كەتتى.

دولان دەريا سۇلىرى،
بۇ يىل يەنە تاشقىدەك.
كىشىلەردىن ئاڭلىسام،
يارنىڭ كوڭلى باشقىدەك.

قوغۇن تېرىغان تايى،
تاۋۇز تېرىغان تايى.
سەندەك بىۋاپا يارغا،
قىلغان - ئەتكىنىم زايى.

ئاتاسىز قىلدىڭ يارىم،
ئاناسىز قىلدىڭ يارىم.
ئاخىرى جۇدالىقتا،
پاناسىز قىلدىڭ يارىم.

ئىشىك تۇۋىڭدىن مەن ئۇتسەم،
تالدا كۇۋرۇك سالدىڭمۇ؟
ئالتە كۇنلۇك ھالىڭغا،
كويۇك ئوتۇڭنى سالدىڭمۇ؟

سايدا ئۇسكەن دەرەخنىڭ،
سايىسى سايغا چۇشەر.

مېنى ئالدىغان قىزچاق،
ئاقۋەت قولغا چۈشەر.

يارىمنىڭ ئۆيى ساستا،
بىللە ماڭىلى قاشتا.
ماڭا مەيلىڭ بولمسا،
نىمىشقا ئوينىغان باشتا؟

ئەجەپمۇ بولۇق بولدى،
هويلامدا قارا ئۈرۈك.
بىۋاپالىق قىلغاننى،
يولدا تاشلاپ كەتكۈلۈك.

سايە بەرمەيدۇ تېرەك،
شاخى سۇنغاندىن كېيىن.
چىللىسا كەلمەيدۇ يار،
كوڭلى قالغاندىن كېيىن.

كوينۇگۇمنى يۇدۇردىم،
سىم - تانىغا يايدۇردىم.
ساڭا بەرگەن كوڭلۈمنى،
ئۈچ ئاي بولدى ياندۇردىم.

باغچىغا كىرگەن بولۇپ،
سۇندۇردىم گۈللەرىڭنى.
ئەشۇ گۈلگە ئوخشتارمەن،
ئايرىلغان كۈنلەرىمنى.

ئايدىڭ بولمىغان جايدىن،
چىراقنىڭ شولىسى ياخشى.
ۋاپا قىلمىغان ياردىن،
تەنها يۈرگىنىم ياخشى.

چوڭ تام ئورۇلەي دەيدۇ،
خوجىتامدا يولەر بولدۇم.
يار كوڭلىنى بەرمەيدۇ،
هىجراندا كويەر بولدۇم.

ئاتلاپ ئوتىمەن كەچتە،
بېغىڭىزنىڭ تېمى پەس.
يارنى تاشلىۋەتتۇق بىز،
چۈنكى ئۇنىڭ كوڭلى پەس.

باغىڭغا كىرىپ باقسام،
شاپتۇلنىڭ تۈۋى سايا.
سەندەك بىۋاپا يارغا،
قىلغان ئەقدەم زايا.

دۇتارنى چالالامسىز؟
پەدىسىنى باسالامسىز؟
مەندىن باشقا يار تۇتۇپ،
ئارزۇغا قانالامسىز؟

سېنىڭ بىلەن يار بولۇشقان،
بىر مەلدە چوڭ بولۇپ.
قالدىم ئەمدى هەسرەتتە،
يۈرىگىمگە قان تولۇپ.

كېۋەزلىكمۇ بىزنىڭ يەر،
قوغۇنلۇقمۇ بىزنىڭ يەر.
ئولمەي تىرىك ئايرىلساق،
خەلقى - ئالەم نىمە دەر؟

بېغىڭغا بۇلبۇلۇم كەتتى،
ياخشى كۈتۈپ ئالارسەن.
مەن باشقا بىلەن يۈرسەم،
ئوچمەس داغدا قالارسەن.

قوينىڭمۇ قوزاسى بار،
پىلنىڭ غوزاسى بار.
بىۋاپالىق قىلغانغا،
خۇدانىڭ جازاسى بار.

قارا ساچىڭنى بوستان دەي،
سايە سالسۇن يولۇمغا.

بەرگىن ئالتۇن ئۈزۈكنى،
سىلىڭۋالاي قولۇمغا.

كوچەتلەر خوي ياراشىپتۇ،
چوڭ يولغا بىرىپ زىننەت.
يارىمنىڭ قاراشلارى،
مەن ئۈچۈن ئەجەپ قىممەت.

ئاتىنىڭ بالىسى تايچاق،
تالنىڭ ئۈچىنى يەيدۇ.
خوشنامنىڭ قىزى ئايشەم،
كوزنىڭ يىغىنى يەيدۇ.

بىشىمدىكى تۇماقنى،
تىكىۋالدىم كەمچەتتىن.
ئۈز يۇرتۇمدىن يار چىقماي،
تۇتۇۋالدىم بىر چەتتىن.

ئىشىك ئالدىغا چىقسام،
مياڭىلدى بىر مۇشۇك.
ئالدىراپ ياتلىق بولساڭ،
تەۋرىتىسەن قوش بوشۇك.

ئالمىلار پىشىپ قاپتۇ،
ئۈزەڭ بىرىپ كورۇپ باق.
يىگىمياچى يار تۇتساڭ،
ئۈزۈن مۇددەت سىناپ باق.

دەريا بويىغا كەلسەم،
تۇرنىلارنىڭ ئىزى بار.
يۈرىگىمنىڭ قىتىدا،
سەن يارىمنىڭ سوزى بار.

يارىمنىڭ ئىتى هورى،
چاقىڭنى قۇرۇپ چورى.
مىنى قايىلتاي دىسەڭ،
بىشىمدىن تۇمار ئورى.

سەنمۇ باردىڭ تاۋاپقا،
مەنمۇ باردىم تاۋاپقا.
چىچىڭدىن بىر تال ئۈزۈپ،
پەدە باغلاي راۋاپقا.

ئالما ئاتسام هويلاڭغا،
تۇتۇۋالدىڭ ئىتەكتە.
قاچانغىچە ساقلايدۇ،
ئاناڭ سىنى كاتەكتە.

قۇرغۇيۇم ئۈچۈپ كەتتى،
جىمجىتلىقنى ئارزۇلاپ.
يارنى ئالدىم قولۇمغا،
ئانىسىنى رازىلاپ.

باغىڭدىكى شاپتۇلىڭ،
شىخى ئەجەپ پەس ئىكەن.
چىقمايسەن تالا - تۈزگە،
سىنى كورمەك تەس ئىكەن.

كۈن چىقىشتىن تاڭ ئاتار،
تۇرنىلار ئۈچار قاتار.
غەم يۇتۇپ ياتسام ئەگەر،
قايسى يارىم ئويغىتار؟

ئۇستەڭ بويى ئاشخانىدىن،
مانتۇ ئەپ بىرەي سىزگە.
ئىچىمدىكى دەردىمنى،
ماڭغاچ دەپ بىرەي سىزگە.

كىچىلىرى يول ماڭساڭ،
قولۇڭغا پەنەر ئالغىن.
ئوتتۇڭدا چۈچۈل بولدۇم،
هالىمدىن خەۋەر ئالغىن.

كوچەت يىلتىز تارتىدۇ،
مۇنبەت يەرگە تىكىلسە.

ئۇزۇلمەيدۇ دىل رىشتى،
لەۋەن يارغا چىگىلسە.

شامالدا چورىدىم غالتەك،
بوراندا چورىدۇم غالتەك.
كوڭلۇمنى ئېلىۋالدى،
ئوزى چاقتان، بويى كالتەك.

ئېتىزدىكى قوناقنى،
غېرىچ ئوسسە تاقلايمەن.
يانچۇغۇمدا ناۋات بار،
سەن يارىمغا ساقلايمەن.

تاڭ سەھەرنىڭ سالقىنى،
ئوتتى چوڭ ھويلا بىلەن.
يارغا دەپ گۇلدەستە تىزدىم،
بىر سىقىم غۇنچا بىلەن.

ئاق پىيازنىڭ پوستىمەن،
قىزىل پىيازنىڭ پوستىمەن.
بىر مەلدە چوڭ بولغان،
قارا قاشنىڭ دوستىمەن.

تېرەكسىز ھويلىغا كىرسەم،
تومۇزنىڭ ئاپتىۋى ئوتتى.
بويۇڭدىن ئورگىلەي يارىم،
قەدىرىڭ ماڭا يەتتى.

لاي ئوچاقتا ئوت قالاپ،
يۇزلىرىم قارا بولدى.
يارىمنى تولا ئويلاپ،
يۇرىگىم يارا بولدى.

ئېگىز ئوسكەن تېرەكنىڭ،
يىلتىزى بار تېگىدە.

يارىم بىلەن ئوينىغان،
ناچۇق ئوستەڭ لىۋىدە. ①

يېڭىشەردىن ئوتكەندە،
كورۇندۇ ياندۇما. ②
سەن يار بىلەن ئوينساڭ،
دوست - دۇشمەنگە چاندۇرما.

پىشايۇنىڭ كورۇندى،
ئوگزەمگە چىقىپ باقسام.
سەن يارىم چىرايلىقنى،
باغرىمغا راسا ياقسام.

ئالما ئاتسام يىراققا،
بېرىپ چۇشتى قىياققا.
مېنىڭ كوڭلۇم چۇشۇپ قالدى،
ساھىپ جامال قىزچاققا.

ئىشىگىڭنى تولا قاقسام،
ئۇلگۇچەكتىن ئۇزۇلدى.
يار سېنى تولا ئويلاپ،
مېنىڭ كوڭلۇم بۇزۇلدى.

دەرىزەڭدە - تەشتەكتە،
ئېچىلدۇرغان گۇل بولاي.
مەن ساڭا كويۇپ قالدىم،
ئومۇر بويى قۇل بولاي.

ھېيتتا ناغرا چالغاندا،
تەڭكەش بولدۇ سۇناي.
يار بىلەن تېپىشقاندا،
دۇشمەن كوزىدە ئويناي.

كېچە بولسا ياتمايدۇ،
ھۇقۇش بىلەن جاغالماي.

---

① ② ناچۇك، ياندۇما — قەشقەر يېڭى شەھەر ناھىيىسىنىڭ يېزىلىرى

سوز قويالمىدىم يارغا،
يالغۇز يارنى تاپالماي.

ئانارىم بار - ئانارىم بار،
باغىمدا ئانارىم بار.
يولىمىز يىقىن بولسا،
قىشىڭغا نەچچە بارغىم بار.

ئىگىز ئۇسكەن تېرەكلەر،
ئوز ئارا بوي تالىشۇر.
بىز - ئىككىمىز دوست بولساق،
ەلىمىزگە يارىشۇر.

ئوستەڭلەرگە سۇ كەلدى،
ئوركەش ياساپ شاقىراپ.
يارىم چىقتى يېنىمغا،
تولۇن ئايدەك پاقىراپ.

دەريالاردا ئاققان سۇ،
تۇغاملاردا توختايدۇ.
مېنىڭ مېھرىۋان يارىم،
قىزىل گۇلگە ئوخشايدۇ.

ئۇچكە بارمۇ چاققىدەك،
ياڭاق بارمۇ چاققىدەك.
ئاخشاملىققا بار دەيلا،
چىراق بارمۇ ياققىدەك؟

باغى بولسا گۇل بولسا،
هويلا بولسا قۇم بولسا.
ئىككىمىز تېپىشقاندا،
يەر ئاستىدا يول بولسا.

ئۇگزەڭگە چىچىۋەتتىم،
بىر چاڭگال قارا تاشنى.
ئىزلەپمۇ تاپالمادىم،
سەندەك بىر قارا قاشنى.

ئېرىقتىكى لاي سۇنى،
باشلاپ كەلگىن ئوتياشقا.
مەيلىڭ بولسا كەل يارىم،
ئومۇر بويى ئويناشقا.

ئاتۇشۇڭغا بارغىچە،
سايۋاغدا قونۇپ قالدىم.①
سەن يارىمنىڭ ئوتىدا،
ئاغرىقچان بولۇپ قالدىم.

ئاق بۇلۇتقا ئوخشايدۇ،
قاغىلىقنىڭ قويلىرى.
كوڭلۇمنى بېرەي دىسەم،
ئەجەپ ئىكەن خۇيلىرى.

جىنەستەيۇ - جىنەستە،
بىزنىڭ باغدا جىنەستە.
سەن ئىگىزدە مەن پەستە،
سۇيۇۋالدىم مىڭ تەستە.

ئەجەپمۇ ياراشىپتۇ،
ئالا ئاتنىڭ تۇماسى.
كېچە بولسا ئۇيقۇ يوق،
تۇتتى يارنىڭ خۇماسى.

ئاق كەپتەرمۇ موللاقچى،
كوك كەپتەرمۇ موللاقچى.
يارىمنى يامان كورمەڭ،
ئوزى خۇشخۇي چاقچاقچى.

مەن يىغلايمەن هەر كۈنى،
يارىم يىراققا كەتسىلە.
ئېچىلارمەن غۇنچىدەك،
مېنىڭ هالىمغا يەتسىلە.

---

① سايۋاغ — قەشقەر بەشكىرەمىدىكى بىر يېزا

كۈن چىققاندا بىر كىشى،
كۈن پاتقاندا بىر كىشى.
كوڭلۈمدىكى يارىمغا،
ئوخشمايدۇ هىچ كىشى.

كېچىنكىدە ئولتۇرسام،
يولدىكىلەر قارايدۇ.
كوڭۈلدىكى شۇ يارىم،
ئىشىك تۈۋىدە مارايدۇ.

كويۇپ سويگەن نىگارىمنى،
تاپارمەن گۈلچىمەن باغدا.
راۋاپنى سايرىتىپ ئويناپ،
يۈرۈيمەن دائىما باغدا.

بىسمىللادىن سوز باشلىدىم،
سۇغا تاياق تاشلىدىم.
دوستلىرىمنىڭ هورمىتىگە،
مەن ناخشامنى باشلىدىم.

كەپتىرىم پالاقلايدۇ،
لاچىن كەلگەن ئوخشايدۇ.
كوڭلۈم خوش بولۇپ قاپتۇ،
يارىم كەلگەن ئوخشايدۇ.

سېرىق ساندۇق سىرىمەن،
ئىككى گۈلنىڭ بىرىمەن.
تاغدا زەينەپ، باغدا كاككۇك،
بىرى سەندۇر، بىرى مەن.

ئاينى ئاسماندا دىسەم،
ئايخان زىمىندا بار ئىكەن.
تەلمۈرۈپ تۇرغان كىيىكتەك،
جانان قېشىمدا يار ئىكەن.

ئۈچتۈم بۆدىنە بولدۇم،
تاللىق بىدىگە چۈشتۈم.

يۈرىگىمدە ئوت بولغاچ،
يارنىڭ كويىغا چۈشتۈم.

بېغىڭنىڭ كەينىدە تۇرۇپ،
چالما ئاتتىم هويلاڭغا.
كېلەر ۋاقتىڭنى خەۋەر قىل،
زىلچا سالاي يولۇڭغا.

كۈنجۈر بېرىپ سەمرىتەي،
بېقىۋاتقان قويۇڭنى.
ئىز قوغلاپ تاپالمادىم،
كېچە ماڭغان يولۇڭنى.

ئېگىز تاغدىن چۈشكەن سۇ،
ئوقچۇپ ئاقار ئېقىندا.
قۇلاق سېلىپ تىڭشىسام،
ئۈنۈڭ چىقتى يېقىندا.

كويىمدى دەمسەن مېنى،
كۆل بولۇشنىڭ ئورنى يوق.
ساڭا كويگەن بۇ يۈرەككە،
سۇ سېپىشنىڭ ئورنى يوق.

ماڭداپمۇ يېتەلمىدىم،
چامداپمۇ يېتەلمىدىم.
ئوتتىڭىز يامان ئىكەن،
تاشلاپمۇ كېتەلمىدىم.

ئاخشام چىقتىم تالاغا،
قوينۇم تولدى ئانارغا.
جامالىڭغا بىر قاراپ،
ئەمدى قالدىم بالاغا.

ئالدىڭغا باراي دىسەم،
ئالدىڭدا توغرا دالان.

ئايرىلىپ كېتەي دىسەم،
يار ئۇتى بەكمۇ يامان.

ئاق تاۋادا كوينىگى،
كوك تاۋادا كوينىگى.
يارنىڭ ماڭا بەرگىنى،
ئالما ئەمەس يۈرىگى.

بۇلبۇل سايرىغان باغدا،
غۇنچە پورەك ئاچمامدۇ؟
مەن يادىغا يەتكەندە،
ياردىم ھەسرەت تارتمامدۇ؟

سەن چىمەننىڭ گۈلى بولساڭ،
مەن چىمەننىڭ بۇلبۇلى.
سەن چىرايىڭغا ئىشەنسەڭ،
مەن خۇدايىمنىڭ قۇلى.

ئاق تاۋارنىڭ پېتى يوق،
كوك تاۋارنىڭ پېتى يوق.
يېڭى تۇتقان ياردىمنىڭ،
بىر ئېغىزمۇ گېپى يوق.

نېرى كەتسەم، كەل دەيسەن،
يېقىن كەلسەم، كەت دەيسەن.
كويۈشكەندە تەڭ كويگەن،
ماڭا كەلدى دەرت دەيسەن؟

كوچەت تىكتىم باغ بولدى،
ئويناىدىغان چاغ بولدى.
يايرىم قىلغان ئاھانەت،
يۈرىگىمگە داغ بولدى.

باغدا گۈللەر ئېچىلۇر،
مىرادىغا يەتكەندە.

قەدىرىم ئوتىلەر يارغا،
مەن يىراقتا كەتكەندە.

ئاخشام كېلىمەن دىسەڭ،
سىرتتا ياتتىم غەم بىلەن.
سەن ياردىمنىڭ دەردىدىن،
باشقا يىدىم دەم بىلەن.

ئىشىك ئالدى چىلانلىق،
ساڭا نىمە يوغانلىق.
مەنمۇ ساڭا تويىاغلىق،
ياتقان يېرىڭ سامانلىق.

پاختەكلىنىڭ يېرىگە،
شال تېرىيدۇ شالچىلا.
كۈلۈپ تۇرۇپ گەپ قىلسا،
چوڭ سوزلەيدۇ ھالچىلا.

كېتىپ بارغان پايىدانىڭ،
ئالدى ئىگىز، كەينى پەس.
بىزنى كويدۈرگەن يارنىڭ،
ھالى ئۇستۇن، كوڭلى پەس.

ئاتامسەن تاپانچاڭنى،
بىسىقلىق ئوقۇڭ يوقمۇ؟
ياخشىنى يامان دەيسەن،
ئوزەڭدە گۇنا يوقمۇ؟

ئىلى يولىدا، سايدا،
بار ئىكەن قوم ھەمدە تاش.
دەردى يوقلار ئويناىدۇ،
دەردى بارنىڭ كوزى ياش.

سۇ ئاقىدۇ ئايلىنىپ،
باش - ئايىغى لايلىنىپ.

Altunoq

كەتكەن يارنى توسماڭلار،
ئۆزى كېلۇر ئايلىنىپ.

ئاسماندىكى ئالا قاغا،
چىكەتكىگە تويدىڭمۇ؟
بىزنى يامان دەپ بېرىپ،
يار تۇتقانغا تويدۇڭمۇ؟

ۋاي قاغىلا ـ قاغىلا،
تاقىقا بارماي قايتتىڭمۇ؟
ئۆزى كەتكەن نادان يار،
بىزنى يەنە تاپتىڭمۇ؟

ئاتنى مىندىم ئالدىمچى،
ئېلىپ ئۇردى كەينىمچى.
يېڭىياچى يار تۇتسام،
ئۇيناتمىدى مەيلىمچى.

چىنىدە شاراپ بولسا،
تەخسىدە كاۋاپ بولسا.
مەن تولا ئوكۇنمەيتتىم،
يارىمدىن جاۋاپ بولسا.

يارىم يازغان خېتىدە،
سېغىندىم سېنى دەپتۇ.
خەت يازماس بولۇپ قالدىڭ،
ئۇنۇتتۇڭمۇ مېنى دەپتۇ.

بايان قىلدىم سوزۇمنى،
ئوقۇپ بېقىڭ خېتىمنى.
سىز يارىمنى بىلەر دەپ،
يازماي قويدۇم ئېتىمنى.

ئونبەش پۇڭلۇق يىپ ئالدىم،
سائەت بېغى توقۇشقا.
يىغلاپ تۇرۇپ خەت يازدىم،
كۇلۇپ تۇرۇپ ئوقۇشقا.

يەكەندىن دۇتار ئالدىم،
قەشقەردىن راۋاپ.
مەن يارىمغا خەت ئەۋەتسەم،
كەلمىدى جاۋاپ.

ئىگىز ـ ئىگىز تېرەكلەر،
پوتلا چىقىرىپتۇ.
بىزنىڭ يارلار ئوزگىرىپ،
ياڭزا چىقىرىپتۇ.

ئىگىز ـ ئىگىز تېرەكلەر،
پوتلا چىقاردى.
يارنىڭ ئانىسى بىزدىن،
ئىۋەن چىقاردى.

كونا قاپاقتىن سۇ توكۇلسە،
ۋىلىق ـ ۋىلىقلا.
نومۇس دىگەننى بىلمەيدۇ،
بەت قىلىقلا.

كەپتىرىم پالاقشىيدۇ،
سا كەلگەنگە ئوخشايدۇ.
يۇرىكىم جىغىلدايدۇ،
يار كەلگەنگە ئوخشايدۇ.

ئېرىق بويىغا قويدۇم،
مەجنۇن تال بىلەن تېرەك.
مەن يارنىڭ ۋاپادارى،
يارمۇ ئويلىسۇن مەندەك.

سۇ چۇشتى ئىگىز تاغدىن،
باشلىدۇق ئېرىقلارغا.

مەن ئەمدى چىداي قانداق،
سەن سالغان پىراقلارغا.

قوندى بۇلبۇلۇم قوندى،
گۇلبۇستان چىچەكلەرگە.
راست كېپىڭنى ئېيت ياردىم،
يېتەمدۇق تىلەكلەرگە؟

تاغدا يايلىغان سەكە،
قازانغا قانداق پاتقانسەن؟
مېنى تاشلاپ ئامرىغىم،
ئويۇڭدە قانداق ياتقانسەن؟

سۇغا چۇشسەم ئوستەڭگە،
لەيلىمەي چوكۇپ كەتسەم.
سەن نامەرتنى سۆيگىچە.
ئەجەل يەتمەي ئۆلۈپ كەتسەم.

هويلاڭدىكى قاپاق تېرەك،
سايە سالدىمۇ ياردىم.
بارمسام سېنىڭ كوزۇڭ،
ياشقا تولدىمۇ ياردىم.

كوزلىرىڭ خۇمار ئىكەن،
نىمە ئانچە قارايسەن؟
راست كېپىڭنى ئېيت يايىرىم،
ئاندىن ماڭا يارايسەن.

ئىشىك ئالدىڭدىن ئوتتۇممەن،
ماڭا قاراپ كەتتىم مەن.
جامالىڭنى بىر كورۇپ،
مۇرادىمغا يەتتىم مەن.

سۇغا باردىم كولىڭگە،
كويۇپ قالدىم كوزۇڭگە.
ئەپلەشتۇرۇپ گېپىمنى،
دىيەلمىدىم ئوزۇڭگە.

قىزىل گۇلنى كۆپ ئىزلەپ،
سېرىق گۇلنى تاپتىم مەن.
ياردىمنىڭ پىراقىدا،
سۇغا كىرىپ ئاقتىم مەن.

گۇللۇك تاغنى كورگەندە،
قارلىق تاغنى ئۇنۇتما.
ياخشى يارنى سويگەندە،
مەن غېرىپنى ئۇنۇتما.

ئىشىگىڭگە لاي ئاتتىم،
قۇلۇپىڭغا تەگسۇن دەپ.
ياردىم سالام ئەۋەتتىم،
دادىم ساڭا يەتسۇن دەپ.

ئۇرۇمچىگە بارمايمەن،
داخىيەندە قەرزىم بار.
يار مېنىڭدىن رەنجىپتۇ،
ئانىسىغا ئەرزىم بار.

پىيالىدا چاي بەرسەم،
سۇندۇرماي ئىچەلەمسەن؟
مەن بىلەن يار بولۇشقا،
چىن ۋەدە بېرەلەمسەن؟

تاغنىڭ تۆرىدا كۆلگەن.
باهار گۇلدەك كوڭلۇم.
ئىشچان ئامرىغىم بىلەن،
خوشال ئوتىدۇ ئومرۇم.

ئەمگەك قىلىپ گۇل تەردىم،
بېغىم گۇلشەن بولسۇن دەپ.
يارىم كېلىپ، سەيلى قىپ،
خوشاللىنىپ كۇلسۇن دەپ.

بىر بېسىپ ـ ئىككى بېسىپ،
كوچىنىڭ باشىغا كەل.

ۋاپاسى بار يار بولساڭ،
چىرمىشىپ قاشىمغا كەل.

يارىمنىڭ ئويى تاغدا،
ئويناىدۇ كىرەمباغدا.
مېنىڭ يارىم چىرايلىق،
كېلىدۇ دىگەن چاغدا.

سۇ باشلاپ ئۆرۈق سالدۇق،
چۆل - بىنام دىگەن يەرگە.
جامالىڭنى بىر كورۇپ،
ئوت كەتتى يۈرەكلەرگە.

ئات باغلىدىم جىگدىگە،
قويۇپ بەردىم بىددىگە.
ئوزەم كىچىك تۆرۈپلا،
قالدىم يارنىڭ دەردىگە.

سىز ئالتۇن بولۇڭ يارىم،
مەن زىرە سوقاي يارىم.
سىز گۈلشەن بولۇڭ يارىم،
مەن ناخشا ئوقاي يارىم.

قىزىل گۈلنى باشقا قىسسام،
تۇمار بولارمۇ؟
كورۇشمىسەك يارىم ماڭا،
خۇمار بولارمۇ؟

گۈل ئىچىدىن تاللاپ ئۈزدۈم،
خۇش پۇراقلىق رەيھاننى.
كورگەنمۇ سەن جانانىم،
مەندەك غېرىپ - ۋەيراننى؟

ئاتلارنى توقۇپ قويدۇم،
شىۋىرغان يامان قاردا.
يارىم بېرىدۇ ۋەدە،
چىن كوڭلى بولەك ياردا.

سېنىڭ قىزلۇڭدىكى كەپتەر،
مېنىڭ قولۇمغا ئەگىدۇ.
ساڭا كويگەن يۈرەكنى،
قانداق قىلسا سەگىدۇ؟

كەچمىگەن دەريانى كەچتىڭ،
كەتمىدىڭ سۇدا ئېقىپ.
ئەمدى كوڭلۇڭ تىندىمۇ،
يارنى باغرىڭغا يېقىپ.

دوڭگە چىقسام دوڭ ياخشى،
ئويگە كىرسەم ئوي ياخشى.
ئىشقى يوق نادان ياردىن،
قوشقا قاتقان ئوي ياخشى.

ئويناىدۇيۇ - ئويناىدۇ،
ئەگىم يولدا ئويناىدۇ.
بىزنىڭ بىۋاپا يارلار،
سوگەتلىكنى بويلايدۇ.

سارجا ئىشتىنىم باتى،
كىيەي دىسەم قىرى يوق.
يېڭىياچى يار تۇتسام،
كوز سالغىدەك يېرى يوق.

ئاتنى چاپتۇردىمەن چۆلگە،
موللاق ئاتىمەن كولگە.
سەن يادىمغا يەتكەندە،
يۈرەكنى ياقىمەن يەرگە.

ئاق بوز ئاتنى مىنگەندە،
ئىگەچىغى لىڭشىيدۇ.
يېڭى يارنى سويگەندە،
كونا يارلار غىڭشىيدۇ.

قىزىل تۇمشۇق تومۇچۇق،
شاخ توپىسىدە سايرايدۇ.

كوڭلى بارمكىن قىزنىڭ،
يەر تېگىدىن قارايدۇ.

كەتمەننى تولا چاپسام،
شىخىل تاشتىن يەر چىقتى.
يېڭىياچى يار تۇتسام،
مەلىسىدىن ئەر چىقتى.

سىزگە يازغان بۇ خەتنى
تولدۇرغان قۇرۇق سەتنى.
سىز نىمە دەپ تونۇيسىز،
ئاشىغىم مۇھەببەتنى؟

گۇل شاخىنى قايرىغان،
قىلاۋىنىڭ شامالمۇ؟
يۈرىگىمنى كويدۇرگەن،
يايرىمنىڭ جامالمۇ؟

توپلىغۇچى: هوشۇر ئىبرايىم

كېچە يېتىپ چۇش كوردۇم،
تولۇن ئاي قوينۇمدا دەپ.
ئاھ! دەپ ئويغىنىپ كەتتىم،
پاھ! يۈرىگىم كويدى دەپ.

بارغىلى بار خىيالىم،
يانغىلى يوق تاقىتىم.
يارىمنى سېغىنغاندا،
ئۇچقىلى يوق قانىتىم.

يارىمنى ئاغرىق دەيدۇ،
مەن بېرىپ كورەيمىكىن؟
ئاغرىق بولسا ـ بولمىسا،
بېشىدىن ئۇرگىلەيمىكىن؟

شوپاڭدا هاراق ئىچسەم،
شەنسىن داڭزىغا ئالدى.
ئالتۇن قارىقاش يارىم،
قەشقەر شەهرىدە قالدى.

سىپاجۇينىڭ تىڭزىسى،
ساق ـ ساق ئوستەڭ بويىدا.
ئەگىمۇ كېتەلمىدىم،
مەن يارىمنىڭ كويىدا.

يار مىنگەن تورۇق ئاتنىڭ،
ئوڭ قۇلىغىدا بىر ئەن بار.
قورقماي چىققىن تالاغا،
ئىشىك تۇۋىدە مەن بار.

يىل بېشى نورۇز كۇنى،
مەن جىڭلاپ هاراق ئىچتىم.
ئىشقى ئوتى يامانكەن.
تۇنلەردە كويۇپ پىشتىم.

قۇرغۇي بولۇپ ئەگىيمەن،
يايرىم سېنىڭ جاڭزاڭنى.
قايسى ياقتىن كېلىسەن،
بىر كورەيمەن پاڭزاڭنى.

هاۋادىكى لاچىننى،
تور بىلەن تۇتاي دەيمەن.
ئالتۇن قارا كوز يارنى،
سۇ بىلەن يۇتاي دەيمەن.

سەن قاچان كەلدىڭ يايرىم،
كەلگىنىڭنى بىلمىدىم.
چىققىلى چارەمۇ يوق،
ئولتۇرۇپ قان يىغلىدىم.

سېنىڭ يايرىڭ ئوبدانمۇ؟
مېنىڭ يايرىم ئوبدانمۇ؟

شامال چىقسا پۇرايدۇ،
قولىدا ئانار بارمۇ؟

ئالما ئاتتىم تېرەككە،
يېنىپ چۈشتى بولەككە.
بېرىپ ئېيتىڭ يارىمغا،
مەلھەم سالسۇن يۈرەككە.

ئېتىمنى توقۇپ قويدۇم،
شىۋىرغان يامان قاردا.
بېشىمغا ھەر بالا كەلدى،
مېنىڭ كۆڭلۈم يەنە ياردا.

يار يالغۇز ياتامدىكىن؟
مەن بارسام قارامدىكىن؟
خويما تولا سېغىندىم،
كۆڭلۈمنى ئالامدىكىن؟

قانداق قىلىمەن ئەمدى،
غەمگە قالغان باشىمنى.
كەتكىلى ئۇزاق بولدى،
سېغىندىم ئاداشىمنى.

يارىمنىڭ تۇماقىنى،
مەخمەل بىلەن تاشلىغان.
مەن يارىمنىڭ خېتىنى،
يۈرىكىمدە ساقلىغان.

ئېرىقىڭدا سۇ بارمۇ؟
ئۇسسۇزلۇقتا مەن تەشنا.
سەن مېنى قوبۇل كۆرسەڭ،
مەڭگۈ بولىمەن ئاشنا.

ئالتۇن قەپىزىم بولسا،
بۇلبۇلنى باقاي دەيمەن.

كۆڭلۈمدىكى يارىمنى،
يۈرەككە باقاي دەيمەن.

قەشقەر يولى قورايلىق،
ئەنجان يولى بىر ئايلىق.
يۈرەر ئىكەن قەيەردە؟
مېنىڭ يارىم چىرايلىق.

ئەجەپ ئايدىڭ بولۇپتۇ،
يارىم كەلسە كۆرگىدەك.
بوينىغا گىرە سېلىپ،
لەۋلىرىگە سۆيگىدەك.

يارىم تۇماق كىيىپتۇ،
پېشانىسىگە چوكەرمەي.
قاچانغىچە يۈرەرمىز؟
كويگەن ئوتنى ئۆچەرمەي.

قارا قاشقا تاۋاپ قىلماڭ،
قارا قاش ئالۋاڭچىدۇر.
كونا يارنى تاشلىماڭ،
يېڭى يار يالغانچىدۇر.

يارىم قوغۇن تېرىپتۇ،
كۆزلۈككە بىر بارساقچۇ!
باراڭلىقتا ئولتۇرۇپ،
ناشكەرنى يارساقچۇ!

يارنى ئەسلەپ يىراقتىن،
ئاق قەغەزگە يازدىم خەت.
يۈرىكىمدىن چىقمايدۇ،
بارمىكىن يار سالامەت؟

خۇددى ئوچمەس ئوت بولۇپ،
يارغا جاندىن كويىمەن.

تولا تارتتىم دەردىنى،
سەرسان بولۇپ يۈرىمەن.

چىراي تۇرقىڭ قاملاشقان،
ئىلىك دەيمۇ يار سېنى؟
ھېچ يادىمدىن چىقمايسەن،
ئەتە - ئاخشام، يا تۈنى.

يارىم نەدە ياتقاندۇر،
بىلىگە چالما پاتقاندۇر؟
مەن يادىغا يەتكەندە،
ئۇخلىماي تاڭ ئاتقاندۇر؟

ئوچاقتا ئوتۇن سالدىم،
يوغىنىنى ئۇششاقلاپ.
ئۇخلاپ يېتىپ چۈش كوردۇم،
سەن يايرىمنى قۇچاغلاپ.

بېغىڭدىكى گۈللەرگە،
بۇلبۇل قونسا سايرايدۇ.
يارغا كويگەن يۈرەكتە،
چەينەك قويسا قاينايدۇ.

ئوستەڭ بويىدا كوردۇم،
خەقلەر سالغان كوۋرۈكنى.
مەن ئوزەمچە كويگەنمۇ،
يارىم سايتۇ كويۈكنى.

كورۈنگەن قارا تاغلار،
ئارقىسى ئىسىل باغلار.
بىرنىڭ يار كىچىك باللا،
بېلىگە دۇردۇن باغلا.

ئاق تاشنى ئىگىز دەيدۇ،
ئاق بوز تاشقا يەتمەيدۇ.
ئەل قىزىنى ماختايدۇ،
قەلەم قاشقا يەتمەيدۇ.

دەرۋازاڭنىڭ بېشىدا،
قومۇش بىلەن زاراڭزا.
مېنىڭكى بىر يارىم بار،
كىچىككىنە بالاڭزا.

ئاق بالىخان دەپ ئېيتمايمەن،
سىم كارۋاتتا ياتمايمەن.
سىم كارۋاتتا ياتقاندا،
بىر گېپىم بار ئېيتمايمەن.

ئىشىك ئالدى بۇيادۇر،
شىلدىر ئەتسەڭ تۇيادۇر.
نازۇك سېنىڭ بىلىگىڭ،
تۇتماي تۇرۇپ سۇنادۇر.

مەن يارىمنى تاپارمەن،
ئانارگۈلنى ئۈزەرمەن.
مەن يارىمنى تاپقاندا،
مۇرادىمغا يېتەرمەن.

ئىلى دىگەن يەرلەردە،
ئۈن تاسقايدۇ لەڭزىدە.
كىچىككىنە يارىم بار،
قان تامىدۇ مەڭزىدە.

بىر كورۇپ سېنى يايرىم،
قالمىدى مېنىڭ ھالىم.
بىر باقساڭچۇ مەيلىمگە،
تەڭ بولۇپتۇ ئەھۋالىم.

ياردەيسەن ئىگىلمەيسەن،
مەيدەڭدە تومۇر بارمۇ؟

ئاخشاملىقتا كەل دەيسەن،
خالىدا ئۇيۇك بارمۇ؟

يار بىلەن بارايمۇمەن،
يېرىم يولدا قالايمۇمەن.
كوڭۇل بەرمىگەن يارنىڭ،
كوڭلىنى ئالايمۇمەن.

كېتىپ بارسەن يارىم،
قاچان كېلىسەن يارىم.
سېنىڭ كەلمىگىنىڭ مۇشكۇل،
مەن بېرىپ كورەي يارىم.

بېغىڭغا كىرىۋېلىپ،
ئورۇك ئىغىتاي يارىم.
ناخشامغا قوشۇۋېلىپ،
سېنى يىغلىتاي يارىم.

باققا كىرىپ ئالما يەڭ،
باغىنىڭ ئالمىسى بىزنىڭ.
قارا قاش لەۋەن يارىم،
جاندىن ئوزگىسى سىزنىڭ.

سەھەردە سايرىغان بۇلبۇل،
كوڭۇلنىڭ زېھنىنى ئاچتى.
ئېچىلغان قىزىل گۇلنى،
يار قۇلىغىغا قىستى.

قېشىڭىز قارا ئىكەن،
كوزىڭىزگە كويدۇم مەن.
تىلىڭىز تاتلىق ئىكەن،
لېۋىڭىزگە سويدۇم مەن.

ئىگىز ئوگزەڭگە چىقىپ،
ئاتلىشىڭدىن ئورگىلەي.
تال چىۋىقتەك تولغىنىپ،
مېڭىشىڭدىن ئورگىلەي.

ئاتلىرىڭنىڭ ئىچىدە،
مىنگىدەك ئېتىڭ بارمۇ؟
يېنىپ ئارقاڭغا قارايسەن،
يارىم بىر گېپىڭ بارمۇ؟

هاۋا تۇتۇلۇپ قاپتۇ،
هويلىڭىزدا قار بارمۇ؟
ئالەمنى كېزىپ كەلدىم،
سىزدەك ياخشى يار بارمۇ؟

قۇچقاچتەك مېنىڭ جانىم،
نەچچىگە بولەي خانىم.
نەچچىگە بولۇپ كەلسەم،
يەتمەيدۇ مېنىڭ جانىم.

گۇللەر ئېچىلىپ تۇرسا،
بۇلبۇل سايرىشىپ تۇرسا؟
بىرى ئاشىق - بىرى مەشۇق،
بىرىگە قارىشىپ تۇرسا.

زولپىكەشۇ - زۇلپىكەش،
كەل خېنىم قوينۇڭنى يەش!
ئىككى دەرتمەن بىر بولسۇن،
ئىچىمدىكى رەنجىمنى يەش!

ئىگەچىدىن باغ ئالدىم،
ئىجارىسى ئۇچ تەڭگە.
يارىم مېنى شوخلۇقتىن،
ئىتتىرۋەتتى ئوستەڭگە.

تاۋار كەسكەن قايچىكەن،
دۇردۇن كەسكەن قايچىكەن.

خۇمار كوزنىڭ ئىچىگە،
ئوت سەپ قويغان نوچىكەن.

ئوڭ قولۇمدا ئايپالتا،
بوسۇغاڭنى كولايمەن.
ئاخشاملىقتا سەگەك يات،
يارىم سىنى تولايمەن.

يارىم كوينەك كىيىپتۇ،
قارايمەن ياراشقانغا.
ئىلىڭۋالدىم قولۇمغا،
بەرمەيمەن تالاشقانغا.

تاماكا سالاي دەيدۇ،
خالتىنى ئاچالمايدۇ.
بىر سۆيۈپ قوياي دەيدۇ،
خالى جاي تاپالمايدۇ.

بېشىڭدىكى دوپپاڭنىڭ،
توت تالاسى ئەگمە گۇل.
مەيلىڭ بولسا كەل يايرىم،
بىز ئوينايلى تەۋەككۇل.

ئىگىز ئوسكەن قوناقنىڭ،
كاللىسىدا پاتاق يوق.
مەيلىڭ بولسا كەل يايرىم،
بىز دىگەندە چاتاق يوق.

ئوستەڭ بويىدا بەش تام،
تامنىڭ تۆۋىدە ياتسام.
ئۇخلاپ قالغان يارىمنىڭ،
لېۋىنى چىشلەپ ئويغاتسام.

قانداق قىلىمەن يارىم،
خىيالىم سەندە ئەمەسمۇ؟

رەڭگىمنى سېرىق دەيدۇ،
جۇدالىق دەردى ئەمەسمۇ؟

تېرەكسىز هويلىغا كىرسەم،
بېشىمغا ئاپتاپ ئوتتى.
بويىڭدىن ئورگىلەي يارىم،
سېنىڭ قەدرىڭ ماڭا يەتتى.

ياغ دىسەڭ يۇپاڭغا بار،
هاراق دىسەڭ شوپاڭغا بار.
سەن يارىم مېنى دىسەڭ،
ئەگىشىپ تۇرپانغا بار.

لەيلى قازاق قىسماڭلار،
توزۇپ كېتىدۇ يەرگە.
قىزغا ئاشىق بولماڭلار،
تېگىپ كېتىدۇ ئەرگە.

بۇ يولدا تولا ماڭدىم،
بۇ يول مېنىڭ يولدىشىم.
هېرىپ، چارچاپ كەلگەندە،
كوڭۇل ئالغان قولدىشىم.

مەينگە چۈشكەن بىلەن،
هىچ يەرلەر كورۇنمەيدۇ.
يارىنىڭ كوزىگە قاراپ،
ئوتكەن كۈن بىلىنمەيدۇ.

جەرەن ئاتنى سۇغاردىم،
لەڭزە بېشى - بۇلاقتا.
مەن ساڭا كويۇپ قېلىپ،
ئالتاي ياتتىم سولاقتا.

ئېتىمنى قويۇۋەتتىم،
يېڭى چىققان قىياقلارغا.

ياردەردى شۇنداق بولسا،
چىقىپ كېتەي يىراقلارغا.

قاسىم دىگەن داخەنزە،
سېپىل تۈۋىدە قالدى.
مېنىڭ يارىم خوجەنزە،
ئۇز ۋەدىسىدە قالدى.

يايلاقتا ئوتلاپ يۈرگەن،
قارا مېنىڭ قويلىرىم.
ئەمدى مەن كېتەر بولدۇم،
قۇچاغلاپ سۆيۈپ قويۇڭ.

ياردەردى يامان ئىكەن،
مەن ئاۋارە بولمايمەن.
باراي دىسەم يول يىراق،
ۋاقىدا كورەلمەيمەن.

يار ئىشىگىدە تۇرسا،
قىزىل گۈلى بويىندا.
ئۆلسەم ئارمىنىم يوقتۇر،
بىردەم ياتسام قويىندا.

لىپ-لىپ ئېتىدۇ كوڭلۇم،
يار قىبىشغا بارغىلى.
لىۋىگە سۆيۈپ قويۇپ،
تەنىنى تازا قىلغىلى.

يارنىڭ ئىشىگى تاللىق،
ھەم ھويلىسى باراڭلىق.
باراڭنىڭ ئاستىدا ياتۇر،
مېنىڭ يارىم چىرايلىق.

مەن بېلىمنى باغلىدىم،
قىل بىلەن ھەم سىم بىلەن.

چىن ئەقىدە باغلىساڭ،
ئومرۇم ئوتەر سەن بىلەن.

ئىگەمنىڭ بەندىسى كوپتۇر،
مېنىڭدەك بولغىنى يوقتۇر.
مېنىڭدەك بولغىنى بولسا،
كويۈپ كۈل بولغىنى يوقتۇر.

دەريا بويىدا ساندۇق،
ساندۇقتا كاۋا سالدۇق.
سەن يارىمنىڭ تويىغا،
رەڭمۇ-رەڭ تاۋار سالدۇق.

ئاللا-ئاللا قۇرغۇيۇم،
قاشىڭ بىلەن كوزلىرىڭ.
بىر كېلىپ-ئىككى كېلىپ،
جاننى ئالدى سوزلىرىڭ.

سەھەردە چۈشۈپ قاپتۇ،
قارا ئاتنىڭ توۋىقى.
ئەجەپمۇ ياراشىپتۇ،
سۆيگەن يارنىڭ تۇمىقى.

ئاسماندا چىراق بارمۇ؟
ماڭسام يولغا نۇر چۈشتى.
ئاق كوڭۈل گۈزەل يارغا،
قوشۇلماققا يول چۈشتى.

ئوگزەمگە توخۇ چىقتى،
تاخ دىسەم توپا چۈشتى.
خۇدانىڭ تەغدىرى بىلەن،
مېنىڭ كوڭلۇم ساڭا چۈشتى.

ئېرىغىڭنى مەن ئويدۇم،
سەن كېلىپ يەنە ئويما.

خۇدا ياراتقان بەندەڭنى،
ئىشقى ئوتىدا قويما!

ئاتنىڭ بالىسى تايچاق،
تالنىڭ ئۇچىنى يەيدۇ.
يېڭىياچى يار تۇتسام،
كوزنىڭ يېغىنى يەيدۇ.

تاماكىنى ئەتسلە،
ھەسەل قوشۇپ چەكسلە.
قانداق چىدار بۇ يۈرەك،
بىزنى تاشلاپ كەتسلە!

راۋابىمنى ساز قىلغان،
سىم تارى بىلەن زەخمەك.
يۈرىگىمنى كويدۇرگەن،
قېشى قارا پوندىلەك.

يارنىڭ قولىدا كەكە،
تام تۇۋىنى كولايدۇ.
يۈرىگىمنى كويدۇرۇپ،
ئۆزى غەمسىز ئوينايدۇ.

شايار يولى يۇلغۇنلۇق،
كۇچار يولى بۇلغۇنلۇق.
مەن سەپەرگە چىققاندا،
يارتۇتتى ماڭا يوللۇق.

يۇقۇرىدىن چۇشۇپ كەلدىم،
قوللىرىمدا بەردەڭگە.
نىشانە بولۇپ قالسۇن،
سۇيمەيمەن پېشانەڭگە.

چاپىنىڭنىڭ پېشىدىن،
كېسىۋالاي تۇمالىق.
غۇلجىغا يولۇم چۇشتى،
سۇيۇۋالاي خۇمالىق.

ئالتۇندەك چىرايىڭغا،
ئاينى تەڭ قىلىپ بولماس.
يار سوغا ئېلىپ كەلسە،
تازىمىدا تۇراي تىمتاس.

قولۇمدىكى ياغلىقنى،
ھاۋارەڭ بوياپ بەرسلە.
ئوزەم تاللاپ سويگەنمەن،
مەيلىمگە قويۇپ بەرسلە.

سەنمۇ ئوستەڭ بويىدا،
مەنمۇ ئوستەڭ بويىدا.
ئولمىسەك كورۇشەرمىز،
ياۋاغ كوۋرۇك بويىدا.

سەھەرنىڭ سالقىنى يارىم،
سېنى سالقىنغا تاپشۇردۇم.
باشتا ۋەدىمىز شۇنداق.
سېنى ئاللاغا تاپشۇردۇم.

كۇن چىقاردىن تۇن پاتار،
تۇن پاتاردىن تاڭ ئاتار.
خۇمالىق ئۇيقۇدا ياتسام،
يارىم كېلىپ ئويغىتار.

تاغدەك يۈرىگىم تاغدەك،
كاككۇك سايرىغان باغدەك.
دائىم ئوينىساق دەيمەن،
باشتا ئوينىغان چاغدەك.

يار بىلەن بارايمۇمەن؟
يولىدا قالايمۇمەن؟

Altunoq

مەندىن ئاغرىنغان يارنىڭ،
كۆڭلىنى ئالايمۇمەن؟

سەيۋەنزەڭدە ئۈنۈپتۈ،
ئاق چامغۇر، قىزىل چامغۇر.
ئويناتقىلى قويمىدى.
تولا يېغىپ بۇ يامغۇر.

ئېشىگىڭدىن ئۆتتۇم مەن،
ئۆتكىنىمنى تۇيدۇڭمۇ؟
توخۇ ئىككى چىللىدى،
بىر چىقمايسەن ئۆلدۈڭمۇ؟

كېچىلەردە مەن باردىم،
ئىشلىرىڭغا يالۋۇردۇم.
ئەجەپ چىقمىدىڭ يايىرىم،
زەپىرەڭدەك سارغايدىم!

دەرتىنىڭ تولىسى كەتتى،
مۇندىن كېيىن تارتمايمەن.
بۇ ئالەمدە تارتقاننى،
ئۇ ئالەمدە تارتمايمەن.

پەلەك يانسا يانغاندۇر،
يېنىپمۇ كېلەمدىكىن؟
كۆڭلۈمدىكى يارىمنى،
خۇدايىم بېرەمدىكىن؟

ئېگىز تاققا چىقتىم مەن،
يول تېپىپ چۈشەلمىدىم.
چىرايىڭغا كويدۇم مەن،
ئەقلىڭگە ئىشەنمىدىم.

ئاسماندا ئۇچۇپ يۈرگەن،
بىر يالغۇز قارا قاغا.

بارساڭلار سالام دەڭلار،
بىزنى ئۇنتىغان يارغا.

بېغىڭدىكى تاللىرىڭ،
خامان ھەيدىسە لازىم.
ئوينايمەن دەپ ئېيتساڭچۇ،
مەن ساڭا قىلاي تازىم.

ئېشىگىڭگە چىقتىڭ سەن،
كوزلىرىڭنى ئوينىتىپ.
سېنىڭ بىر خىيالىڭ بار،
مەن غېرىپنى يىغلىتىپ.

ئۇچاڭدىكى پەشمەتنى،
بىر يىللىق بولار دەمسەن؟
كۆڭلۈمدىكى يارىمدىن،
ئايرىلسا ئولەر دەمسەن؟

ئېشىك كەينىدە تۇرۇپ،
يوچىغىدىن قارايدۇ.
خۇلۇم - خوشنىسى دۈشمەن،
كۈندە كېلىپ مارايدۇ.

قىلۋىدىن شامال چىقسا،
يار بۇرنۇمغا پۇرايدۇ.
خۇلۇم خوشنىسى، دۈشمەن،
بىزنى كىمدىن سورايدۇ؟

پىچاقنى سالاي دىسەم،
يارىم قولۇمدىن تۇتتى.
قاشلىرىنى ئوينىتىپ،
مېنىڭ كۆڭلۈمنىمۇ ئۇتتى.

يارىمغا ساراي سېلىپ،
گۈل بىلەن مۇنار قىلسام.

يار ئىچىدە بىلمەمدۇ؟
هەر قانچە گۇنا قىلسام.

قاراپ كوزلىرىم تالدى،
بىر سوزۇڭنى بەرمەيسەن.
نىمە مۇنچە زار بولدۇڭ،
سۆيۈپ قويساڭ ئولمەيسەن؟

مېنىڭ خەستە كوڭلۇمنى،
چىرايلىق مەشۇقۇم ئالدى.
راست سوزۇڭنى ئېيت يارىم،
مېنىڭ جانىممۇ ئاز قالدى.

كوچەت قويدۇم هويلامغا،
بىر قاراڭغۇ باغ بولدى.
يارىم قىلغان ئاهانەت،
يۈرىگىمگە داغ بولدى.

بېغىڭغا كىرىپ قالدىم،
شاپتۇلىڭنى يەپ سالدىم.
ئوينىمساڭ ئوينىما،
مەن ئويناپ كۇلۇۋالدىم.

غەزەل ئوقىماي دىسەم،
دەردىم ئوقۇغىن دەيدۇ.
يارغا قارىماي دىسەم،
كوڭلۇم قارىغىن دەيدۇ.

قېشىڭىزنى ئاتتىڭىز،
بىزنى تاشلاپ كەتتىڭىز.
يوقمىدى ئۇياتىڭىز،
زارى-زار قاخشاتتىڭىز!

دۇتار چالغان قولۇڭغا،
كوڭلۇم چۈشتى خۇيىڭغا.
قاچانغىچە قارايمەن،
سېنىڭ ماڭغان يولۇڭغا؟

باغچام بار دىگەن بولساڭ،
مەن باغچامنى سالماستىم؟!
يارىم بار دىگەن بولساڭ،
سېنى تەڭلىككە سالماستىم؟!

ئىگىز تاغ ئاراسىدا،
ئېرىمەيدىكەن قارلار.
بىزدىن ئامەت قاچقاندا،
قارىمايدىكەن يارلار.

ئويلىرى يولغا يېقىن،
ئاڭلىمايلا ناخشىنى.
كوزلىرىنىڭ خۇنى يوق،
تاللىمايلا ياخشىنى!

تامدا توخۇ ياتامدۇ؟
باغدا غازاڭ قاقامدۇ؟
بىزنى سۆيگەن يارەنلەر،
يۇلتۇز ساناپ ياتامدۇ؟

توخۇ تولا چىللايدۇ،
قانىتىنى قاقمايدۇ.
يارغا نىمە بولدىكىن،
يەردىن ئۇستۇن باقمايمۇ؟

جان دەيمۇ، جۇۋان دەيمۇ؟
جۇۋاننىڭ هالىنى دەيمۇ؟
كەيگىنى شاهى كوينەك،
قول سالغىنىنى دەيدۇ؟

بەگنىڭ باللىرى دەيدۇ،
بىردىن-بىرى دودەن.

ئىشىگىگە تەلمۈردۈم،
چىقمايسەن جېنىم مودەن.

چوكان ئاسما دەككىنە،
بىلى تاسما دەككىنە.
شۇ چوكاننىڭ قىلىقى،
رىسىدە قىزدەككىنە.

مەن بېغىڭنىڭ تېشىدا،
سەن بېغىڭنىڭ ئىچىدە.
سەندەك نەچچە چوكانلار،
ياغلىقىمنىڭ ئىچىدە.

يان يەرگە ساراي سالدىم،
شامال كەلسە دالدى دەپ.
ئارزۇلاپ سېنى سويدۇم،
چوكانلارنىڭ ئالدى دەپ.

دەريا بويى قومۇشلۇق،
ئۈنىڭ تۇۋىدە قوراي.
جۇۋانغا كويۇپ قالدىم،
ئېرى بارمىكىن سوراي؟

كېتىپ بارغان جۇۋاننىڭ،
تۈگمىسى قاتار ـ قاتار.
تۈگمىسىنى يەشكىچە،
توخۇ چىللاپ تاڭ ئاتار.

ئىشىگىدىن ئوتسەم مەن،
تەمبۇرىڭنىڭ ئاۋازى.
يۈرىگىمنى كويدۇرگەن،
جۇۋانلارنىڭ سەرۋازى.

مەن باردىم چاقاللىقا،
پايدىسى يوقانلىقا.

چوكانلار كويۇپ قاپتۇ،
بىر پاتمان ساقاللىقا.

جاڭگالغا كىرىپ باقسام،
يانتاقلىق ئوتۇن ئىكەن.
بىزنى مۇنداق كويدۇرگەن،
قارا قاش خوتۇن ئىكەن.

ھەسرەتلىك كوڭۇل ئىچىدە،
بىر ئاھدە جان كەلدى.
قاشلىرى قەلەم قاشتەك،
چاچلىرى كامال كەلدى.

ئاق چەينەكتىن چاي قۇيسام،
تەگىدىن تولىسى قايماق.
چوكانلاردا ئەۋەن يوق،
ياش باللا سىڭا ـ مايماق.

يار ئىشىگىدە تۇرۇپ،
بىر جىلۋە قىلالمايدۇ.
بىر كورۇپ كېلەي دىسەم،
خالىدا بولالمايدۇ.

چوڭ يورغا كىچىك يورغا،
يارنىڭ مىنگىنى يورغا.
يارنى كەلگىدەك دەيدۇ،
چىقىپ تۇرارمىز يولغا.

ئەتە بىلەن غاز ئوتەر،
سودىگەرلەر ياز ئوتەر.
كىچىككىنە قارا كوز،
قانداق قىلسام كار ئېتەر؟

ئىشىگىڭنى ئاچ يارىم،
بويۇڭنى كورۇپ ئالاي.

قۇلغىڭدىن تۇتۇۋېلىپ،
مەڭزىڭدىن سويۇۋالاي.

باغىم بارۇ-باغىم بار،
زىغىرلىقتا زاغۇن بار.
كىمنىڭ قىزى ئاي بولسا،
شۇنى بېرىپ ئالغۇم بار.

ئېتىم بولسا ھىللادىن،
جابدۇقلىرى تىللادىن.
خۇدايىمدىن تىلەيمەن،
مەڭزى قىزىل قىزلاردىن.

قارىسام كورۇنمەيدۇ،
دەرياغا يېقىن باغلار.
مېنىڭ يىغلىغانىمنى،
قارا كوز قاچان ئاڭلا.

قىزىل گۇل ئىشتمەيدۇ،
بۇلبۇلنىڭ ساداسىنى.
ئولسەم ئارمىنىم يوقتۇر،
كورسەم يار جامالىنى.

ياردىم دەريا كەچكىنى،
ئولتۇردۇم سۇ ئىچكىلى.
مەن سېنى سېغىنغاندا،
قانىتىم يوق ئۇچقىلى.

يارنىڭ ئويى يىراقتا،
ئويى قېشىغا ئوي سالسام.
يار كېلەرمۇ-كەلمەسمۇ؟
توشقان يېغىدا بوي سالسام؟

قارا شەھەرگە بارغىچە،
لايىغا پاتتۇق تىزغىچە.
دەپ قويۇڭلار يايىرىمغا،
يار تۇتمىسۇن كوزگىچە.

بېشىڭدىكى دوپپاڭنىڭ،
توت تالاسى خەسكەن.
خېنىم ساڭا مەن كويدۇم،
سېنى ماڭا بەرسكەن؟

ئۇ ئېتىزمۇ ئوسكەن،
بۇ ئېتىزمۇ ئوسكەن.
قارا كوز مېنىڭ يارىم،
يېنىمدا دائىم بولسكەن.

دەريا بويىدا تاللار،
تاللىۋالدىم تالىمنى.
بىۋاپا ئىكەن يارىم،
سورىمايدۇ ھالىمنى.

يار ئىشىگىدىن ئوتتۇم،
ئالما شېخىنى تۇتۇپ.
يار چىقمايدۇ ئويىدىن،
مەن تالادا قان يۇتۇپ.

بەلۋاغ باغلىغان نوچى،
ياغلىق سورۇلۇپ قالدى.
ئوزىنى داڭلىغان نوچى،
ياردىن ئايرىلىپ قالدى.

ئەنتىم بارۇ-ئەنتىم بار،
يانچۇغۇمدا قەنتىم بار.
يار ئايرىلمەن دەيدۇ،
مېنىڭ ئايرىلماسقا شەرتىم بار.

بۇ تاغلار ئىگىز تاغلار،
تېشى بار، توپاسى يوق.

ئىرادىسى بوش يارنىڭ،
دەردى بار ۋاپاسى يوق.

ئورۇلسەم تىكەن تاللا،
چورۇلسەم تىكەن تاللا.
سەندىن ئۆزگىنى دىسەم،
باغرىمغا تىكەن ئاللا.

يوقۇرىدىن چۇشۇپ كەلگەن،
بىر قارا چىۋەر ئاغماق.
يارىم مەندىن ئايرىلسا،
يورەككە پىچاق سالماق.

يىپ ئەمەس، يىپەك ئەمەس،
بىۋاپانىڭ كەيگىنى.
بىردىن ئارتۇق ئەمەسكەن،
ماختاپ يوروپ سويگىنى.

قوش هايدايدۇ قارا قاش،
ئىگىز-پەس تۇۋەن يەردە.
كۆلگىنىمگە گول بولماڭ،
مىنىڭ كوڭلۇم بولەك يەردە.

ئىگىز ئوگزىگە چىقىپ،
شىلدىرلاتتىم غازاڭنى.
مەندىن ئۆزگىنى سويسەڭ،
خۇدا بەرسۇن جازاڭنى.

سەنغۇ يار تۇتارسەن،
ياساپ قويغان قوچاقتەك.
مەنمۇ بىر يار تۇتارمەن،
كوزى قارا مۇنچاقتەك.

قولىدا پەرەڭ ياغلىق،
يارىم كوزدە ياش بار.
يار كوڭلى بولەك ئىكەن،
باغرىدا قارا تاش بار.

تاقتا چىقتىم تال ئۈچۈن،
قورغوي بالىسى بار ئۈچۈن.
ئوتۇكدا كويۇپ پىشتىم،
ئەسقاتماس سەن يار ئۈچۈن.

ئاق تەلپەك، قارا تەلپەك،
مەن كەيسەم يارىشامدۇ؟
يىڭىباچە يار تۇتسام،
نامەرت گوي تالىشامدۇ؟

ئەجەپ تەشنارىكەن كوزا،
ئىچىدە سۇيى تۇرسا.
ئوزى هەر جايدا ئوينايدۇ،
بىلىقتەك جورى تۇرسا.

باغىڭدىكى ئەتىرەڭنى،
شامال قايرىۋەتكەندۇ؟
بىز ئىككىمىز ئامراقتۇق،
دۇشمەن ئايرىۋەتكەندۇ؟

يار بىرىپ يار تۇتۇپتۇ،
كىرمىگەن كوچالاردىن.
بىزمۇ يار تۇتارمىزغۇ،
ئۆزمىگەن غۇنچالاردىن.

ئاسماندىكى ئۈچ يۇلتۇز،
كۈندىن-كۈنگە نۇرلايدۇ.
بىزمۇ چوڭ بولۇپ قالدۇق،
ئاتام قاچان ئولەيدۇ؟

ئىتتىگىمىز تۇرسۇن ئىكەن،
سۇندۇردى ئىگەرىمنى.

Altun

ئاتام بولسا ئالۇردىم،
كونا يار جىگەرىمنى.

قارا قاش ئۈزۈن چاچلىق،
ئاق يۈزلۈك قەلەم قاشلىق.
ئىشككە چىقارمايدۇ،
ئاتا-ئانىسى باشلىق.

ئاتىنىڭ ياخشىسى تورۇق،
قىزنىڭ ياخشىسى ئورۇق.
يىگىتلىك قىلاي دېسەم،
پۇتۇمدا يوغان چورۇق.

ئەزەلدىنلا بار ئىكەن،
ئاشىقىغا قاراپ تۇرماق.
كېلىنىڭ يارىم ئويناپلى،
ھەددىمۇ ماراپ تۇرماق.

يارىم بەرگەن ئۈچ ئالما،
ئۈچى - ئۈچ بولەك ئىكەن.
مەقسەتكە يېتەلمەيمىز،
ئەجەپ كاژ پىلەك ئىكەن.

بىزگە قاچان كېلىدۇر،
ئويۇن - كۈلكىنىڭ ۋاقتى.
ئىچىمدىكى دەرتلىرىم،
قانىغا ئورۇلۇپ ئاقتى.

قارا قاش بولغان بىلەن،
كەلمەيدۇ قېشىمغا مېنىڭ.
بۇ مالامەت تاغلىرى،
سېرىلدى بېشىمغا مېنىڭ.

ئىگىز قارىغاي تاغدا،
سۇلار ئاقىدۇ سايدا.

بىز مۇنداق غېرىپلىقتا،
سويگەن يارىمىز قايدا؟

مەن بۇ يەردە يۈرگەننى،
دۈشمەنلەر كورەلمەيدۇ.
پىچاق ئالسىمۇ قولغا،
يارىمنى سۆيەلمەيدۇ.

گۈلزارلىك ئارا چوغلۇق،
گۈلزار ئىچى بۇلبۇللۇق.
گىزلىنىڭ گۈلى سارىخان،
سىزگە سېغىنىپ قۇللۇق.

سارىخان قىزىل گۈلدەك،
بىز ئىشقىدا بۇلبۇلدەك.
سارىخان كۈلۈپ قويسا،
خىزمەت قىلىمىز قۇلدەك.

بايتوقاينىڭ يولىدا،
ئالا ئودەك ئىزى بار.
ئومەركامىنىڭ ئويىدە،
سارىخان دەپ قىزى بار.

سارىخان تىلى تاتلىق،
كوڭلىدۇر ئەجەپ قاتتىق.
ئىشىكتىن چىقالمايدۇ،
مەن كەلسەم كېچە ئاتلىق.

يار يولىغا سەپ سېلىپ،
خوش ئويىنىغان قارا كوز.
بويى ئوسۇپ، ئات مىنىپ،
قوش ھەيدىگەن قارا كوز.

جەدە ئاتقا مىنگەندە،
ياندۇپ ئوتۇپ قارا كوز.

قۇلاق سېلىپ گېپىمگە،
قاندۇرۇپ ئۇتۇڭ قارا كوز.

جىرغىلاڭنىڭ يوللىرى،
تارام - تارام كېچىگى.
گۈل مەشۇق دەپ يارىم بار،
خۇددى ئالما چىچىگى.

گۈل مەشۇق دىگەن بىلەن،
ئۇقەت قالىدۇ چەتتە.
كېچىككىنە قارا كوز،
يىغلاپ يۇرگەدەك دەتتە.

توپلىغۇچى: ئۇچقۇنجان ئومەر

خۇدايىم دولەت بەرسە،
سېپىل سالسام ئاسمانغا.
كوكچە ماڭا قەست دولۇپ،
تۇتۇپ بەردى دۇشمانغا.
كەتكۇزگىلى قويمايدۇ،
ئالىپ ماڭدى توخسۇنغا.

ئۇرۇمچىگە خان توختاپ،
توقتۇز قان سالغان سېپىل.
بۇ يولدا دۇشمان تولا،
خۇدانى ئوزى كېپىل.
بۇ يىل باشىمغا كەلدى،
يارىمى ئېيتقان گېپى.

توخسۇندىن سەپەر قىلىپ،
ماڭغان يۇرتۇم ئۇرۇمچى.
دۇربۇن بىلەن قالاسام،
يارىم شۇندا كورۇندى.
كىشى يۇرتى دۇستاپىر،
كورۇپ كوڭلۇم سۇيۇندى.

كورپە - يوتقان ئۇستىدە،
ئولتۇرۇشۇڭ دولەتتە.
كوز ياشىڭ قۇرۇمايدۇ،
كوڭلىڭىز نىمە دەرتتە؟
هاۋا پاراخوتتا كېلىپ،
يوقلاپ كېتەي سائەتتە.

هاۋا پاراخوتلار كېلىپ،
دەبن ساخلىسا هەقلىقتا.
غارىپلار تەڭ كىلەلمەس،
نوبەت باردۇر بايلىقتا.
بىر نەچچە هۇنەر ئالىپ،
ساقلاپ سۇيەي ساندۇقتا.

ئۇستالارنى ئەگەشىپ،
بىر نەچچە هۇنەر ئۇگەنەي.
يارنى زىلۇا بويىغا،
چار يىلاندەك چورگۇلەي.
قەست قىلادۇر بۇ ئەللەر،
دۇشمانلارىڭ كورمىگەي.

تاغ تەرەپمۇ يورۇيدۇ،
خۇتمۇ يۇلتۇزمۇ نىمە؟
هەجەپ ئىچىم كويەدۇ،
مېهرىبان مېنى دىسە.
يالغۇز دەرەخ ياشناپ،
سايىسى چولگە تۇشەر.

چولگە تۇشەر سايىسى،
ئىزلەپ چىقتىم ئاڭلاشىپ.
بىر يىللىق ئويناي دىسەم،
دۇشمانلىرىڭ تالاشىپ.
بۇ دەرت ئارا بولغۇچە،
ئولتۇرالى قالاشىپ.

مەن يارنى ئۇناغاندا،
ئۇخلاسام كوزۇم تۇشەر.
ئىككىمىز مۇڭداشالى،
دۇشمان تۇيماسۇن كېچە.
ئايرىلماسقا سەن بىلەن،
ۋەدە قىلاي ئۇلگىچە.

يارنى كوردۇم دىگەنگە،
جاننى بېرىپ سىۋتىم.
سوزلىسەڭ سوزۇڭ تاتلىق،
ناۋايىلنى بىيىتى.
ئەگەر ئاۋازىڭ چىقسا،
قارا تاشنى ئېرىتتى.

قارا تاش ئېرىپ كەتسە،
تۇلا كېلىدۇ كەلگۇن.
چىرايلىقنى دەردى كوپ،
پايدا كەلمەيدۇ سەندىن.
يول تەن كۇيۇپ كەتمەسۇن،
كويۇكنى ئالغىن تەندىن.

توپلىغۇچى: نىجات مۇخلىس




بۇلاق (ئومۇمى 12 - سان)

源泉（维吾尔文，丛刊，总12期）

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى

(ئۈرۈمچى شەھەر ئازادلىق كوچا №306)

شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى

شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

فورماتى: 1092×787 مىللىمېتىر 1/16

باسما تاۋىقى: 21.25 قىستۇرما ۋارىقى: 1

1983 - يىل 11 - ئاي 1 - نەشرى

1984 - يىل 4 - ئاي 1 - بېسىلىشى

كىتاپ نومۇرى: M10098·802

تىراژى: 1 — 10,300

باھاسى: 1.10 يۈەن